


# شنجاڭ مەدەنىيتى

2 - 3

1997

XINJIANGCIVILIZATION

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇستاز بىلەن شاگىرت        خالمۇرات قەييۇمبەگ فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى     قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
46 - يىل نەشرى     1997 - يىل 2 -، 3 - سان (ئومۇمىي 225 -، 226 - سان)

# بۇ سانىدا

## مەخسۇس ماقالە

ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ...... قەييۇم باھاۋۇدۇن 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا . . . . (پوۋېست) .................. نۇرمۇھەممەت توختى 10
ئىككى ھېكايە .................................. مەھمۇت سىدىق 35
چىلان تۇپراق . . . . . . . . . . (ھېكايە) ................. ياسىنجان سادىق 46
بورانلىق كېچە . . . . . . . . . . ( " " ) ................. تۇرسۇن مەھمۇت 53
روھنىڭ قايتا چاقىرىشى . . . . . . . (ئەدەبىي خاتىرە) ................. ئەختەم ئۆمەر 55
تەتۈر قىسمەتلەر . . . . . . . . . . (ئەيجەش خاتىرىلەر) ................. تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 73
تەسىرات دېڭىزىدىن تامچىلار ............ ئى. ئەمەت، ي. جەۋلانى، م. خەنجىرى، ئە. قادىرى 79
ناركوز ياپراقلىرى ................................ ئابدۇقادىر جالالىددىن 80
تەبىئەت، جەمئىيەت، شېئىرىيەت ............ دولقۇن ئەلى، ئوسمان قاۋۇل 82
ئەدىبلەردىن ھېكمەتلەر ............ تەييارلىغۇچى: ئا. ياقۇپى، د. قۇربان 85

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن

قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان ............ ئىمىن تۇرسۇن 88
ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىق ................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 105

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

تۇنۇگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە.............................. نىياز قاھار 115
تەپەككۇر ۋە مىللەت روھى.............................. ئىبراھىم ئەمەت 118

## ئەسەر ۋە ھاسىلات

توغرا، ئۆزىمىز يول تاپايلى ............ ئادىل ئابدۇرېھىم 121

## ئەينەك

بىزدىكى ئەبگالىق.............................. تەكلىماكانى 124
مەنسەپ قىزغىنلىقى ۋە بىزدىكى سۆيەت ............ ئابباس مۇنىياز 141

## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

تەربىيىلىك خوتۇنلار.............................. رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن 146
تۇرمۇش ئەدەبلىرى ............ ئۇلبەنەتخان لۇتپۇللا سۇلايمان ئاخۇن قىزى 153

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا
كەلتۈرۈلدى ................................ قەدىردان قەييۇم 160

مۇقاۋىدا: گۈلخان ئۇسسۇلى (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن     مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت     مەزكۇر سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



# ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

ـ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئېچىلغان مەدەنىيەت ئىدارە (باشقارما) باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

قەييۇم باھاۋۇدۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

يولداشلار:

بۈگۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت ئىدارە (باشقارما) باشلىقلىرى يىغىنى تەنتەنىلىك ئېچىلدى. يىغىندا، پارتىيە 14 ـنۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يېتەكچى قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى، مەدەنىيەت نازارەت، ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى، چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ھەم سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا چاقىرىلغان مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارنىڭ روھى يەتكۈزۈلىدۇ، ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ؛ بۇلتۇرقى خىزمەتلەردىن خۇلاسە چىقىرىلىپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا، يولداشلارنىڭ بۇ يىغىننى ئەستايىدىل ياخشى ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات، كىنو،

مەخسۇس ماقالە

تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى؛ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، ئويۇن (نومۇر) لار دۆلەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادىكى چوڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت، كۇتۇپخانىچىلىق، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مۇزېي، مەدەنىيەت بازارلىرى، چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، باللار ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، مەكتەپ مەدەنىيىتى، زاۋۇت، كان - كارخانا مەدەنىيىتى، يېزا - بازار مەدەنىيىتى ساھەلىرىدىمۇ زور تەرەققىيات مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، كۈچ - قۇۋۋىتىنى خالىسانە بېغىشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرگە ۋە سىلەر ئارقىلىق پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

يولداشلار:

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، پۈتكۈل پارتىيە، پۈتكۈل ئارمىيە ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئىنتايىن قايغۇلۇق ھالدا سۆيۈملۈك يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى ياد ئەتمەكتە. دېڭ شياۋپىڭ ھايات ۋاقتىدا مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇقلارنى بەرگەنىدى. بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بايانلىرىنى جەزمەن داۋاملىق ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشى ۋە پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.



تۆۋەندە مەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيدىغان مۇھىم خىزمەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

**1. 6 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.**

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئەجدادلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادلارغا يول ئېچىشتەك مۇھىم مەزگىلدە تۇرغاندا چاقىرىلغان ئومۇمىيلىق ئەھمىيىتى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم يىغىن. ئومۇمىي يىغىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى؛ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئىدىيە - ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىغا «كىشىلەرنى

www.uyghurkitap.com

مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈش» تىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى يۈكلىدى.

6 - ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىدا مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئورنى ۋە رولى ئىلمىي ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك شەرھىيلەندى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى، پرىنسىپى، نىشانى، تەدبىرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «قارار» يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججىتى ۋە ھەرىكەت قىبلىنامىسى.

6 - ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش - مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە تۈپ كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى 6 - ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرنى توغرا تونۇپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتەك يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم.

6 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش - مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى. بىز تەجرىبىلەرنى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى مەدەنىيەت خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسىي نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ھالدا تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم. ھەر قايسى ئورۇنلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ پىلانىدا جەزمەن مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، نىشان ئېنىق، تەدبىرلەر كۈچلۈك بولغان، ۋەزىپىلەر ئەمەلىيلەشكەن بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، تۈزگەن پىلان - تەدبىرلەردە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش، يېڭى يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئانىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىدە ياشنايدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالسا ياكى بۇ خىل مۇناسىۋەتكە سەل قارالسا، سەنئەت ھاياتىمىز نابۇت بولىدۇ. خەلق سەنئەتكە موھتاج، سەنئەت خەلققە موھتاج. شۇڭا، خەلق تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال، باش تېما، سيوژېت، تىل، ھېسسىيات ۋە گۈزەللىك ئېلىپ، خەلقنىڭ تارىختىكى قەھرىمانانە روھىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش كېرەك، بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز» ى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ يېقىندا ئاياغلاشقان مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، ئۇنىڭ: «ئەدەبىيات - سەنئەت مىللىي روھنىڭ مەشئىلى، خەلقنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلدۈرىدىغان سىگنال» دېگەن ئۆتكۈر باياننى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشى، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشى، قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، جانلىق، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ۋە خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى، دەۋر رېتىمىنى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى ھەققىي ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك.

ئىسلاھات - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ چىقىش يولى. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى، بولۇپمۇ سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە تېزلىتىشى لازىم. مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قىيىن ۋە مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى بولۇپ، مەدەنىيەت تارماقلىرى بىلەن

سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. سەنئەت ئۆمەكلىرى ئىسلاھاتىدىكى توپ ئۆلچەم شۇكى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقىغا، يېڭى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىلىق ئەمەسلىكىگە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكىگە قاراشتىن ئىبارەت. شۇڭا ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ پائال ئىزدىنىپ، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، سەنئەت ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى يولى، يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**2. نادىر ئەسەر ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش لازىم.**

ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى - ئىجادىيەتتە. ئۇلۇغ دەۋر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى خىتاب قىلماقتا. خەلق ئاممىسى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئىنتىزار بولماقتا. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، كىشىلەرنىڭ روھىغا، غەيرىتىگە ئىلھام بېرىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نادىر ئەسەر ستراتېگىيىسى ۋە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» نى ئەستايىدىل يولغا قويۇشى، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى زور كۈچ بىلەن پىلانلىشى ۋە ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشى، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشى، چوڭ - چوڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئىجادىيەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى، سەنئەتكارلارنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بۆسۈش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە نومۇر (ئويۇن) لارنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى، ئۇلارنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سىياسەت جەھەتتىن كۈچلۈك قوللىشى، ماددىي جەھەتتىن ئوبدان ئېتىبار بېرىشى، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەر خىل ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ - ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.


جەمئىيەتتە ھەقىقەتەن تەسىرى زور ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن تۆھپىسى زور سەنئەتكارلارنى ئوبدان مۇكاپاتلاش كېرەك. ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق نادىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئالاھىدە خەۋەر قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، نادىر ئەسەرلەرنىڭ داڭقىنى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىش لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى ۋە سەنئەت ئەمەلىيىتىگە ئوبدان تەدبىقلىشى، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولىنىڭ بىرلىكىدە، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم. يولداش جياڭ زېمىن: «ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرى ۋە ئويۇنلىرىغ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزمنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئالىيجاناب روھنى تىرىشىپ سىڭدۈرۈشى، پۇلپەرەسلىك (پۇلغا چوقۇنۇش)، راھەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە بارلىق پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قاتتىق قامچىلىشى لازىم. بەدىئىي ئىجادىيەتنى خەلقنىڭ تارىخ يارىتىشى داۋامىدا ئېلىپ بېرىش، سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى خەلقنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلىتىش؛ خەلققە ئىشەنچ بېغىشلاش ۋە يۇقىرى ئۆرلەيدىغان كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، كىشىلەرنى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ باياندا يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى مۇپەسسەل شەرھىيلەنگەن. بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى بۇ باياننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، روھىنى ئورغۇتۇپ، دادىل يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

گەرچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاز بولمىغان نادىر

www.uyghurkitap.com

سەنئەت ئەسەر، نومۇر (ئويۇن) لارنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئورۇنداپ، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. تۈرلۈك ژانىردىكى سەنئەت ئەسەر، نومۇر (ئويۇن) لار سان - سۈپەت جەھەتتىن يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېلىشتۇرغ ندا، پەرق ناھايىتى زور. شۇڭا بىزدە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بولۇشى لازىم. شىنجاڭ تارىختىن بۇيان ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام - مەشرەپ دىيارى»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى». بۇ يەردە ھەر مىللەتنىڭ شانلىق قەدىمكى مەدەنىيىتى، باي ۋە گۈزەل مىللىي سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. بىز ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۇنياغا يۈزلىنىشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئىتىدىن، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ نادىر سەنئەت مېۋىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار سەنئەت شەكلى، بەدىئىي ماھارەتلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكە سىڭدۈرۈپ، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق



يارىتىپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي خاسلىققا ۋە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەت ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بولغان، شىنجاڭدىنلا ئەمەس، پۈتكۈل مەملىكەتتە، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ بىر قەدەر زور تەسىر قوزغايدىغان بۆسۈش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم ئېسىل - نادىر سەنئەت ئەسەر، نومۇر (ئويۇن) لارنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئورۇنداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىغا بېغىشلانغان بۇ يىلقى نۇقتىلىق سەنئەت نومۇرلىرىنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پىلانلىشى، كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلىشى؛ جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر قايسى ساھە - تارماقلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشى كېرەك. مۇھىم ھېيت - ئايەم، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، مەدەنىيەت جەھەتتە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**3. «بىر قولدا گۈللەندۈرۈش، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇش» تا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى**

يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرى گۈللىنىش، جانلىنىش، ساغلام، تەرتىپلىك بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. دېمەك، ئاساسىي يۈزلىنىشى ياخشى بولماقتا. ئەمما، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تېخى دېگەندەك راۋانلاشمىدى؛ ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت بازارلىرىغا ئائىت قانۇن، ئەمىر - پەرمان، بەلگىلىمىلەر يېتەرلىك مۇكەممەللەشمىدى؛ ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش بەزىدە چىڭ، بەزىدە بوش بولۇۋاتىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ھەر قايسى ۋاستە - ھالقىلىرىدا ھەر خىل يوچۇقلار، باشقۇرۇش جەھەتتە يەنىلا ئاجىز ھالقىلار مەۋجۇت. شۇڭا، يۇقىرىقىلارنى سەگەكلىك بىلەن تونۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بىز «بىر قولدا گۈللەندۈرۈش، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇش» فاڭجېنىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن، ساغلام - پايدىلىق مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى قىزغىن قوللاپ، ئامما ياقتۇرىدىغان ساغلام كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، باشقۇرۇش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ قەتئىي، كەسكىن، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىدا ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «جەلپكار نۇقتا» مەسىلىلىرىنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ساپلاشتۇرۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللانغاندىلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەدرىجىي گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ.

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا: «مەدەنىيەت بازىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بازىسى، ئۇنىڭ چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش سورۇنىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ تەلىپى بىزنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي مىزانى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈملىرى ۋە مەدەنىيەت، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا - سانائەت مەمۇرىيىتى، نەشرىيات، رادىئو - تېلېۋىزىيە، تاموژنا، پوچتا - تېلېگراف قاتارلىق تارماقلار شۇ يەردىكى پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە زىچ ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ كۈرەش قىلىپ، سېرىق نەشر بۇيۇملىرىنى تازىلاش، قانۇنسىز نەشر قىلىش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى قەتئىي ئېغىشماستىن قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنى ئىشلەش ۋە تارقىتىشتەك رەزىل قىلمىشلارنى قەتئىي توسۇپ، شەھۋانىيلىق، قىمارۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتەك رەزىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى قەتئىي، ئۈزۈل - كېسىل سۈپۈرۈپ تاشلىشى لازىم. بۇ تارماقلار ۋاقتى - قەرەلىدە مەدەنىيەت بازىرى ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆز ئارا ئۇچۇر - ئاخبارات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى، ھەرىكەت لايىھىسى تۈزۈپ، مەسئۇلىيەت ۋە نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ۋەزىپىنى ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى بىرلىكتە تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى لازىم. «سېرىق نەشر بۇيۇملىرىنى تازىلاش، قانۇنسىز نەشر قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنى قەتئىي ئېغىشماي ۋە قىلچە بوشاشتۇرماي ئېلىپ بېرىش لازىم. بولمىسا، شەھۋانىيلىق، قىمارۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە ئوخشاش رەزىل قىلمىشلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇقەررەر. شۇڭا، بىز بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ئۆز دائىرىسىدىكى مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە زىممىسىگە ئېلىپ، باشقۇرۇش قانۇن - بەلگىلىمىلىرى ۋە تۈزۈم - تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە مەدەنىيەت بازىرىنى تەكشۈرۈش قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ، تولۇقلاپ، نۇقتىلىق ئورۇنلارنى، مەسىلەن، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى دۇكانلىرى، سىنئالغۇ خانىلار، ناخشا - ئۇسسۇل زاللىرى، تانسىخانىلار قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە كىتاب - ژۇرنال توپ تارقىتىش بازىرى ۋە يايمىلىرى قاتارلىقلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر قايسى ھالقىلاردا ئىش تەقسىم قىلىشىۋېلىپ ئۆتكەلنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى توسۇش ۋە مەنئىي قىلىش لازىم.

باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەت بازارلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە جانلاندۇرۇشنى، مەدەنىيەت تىجارىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇش كېرەك. مەدەنىيەت تارماقلىرى بازارنىڭ كۆلىمى، جايلىشىشى، قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭشەش، تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ساغلام، ئاممىغا پايدىلىق مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى تۈرلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان، مەزمۇنى ساغلام، شەكلى رەڭدار بولغان كۆپ خىل مەدەنىيەت بازىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان

www.uyghurkitap.com

جانلاندۇرۇش ۋە بېيىتىش لازىم.

**4. ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش لازىم.**

ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ سۈپەت - ساپاسى ئومۇمەن ياخشى، ئۇ، پارتىيىنى، ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، بارلىقىنى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان قوشۇن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئىگە. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئورۇندىغۇچىلار يەنىلا كەمچىل بولۇپ، بۇ ھالەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش تەلىپىگە تېخى تازا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى ئەدەبىيات - سەنئەت تۈرلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپىمىز بولۇپ تۇرماقتا. يولداش جياڭ زېمىن بىزدىن: «تېخىمۇ كۆپ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېقىن ئەگىشىدىغان، ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش» نى تەلەپ قىلدى. بۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ كۆرەش نىشانىسى. بىز بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش، قىممەت قارىشى ۋە مىللەت قارىشىنى تىكلەپ، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىدىيە - ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش ۋە ۋەتەن، خەلققە تۆھپە قوشۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلىشى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنى ئۆمۈرلۈك كۆرەش نىشانىسى قىلىشى لازىم. پەقەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر بىر ئەدەبىيات - سەنئەتچىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا مۇنەۋۋەر - نادىر ئەسەر، نومۇر (ئويۇن) لارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ ۋە ئورۇنداپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىغان» ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگىلى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللەپ - ياشنىغان مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇن قۇرۇلۇشىدا سەنئەت مائارىپىنى كۈچەيتىش، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، كەسپتە قابىل، ئىستىللى دۇرۇس، ئەسىر ھالقىيدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. پېشقەدەم سەنئەتكارلارمۇ ئوتتۇرا ياش، ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئۆز ماھارىتىنى ئۇلارغا ئۆگىتىش جەھەتتە بىلگىنىنى ئايىماسلىقى لازىم.

مەن يەنە بىر مۇھىم نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن. شىنجاڭ ئۇزۇن تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك قەدىمكى رايون. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى، دوستانە بىللە ئۆتۈشى باشتىن - ئاياغ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلمەكتە. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئاڭلىق تۈردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، مەدەنىيەتلىك، باي، گۈزەل، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۆرەش قىلىۋاتقان جەسۇر روھىي قىياپىتىنى مەدھىيىلەپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ئاساسىدىكى يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى.

**5. پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم.**

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش - ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تىرىشىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، «بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق» بولۇش خاھىشىنى قەتئىي تۈگىتىپ، بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ياخشى مۇھىت ۋە كەيپىياتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش، سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ

ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۆز تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىش كېرەك. بۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بىر مۇھىم مەسئۇلىيىتى. ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى بىر ئالاھىدە ساھە، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بار. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مەدەنىيەت مەمۇرىي تارماقلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان چارە - ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەتكە رەھبەرلىك قىلىشى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. بولۇپمۇ مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرىي يولداشلار ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە بىلىملىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىگىلەش ئارقىلىق تىرىشىپ بۇ ساھەنىڭ كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مەدەنىيەت مەمۇرىي تارماقلىرى ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىجرا قىلىشى لازىم. گوۋۇيۈەننىڭ «مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە»سى ھەر قايسى جايلارغا تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پىلان - مالىيە تارماقلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماق ۋە ساھەلەر مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدەنىيەت ساھەسىنى غەمدىن خالاس قىلىشى، تىرىشىپ شەرت ھازىرلاپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشىلىشى لازىم. مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ «9 - بەش يىللىق» پىلاندىكى تۈرلەرنى جەزمەن شۇ جايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىي گەۋدە پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنى تەدرىجىي كۆپەيتىشى ۋە ئۇنى تېخىمۇ قوللىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىيات يوللىرىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، ھەر ساھەنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى قوللاش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىشى، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كۆپ خىل يوللار بىلەن مەبلەغ توپلىشى لازىم. مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى ئورۇنلار بولۇپ، سېلىنما جەھەتتە دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، ھە دىسە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىلا قوغلىشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى لازىم. مەدەنىيەت تارماقلىرىمۇ «ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، قىلچە بوشىشىپ قالماي»، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشى لازىم.

يولداشلار:

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىدا مەدەنىيەت خىزمىتى زور تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. پارتىيە ۋە خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن زور ئۈمىد كۈتمەكتە. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئىتىدە مىسلىسىز راۋاجلانغان ۋە گۈللەپ ياشنىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلايلى.

1997 - يىل، 3 - مارت (M1)



www.uyghurkitap.com



# قارلىغاچ ئۇۋىلىغان ئايۋاندا

(پوۋېست)

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1. تۈن يېرىمىدا ئىشىك چېكىلدى

شىپاڭنىڭ شەرقىي كونگۈرىسىدىن كۈمۈش سۇمبىدەك سوزۇلۇپ كىرگەن ئاي نۇرى ئايۋاننىڭ غەربىي تېمىغا چۈشتى. تامدا نۇرلۇق، سۈزۈك، ئاپئاق تەڭگە ھاسىل بولدى. تەڭگە چوڭ ئىدى، ھېيتلىق توقاچتەك كېلەتتى. كۈمۈش تەڭگە يىراق يوللارنى بېسىپ كەلگىچە ھېرىپ كەتكەندەك، مۇشۇ يەردە بىر دەم ئارام ئالغۇسى باردەك تامغا ئۇزاق چاپلىشىپ تۇردى. ياق، ئۇ توختىمىدى. تامغا چاپلاشقان ھالدا ئاستا - ئاستا پەسكە سىيرىلدى. ئۇ، مۇشۇ يەردىن ئاللىقانداق بىر كىچىك زەررىنى ئىزدىگەندەك، ئاقارتىلمىغان تام يۈزىدىكى ھەر بىر نۇقتا، چېكىت ۋە يېرىقنى، سامان پارچىسى، قاچاندۇر سىزىلىپ پەيدا بولغان ئىز ۋە نېمىدىندۇر قالغان داغنى تەپسىلىي يورۇتۇپ چىقتى. تولىمۇ ئۇزاقتا تام تۈۋىگە چۈشتى. تام تۈۋىدە - تام تەكشىلىكى بىلەن سۇپا تەكشىلىكى كېسىشكەن جايدا - ئۇزاق ھايالشىمايلا تاۋار يوتقان ئۈستىگە سىيرىلىپ چىقتى. تاۋار يوتقاننى پاياندار قىلىپ شەرققە - سۇپىنىڭ لېۋىگە سىلجىدى. كۈمۈش تەڭگە دومىلىمايتتى. يامىشىپ ئۆمىلىمەيتتى. تاۋار يوتقان ئۈستىدە ئاستا، تولىمۇ ئاستا تېيىلىپ كېلەتتى. ئۇ، ئۇزاق تېيىلدى. ئاخىرى تاۋار يوتقان ئۈستىدىكى مامۇقتەك يۇمشاق، ئىسسىق، ئاق قاشتېشىدەك سۈزۈك بىلەككە يامىشىپ چىقتى. ئاق بىلەكتىكى كۈمۈش بىلەيزۈك پارقىراپ كەتتى. كۈمۈش نۇر بىلەيزۈككە سوقۇلدى، لېكىن جىرىڭشىمىدى.

ئۇ، ئاشۇ تۈيدۈرماي سىيرىلىشىدا ئۇخلاپ ياتقان ئايالنىڭ مارالنىڭ بويىنىدەك ئۇزۇن ۋە ئاپئاق بويىنىنى، چىرايلىق زاڭقىنى، سۈزۈك لەۋلىرىنى يورۇتۇپ ئۆتتى. ناچىدەك تۈز، قاڭشارلىق بۇرنى، قىزىل ئالمىدەك گۈزەل مەڭزى ئۈستىدە ئۇزۇن توختىدى. مەڭزىگىچە سوزۇلغان كىرپىكلەر، قىردىكى قىياقتەك قويۇق قاشلار نۇرلاندى. كەڭ ۋە تولۇق پېشانە، ياستۇق ئۈستىگە چېچىلغان بوستان چاچلار نۇرلاندى. . . ئاي نۇرى ئايالنىڭ گۈزەل چېھرىنى تويماي سۆيەتتى. ئۇنىڭ بويىنىغا، لەۋلىرىگە، مەڭزىگە، كۆزلىرىگە سۆيدى. چاچلىرى ئارىسىغا بۇرنىنى تىقىپ ھىدلىدى. مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى. ئايالنىڭ كۆز قۇيرۇقىدا، چاناقلىرىدا، پېشانىسىدا پەيدا بولغان قورۇقلارغا ئۇزۇن تىكىلىپ قارىدى. ئۇ، ئايالنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشنى، ئاشۇ كۆزلەردىكى ئۇچقۇندىن لەززەتلىنىشنى، يەنىمۇ نۇرلىنىشنى خالايتتى. بىراق كۆزلەر چىڭ يۇمۇۋېلىنغانىدى. ئۇزۇن، نەشتەردەك ئۆتكۈر كىرپىكلەر پاسىبانلىق قىلىپ تۇراتتى. قوش جىيەكلىك سۈزۈك قاپاق ئۇنى ئۆز پىنھانىغا يوشۇرغانىدى. شۇنداقتىمۇ نۇر ئاشۇ كۆزلەرگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى. ئاھ، كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ، بىر دەقىقە بولسىمۇ ئاچ، پاسىبانلىرىڭنى قوغلا، مەن كۆزلىرىڭنى كۆرۈۋالاي، كۆزلىرىڭگە كىرىۋالاي. . . نۇر پىچىرلايتتى. ئۇ، ئايالنىڭ چېھرىدە توختاپ قالغانىدى. شەرققە قاراپ سىيرىلىشنى، سىيرىلىپ - سىيرىلىپ پالتۇكقا چۈشكەندە ئايۋاندىن چىقىپ كېتىشنى ئۇنتۇغان، مەڭگۈ ئايالنىڭ چېھرىدە ماكان تۇتۇپ قېلىشنى قارار قىلغاندەك ئىدى. ئاھ، كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ. . . ئاي نۇرى ئاشۇ كۆزلەرگە كىرىۋالسىلا ئەبەدىي قېلىپ

قالدىغانلىقىنى، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلەتتىمىكىن؟! جاھان كېزىشتىن، سەرگەردان بولۇشتىن، تاڭ ئاتقاندا قۇياش نۇرلىرى ئارىسىدا ئېرىپ كېتىشتىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلەتتىمىكىن؟! نۇر كۈتتى. ئايالنىڭ چېھرىدە، نۇرنىڭ ئۆز ئانىسى ئايغا ئوخشايدىغان گۈزەل چېھرىدە توختاپ كۈتتى. بەك ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كەلمىدى. ئايال مىدىرلىدى. تولغاندى. ئاپئاق بىلەكلىرىنى تاۋار يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقتى ۋە كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى. شۇ دەقىقىدە ھېلىقى ئاق تەڭگىدەك ئاي نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئايال ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئايۋان خىرە - شىرە يورۇپ تۇراتتى. تورۇستىكى بالالار، ۋاسلار، بالا بېشىدىكى ئالدىنقى يىلى كەلگەن قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسى، شىپاڭ، شىپاڭ كونگىرىسىنىڭ شادىلىرى خىرە - شىرە يورۇپ تۇراتتى. ئايال ئاي تۇغقانلىقىنى بىلدى. ئاي نۇرىنىڭ ياستۇقىدا، چېھرىدە، چاچلىرىدا جىلۋە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاي تۇغقىلى خېلى بولغانلىقىنى، ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقانلىقىنى پەرەز قىلدى. بېشىنى ياستۇقتىن سەل - پەل كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ جاھانغا قۇلاق سالدى. تۈن تىپتىنچ ئىدى. خورازلارنىڭ چىللاشقىنى ئاڭلانمايتتى. پەقەت ياندىكى سۇپىدا ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ يېنىك پۇشۇلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلى تەرەپكە قارىدى ۋە ئاشۇ يانغا ئۆرۈلۈپ ياتتى. كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ، ئۇخلاپ قېلىشنى خالايتتى. لېكىن ئۇخلىيالمىدى. ئۇيقۇسى قاچقانىدى. يەنە بىر يانغا ئۆرۈلۈپ ياتتى، يەنە ئۇخلىيالمىدى. يىراق بىر جايدىن خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى. ئەمدى باشقا خورازلار ئۈن قاتىدۇ، ھەممە ياقتىن خورازلارنىڭ چىللىشى ئاڭلىنىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن ئۇنداق بولمىدى. ئىتنىڭ ھاۋشۇغىنى ئاڭلىنىپ جاھان يەنە جىمىپ كەتتى. ئاچ خوراز بولسا كېرەك، بەلكىم ئۇيقۇسى قاچقان خورازدۇر، بىچارە... ئايال كۆزلىرىنى يەنە ئاچتى. ئاي نۇرى تېخىچە ئۇنىڭ ياستۇقىدا، پېشانىسىدا، چېچىلىپ ياتقان چاچلىرىدا ئويناۋاتاتتى. «ئاي نۇرى كۆزلىرىمگە يوشۇرۇنۇۋالدىمىكىن؟..» دەپ ئويلىدى ئايال توساتتىن. شۇنداق ئويلىدىيۇ، لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. كۆزلىرى ئۇچقۇندىدى. «ئاھ، سېنىڭ كۆزلىرىڭگە تولۇنئاي يوشۇرۇنغان، تولۇنئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى ساڭا سەزدۇرمەي كۆزلىرىڭگە كىرىۋاپتۇ. چېھرىڭدىن بالقىغان، كۆزلىرىڭدىن ئۇچقۇندىغان نۇر ئاشۇ..» دېگەنىدى بىر يىگىت ئۇزاق يىللار ئىلگىرى. ئاشۇ يىگىتنىڭ سىماسى ئايالنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. ئۇ، كۈلۈمسىرەپ ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. تال سۆگەتنىڭ چىۋىقلىرى يىگىتنىڭ يۈزىنى توسۇۋالدى. يىگىت قول ئۇزاتتى. قوللار چىڭ جۈپلەشتى... ئايالنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدىكى قانلار مەۋج ئۇردى. يۈرىكى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ، تاۋار يوتقاننى تارتىپ چىڭ قۇچاقلىدى، باغرىغا چىڭ باستى، يەنىمۇ چىڭ باستى...

تىرىق، تىرىق، تىرىق...

ئايال بوش - بوش چېكىلگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدى. جىمجىت. سەزگۈلىرى ئۇنى ئالدىغانمىكىن؟ قۇلاقلىرىغا شۇنداق ئاڭلانغانمىكىن...

- تىرىق، تىرىق، تىرىق...

ئايال ئەمدى ئېنىق ئاڭلىدى. ئىچكەركى ئۆينىڭ دېرىزىسى چېكىلىۋاتاتتى. بارماقلار بىلەن چېكىشتىن چىققان ئاۋاز تولىمۇ بوش ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئايال ئېنىق ئاڭلىدى. يۈرىكى يۈرەك قېپىنى يېرىپ چىقماقچىدەك دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ، كۈتكەن ئادىمىنىڭ كەلگەنلىكىنى، كۆزلىرىگە يوشۇرۇنغان ئاي نۇرىنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئىچكەركى ئۆينىڭ دېرىزىسىنى چەككىنى نېمىسى؟ ئايۋانغا كۆچۈپ چىققانلىقىمىزنى بىلمەمدىكىنە. راست، ئايۋانغا كۆچۈپ چىقىدىغان ۋاقىت بولمىدى. ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىمۇ ھاۋا ئانچە ئىسسىق ئەمەس، بوران سوقۇپ تۇرىدۇ، توپا يېغىپ تۇرىدۇ. لېكىن كەنت كادىرلىرى بۇنىڭغا ئۇنامدىغان؟ «كۆچۈپ چىق، ئىچكەركى ئۆيدە پىلە قۇرتى باقىسەن، قۇرتخاناڭ بولمىسا، ساراي ئۆيدە باقماي نەدە باقاتتىڭ؟ ئۆينىڭ تېگىدىكى توپىلارنى يېڭىلاپ، تاملىرىنى ھاكلاپ، دېزىنفىكسىيە قىل، ئۇچاقنى رېمونت قىلىپ ئوت قالاشقا تەييارلا. پىل قۇرتى توڭۇپ قالسا بولمايدۇ. بوران - شامالدا توپا - چاڭدا قالسا بولمايدۇ. ئۆزۈڭ توڭلىمىسەڭ بوران - شامالدا قالمىسەڭ، بۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئامال قىل. قۇرت باقماسلىقتا ھەددىڭ ئەمەس...» ئۇلار ئاشۇ گەپلەرنى تەكرارلاۋاتقىلى نەۋاق؟ ئايۋانغا كۆچمەسلىككە نېمە ئىلاج؟ خۇداغا شۈكرى، مەرھۇم مۇشۇ ئايۋاننىڭمۇ ئۈستىنى يېپىپ ياخشى قىلغانىكەن، ئوچۇقچىلىقتا قالمىدۇق. بوران - شامال ئۆرۈپ تۇرسىمۇ، يامغۇردا قالمىدۇق، خۇداغا شۈكرى... ئۇ، ئايۋانغا كۆچۈپ چىققانلىقىمىزنى بىلمەمدىكىنە؟

- تىرىق، تىرىق، تىرىق...

دېرىزە 3 - قېتىم چېكىلدى. ئاۋاز ئالدىنقى چېكىشلەردىن چىڭراق ئىدى. ئايالنىڭ قەلبى ھاياجاندىن تىترىدى. ئۇ، شۇ تاپتا ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا چىقىشنى، دېرىزە چەككۈچىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ مەھكەم قۇچاقلاشنى خالايتتى. ئۇ، قولىنى ياستۇقتا تىرەپ گەۋدىسىنى يېرىم كۆتۈردى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرماقچى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇ دەقىقىدە كۆزى ئوغلى ياتقان سۇپىغا چۈشتى. ئوغلىنىڭ ئۆسۈك چاچلىرى گىرىمسەن ئاي يورۇقىدا تېخىمۇ قارا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئويغاقمىدۇ؟ ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭسام سېزىپ قالارمۇ؟ نېمىدەپ ئويلار؟ . . . ئوغۇل ئېغىر پۇشۇلداپ مىدىرلىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ نېمىگىدۇ قۇلاق سالدى. ئويغاقكەن، ئۇ، ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ۋاي خۇدايىم. . .

دېرىزە 3 - قېتىم چېكىلگەندىن كېيىن ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى. جاھان سۈكۈناتقا چۆمدى. «كەتكەن بولسا كېرەك، قايتىپ كەتكەن بولسا كېرەك. . .» دەپ ئويلىدى ئايال. ئايال شۇ تاپتا ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىنى، دېرىزىنى قايتا چەكمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئوغلىنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بويىغا يەتكەن ئوغۇل، جاندىن ئەزىز ئوغۇل نېمىلەرنى ئويلاپ قالار؟ ئايالنىڭ ئەقلى ئۇنىسىز سادا قايتۇرۇپ دېرىزە چەككۈچىنى قايتىپ كېتىشكە ئۈندەيتتى. قەلبى بولسا، كۆڭلىدىكى ئاشۇ ئادەمنىڭ ئوغلى ئۇخلىغىچە قايتىپ كەتمەسلىكىنى، دېرىزە تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇشنى خالايتتى. ئۆيدىن چىقسام سېزىپ قالىدۇ، ئوغلۇم سېزىپ قالىدۇ. ئۇخلىسىچۇ، دۈۋدەك قاتتىق، غەپلەتتەك شېرىن ئۇخلىسا. . .

- تاك، تاك، تاك. . .

ئەمدى ئىشىك چېكىلدى. ئاۋاز ئايۋاننىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىغىچە ئېنىق ئاڭلاندى. ئايالنىڭ يۈرىكى گېلىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ، ھاياجاندىن ئەمەس، ئەنسىرەشتىن پۇچۇلۇنۇپ كەتتى: ئوغلۇم ئويغاق، ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟ تۈن يېرىمىدا ئىشىك قاققان ئادەمدىن گۇمانلانماسمۇ؟ ئاھ، خۇدا. . .

ئايالنىڭ قولىقى ئىشىكتە، كۆزى ئوغلىدا ئىدى. نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. ئىشىك يەنە بىر قېتىم چېكىلدى. توغرىسى چېكىلمىدى، قېقىلدى. ئايال ئوغلىنىڭ كىيىنىپ ئورنىدىن تۇرغانلىقىغا، «كىم؟» دەپ سورىماستىنلا دەمنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچقانلىقىغا قاراپ ياتتى. ئوغلىنىڭ قولىدا دەم بار ئىدى. ئۆرۈك پۇتىقىدىن ياسالغان، ئۇزۇندىن بېرى ئىشىك دەملەشكە ئىشلەتكەن، قۇرۇق، قاتتىق دەم بار ئىدى. ئۇ، ئىشىكتىن بۇقىدەك ئۈسسۈپلا چىقىپ كەتتى.

## 2. مەسچىت يېنىدا ئادەم ئۆلۈپتۇ

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ جەسىتىنى مەسچىت جامائىتى ناماز بامداتتىن تارقىغاندا بايقىدى:

ئۈستىگە گۈمبەزلىك ئەزانخانا چىقىرىپ، گۈمبەز ئۈستىگە كۆك ئاسماندا ئۈزگەن ھىلال ئاي بەلگىسىنى قاداپ، تاملىرىغا ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى نەقىش قىلىپ سىلىنغان كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدە، پىششىق خىشلىق مەسچىت تېمى بىلەن ئىككى قاتار سەگۈتېرەك ئۆسكەن ئېرىقنىڭ ئارىلىقىدا كىمدۇر بىرى سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئۇزۇلغان «قۇرئان كەرىم» مۇتالىئەسى ۋە پەند - نەسىھەتلەر بىلەن خېلىلا كېچىكىپ تارقىغان جامائەت ئۇنى دەسلەپ بايقىماي قالدى. پەقەت ئارقىدىراق مەسچىتتىن چىققان بىر نامازخاننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشتى:

- ھوي، قاراڭلار، بۇ يەردە بىركىم يېتىپتۇ.

- بىر كىم يېتىپتۇ؟ قەيەردە؟

- ئەنە.

مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدىكى، ئىككى تەرىپىگە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق چىقىرىپ ياسالغان كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئالللىقاچان شېغىلللىق يولغا چىقىپ بولغان جامائەت گويا ھەربىي كوماندا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەردەك گۈررىدە ئاشۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. ئېرىق بويىغا قىستىلىشىپ، سەگۈ تېرەكلەر ئارىسىدىن بويۇنداپ قاراشتى. كەنتتە ئۆي - ماكانسىز ئادەم يوق، بۇ يەردە سىرتتا قالغان ئادەمنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان، ئەمدى كىمدۇ؟ كەلگىندى، مۇساپىرمىدۇ؟ . . . ھەممە كىشىنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. نامەلۇم ئادەم ئوڭدا ياتاتتى. پۇتلىرى تېرەكلەر ئارىسىدىن ئېرىققا ساڭگىلاپ قالغان، كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل. قاپقارا ئۆسكىلەڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، پېشانىسىگە چېپچىلىپ چۈشكەن، لاي - پاتقاق چاپلاشقان چېھرى مەينەت ۋە تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇجامائەت بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدى:

- تۇرسۇن مۇئەللىمغۇ بۇ، مەكتەپتىكى ھېلىقى تۇرسۇن مۇئەللىم. . .

- بىزنىڭ مەھەممەتنىڭ مۇئەللىمى. . .

- نېمە بولغاندۇ بۇ بىچارىگە؟

- ئالدىنقى كۈنىلا بالا يىغىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەپتىكەن. . .

- مەن ئاخشام ئۇنى بازاردا كۆرگەن، ئاغىنىلىرى بىلەن ئاشپۇزۇلدا ئولتۇرۇپتىكەن. . .

جامائەت ئارىسىدىكى ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتتى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ يېنىغا زوڭزىيىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى، يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىدى ۋە ھايالشمايلا بېشىنى چايقىدى:

- تېنى سوۋۇپ كېتىپتۇ. تومۇرىمۇ سوقمايدۇ.

- نېمە بوپتۇ؟

- ئۆلۈپ قاپتۇ.

- ئۆلۈپ قاپتۇ؟ ۋاي خۇدايىم. . .

جامائەتنىڭ چېھرىگە ھەيرانلىق كۆلەڭگە تاشلىدى. ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى. كىشىلەر ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشىندىمۇ، ئىشەنمەسلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالغانىدى.

سەگۈتىرەكتەك بەردەم، تۆۋرۈكتەك سايمۇ ساق بىر ئادەم راستىنلا ئۆلۈپ قالسا ـ ھە؟ تۈنۈگۈنلا ئۇ سۆزلەيتتى ـ سۆزلىتەتتى. كۈلەتتى ـ كۈلدۈرەتتى. ئويلايتتى ـ ئويلىتاتتى. ئوينايتتى ـ ئوينىتاتتى. مانا ئەمدى كوچىدا قالغان لالما ئىتتەك سوئايلىنىپ يېتىپتۇ. سوئايلىنىپ ياتقانلىقى ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار چاقچاق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. بۇ، چاقچاق قىلىدىغان چاغمۇ ئەمەس. راستىنلا... كىشىلەرنىڭ چېھرىدىكى ھەيرانلىقىقا قايغۇ ـ ئەلەم سىڭىپ كىردى. ئاشۇ قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرىگە قايىللىق چاقنايتتى. ئاللانىڭ قۇدرىتى تەڭداشسىزدۇر. ئۇ، خالىسا، ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ. تۇرسۇن مۇئەللىم دېگەننىڭ كىچىككىنە جېنى نېمىتتى؟ ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى سىنىپلاردا جاراڭلىيالمايدۇ. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئەمدى مەيدان ئارا ياڭرىيالمايدۇ. تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرغان ئىسسىق قانلىرى مۇزلىغان. قول ـ پۇتلىرى، مېڭە ـ ئىدراكى ھەرىكەتتىن توختىغان. كۆز نۇرلىرى ئۆچكەن... ئەي كارامەتلىك ئاللا، بەندەڭنىڭ ئەيىب ـ سەھۋەنلىرىنى كەچۈرگەيسەن، بىلىپ ـ بىلمەي سادىر قىلغان گۇناھ ـ كەبىرلىرىنى مەغپىرەت قىلغايسەن...

ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار ئىبرىقتىن يەنە يول تەرەپكە سەكرەپ ئۆتتى:

ـ نەق مەيدان بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن، ساقچىغا خەۋەر قىلايلى. سايمۇ ساق ئادەمتى ئەمەسمۇ؟ بىرەر ئىش... بىرەر ئىش بولغاندەك. ھەر ھالدا ساقچى تەكشۈرۈپ بىر نېمە دېسۇن...

سېكرېتار كىمنىدۇر يېزىلىق ساقچى پونكىتىغا ۋە يەنە ئاللىبىرسىنى مەكتەپكە يۈگۈرتتى. خەۋەر قىلىش لازىم ئىدى. ئۇ، كەنت باشلىقى ھېكىم ئاخۇن بىلەن نۆۋەتلىشىپ نەق مەيداننى ساقلىماقچى بولۇشتى. سېكرېتار ئاشۇ يەردە ھېكىم ئاخۇن بىلەن ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

ـ گۆپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇرىدۇ. كىيىملىرىگە قۇسۇق يۇقۇپ قاپتۇ. قارىغاندا...

ئىمام ئاخۇنۇم ياقىسىنى چىشلەپ تۇۋا قىلدى:

ـ ھۇ، كاپىر، ئىمانسىز جوھۇت، مەسچىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆلگىچە باشقىراق بىر جايدا ئۆلسىچۇ... تۇۋا خۇدايىم، تۇۋا...

جامائەت بىرلەپ ـ ئىككىلەپ تارقىلىشقا باشلىدى. ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن بىللە كەتكىلى بولمايتتى، يەنە تىرىكچىلىك لازىم ئىدى. ئۇلار چۈشتە كېلىپ خەۋەر ئۇقۇشۇشنى، ئەتە سەھەردە مېيىت نامىزىغا داخىل بولۇشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشتى.

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ دۈشەنبە ئەتىگەندىلا مەسچىتنىڭ يېنىدا ئادەم ئۆلگەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەر يېزىلىق ساقچى پونكىتىغا، ئۇ يەردىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا يېتىپ باردى؛ مەسچىتتىن يانغان جامائەتكە ئەگىشىپ «تىكەنباغ» دىكى ئۆي ـ ئۆيگە تارىدى. مەسچىتكە بارىدىغان ئادىمى يوق ئۆيلەرگە بولسا، ۋاتىلداق خوتۇنلار خەۋەر قىلىپ ئۈلگۈردى. ھېكىم ئاخۇننىڭ خوتۇنى ھېيۋىخان شاق ـ شاق بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپلا قوشنىسى رابىيەخاننىڭ ئىشىكىنى ئۇردى. رابىيەخان ھويلىدا ئىدى، قولىدا سۈپۈرگە بولسىمۇ، تېخىچە ھويلىنى سۈپۈرمىگەنىدى. ھويلا تاڭغا يېقىن ئۇرۇپ ئۆتكەن بوراندا تۆكۈلگەن ئاقۇش چېچەكلەرگە كۆمۈلۈپ تۇراتتى. ھېيۋىخان ئەگۈننى ئىچىپلا شاقىلداپ كەتتى:

ـ ئاڭلىدىڭىزمۇ رابىيەخان، تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆلۈپ قاپتۇ. مەكتەپتىكى ھېلىقى تۇرسۇن مۇئەللىمچۇ، مەسچىتنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قاپتۇ...

رابىيەخاننىڭ بېشى پىررىدە قايدى. يەر يانتۇلىشىپ، ئۆي ۋە دەل ـ دەرەخلەر قىيسايدى. جاھان ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزى ھېيۋىخاننىڭ مىدىرلىداۋاتقان لەۋلىرىگە تىكىلىپ قالغانىدى. ئەگەر بىر قولى بىلەن ئەگۈننىڭ شادىسىنى تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئاللىقاچان يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى.

ـ ... بىزنىڭ ئادەم ھېلىلا مەسچىتتىن شۇنداق دەپ كەلدى. قارىسىلا، ماۋۇ ئىشنى...

ھېيۋىخاننىڭ لەۋلىرى توختاۋسىز مىدىرلىداپتتى. رابىيەخاننىڭ لەۋلىرىمۇ مىدىرلىداشقا باشلىدى:

ـ غېنى ئۆلتۈرۈپ قويغانمىدۇ. ئۇنى غېنى ئۆلتۈرۈپ قويغانمىدۇ. تۇۋا ماۋۇ بالىنى...

ـ نېمە دېدىلە، رابىيەخان، غېنى ئۆلتۈرۈپ قويغان دېدىلىمۇ، يەنە بىر دېسىلە...

ـ ۋاي خۇدايىم، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن، ۋاي خۇدايىم...

رابىيەخاننىڭ لەۋلىرى توختاۋسىز مىدىرلىداپ: «ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم...» دېگەن بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى. بۇ چاغدا ھېيۋىخان شاق ـ شاقنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىداشتىن توختىغان، ئىشەك يىلىمى بىلەن يەملەپ قويغاندەك چاپلىشىپلا قالغانىدى. كۆزلىرى تۈگۈقسىز ئاجايىپ بىر غەلىتە مەخلۇقنى كۆرگەندەك ۋە ياكى تۇيا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قىممەتلىك بىر نەرسىگە چۈشكەندەك قېتىپلا قالدى. ئۇ نېمىنىدۇر چۈشەنگەنىدى. ئۇ، قوشنىسىنىڭ ئاپئاق تاتىرىپ ھوشىدىن كېتىۋاتقانلىقىغىمۇ، قوللىرىنىڭ ئەگۈن شادىسىدىن ئاجراپ يىقىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىغىمۇ پىسەنت قىلماي، پالاقلاپ مەسچىت تەرەپكە چاپتى.

## 3. ئاققۇ پەرۋاز قىلدۇ

رابىيە ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ قولى ئەگۈنىڭ شادىسىدىن ئاجراپ جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ ئەگۈنگە يۆلىنىپ قالمىغان بولسا، يىقىلىپ - سۇنايلىنىپ يېتىپ قالغان بولاتتى. ئۇ، ئاشۇ ئولتۇرۇشىدا ئىستىقامەتتە ئولتۇرغاندەك، يىراقلارغا كەتكەن ئامرىقىنى كۈتۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ يولىغا تۆت كۆزى بىلەن، ياق، مىڭ كۆزى بىلەن تەلمۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇزاقتىن بېرى قايتمىغان ئەزىز، ئوماق، جان - جىگەر ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ، كۆزلىرىدىن قان - ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان غەمگۇزار ئانىغا ئوخشايتتى. ئۇ، بۈگۈن نېمىشقىدۇر ھېچ ئويلىمايلا ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان، بېشىغا تېگى ئاق، كەرەشمىۋاي چېكىت گۈللۈك ياغلىق چېگىۋالغانىدى. ئاق كۆڭلەك، ئاق ياغلىق، ئاق چىھرە... ئەگۈنگە يانداش ئۆسكەن ئۆرۈكنىڭ ئاقۇش چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئاققا ئورالغان پەرىشتە، ئاق قاشتېشىدىن ئويۇلغان پەرىشتە ھەيكىلى ئەگۈنگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. پەرىشتە ھوشسىز ئىدى.

تېنىدىن بىرۋاقىت ئايرىلىپ چىققان ئاققۇ يىراق ئۆتمۈشنى، بەكمۇ ئۇزاقتا قالغان چاغلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى. يالغۇز ئاققۇ بىپايان ۋە سۈزۈك كۆل ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتتى. پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتتى. نېپىز، سۈزۈك، ئاقۇش شايىدەك سوزۇلۇپ ياتقان كۆرۈنمەس ۋاقىت پەردىسى ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتتى. نېپىز پەردە ئاستىدىكى بوستانلىق ياشنايتتى. ئۆرۈك ئاپئاق چېچەكلەيتتى. تال سۆگەت چوكان تاشلايتتى. گۈل بەرگى شۇنچىلىك ئەۋرىشىم ئىدىكى، بۇلبۇل مۇسىقىلىرىغا رەققاس سېلىپ ھارمايتتى. تولۇنئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى باغلارنى يۇيۇپ تۇراتتى... مەكتەپ ھويلىسىدا يىگىت قىزنىڭ ياغلىقىنى ئېلىپلا قاچتى. قىز قوغلىدى. يىگىت ئۇزاپ ئاي نۇرلىرى ئارىسىغا سىڭىپلا كەتتى. قىز يېتىشىپ كەلگەندە، يىگىت ئۇنىڭ ياغلىقىنى ئۇچبۇرجەك قاتلاپ، بېلىگە باغلىۋالغانىدى. كۆل بويىدىكى سۆگەتنىڭ تاللىرىغا ئېسىلىپ ساقلاپ تۇراتتى. تولۇنئاي كۆلدە چۆمۈلۈۋاتاتتى. قىز يىگىتكە يېقىنلاشتى. ھاسىراش ئاۋازى يىگىتنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاڭلانغۇدەك، نەپەسلىرى يىگىتنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغىدەك يېقىنلاشتى. يىگىت قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئاشۇ تەگسىز بۇلاقلاردا ئاي نۇرى جىلۋە قىلاتتى. يىگىت ئاسمانغا قارىدى. كۆكتە تولۇنئاي ئۈزەتتى. يىگىت كۆلگە باقتى. كۆلدە تولۇنئاي يۇيۇنۇۋاتاتتى. يىگىت قىزغا تىكىلدى. تولۇنئاي كۈلۈمسىرەيتتى.

– ياغلىقىمنى بېرىڭ، ئەسكى...

– مەن ياغلىقىڭىزنى ئالمىدىم.

– ئەنە، بېلىڭىزدە تۇرمامدۇ؟

– مۇشۇ ياغلىق سىزنىڭمۇ؟ ئۆزىڭىز يېشىۋېلىڭ ئەمىسە...

قىزنىڭ ئۇزاتقان قوللىرى يىگىتنىڭ ئالقىنىغا چۈشتى. يۇمشاق، ئىسسىق ئالقانلار جۈپلەشتى. ئىككى جۈپ كۆزدىن قايتقان ئاي نۇرلىرى بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتتى.

ئاققۇ نېپىز، سۈزۈك ۋە پايانسىز ۋاقىت پەردىسى ئاستىدىن «چاھارباغ» قا ئايلانغان مەكتەپنى، غېرىبقا ئايلانغان يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسىنى، سەنەمگە ئايلانغان رابىيەنى - ئۆزىنى كۆردى. غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ غۇبارسىز قەلبى، ئوتلۇق ئىستەكلىرى، يالقۇنلۇق سېغىنىشلىرى ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرىغا چۆمۈلەتتى. ئارمانلىرى تال سۆگەتكە چىرمىشاتتى. كۆڭۈللىرى گۈل پورەك بولۇپ ئېچىلاتتى. چېچەك بولۇپ تۆكۈلەتتى. يەنە ئېچىلاتتى. ئىككى قەلب كۈيلەپ ھارمايتتى. ئىزھارى دەردلىرى پۈتمەيتتى. ئاشۇ كۈيلەر ئاي نۇرلىرى ئارىسىدا ئېرىپ كېتەتتى. «ئاھ، رابىيە، كۆزلىرىڭگە تولۇنئاي يوشۇرۇنغان، تولۇنئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى كۆزلىرىڭگە تۈيدۈرماي كىرىۋاپتۇ. چىھرىڭدىن بالقىغان، كۆزلىرىڭدىن ئۇرغۇۋاتقان نۇر ئاشۇ...» دەپ پىچىرلايتتى يىگىت ئاي نۇرلىرى ئارىسىدا. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئاي نۇرلىرى تۆكۈلەتتى. ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. بەختىنىڭ، مۇھەببىتىنىڭ قەنت - ناۋاتلىرى ئېرىپ ئاي نۇرلىرىغا قېتىلىپ كېتەتتى. ئۇلار ھەر قېتىم قۇچاقلاشقانلىرىدا، ئىككى قىرغاق قۇچاقلىرى ئارىسىدىكى دەريانىڭ مەڭگۈ دولقۇنلاپ، ئۆركەشلەپ، شوخلۇق قىلىشلىرىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى. ھەر قېتىم سۆيۈشكەنلىرىدە ھەسەلنىڭ شېرىنلىكىنى، گۈلنىڭ خۇش ھىدىنى، كۈينىڭ يېقىملىقلىقىنى ھېس قىلىشاتتى. ھەر قېتىم بېقىشقانلىرىدا ئوت - ئۇچقۇننىڭ، نۇر - ئاپتاپنىڭ ھارارىتىنى سېزىشەتتى...

مۇھەببەتنىڭ ئەتە - ئۆگۈنىنى ئويلاشقا چولىسى يوق. ئۇلار «چەكلەنگەن مېۋە» نىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشتى. سىرلىق ۋەھىمە، قۇترىغان تۇيغۇ، غالجىرانە ئىنتىلىش تۇزۇكرەك تېتىشقا ئىمكان بەرمىدى. يەنە تېتىپ باقتى. يەنە ۋە يەنە تېتىپ باقتى. يەنىلا قانمىدى. ئاشۇ يەردە، ئاشۇ پەيتتە ئوت - ئاتەشنىڭ، نۇر - ئاپتاپنىڭ، ئازاب ۋە خۇشاللىقنىڭ، كۈچ ۋە ئىنتىلىشنىڭ، سەزگۈ ۋە ھاياجاننىڭ... ھەممە، ھەممە نېمىنىڭ تەمى باردەك تۇيۇلاتتى. لېكىن تۇزۇكرەك تېتىغىلى، قانغىلى بولمايتتى. ئىككى تەن ئاشۇنىڭغا ئىنتىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا قوشۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئىزدىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا...

www.uyghurkitap.com

گەرچە ئۇلار «چەكلەنگەن مېۋە» نىڭ تەمىنى كۆپ قېتىم تېتىپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇلارنى «چاھارباغ» دىن قوغلاپ چىقارمىدى. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ قىلمىقلىرىنى ھېچكىم، ھەتتا يىلانمۇ تويمىغانىدى.

شەيتان غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان، توغرىراقى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە، قەلبىگە، دىلىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇ، ئاشۇ پەردە تورۇپ، ئاجايىپ تۇيغۇلارنى جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنى چەكلەنگەن مېۋىگە قېنىشقا كۈشكۈرتەتتى. «بۈگۈن قانسەن، مۇشۇ قېتىم چوقۇم قانىسەن. . .» دەپ ئالدايتتى. غېرىپ بىلەن سەنەم ئالدىنىشقا رازى ئىدى. ئاشۇ پەيتتىكى جىسمانىي ھوزۇرنىڭ روھىي لەززەتكە ئالمىشىشى، ئىنتىلىش ۋە تەقەززانىڭ جىسمانىيەتتە ۋىسال تېپىشى ئۇلارنى سارالڭ، خامۇش، گاراڭ قىلىپ قويغانىدى. قانغاندەك قىلاتتىيۇ دەم ئۆتمەي يەنە تەشنا بولاتتى. يەنە ئىنتىلەتتى. جاھاننىڭ بارچە لەززىتى ئاشۇ پەيتكە مۇجەسسەملەنگەنىدى. قىز پىچىرلايتتى: «قۇچاقلا، مەھكەم قۇچاقلا. . .» قىز ئۆز قۇۋۇرغىلىرىنىڭ غاراسلاپ كەتكىنىنى ئاڭلايتتى. لەۋلەر جۇپلىشەتتى، تىللار يالىشاتتى، شۆلگەيلەر قېتىلاتتى. ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىلغاندەك بولاتتى. گۈلخان يالقۇنلايتتى. گۈل خۇش پۇراق چاچاتتى. كەپتەر ئۈنلەپ، دەمدار بوقۇلدايتتى. يېڭى - يېڭى كۈيلەر ھاسىل بولاتتى. . .

ئاشۇ تېتىپ بېقىشلار يەنىمۇ داۋاملاشقان، شېرىن چۈش يەنىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولاتتى. لېكىن ۋىسالنىڭ كۆشەندىسى جۇدالىق سەزدۇرمەي يېتىپ كەلدى. ئۇ، شەپە چىقىرىپ، داقا - دۇمباق چېلىپ يېتىپ كەلگەن ھالەتتىمۇ ئۇلار سەزمىگەن بولاتتى. چۈنكى ئۇلار غەرق بولغان چۈش شۇنچىلىك شېرىن ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئويغىنىشنىمۇ، ھەر قانداق شەپىگە قۇلاق سېلىشنىمۇ خالىمايتتى. . .

يىگىت تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تاماملاپ، ئوتتۇرا تېخنىكومغا كېتىپ قالدى. شېرىن چۈش ئۈزۈلدى. گۈللەر پورەكلەشتىن، بۇلبۇللار سايراشتىن توختىدى. پەقەت، ئاي نۇرىلا گۈزەل خاتىرىلەرنى ئەسلىتىپ كۈلۈمسىرەيتتى.

ئاققۇنىپىز، سۈزۈك ۋە پايانسىز ۋاقىت پەردىسى ئۈستىدە پەرۋاز قىلاتتى. ئاشۇ پەردە ئاستىدىن نېمىنىدۇر كۆرۈشكە ئىنتىلەتتى. «چاھارباغ» نىڭ ئىچى - سىرتىدىن غېرىب - سەنەمنىڭ ئۆزىنى ئىزدەيتتى. ئاققۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا پەرۋاز قىلىپ كەلگەن سالام خەتلەرنى كۆردى. ئوتلۇق سېغىنىش، بۇزۇلماس ۋەدىلەر ھەققىدىكى يالقۇنلۇق قۇرلارنى ئوقۇدى. قۇرلار ئارىسىدىن يىراققا تىكىلگەن كۆزلەرنى، ئاشۇ كۆزلەردە پارلاپ تۇرغان ئاي نۇرلىرىنى كۆردى. خىيالچان قەلبلەرنى، ۋىسال ئىنتىلىشلىرىنى، جۇدالىق ئازابلىرىنى پەرق ئەتتى. ئاشۇ خەتلەردە كېيىنكى يىلى دارىلمۇئەللىمىننىڭ «چاھارباغ» ىدا جەم بولۇش ۋەدە قىلىناتتى. ئاشۇ پەيتكە ئۇچۇپ بېرىش ئارمان قىلىناتتى. ئۇلار قانات قاقاتتى، لېكىن ئۇچالمايتتى. ئەپسۇس، ناھايىتى ئەپسۇسكى، قۇياش پارلاپ تۇرغان 1965 - يىلىنىڭ ئىسسىق يازىدا ئاشۇ «چاھارباغ» پومېشچىكنىڭ قىزىنى ئۆزىگە قوندۇرۇشنى رەت قىلدى. سەنەم مىشىلداپ يىغلىدى. ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. نېمە سەۋەبلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنىمۇ بىلمىدى، ئۇ پەقەت خورلانغانلىقىنى، يېتىم بالىدەك چەتكە قېقىلغانلىقىنى، قاراڭغۇلۇققا ئىرغىتىپ تاشلانغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. دەردىنى كۆز يېشىدىن ئالاتتى. . .

ئاققۇ ئۇزۇن ئۇچتى. ئەمدى سەنەمنىڭ كۆز يېشىدىن باشقا ھېچنېمە تاپالمىدى. خەتلەر، ۋەدىلەر، سېغىنىشلار. . . ھەممىسى يوقالغانىدى. گۈل غازان بولغان، بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئاي پاتقان، ئۇنىڭ يارقىن نۇرلىرى ئۆچكەنىدى. غېرىب - سەنەمنىڭ بىر نۆۋەتلىك ھېكايىسى ئاخىرلىشىپ، يېڭى غېرىب - سەنەملەرگە ئورۇن بوشاتقانىدى. ئاققۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ئىسسىق ياش سىرغىدى. ئۇ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ئاق قاشتېشىدىن ئويۇلغان پەرىشتە تېخىچە ئەگۈنگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئاققۇ قايتتى. رابىيەنىڭ ئۈستىگە قوندى ۋە غايىب بولدى. روھ تەنگە، تەن روھقا قوشۇلۇپ كەتتى.

## 4. نىكاھ ئوقۇتايلى، ئاندىن كېيىن. . .

رابىيە ھوشىغا كەلدى. ئۆرۈكنىڭ ئاقۇش چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ سەل مىدىرلاپ ئەگۈننىڭ ئۇچۇق تۇرغان بىر قانىتىنى يېپىپ قويدى. لېكىن ئورنىدىن تۇرمىدى. ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماجالىمۇ يوق ئىدى. قۇلاق تۈۋىدە: «تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆلۈپ قاپتۇ. مەسچىتنىڭ يېنىدا ئۆلۈپتۇ. . .» دېگەن بىرلا سۆز جاراڭلاپ تۇراتتى. نېمىشقا ئۆلۈپ قالىدۇ؟ نېمىشقا ئۆلۈپ قالغاندۇ؟. . . رابىيە كېچىدىكى ئىشنى يادىغا ئالدى. غېنى شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كىرمىگەنىدى. ئۇ، تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىمىدى. سىرتتىكى ھەر بىر تىۋىشقا قۇلاق سالدى. تۈزۈكرەك بىر تىۋىش ئاڭلانمىدى. ئىشىك چەككۈچى كېتىپ قالغان بولسا، ئۇچراشمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇچراشمىغانلا بولسا، ھېچ ئىش بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئىشىك چەككۈچىنىڭ كېتىپ قالغان بولۇشىنى، ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇچرىشىپ قالغان بولسا، غېنى نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ ۋاي خۇدايىم، ۋاي سەتچىلىك! بويىغا يېتىپ قالغان ئوغۇلنىڭ ئالدىدا قايسى كامارغا كىرىۋالغۇلۇق؟ ئۇ، ئوغلىنىڭ قايتىپ كىرىشىنى كۈتەتتى. قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كىرمەسلىكىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئوغلىنىڭ چىرايىغا قاراشتىن نومۇس قىلاتتى: ۋاي خۇدايىم، ئۇ نېمىدەپ ئويلار؟ نېمە ئويلاپ قالار...

خورازلار نەچچە قېتىم چىللاشتى، ئىتلار نەچچە قېتىم قاۋاشتى، ئۇزاق جىم بولۇپ كېتىپ يەنە چىللاشتى، قاۋاشتى. تاڭمۇ ئاتتى. ئايۋاننىڭ شەرقىي كۈنگىرىسىدىن ئاي نۇرى ئەمەس، ئەمدى شەپەق نۇرى كىردى، لېكىن ئوغۇل قايتىپ كىرمىدى.

«تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆلۈپتۇ. مەسچىتنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قاپتۇ...» رابىيەنىڭ قۇلاقلىرىغا ھېيۋىخان شاق - شاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لەۋلىرىنىڭ مىتىلداشلىرى كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇۋا خۇدايىم، نېمە بولۇپ ئۆلۈپ قالغاندۇ؟ غېنى... غېنى ئۆلتۈرۈپ قويغانمىدۇ؟ ئۇلۇغ خۇدا، كۇپۇر خىياللاردىن يىراق قىلغايسەن... ئەگەر كەتمەي ئىشىك تۈۋىدە تۇرىۋەرگەن، ئوغۇل ئۇنى ئوغرى دەپ قارىغان بولسا، جېدەللىشىپ قالدىمىكىن؟ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدىمىكىن؟ ئاھ، خۇدا. ياق... ئەگەر ئوغرى چۈشكەندەك خىيالغا كەلگەن بولسا، مېنى ئويغاتقان، چىراغنى ياندۇرغان بولاتتى. يا ئۇ ھەممە ئىشنى سېزىپ يۈرەتتىمىكىن؟ ئىشىك چەككۈچىنىڭ كىملىكىنى، نېمىشقا تۈن يېرىمىدا ئىشىك چېكىدىغانلىقىنى بىلەتتىمىكىن؟ ئاھ، خۇدا، مانا ئەمدى ئۇ ئۆلۈپتۇ. بىچارە قانداق ئۆلگەندۇ؟ غېنى... ئوغلۇم نەدىدۇ؟ دۇكانغا كەتتىمىكىن؟ قاچتىمىكىن؟ يوشۇرۇنۇۋالغانمىدۇ يا؟ ۋاي خۇدايىم...

رابىيەنىڭ پىكىرلىرى چىگىشلىشىپ كەتتى. كەم سۆز، مۆلايىم، ئەدەبلىك ئوغلىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. «ياق، ياق!» دەپ خىتاب قىلاتتى ئۇنىڭ قەلبى. ئۇنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئاشۇ ئىشنى سېزىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ، شۇ سەۋەبلىك كېچىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلاتتى. بۇ، مۇمكىن ئەمەس، زادىلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇ، كېچىدە بازارغا قايتىپ كەتكەن. ئۆلگۈچى بىلەن زادىلا ئۇچراشمىغان. بۇ راست، راست شۇنداق بولغان.

.. نېمىشقا ماڭا دەپ قويماي كېتىپ قالدۇ؟ بۇرۇن خوشلىشىپ ماڭاتتىغۇ. ئەمدى...

رابىيە ئوغلىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى قىلىقلىرىنى يادىغا ئالدى. جاندىن ئەزىز، ئوماق، توي قىلىپ تۇغماي - تۇغماي خېلى يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان دۇنيادا بىردىنبىر يالغۇز ئوغلى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەركىلەپ قۇچاقلىمايدىغان، ئېتىكىگە باش قويمايدىغان، توختاۋسىز ۋىچىرلاپ ئۇنى - بۇنى سورىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئانا - بالا بىر يەرگە كەلسىلا، ئۇ، جىمغۇر بولۇۋالاتتى. بازاردىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىغا ئىشقا كىرگەن ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى بولسا، تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. ئۆيگە كەمدىن - كەم كېلەتتى. كۆپ چاغلاردا دۇكاندا قونۇپ قالاتتى. كۈندۈزلىرى كەلسىمۇ، ئۇزاق تۇرمايلا كېتىپ قالاتتى. بەزىدە كەلگەن - كەتكىنىنى دەپمۇ قويمايتتى. بۈگۈن كېچە دەپ قويمايلا كېتىپ قالغان بولسا، نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭ ئادىتى شۇنداققۇ. ئۇنىڭدىن گۇمان قىلغىنىمنى، كۇپۇر خىياللاردا بولغىنىمنى قارا. ئۇلۇغ خۇدا، ئوغلۇمنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئۇ، ئەدەبلىك، رايىش، كەم سۆز بالا، ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. ئەسلا قىلمايدۇ...

«تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆلۈپ قاپتۇ. مەسچىتنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قاپتۇ...» ھېيۋىخان شاق - شاقنىڭ ئاۋازى جاراڭلايتتى. لەۋلىرىنىڭ مىتىلداشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. توۋا خۇدايىم، نېمە بولۇپ ئۆلۈپ قالغاندۇ؟ ئېيىقتەك كۈچلۈك ۋە ساغلام ئىدىغۇ، نېمە بولغاندۇ؟ ئاخشام دېرىزىنى، ئىشىكنى چەككىنى شۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىم چېكەتتى؟ يەكشەنبىدە بازاردىن قايتىپ، ئۇدۇللا كەلگەن گەپ. ئۇدۇللا كەلگىنى مۇشۇ بىر قېتىم ئەمەسقۇ، ماڭا ئاتاپ بىر نەرسە ئالغان چاغلىرىدا ئۇدۇل كېلەتتى. تونۇركاۋىپى، توخۇ كاۋىپى ئېلىپمۇ كېلەتتى، كەمپۈت، قەنت - ناۋات، ماتاڭ ئالسىمۇ كېلەتتى. ئاخشام چوقۇم بازاردىن قايتقان گەپ. ئۇدۇل كەلگىنى شۇ. قىرىشقاندەك غېنىنىڭ قونۇپ قالغىنىنى... مېنىڭ ئامرىقىم، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئامرىقىم، ئەمدى ئۇنىڭدىن يەنە ئايرىلىپ قالدىمۇ؟ ئاشۇ قېتىمقى يىگىرمە نەچچە يىلغا سوزۇلغان ئايرىلىش يەتمىگەنمىدى؟ ئاھ خۇدا، جۇدالىقنى، دەرد - ئەلەمنى، ھەسرەت - نادامەتنى، يالغۇزلۇقنى مەن ئۈچۈنلا ياراتقانمىدىڭ؟ مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى نېسىۋەمنى ئىچ پۇشۇقى، دەرد - ئەلەملا قىلىپ ياراتقانمىدىڭ؟ كۆز يېشىمنى مول، بەختىمنى، كۈلكەمنى كەم ياراتقانمىدىڭ؟ ئۇمۇ ئۆلۈپتۇ، مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ. ئوتلۇق كۆزلىرى مەڭگۈگە يۇمۇلۇپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىدىڭمۇ؟...

رابىيەنىڭ قەلبى نىدا قىلاتتى. ئاھ - پەرياد ئۇراتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر كۆزىدە بىر تامچىمۇ ياش يوق ئىدى. بىچارە، نىمجان، خامۇش ھالەتتە ئەگۈنگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۆرۈكنىڭ ئاپئاق چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۆرۈك شېخىغا قونۇپ چېچەك چوقۇلاۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىنىمۇ، ئېغىلدىكى ئاچ قويلىرىنىڭ مەرەشلىرىنىمۇ، كوچىدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ پاراڭلاشلىرىنىمۇ ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭ ئەس - يادى يىراق ئەستىلىكلەرنىڭ تۇمانلىق قوينىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئاشۇ يىراقلاردىن نېمىنىدۇر ئىزدەپ يۈرەتتى، ئىزدەيتتىيۇ، پەقەت جۇدالىق ۋە دەرد - ئەلەمنىلا ئۇچرىتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيا

پەقەت ئاشۇنداق، ئاشۇنداقلا يارىتىلغانىدى...

دارىلمۇئەللىمىنىكىمۇ، تولۇق ئوتتۇرىغىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان بۇ پومىشچىكنىڭ قىزى ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلدى. جۇدالىق دەردى ۋە چەتكە قېقىلىش ئازابىنى يۇدۇپ قايتتى. مۇئەللىمنىڭ ئاخىرقى سۆزى ھېلىمۇ يادىدا بار ئىدى: «تەربىيىلىنىۋېلىشقا بولىدىغان پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىككىلا سان بېرىلىپتۇ. ئامال بولمىدى، ئەمدى سەن...» دېگەنىدى مۇئەللىم. ئۇ، ئاشۇ چىرايلىق ئوقۇغۇچىسى ئالدىدا نېمىشقىدۇر: «ساڭا يەتمىدى، يېزىغا قايتىدىغان بولدۇڭ...» دېگەن گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغانىدى. ئاشۇ گەپلەرنى ئېيتىشقا نومۇس قىلغانىدى.

رابىيە يېزىغا قايتىپ خېلى كۈنلەردىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئاشۇ «ئىككى سان» بىلەنلا يوق قىلىۋېتىلگەن ئىستىقبالىنى ئەمدى ئىزدەپ تاپالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئېنىققۇ چۈشەنمىدى، پەقەت غۇۋا ھېس قىلدى. ئۇنى ئىزدەپ ھېچنەگە بارالمايدىغانلىقىنى، ئىزدىگەن ھالەتتىمۇ تاپالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ زامانىنىڭ بۇلۇت، تۇمان ۋە چاڭ - توزانلىرى ئارىسىدا غايىب بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما ئۇ ئۆز غېرىبىنىڭ ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. باغداتتا بولسىمۇ كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ، كۈتتى، بىر ئاي، ئىككى ئاي، ئۈچ ئاي... كۈتتى. زارىقىپ تەلمۈردى. لېكىن غېرىب كەلمىدى. قاراقچىلارغا تۇتقۇن بولغاندەك ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتتى. رابىيەنىڭ قەلبى ھەسرەتكە تولدى. سېغىنىش، گۇمان ۋە دەرد - ئەلەم غەلىيان كۆتۈرەتتى. سەنەم غېرىبسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى، ئۆزى كەلمىگەن غېرىبنى ئىزدەپ بېرىش لازىملىقىنى ھېس قىلاتتى. ئىزدەپ بارمىسىمۇ بولمايتتى. سەنەم شەھەرگە بېرىش، ئاشۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى ئىزدەپ تېپىش، ئاشۇ غېرىب بىلەن دىدار مۇلاقەت بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ، شەھەرنى بىلەتتى. ئىلگىرى بىر قېتىم بارغانىدى. تاڭ يورۇشىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم، كەچ كىرگىچە بېرىۋالىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ، شەھەرگە بارالىغان، غېرىبنى ئىزدىگەنمۇ بولاتتى. لېكىن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك ھەممە پىلانىنى يوققا چىقاردى. پومىشچىكنىڭ ئائىلىسى يېڭى ئېچىلغان بوز يەرگە - يىراق تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە كۆچۈرۈۋېتىلدى. ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن بىر توپ «خەلق ئەسكىرى» مۇسادىرىدىن ئېشىپ قالغان نەرسە - كېرەكلەرنى ئەترەتنىڭ ئات ھارۋىسىغا باستى. مۇسادىرىدىن ئېشىپ قالغان ئۆينى، ئايۋاننى، ئېغىلنى بىردەمدىلا چېقىپ - تۈزلەپ تاشلىدى... پومىشچىكنىڭ قاپىقى تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەكلا ساڭگىلاپ چۈشكەن، ئانىسىنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. رابىيە ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمدى مانا شۇ يىراق تەكلىماكاندىن شەھەرگە ئاسان بارغىلى بولمايتتى. بىپايان قۇملۇق ۋە جاڭگال توسۇپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ غېرىبىنىڭ كېلىشىگە ئىشىنەتتى. قاراقچىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىشىغا، «كەربالا» نىڭ دەشتىنى بېسىپ ئۆتەلىشىگە، سەنەمنى تاپالىشىغا ئىشىنەتتى. ئاشۇ كۈنلەردىكى سېغىنىش ئوتى، كېچىلەردە ھۆللەنگەن تەكيە، كۈتۈش ئازابى رابىيەنىڭ ئېسىدە ھېلىمۇ بار ئىدى. ئۇ، شۇنچە كۈتتى، كۆزلىرى تېشىلگۈچە يولغا قارىدى، تەلمۈردى، لېكىن غېرىب كەلمىدى. «كەلمىدى يار، كەلمىدى...» رابىيەنىڭ قەلبى نالىيتتى.

ئىككىنچى يىلى كۈزدە، دادىسى بىلەن ئانىسى «گېزەندە» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ «سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئوبيېكتى» قىلىنغان، كۈندۈزى ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىپ، كېچىسى «كۈرەش» قىلىنىۋاتقان، «گېزەندە» نىڭ قىزى رابىيە كېچە - كۈندۈز تاغار يۇدۇپ ئېتىزغا - كۈزگىچە قىغ توشۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە رابىيەنىڭ «تويى» بولدى. ئۇنىڭ ئەرگە تېگىشىنى مەيدان (ئۇ چاغدا بوز يەر دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتىلاتتى) پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن بىرگىلا قۇرۇلۇۋاتقان «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەشكىلاتى قارار قىلغانىدى. ئۇنىڭ توي قىلىش - قىلماسلىقىنى، كىمگە تېگىشنى خالايدىغانلىقىنى ھېچكىم سوراپ قويمىدى. «گېزەندە» نىڭ قىزىنىڭ ئۇنداق ئەركىنلىكى بولمىسىمۇ بولىۋېرەتتى. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» نىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئۇنى تەربىيىلىۋېلىش - قۇتقۇزۇۋېلىش ئىكەنلىكىنى، «گېزەندە» ئاتا - ئانىسىدىن چەك - چېگرا ئايرىش لازىملىقىنى ئېيتتى. رابىيەنىڭ ئېسىدە ھېلىمۇ ئېنىق تۇرۇپتۇ: ئۇنى كىمدۇر بىرىنىڭ يېنىغا تۇرغۇزۇپ قويغاندا، بۇرنىغا گۈپۈلدەپ سېسىق پۇراق ئۇرۇلدى. كۆڭلى ئاينىپ ھۆ قىلغۇسى كەلدى. بۇگۈنكى ئىش ئۆڭمۇ يا چۈشمۇ؟ سەزگۈسىنى يوقاتتى. يىگىتكىمۇ، ئادەملەرگىمۇ قارىغۇسى كەلمىدى. ئالدىدىكى تامدا ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. سۈرەتكە ئۈچ قېتىم تازىم قىلدۇرۇشتى. قىپقىزىل تاشلىق «ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ قىپقىزىل تاشلىق «تۆت توم» ى تويلۇق سوۋغا قىلىندى. «ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە ناخشىلىرى» ئوقۇلدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر توپ ئادەملەر تەرىپىدىن «ھۇجرا» غا ئەكىرىپ قويۇلدى. ھۇجرىنىڭ تۆت تېمىغا ھېچ يەرنى ئالا قويماي ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتى چاپلانغان، كىچىككىنە شىرە ئۈستىگە تويغا سوۋغا قىلىنغان «قىزىل كىتاب» لار پاتماي قالغانىدى. قىزنىڭ بېشى ساڭگىلىغان،

كۆزىنى يەردىن ئۈزمەيتتى. بۇرنىغا سېسىق پۇراق ئۇرۇلۇپ ھۆ قىلغۇسى كېلەتتى. ئۇ، كىم بىلەن توي قىلىۋاتقانلىقىنى ئەمەس، ئاشۇ سېسىق پۇراقنىڭ نەدى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى. پۇرسەت تېپىپ - يىگىت نېمىشقىدۇر بىر ئىشقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاندا لاپپىدە قارىدى. يىگىت گەدىنىگىچە تاز ئىدى. ياغلاش - قاسماق تەلپىكىنىڭ ئۈستىدىن گەدىنىگىچە چۈشكەن كەپشە - قوماق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «نىياز، نىياز تازكەنغۇ بۇ...» دەپ ئويلىدى قىز. ئۇنىڭ يەنە ھۆ قىلغۇسى كەلدى. بوغۇزىغىچە يوپۇرۇلۇپ چىققان قۇسۇقنى يۇتۇۋەتتى. «ھۆ» دېگەن ئاۋازنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى... رابىيە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. چۈشىنەلمەيلا قالدى. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە: ناغرا - سۇناي چېلىنمىدى. ئاش - پولو تارتىلمىدى. قىزىل كىگىزدە كۆتۈرۈپ ئاتقىمۇ مىندۈرۈلمىدى. ئىسسىتىلغان جۇۋا ئۈستىگىمۇ ئولتۇرغۇزۇلمىدى. نىكاھغۇ ئەسلا ئوقۇلمىدى. «تۆت كونا» بۇزۇلۇۋاتقان چاغدا «توي» دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدىكەن. «ئىنقىلاب» دېگەن تويدەك نازاكەتلىك بولمايدىكەن... ئاشۇ چاغدا رابىيە ئاشۇ بىر توپ غەلىيانچىنىڭ ئۆزىنى زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى راستىنلا «تويى» بولۇۋاتقانلىقىنى ئايرىيالمىغانىدى. ھېلىقى نىيازنىڭ ئۈچ - تۆت يىلدىن كېيىنكى بىر كېچىدە سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ «توي» غا ئۇنىڭ: «ۋاي ئېسىت، ‹گېزەندە› نىڭ قىزى نېمىدېگەن ئۇز...» دېگەنلىكى سەۋەب بوپتىكەن. «ئۇنى ئالغۇڭ بارمۇ؟» دەپتۇ ئۇلارنىڭ باشلىقى. «بولمايچۇ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نىياز چاقچاق ئارىلاش، - بىر چىنە سۇغا قوشۇپ گۈپپىدە يۇتۇۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ». «ئۇنداق بولسا ئىش ئوڭاي، بىزنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار» دەپتۇ باشلىق. شۇنداق قىلىپ، مانا شۇ ئويۇن ئوينىلىپتۇ...

ئاشۇ «توي» كېچىسى تۈن يېرىمىدىن باشلاپ، رابىيە ئۈچ كېچە سوئال - سوراق، جازا - قىيناققا تارتىلدى. نىياز پەس ئاۋازدا، قەھرى بىلەن خىرقىرايتتى.

- ئېيتە، قىزلىقىڭنى كىمگە بەردىڭ؟ ئېيت دەيمەن، ئېيتە...

نىياز دۆشكەللەيتتى، چىمدايتتى، ئۇراتتى، يۈز - كۆزلىرىگە تۈكۈرەتتى. ئۇ، ساراڭدەك قۇتراپ كەتكەنىدى. رابىيەنىڭ قوللىرىنى باغلىدى، تورۇسقا ئاستى، قىپيالىڭاچ قىلىپ چىۋىق بىلەن ساۋىدى، چاچلىرىنى يۇلدى. «قىزلىقىڭنى كىمگە بەردىڭ قانجۇق؟ چۈۋۈق سېۋەت، كونا كەش، ئېيت دەيمەن، ھۇ، گېزەندىنىڭ پۈشتى. ئەكسىيەتچىنىڭ بالىسىمۇ بۇزۇق بولىدىكەن ئەمەسمۇ، ھۇ، جالاپ. ئېيتە، قىزلىقىڭنى كىمگە بەردىڭ؟... سېنى ئۆلگىچە كۆرەش قىلىمەن، كۆرەش قىلىپ ئۆلتۈرىمەن. ئىت كاللاڭنى يانجىپ تاشلايمەن سەن جالاپنىڭ...» دەپ سوئال - سوراقتا ئالاتتى نىياز.

نىياز كۈندۈزى جىمىپ قالاتتى، كېچىسى خىرقىرايتتى، غالجىرلىشاتتى. ئۈچىنچى كېچىسى تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا ئۇ رابىيەنى قىپيالىڭاچ قىلىپ يەتكۈچە ساۋىدى. ئاندىن كېيىن ئاشۇ غالجىرلاشقان ھالىتىدە نەپسى ھاۋانىسىنى قاندۇردى. نىياز بۇقىدەك كۈچلۈك ئىدى، بۇقىدەك ھارمايتتى. رابىيەنىڭ قوۋۇرغىلىرى غاراسلاپ كەتتى. قايرىلغان پۇتلىرى، ئىگىلگەن نازۇك بەللىرى سۇنۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى... ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن نىياز رابىيەنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالدى. سېسىق پۇراق ئۇرۇپ تۇراتتى. رابىيەنىڭ «ھۆ» قىلغۇسى كېلەتتى. ئاشۇ كېچىدىن كېيىن نىياز ئۇرۇشنى، تىللاشنى، سوراق قىلىشنى، قىيناشنى توختاتتى. ئۇنىڭ غالجىرلىقى پەسلىگەنىدى. لېكىن ھاۋانى نەپسىنى ھەر كېچە قاندۇرماي قالمايتتى.

شۇ كۈنلەردە رابىيەنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. كېچىسى تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان چاغدىمۇ، كۈندۈزى تاغار يۇدۇپ قىغ توشۇۋاتقان چاغدىمۇ كۆزىدىن بۇلۇقلاپ ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. لېكىن ئېغىزىدىن بىر ئېغىز زۇۋان چىقمىدى. ئۇ، ئاشۇ قىيناشلار ئىچىدە ئۆلۈپ قالىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۆلۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى. «ئاھ خۇدا، جېنىمنى ئالساڭچۇ...» دەپ پەرياد ئۇراتتى ئىچىدە. شۇنداقتىمۇ ئۆلمىدى. ئۆلمەي قالغىنىغا ھازىرمۇ ھەيران بولاتتى.

ئۆلمىگەنىكەن، ھەممىگە كۆنمەي ئامال يوق ئىدى. لېكىن ئۇنى ھەممىدىن بەك نىيازنىڭ بېشىدىن تارقىغان ئاشۇ سېسىق پۇراق قىينايتتى. ئۇ، ئاشۇ نىيازدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ يەتتى. ئاخىرى ئۇنى شاپتۇل مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ بېشىغا چېپىشقا، ھەر كۈنى ئىككى ۋاق بېشىنى يۇيۇشقا مەجبۇر قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە نىياز ئوبدانلا يۇۋاشلاپ قالغانىدى. رابىيە نېمە دېسە قولىدىن كېلىشىچە ئورۇنداشقا تىرىشاتتى. شۇنداق قىلىپ، نىياز كەپشە - قوماقلاردىن قۇتۇلۇپ مىسباش ئارخانقا ئايلاندى. سېسىق پۇراقلارمۇ يوقالدى...

رابىيەنىڭ كېيىن سۆزلەپ يۈرۈشىچە، نىياز ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان، نومۇس - ھايانى بىلىدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن. خوتۇنى ۋە بالىسىنى ئاچ قويماي باقالايدىكەن. بىراق بەك بالدۇر كېتىپ قالدى. ئازادە ئۆي - جاي، يېشىغا توشمىغان بالىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. رابىيەنى ئاتا - ئانىسى كۆرەش قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ مۇدھىش جاڭگالدىن ياندۇرۇپ

چىقىپ، بەك ئۇزاق ياشمايلا كېتىپ قالدى. نىياز كېتىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۇللۇق ھاياتىدا رابىيە ئاندىن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلدى. «ئۆكتۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن» دېگەن تەمسىلنى ھەقىقىي چۈشەندى. ئۇلار 12 يىل ئۆي تۇتتى. لېكىن رابىيە ئۇنىڭ ھاياتلىقىدا كۆزلىرىگە بىر قېتىممۇ قاراپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئىسسىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تومۇر بويىنىغا بىر قېتىممۇ گىرە سېلىپ باقمىغانىدى. «تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. كېيىن تۇل قالغان چاغلىرىدىكى پۈتمەس ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇ ئاشۇ قىلىقلىرىغا يەتكۈچە پۇشايمان قىلدى. ئاشۇ ئىستەك پارقىراپ تۇرىدىغان باشنى سىلىمىغانلىقىغا، بويىنىغا گىرە سالمىغانلىقىغا، باغرىغا چىڭ بېسىپ قۇچاقلىمىغانلىقىغا يەتكۈچە پۇشايمان قىلدى. ئەگەر ئاشۇ مەرھۇم تىرىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ چوقۇم قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان بولاتتى.

رابىيە تۇللۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. ئايال ئۈچۈن ئەر كېرەك ئىكەن. يوقنى تېپىپ بەرگىلىلا ئەمەس، بىر ياستۇققا باش قويغىلى، قۇچاقلىغىلى، سۆيگىلى، كۆچ كۆرسەتكىلى ئەر كېرەك ئىكەن. ئۇ، تۈگىمەس ئۇزۇن كېچىلەردە تالاي قېتىم ياستۇق ھۆللەپ يىغلىدى. دەمداردەك بۇقۇلدىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەرمىكى، كۆڭۈل تەسەللىيسى ئوغلى ئىدى. ئوغلىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. ھەممە ئىشى ئوغلى ئۈچۈن ئىدى. پۈتۈن مېھرىنى، قەلبىدىكى بارلىق مۇھەببەتنى ئوغلى ئۈچۈن بېغىشلىدى. ئوغلىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ھېلىقى بۇقىدەك ھاسىراپ ھوزۇرلاندۇرۇشلارنىمۇ، كېيىنكى سېغىنىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇزاقتىكى مەكتەپ — «چاھارباغ» نى، ئاشۇ باغدا غېرىب - سەنەم بولۇپ يۈرۈشكەنلىرىنى، ھېلىقى ۋاپاسىز غېرىبنى بولسا، ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئەمدى تىنچ ئۆتىدىغاندەك قىلاتتى. قەلبىدىكى ئوت ئۆچۈپ، نامەلۇم تۈيغۇ، ھايۋانىي ئىنتىلىش غەلىيان كۆتۈرمەيدىغان، كېچىلىرى كىمنىدۇ سېغىنىپ يىغلىمايدىغان بولغانىدى. ئۇ، ياشلىقىنىڭ خازان بولغانلىقىغا، پۇراق چاچماي تۇرۇپ توزۇپ كەتكەنلىكىگە ئۆرتىنەتتى. لېكىن تەقدىرگە تەن بەرمەي ئىلاجى يوق ئىدى. ئۇ، تەقدىرنىڭ مۇشۇنداق يارىتىلغانلىقىغا چىن پۈتكەن، ھەممىگە تەن بەرگەن چاغدا ئىش يەنە بۇزۇلدى. سامان تېگىدىكى قوقاس يەنە لاۋۇلداپ ئوت ئالدى. ھېلىقى ئۇزاقتا قالغان، قاچاندۇر بىر چاغدا يوقالغان ۋاپاسىز غېرىب يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. مۇئەللىم دېگەن ئاتاق بىلەن نەدىندۇر بىر يەردىن كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كەلدى. رابىيە ئۇنى تۇنجى كۆرۈشتىلا تونۇۋالدى. ئارىدىن ئۆتكەن 20 نەچچە يىل ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرەلمىگەنىدى. غېرىب كۆپ ئۆزگەرگەن، كۆز بىلەن قاراپ تونۇۋالغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنى رابىيەنىڭ كۆزلىرى ئەمەس، يۈرىكى تونۇۋالدى. قەلبىدىكى ئاجايىپ بىر سەزگۈ تونۇۋالدى. كۆزلىرى بولسا ئاشۇ ئۆزگىرىشلەردە ئامان قالغان بەلگىلەرنىلا پەرق ئەتتى. كېيىنرەك سۆزلەپ بېرىشىچە، غېرىبمۇ ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋاپتۇ. مەكتەپكە بالا يىغىپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان بىر سادا: «قارا، قاپاق يۈدۈپ سۇغا كېتىۋاتقان ئايالغا قارا» دېگەندەك بوپتۇ. كۆزلىرى ئۇنىڭغا چۈشكەن ھامان يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىنى يىرتىۋېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ كېتىپتۇ.

.. بەش كۈنمۇ، ئون كۈنمۇ، ئىشقىلىپ خېلى كۈنلەردىن كېيىن ئاشۇ ۋاپاسىز غېرىب نىيازدىن قالغان ئايۋانغا «تاجاۋۇز» قىلىپ كىرگەندە، بۇنىڭدىن قىلچە ئەجەبلەنمىگەنلىكى رابىيەنىڭ يادىدا. ئۇلار بىر مىنۇت، يېرىم مىنۇت، ياق، تولىمۇ قىسقا - بىر دەقىقە بىر - بىرىگە تىكىلىپ تۇرۇشتى. باش كۈزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى. ئايۋانغا ئۇۋۋا سالغان قارلىغاچلار توختىماي ۋىچىرلىشاتتى. لېكىن رابىيە بۇنى ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭغا پەقەت يۈرىكىنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقان ئارغىماقنىڭ تۇياق ئاۋازىدەك دۈپۈلدىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. غېرىب سەنەمنى باغرىغا باستى. لېۋىگە، مەڭزىگە، كۆزلىرىگە، پېشانىسىغا، چاچلىرىغا، قولاق - بويۇنلىرىغا يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى. قوللىرى بولسا، رابىيەنىڭ چاچلىرىنى، دولىسىنى، بېلىنى، پەللەك - ساغرىسىنى سىلايتتى، يەنە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كېتەتتى. قارلىغاچلار توختىماي ۋىچىرلايتتى. رابىيەنىڭ دىمى كېسىلدى، نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ، ھاسىرايتتى، قۇلاقلىرىغا پەقەت ئۆزىنىڭ ھاسىرىشىلا ئاڭلىناتتى.

رابىيە غېرىبنىڭ پالەچ بولۇپ قالغان ئايالى ۋە بالىلىرى بارلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئەل ياتقاندا مەخپىي نىكاھ ئوقۇتۇپ، «توي» قىلدى. رابىيە: «نىكاھ ئوقۇتايلى، ئاندىن كېيىن...» دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىغا «توي» دەك توي ئۆتكۈزمەسلىك پۈتۈلۈپ كەتكەنىكەن. يىراق بىر يەردىن مەخپىي تەكلىپ قىلىنغان موللا نىكاھ ھەققى ئۈچۈن 50 سومنى ئېلىپلا كېتىپ قالدى. تويغا پەقەت توي قىلغۇچى ئىككەيلەنلا قاتناشتى. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئالدىنقى «توي» دا «قىزىل كىتاب» تەقدىم قىلىنغان بولسا، بۇ قېتىم مەخپىي تەييارلانغان كىيىم ۋە تويلۇق ئۇزۇك تەقدىم قىلىنىدى. ئوخشاشلا ناغرا - سۇناي چېلىنمىدى. قىزىل كىگىزدە كۆتۈرۈپ ئاتقىمۇ مىندۈرۈلمىدى. لېكىن شېرىن ئاي يەنىلا باشلىنىپ كەتتى. مەكتەپنىڭ

بېغى نىيازدىن قالغان باغقا تۇتۇشۇپ تۇراتتى. شورىدىن ئۆتسىلا بولاتتى. ئۇلار ئېرىقنى تېپىپ ئۇچرىشىپ تۇرالايتتى. ئايۋاندىن سۆيۈشۈش ئاۋازلىرى كەتمەيتتى. قارلىغاچلار ۋىچىرلايتتى. رابىيە بەختتىن كۈلەتتى. 40 ياشلارغا يېقىنلاشقاندىكى شېرىن ئاي تولىمۇ تاتلىق بولىدىكەن. شېرىنلىكنى تېخىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. رابىيەنى بەختتىن قاناتلاندۇرغان ئاشۇ غېرىب تۇرسۇن مۇئەللىم دېگەننىڭ ئۆزى شۇ ئىدى.

رابىيە تېخىچە ئەگۈنگە يۆلىنىپ، ئۆرۈك چېچەكلىرىگە كۆمۈلۈپ ئولتۇراتتى. مېڭىسىدە: «ئۆلۈپتۇ، ئۆلۈپتۇ...» دېگەن بىرلا چۈشىنىكسىز ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەستىلىك قوشى خېلى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى «چاھارباغ» قا، ھېلىقى يېقىنقى يىللاردىكى قارلىغاچ ئۇۋۋا سالغان ئايۋانغا قونۇپ يۈرەتتى. ئۇ، تەتۈر پېشانە يارىتىلغانلىقىنى، بەختسىزلىك پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىنى ئويلاپ يىغلاپ تاشلىدى. كۆز ياشلىرى بۇلۇقلاپ ئاقتى. ئېتىكىدىكى يۇمران چېچەكلەر ھۆل بولدى.

## 5. ئوغلۇم ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ

- ھۇيت، ھۇيت، ھۇيت!...

جىددىي سىگنال چېلىپ، «كۆكقۇم» بېزىسىنىڭ كوچىلىرىدىن چېپىپ ئۆتكەن ساقچى ماشىنىسى «تىكەنباغ» دىكى مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. سىگنال ئاۋازىمۇ، ماشىنا ئۈستىدىكى قىزىل بەلگە چىرىغىنىڭ لاپىلدىشىمۇ ئۆچتى. ساقچىلار خەۋەر بېرىلىپ بىرەر سائەتكە قالمايلا يېتىپ كېلىشكەنىدى. ئۇلارغا ئادىل مەسئۇل بولۇپ كەلگەنىدى. نېمىشقىدۇر «كۆكقۇم» دا دېلو يۈز بەرسە، ئىدارە باشلىقى دائىم ئادىلنى ئەۋەتەتتى. ساقچىلارنىڭ چىرايى جىددىي ۋە سۈرلۈك ئىدى. پاگون ۋە قاسقان شەپكىسىدىكى كاكار - بەلگىلەر قوياش نۇرىدا پارقىرايتتى. مەسچىتنىڭ ئالدىغا بىر توپ ئادەم ئولىشىۋالغان، كۆپىنچىسى مەكتەپكە ماڭغان كىچىك باللار ئىدى. قىز ئوغۇلچىلار چۇرقىرىشىپ يىغلىشىۋاتاتتى. ساقچىلار باللارنى دەرھال مەكتەپكە كېتىشكە بۇيرۇدى. چوڭلار ئارقىغا سۈرۈلۈپ يول بېرىشتى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ جەستى ئەسلىدىكى ئورنىدا ياتاتتى. سەگۈتېرەكلەر ئارىسىدىن شوڭغۇپ كىرگەن قوياش نۇرى ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئادىل ساقچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئەتراپنى تەكشۈردى، لېكىن بىرمۇ ئىزنى پەرق ئېتەلمىدى. ئېرىقنىڭ بۇ تەرىپى يول بولغاچقا، ئىزلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئادىل ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول ئېلىشتى:

- جەسەتنى بىرەر ئۆيگە يۆتكەپ كىرسەك، قانۇن دوختۇرى ئاشۇ يەردە تەكشۈرۈپ كۆرسە ئوبدان بولاتتى...

- ماقۇل، شۇنداق قىلايلى...

ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار كىمنىدۇر مەسچىت مۇجىرىسىنى ئىزدەشكە، مېيىت يۇغاندا ئىشلىتىدىغان تەختىلىك چاپاننى كۆتۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇدى. يەنە كىملەرنىدۇر سۇ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. جەسەت بىردەمدە مەسچىت مۇجىرىسىغا يۆتكەپ كىرىلدى. قانۇن دوختۇرى ئىشقا كىرىشتى. ئۇ، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆز، ئۈستى - باشلىرىدىكى لاي - لاتقىلارنى تازىلىدى. ھەممە يېرىنى سىنچىلاپ تەكشۈردى. پۇت - قوللىرىنى، قوۋۇرغىلىرىنى، بويىنىنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ باقتى. قويۇق قارا چاچلىرىنى قايرىپ، چاچلار ئارىسىغا تىكىلىپ قارىدى. سومكىسىدىن ئالىقانداق بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ ئۇنى تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئاغزىغا تۇتتى ۋە بىر قولى بىلەن كۆكرىكىنى ئۇزۇنغىچە باستى. بوتۇلكىدا چۈشىنىكسىز ئىشكالا ۋە سىغىرلار بار ئىدى. ئۇ، ئاشۇ سىغىرلارغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بوتۇلكىنى قويۇپ يەنە تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ چاچلىرىنى قايرىپ بېشىغا قاراپ كەتتى.

بۇ چاغدا سىرتتا تەكشۈرۈش ۋە سۈرۈشتۈرۈش باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئادىل تۇرسۇن مۇئەللىمنى تونۇگۈن، ياق، كېچىدىن ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ئادەمنى سۈرۈشتە قىلىۋاتاتتى. كۆپ ئاۋارىچىلىق بولمىدى. تونۇگۈن تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن يېزا بازىرىغا بارغان، ئاشخانىدا بىللە تاماق يېگەن ئىككى مۇئەللىم تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، باشقا مەكتەپلەردىن بازارغا كەلگەن ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ بەش كىشى بىللە تاماق يەپتۇ. كۆڭۈل خوشى تۇتۇپ كېتىپ بىر بوتۇلكا ھاراق ئىچىشىپتۇ، لېكىن مەست بولۇشماپتۇ. ۋېلسىپىتلىرىگە بىمالال مىنىشىپ بىللە قايتىپ چىقىشىپتۇ. تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇلارمۇ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشىپتۇ...

قانۇن دوختۇرى چىقىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى مەلۇم قىلدى:

- بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا - چوققىسىدا يارا ئىزى بار ئىكەن. بىر سانتىمېتىردىن چوڭراق يېرىلىپتۇ. ئازراق قان ئېقىپ توختاپ قاپتۇ.

- ئۇ ئاخشام ھاراق ئىچكەنىكەن، سەزدىڭىزمۇ؟

- سەزدىم، تەكشۈرۈپ كۆردۈم، ئىسپىرت مىقدارى بەك تۆۋەن، ئۆلۈمگە سەۋەب بولالمايدۇ.

- يارىسچۇ، بېشىدىكى يارا...

- تاياق ياكى تاشتەك گاھال بىر نەرسە بېشىغا قاتتىق ئۇرۇلغان بولسا كېرەك. ئەگەر شۇ زەربە تۈپەيلى مېڭە قان تومۇرلىرى يېرىلغان بولسا،

ئۆلۈم كېلىپ چىقىدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇ ئېھتىمال چوڭ...

— نېمىشقا ئېھتىمال دەيسىز؟ ئېنىق بىر نەرسە دېمەمسىز...

— مېڭىسىنى يېرىپ تەكشۈرمەي تۇرۇپ مېڭىدىكى قان تومۇرلىرى يېرىلغان - يېرىلمىغانلىقىنى ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ.

— ئەمىسە يېرىپ تەكشۈرمەمسىز؟

— ئالدى بىلەن يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك.

ئادىل ئويلىنىپ قالدى. دېلو چىگىش ئىدى. ئۆلگۈچىنىڭ بېشىدىكى يارا ئەھۋالىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. «بىرەر كىم قاتىللىق قىلدىمىكىن» دېگەن گۇماننى قوزغاپ تۇراتتى. باشقا تەسادىپىي ھادىسىلەر تۈپەيلى پەيدا بولغان يارا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەگەر بىرەرسى قاتىللىق قىلغان بولسا، قاتىل كىم؟ ئۇ، تۇرسۇن مۇئەللىمنى قاچان ۋە قەيەردە ئۇردى؟ سەۋەبى نېمە؟ ھاراق سورۇنىدا، يولدا ئۇرۇشقانمىدۇ - يە؟ قىرىقتىن ھالقىغان ئادەملەر كىچىك بالىلاردەك ئۇرۇشۇپ يۈرەرمۇ؟ يولدا ۋېلسىپىتتىن يىقىلغانمىدۇ - يە؟...

ھېلىقى ئىككى مۇئەللىم يەنە ئايرىم - ئايرىم سوراق قىلىندى. نەتىجىسى ئوخشاش بولدى. ئۇلار ھاراق سورۇنىدىمۇ، يولدىمۇ ئۇرۇشماپتۇ، ھەتتا ئۇنىلۇكرەك گەپلىشىپمۇ قالماپتۇ. بىر - بىرىنى بەك ھۆرمەت قىلىشىدىكەن. سوقۇشۇشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ ئۇلار مەكتەپكە يېتىپ چىققاندا كېچە سائەت 11 دىن ئاشقانىكەن. بىر - بىرى بىلەن چىرايلىق خوشلىشىپتۇ. ئۆيلىرى مەكتەپ قورۇسىدا، بىر قاتاردا ئىكەن. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ قولىنى تىقىپ ئەگۈنىڭ ئىچىدىن ئېتىپ قويۇلغان ئىشىكنى ئاچقانلىقىنى، ۋېلسىپىتىنى يېتىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈشۈپتۇ...

ھەر ئىككى مۇئەللىمنىڭ بايانلىرى خۇددى بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا ئوخشايتتى. ئىككىسىنى ئالدىن كېلىشىۋالغان، دەپ گۇمان قىلىشقا بولاتتى. لېكىن ئادىل ئۇلارنى ئەيىبلەشكە ئاساس يوقلۇقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. ئۆيگە ساپمۇ ساق كىرىپ كەتكەن ئادەم قانداقسىگە مەسچىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆلۈپ قالدى؟ قاتىللىق ئۆز ئۆيىدە يۈز بەردىمۇ - يە؟ ئۇنى بالا - چاقىلىرى ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋەتتىمۇ - يە؟ ئۇ كىرىپ كەلگەندە ئۆيىدە باشقا بىر كىم بارمىدى - يە؟

ئادىل ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار ۋە باشقا مۇئەللىملەر بىلەن سۆزلىشىپ، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئايالىنىڭ پالەچ ئىكەنلىكىنى، ئۇزۇندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ ياتىدىغانلىقىنى بىلدى. چوڭ پەرزەنتلىرىنىڭ شەھەردە - مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۆيدىكىلىرىنىڭ تېخى نارەسىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئاشىسىپ ياتقان ئايالىنىڭ يېنىدا باشقا بىر ئەرنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. نامرات ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىشى تېخىمۇ تەسەۋۋۇرغا سىغمايتتى. ئازراق ئەقلى بار، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ قانداق ئۆيلەردە بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايدىغان ئوغرى بۇنداق ئۆيلەرگە كىرىپ يۈرمەيتتى. دېمەك، ئۆيدە ئېلىشىش بولغانلىقىنى، بېشىغا تەگكەن زەربىنىڭ ئۆز ئۆيىدە بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولاتتى. ھېلىقى ئىككى مۇئەللىم: «تۇرسۇن ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن» دەپ كۈۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر دېلو مەسچىتنىڭ يېنىدا يۈز بەرگەن دېيىلسە، ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن ئادەم قانداق بولۇپ مەسچىتنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى؟ نېمە ئىش ۋە كىم ئۇنى مەسچىتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى؟

ئادىلنىڭ مېڭىسىگە بىر يورۇقلۇق ۋاللىدە نۇر چۈشۈرۈپ ئۆتتى. تۇرسۇن پەقەت ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەن، ئۆينىڭ ئىشىكىدىن كىرمىگەن. ئىككى ھەمراھىدا «ئۆيىگە كىرىپ كەتتى» دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈنلا ھويلىدا بىر ئاز ساقلاپ تۇرغان... زادى ئۆيىگە كىردىمۇ - كىرمىدىمۇ؟ بۇنى ھازىرلا ئېنىقلاشقا بولاتتى. بېرىپ ئايالىدىن سوراپ باقسىلا بولاتتى. مۇئەللىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى تېخى ئايالىغا، بالىلىرىغا ئۇقتۇرۇلمىغانىدى. ئادىل ئۇزىنىڭ بېرىشىنى ئەپسىز كۆردى. باشقا ساقچىلارنى ئەۋەتىسىمۇ ئەپسىز بولاتتى. ئادىل مۇئەللىملەردىن بىرىنى ئەۋەتىپ، تۇرسۇننىڭ ئاخشام ئۆيىگە كىرگەن - كىرمىگەنلىكىنى، ئۆيدە قونغان - قونمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىش كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭچە، قاتىللىق يۈز بەرگەن مەيدان بېكىتىلسە، باشقا ئىشلارنى ئېنىقلاشقا ئاسان بولاتتى. تونىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇۋالسىلا يېڭىنى، پەشلىرىنى سىلاشتۇرۇپ تاپقىلى بولاتتى. ئۇ، تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە كىمنى ئەۋەتىشنى ئويلاۋاتقاندا، ئېگىز، ئورۇق بىر ئايال تۇپلىشىۋالغان ئادەملەرنى ئىتتىرىپ - سۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئايال ھاسىرايتتى. خۇددى مارافونغا يۈگۈرۈپ كەلگەن تەنھەرىكەتچىدەك ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ: «دوكلات!» دەپ راپورت بەرمىدى، قولىنى چېكىسىگىمۇ كۆتۈرمىدى. لېكىن ئادىلنىڭ ئالدىدا توختاپلا ھاسىرىغان پېتى سۆزلەپ كەتتى:

— غېنى ئۆلتۈرۈپتۇ، غېنى ئۆلتۈرۈپتۇ...

ئايالنىڭ ئاۋازى ۋارقىرىغاندەك ئۇنلۇك چىقتى. ئادىل چۆچۈپ كەتتى:

— نېمە دېدىڭىز؟ كىم كىمنى ئۆلتۈرۈپتۇ؟

— رابىيەخان شۇنداق دېدى. تۇرسۇن مۇئەللىمنى غېنى ئۆلتۈ

www.uyghurkitap.com

- غېنى دېگەن كىم؟

- مەن ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. . .

- غېنى شۇنداق دېدىمۇ؟

- رابىيەخان ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى. خۇدا گۇۋاھ، ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق دېدى. مەن ھازىرلا شۇ يەردىن كەلدىم. . .

ئايال ھاسىرايتتى، دۇدۇقلايتتى، نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى. ئادىل ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تۈزۈكرەك ئۇقالمىدى. پەقەت ئۇنىڭ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنىلا ھېس قىلدى. ئۇ، ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتارنىڭ ياردىمىدە، ئۇنىڭمۇ بىر ھازا چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىنلا ئاندىن كەنتتە رابىيەخان دېگەن ئايالنىڭ بارلىقىنى، غېنى دېگەننىڭ رابىيەخاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، مۇنۇ خەۋەر يەتكۈزگۈچى ھېيۋىخاننىڭ تۇرسۇن مۇئەللىمنى غېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ھېيۋىخان بۇ گەپنى غېنىنىڭ ئانىسى رابىيەخاندىن ئاڭلىغانمىش، رابىيەخان شۇنداق دېگەنمىش. . .

ئادىلنىڭ دىققىتى بىردىنلا رابىيەخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى غېنىغا مەركەزلەشتى. تۇتۇق دېلو بىردىنلا ئايدىڭلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. غېنىنى تۇتسىلا ئىش تۈگەيدىغاندەك تەسىرات پەيدا بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەيران ئىدى. مۇنۇ ھېيۋىخاننىڭ يىپ ئۇچى مەلۇم قىلغانلىقىغا ھەيران بولمىدى. ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار بولغان. خەلققە تايانسىلا خەلق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇنىڭ ھەيران بولۇۋاتقىنى، ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆز ئوغلىنى پاش قىلغانلىقى ئىدى.

ساقچىلار مەسچىتكە يېقىنلا يەردىكى رابىيەخاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى. رابىيەخان تېخىچە ئەگىنگە يۆلىنىپ، ئاپئاق ئۆرۈك چېچەكلىرىگە كۆمۈلۈپ ئولتۇراتتى. چېكىش خىيال ۋە ئەسلىمىلەرنىڭ يەلپۈشىدە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ نادامەت ۋە شادلىقلىرى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى. ساقچىلار ئىشىكنى قاققاندىلا ئۆزىگە كەلدى. قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغان كاكارلىق قاسقان شەپكىلەرنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. چىرايى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتتى، پۇت - قوللىرى دىرىلدەيتتى.

- سىز رابىيەخان بولامسىز؟

رابىيەخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاراپ تۇراتتى. جاۋاب بېرىشنىمۇ - بەرمەسلىكنىمۇ بىلمەيتتى. ئادىل ئۇنىڭ ئاھۇنىڭكىدەك چۆچۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قالغانىدى. قەلبىدە سىرلىق بىر تۇيغۇ دولقۇنلاپ كەتتى. . . ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار رابىيەخانغا چۈشەندۈردى:

- سىزدىن سوراۋاتىدۇ. . .

- ھەئە، - رابىيەخان ئاۋازىنىڭ تۈزۈكتىن تولىمۇ چوڭقۇر بىر يەردىن چىققانلىقىنى ھېس قىلدى.

- ئوغلىڭىز غېنى ئۆيدە بارمۇ؟

- يوق.

- نەگە كەتتى؟

- ئۇ، بازاردا سەيپۇڭچىلىق قىلىدۇ، شۇ يەرگە كەتكەن. . .

- مۇنۇ شەپكە كىمنىڭ؟

بۇ سوئال باشقا بىر ساقچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ۋە كۆپچىلىككە قارىتىپ ئېيتىلغانىدى. ئادىل رابىيەخان بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭ سەپدىشى ئەگۈننىڭ ئىشىكىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە، ئاپئاق ئۆرۈك چېچەكلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقان كەرەشنىۋاي رەڭلىك شەپكىنى بايقىغانىدى. ئۇ، شەپكىنى پولاڭلىتىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى. كۆپچىلىك شەپكىگە تىكىلدى. جاسارجىدىن تىكىلگەن كەپكە تېخى يېڭى ئىدى، ئۇزاق كىيىلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار كەپكىنى دەرھال تونۇدى:

- تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ شەپكىسى. تۈنۈگۈن بېشىدا ئاشۇ شەپكە بار ئىدى. . .

- راست، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ شەپكىسى،

- ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتارمۇ تەستىقلىدى.

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ شەپكىسى قانداق بولۇپ رابىيەخاننىڭ ھويلىسىغا كېلىپ قالدى؟ ھەممە ھەيران ئىدى. كىشىلەر نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ پىچىرلىشاتتى. ئادىل ھېيۋىخاننىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنەر - ئىشەنمەيلا بۇياققا كەلگەنىدى. ئەمدى كۆڭلىدىكى گۇمان تۈگىدى. شەپكىنىڭ مۇشۇ ھويلىدىن تېپىلغانلىقى ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ مۇشۇ ھويلا بىلەن، بولۇپمۇ غېنى بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. ھېچ بولمىغاندىمۇ مۇشۇ ئېھتىماللىقنى چەتكە قاققىلى بولمايتتى. ئادىل ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان رابىيەخانغا قارىتىپ سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى:

- سىز تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

- . . .

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ شەپكىسى قانداق بولۇپ سىزنىڭ ھويلىڭىزغا كېلىپ قالدى؟

- . . .

- سىز ئوغلىڭىزنى تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈمىدە جاۋابكارلىقى بار، دەپ قارامسىز؟

- . . .

رابىيەخان ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى. گاچىدەك زۇۋان سۈرمەيتتى. ئادىل ئاخىرقى سوئالنى يەنە تەكرارلىدى.

- ياق، - رابىيەخان تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى.

ئاۋازى ۋارقىرىغاندەك چىقىپ كەتتى، - مېنىڭ ئوغلۇم ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ...

- سىز ھېلى ھېيۋىخانغا شۇنداق دەپتىكەنسىزغۇ؟

- ھېيۋىخانغا؟

- ھەئە، ھېيۋىخان سىزنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىڭىزنى بىزگە مەلۇم قىلدى.

- ياق، مەن ئۇنداق دېمىدىم.

- دېدى. ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن. مۇشۇ يەردە دېگەن... - توپ ئىچىدىكى ھېيۋىخان شاقىلداپ كەتتى. ئۇ ھەددەپ ئۆز سۆزىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇناتتى، - خۇدا گۇۋاھ، ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى...

- ياق، مەن ئۇنداق دېمىدىم، - رابىيەخاننىڭ ئاۋازى سالماقلىشىپ قالغان، بەدىنىدىكى تىترەكلەر توختىغان، ئۇ، ئوغلىنىڭ مۇشۇ دېلوغا چېتىلىپ قېلىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان چۈشەنگەنىدى. خۇددى چۈجىسىنى قوغداشقا ئاتلانغان مېكىياندەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى. ھېيۋىخان شاق - شاقىنىڭ پاش قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلدى، - مەن ئۇنداق دېمىدىم، ھېيۋىخاننىمۇ كۆرمىدىم...

- يالغانچى، قىپقىزىل يالغانچى... ھوي رابىيەخان، ھېلىلا مۇشۇ يەردە ئۆزلىرى دېدىلىغۇ، ئەمدى تېنىۋالماقچىمۇ؟ ئاخىرەتتە يۈزلىرى قارا قوپار ئىلاھىم. توۋا خۇدايىم، ماۋۇ خوتۇننىڭ يالغانچىلىقىنى...

- يالغانچى دېگەن ئۆزلىرى، ھەممە ئادەم بىلىدۇ سىلىنى...

ئەمدى ئىككى خوتۇن جېدەللىشىشكە چۈشكەن: ھېيۋىخان شاق - شاقىنىڭ ئاۋازى جاڭىلدايتتى، رابىيەخاننىڭ ئاۋازى پەس، لېكىن قەتئىي ئىدى. كىمنىڭ راست، كىمنىڭ يالغانلىقىنى ئايرىغىلى بولمايتتى. رابىيەخان ئۆزىنىڭ يالغان سۆزلىمىگەنلىكىگە ئىشىنەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئەتىگەن - بۈگۈندىن بىرەر سائەتچە بۇرۇن - ھېيۋىخان شاق - شاقىنىڭ ئالدىدا ئاغزىدىن چىققان سۆز ئۇنىڭ يادىدا يوق ئىدى. ھەتتا ئاشۇ چاغدا ئاغزىدىن ئاشۇنداق سۆزنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىغانىدى. شۇڭا، ئۆز سۆزىنىڭ يالغان ئەمەسلىكىگە ئىشىنەتتى...

ئادىلغا ئىككى خوتۇننى ئايرىشقا، ئۇلارنىڭ جاڭىلداق ئاۋازىنى بېسىشقا توغرا كەلدى:

- بولدى قىلىڭلار، تالاشماڭلار، بولدى قىلىڭلار دەيمەن...

بىر ھازا تىرىشچانلىقتىن كېيىن ئىككى خوتۇننىڭ ئاۋازى ئۆچتى. ئەتراپنى جىملىق - سۈكۈنات باستى. كىشىلەر ئىككى خوتۇننىڭ قايسىسىنىڭ سۆزى راست، قايسىسىنىڭ يالغانلىقى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى قاتىل ھەققىدە ئويلىشىۋاتاتتى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ مۇشۇ ھويلىدىن تېپىلغان شەپكىسى ساقچىلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە ئىدى.

ئادىل رابىيەخاننىڭ ھويلىسىنى، بېغىنى تەكشۈرۈپ باقتى، بۇ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئىز تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممە يەرنى كېچىدىن بېرى تۆكۈلگەن ئاپئاق، قىزغۇچ، ھالرەڭ چېچەكلەر كۆمۈۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ رابىيەخاننىڭ بېغى بىلەن مەكتەپنىڭ بېغىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چىتەندىكى شورىغا دىققەت قىلدى. بۇ شورىنى مېۋە ئوغرىلايدىغان باللار ئاچقانمۇ ياكى مال - ۋاران ئاچقانمۇ، نامەلۇم ئىدى. ئادىل ئاشۇ شورىنىڭ يېنىدا خېلى ھايال بولدى. چېچەكلەرنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، ئىز - پىز تېپىشقا ئۇرۇندى. لېكىن بۇ ئىشلىرى بىھۇدە بولۇپ چىقتى. لېكىن شورا...

ئادىلنىڭ دىققەت مەركىزىدە يەنىلا ئاشۇ شەپكە تۇراتتى. لېكىن تېخى قاتىللىق مەيدانى، قاتىللىق قورالى، قاتىللىق سەۋەبى تۇتۇق ئىدى. بۇلار ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە خىلمۇ خىل پىكىر، گۇمان، پەرەز ۋە ئېھتىماللىقلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئادىل رابىيەخاندىن يەنە بىر نەچچە سوئال سورىدى. ئۇنىڭ 40 ياشتىن ھالقىغاندىمۇ گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان چىرايىغا، چولپان كۆزلىرىگە، تولغان بەستىگە قاراپ تۇرۇپ، ئاشۇ شەپكىنىڭ نېمىشقا مۇشۇ ھويلىدا چۈشۈپ قالغانلىقىنى غۇۋا قىياس قىلدى. ئۆزىنى تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئورنىغا قويۇپ پەرەز قىلىپ باقتى. چېھرىگە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇ يېزا گۈزىلىنىڭ قاشتېشى ھەيكىلىدەك سۇمباتىدىن ئارتۇق ھوزۇرلىنىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.

- ئوغلىڭىز كېچىدىن ئۆيدىمىتتى؟

رابىيەخان بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. ئۇ، نېمىگىدۇر ئارسالدى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاخىرى ئاستا جاۋاب بەردى.

- ھەئە.

- ئۇ، بازارغا قاچان قايتىپ كەتتى؟

- ئەتىگەندە كەتتى. بۈگۈن ئەتىگەندە، - رابىيەخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ساقچىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ، ئاشۇ چىرايلاردىن نېمىنىدۇر تېپىۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى، - سىز مېنىڭ ئوغلۇمدىن گۇمان قىلىۋاتامسىز؟ خۇدا ھەققى ماڭا ئىشىنىڭ، ئوغلۇم ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ، ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۇ، قويدەك يۇۋاش، سوقىچى قوزىدەك مۇلايىم بالا... ئۇ قانداقمۇ قاتىللىق قىلالىسۇن؟! ماڭا ئىشىنىڭ، خۇدا ھەققى...

## 6. قارلىغاچلار ۋىچىرلايدۇ

بازاردىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىغا: «تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆلۈپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ

كەلگەندە، غېنى هالاك - تالاك قالدى. زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئادەمنىڭ جېنى دېگەن شۇنچىۋالا ئاجىز بولامدۇ؟ سۈپۈرگە بىلەن ئۇرغانغا ئۆلۈپ قالىدىغان قۇشقاچمىتتى ئۇ؟ دەپ ئويلىدى. كۆڭلىگە ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈپ قويدۇممىكىنە، دېگەن خىيال كەلگەندە قورقۇپ كەتتى. لېكىن قەلبىدە، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا قانائەت ۋە رازىمەنلىككە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر تۇيغۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى. قەلبى: «ئاشۇ نومۇسسىز ئەبلەخ ئۆلۈپتۇ، ئۆلگىنى خوپ بوپتۇ. . .» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. غېنى ئۇزاقتىن بېرى ئاشۇ ئەبلەخنىڭ ئۆلۈشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. لېكىن ئەمدى مانا ئاشۇ ئەبلەخنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە ئۇ هالاك - تالاك قالدى.

غېنىنىڭ قەلبىدە تۇرسۇن مۇئەللىمگە - ئۆزىنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇتقان ئاشۇ مۇئەللىمگە نىسبەتەن كۈچلۈك نەپرەت بار ئىدى. ھەممە ئادەم مۇئەللىمنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقان، قەلبىگە تۇنجى ئىلىم ئۇرۇقىنى چاچقان مۇئەللىمنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن، غېنى تۇرسۇن مۇئەللىمنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرەتتى. پەقەت بىرلا ئاشۇ مۇئەللىمگە ئۆچ ئىدى. ئاشۇ نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى ئۇنى كېچە - كۈندۈز قىيناپ كەلدى. نەپرەت ئۇلغىيىپ غەزەپ گۈلخېنى بولۇپ ياناتتى. بەزىدە تۇرۇپ - تۇرۇپ پەسىيىپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى. لېكىن ئاشۇ ئەبلەخنىڭ يېڭى - يېڭى نومۇسسىزلىقلىرىنى سەزگەن ھامان يەنە ئۇلغىياتتى. يېشى چوڭايغانسېرى، جاھاننى چۈشەنگەنسېرى، ئىززەت - ئابروي تۇيغۇسى كۈچەيگەنسېرى يەنىمۇ بەكرەك ئۇلغىيىپ كەتتى. ئۇ، ئاشۇ مۇئەللىمنى: «ئەبلەخ» دەپ ئېسىگە ئالاتتى. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنىڭدىنمۇ سەترەك سۆز بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم تۇرسۇن مۇئەللىمنى ئاشۇ سۆز بىلەن سۆپەتلىگەن، ئاشۇ سۆز بىلەن ئاتىغان بولاتتى. ئۇنىڭچە، تۇرسۇن مۇئەللىم كەم - كۈتىسىز «ئەبلەخ» ئىدى. غېنىنىڭ ئاشۇ «ئەبلەخ» نى زادىلا ئۇچراتقۇسى، كۆرگۈسى، ئېسىگە ئالغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك بىزار ئىدى. لېكىن ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئاشۇ «ئەبلەخ» پات - پات يادىغا كېلىۋالاتتى. پۈتۈن نومۇسسىزلىقلىرى بىلەن كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا غېنى نومۇس ۋە ئىزادىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمىۋالاتتى. چىشلىرى كىرىشىپ غىچىرلاپ كېتەتتى. غېنى ئاشۇ بىھايا ئەسلىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرھال بىرەر جىددىي ئىشقا تۇتۇش قىلاتتى ياكى باشقا شاگىرتلارغا قاراپ مەنىسىز پاراڭدىن بىرنى باشلايتتى. ئاشۇ ئىش ياكى پاراڭ ئارقىلىق ھېلىقى «ئەبلەخ» نىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان بەتبەشىرە سىماسىنى، نومۇسسىز - بىھايا قىلىقلىرىنى قوغلاشقا ئۇرۇناتتى ۋە قوغلىۋېتەتتى. مانا ھازىر ئاشۇ «ئەبلەخ» نىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىلەن ئۇنىڭ بەتبەشىرە، نومۇسسىز سىماسى كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. خۇددى فوتو سۈرەتتەك ئايان بولدى. غېنىنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلدى. يۈزىنىڭ قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. قەلبىنى نەپرەت ئۆرتەيتتى. ئۇ، بېشىنى سىلكىپ، ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىدىن يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن ئاشۇ نومۇسسىز سۈرەت خۇددى كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالغان جىن - شاياتۇندەك قانچە قىلسىمۇ يىراق كەتمەيتتى. قاياققا قارىسا شۇ ياقتا پەيدا بولاتتى. كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغىنىمۇ بىكار كەتتى. كۆزلىرىنى يۇمسىمۇ، ئاچسىمۇ ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غېنى ئالدىدىكى كىيىمگە، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ توختاۋسىز يۇقىرى - تۆۋەن سەكرەۋاتقان يىڭنىسىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئاشۇ نومۇسسىز سۈرەتمۇ ئاشۇ يەردە ئىدى. ماشىنا توختاۋسىز جاقىلدايتتى. پۇتى تەپكىنى توختاۋسىز تېپەتتى. ئاشۇ بىر قۇرنى قايتا - قايتا، ئۈستى - ئۈستىلەپ تىكىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئاشۇ يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان نومۇسسىز سۈرەتكە يىڭنە ئۆتكەندەك ئەمەس ئىدى. ئەگەر يىڭنە ئۆتكەن بولسا، ئۇ ھۆتمۇ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن، قايتا - قايتا سانچىلغان سىزىقتىن كېسىلىپ، ئاجراپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن سۈرەت تېخىچە پۈتۈن ئىدى. ئۇنىڭدا ھېلىقى نومۇسسىز ئەبلەخنىڭ يالىڭاچ، ئىشتانسىز كاسىسى، پەللىكى، قوڭى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. . .

خېلى يىللار ئىلگىرى، باھارنىڭ ئىللىق، گۈزەل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە - غېنى ئۆگزىدە، شىپاڭنىڭ كونگىرىسىدىن ئايۋان ئىچىگە قاراپ ياتاتتى. كونگىرا شادىلىرى ئارىسىدىن ئايۋان ئىچى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن غېنىنىڭ كۆزلىرى ئايۋان ئىچىگە ئەمەس، ئىككى بالا ئارىسىدىكى تاختاي ئۈستىگە ئۇۋا سالغان قارلىغاچلارغا تىكىلگەنىدى. غېنى ئۈستىگە شاخ - سۆپۈرگىلەرنى ئارتىپ ئەپچىل نىقابلىنىۋالغان بولغاچقا، قارلىغاچلار سەزمەيتتى. ئۇ بولسا، قارلىغاچلارنى، ئۇلارنىڭ لايدىن ياسىغان چىرايلىق ئۇۋىسىنى، چاڭگىسىنى، يېڭىلا تۇغقان بىر تال تۇخۇمىنى كۆرۈپ تۇراتتى. شوخلۇق بىلەن ۋىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سالاتتى. بىر - بىرىگە دان يېگۈزۈۋاتقاندەك تۇمشۇقلىرىنى يېقىشىشلىرىنى، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاناتلىرىنى كېرىپ، پالاخشىتىپ ئاللىبىر ھەرىكەتلەرنى قىلىشىنى كۆرۈپ تۇراتتى. قارلىغاچلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ھېلىدىن - ھېلىغا تەكرارلىنىپ

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى. ئالدىنقى كۈنى قوشنىسىنىڭ ئوغلى: «قارلىغاچلار ئۇۋا قىزىتىۋېتىپتۇ...» دېگەن، بۈگۈن غېنى قارلىغاچلارنىڭ ئۇۋىسىنى قانداق قىزىتىدىغانلىقىنى، قانداق تۇخۇملايدىغانلىقىنى كۆرمەكچى ئىدى...

تۇرسۇن مۇئەللىم ئايۋانغا كىرىپ كەلگەندە، غېنىنىڭ كۆزلىرى قارلىغاچلاردىن يۆتكىلىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ، ئۆز مۇئەللىمىنى «ئائىلە سۆھبىتى» ئۆتكۈزگىلى كەپتۇ، دەپ پەرەز قىلدى ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ قەلبىنى مۇئەللىمىنىڭ ئۆزى توغرىسىدا نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى چۇلغىۋالدى. ئۇ، ئايۋاندىكى ھەر بىر ئاۋازغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. ئۇ، شۇ تاپتا قارلىغاچلارنىڭ بىردەم ۋىچىرلاشماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئانا مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا چىقتى.

- غېنى ئۆيدە بارمۇ؟
- يوق، ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەن.
- يالغۇز قاپسەن - دە، يەنە...
- ساقلا، ساقلا، كۆزلىرىم تېشىلەي دېدى.
- سېغىندىڭمۇ؟
- شۇنچىۋالا ئۇزۇن يوقاپ كېتەمسىز؟
- پەقەت پۇرسەت بولمىدى، ئەمما بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىدىم...

ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ؟ «ئائىلە سۆھبىتى» دېگەن مۇشۇنداقمىدىكىنە؟ غېنى ھاڭ - تاڭ ئىدى.

تۇرسۇن مۇئەللىم ئانىسىنى قۇچاقلىدى. كۆزلىرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى. ئۇ، رابىيەنىڭ ھېلى ئوڭ كۆزىگە، ھېلى سول كۆزىگە سۆيەتتى.

- ئاھ، رابىيە، سېنىڭ مۇشۇ كۆزلىرىڭ.

..

تۇرسۇن مۇئەللىم رابىيەدىن ئاجراپ، ئايۋاننىڭ ئىشىكىنى ياپتى ۋە دەم بىلەن تاقاپ قويدى.

- ۋاي ئەسكى، كۈپكۈندۈز تۇرسا...
- كۈندۈز بولسا نېمە بوپتۇ، تەقەززا قىلمىغىنا...
- خىجىل بولىمەن، ۋايىەي...

تۇرسۇن مۇئەللىم ئانىنى دەس كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالدى. ئايۋاننىڭ سەھنىسىگە - پالتوكقا قويۇلغان كارىۋاتنىڭ قىرغىقىغا ئاۋايلاپقىنە ياتقۇزدى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئىشتىنى تىزلىرىغىچە سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كاسىسى، پەللىكى، قوڭلىرى ئېچىلىپ قالدى. ئانىنىڭ يالىڭاچ پۇتلىرى ئاشۇ يالىڭاچ پەللەكلەرگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ، بوش ۋە تاتلىققىنە ئېڭرايتتى. كارىۋات غىچىرلايتتى. قارلىغاچلار ۋىچىرلىشاتتى. ئىككى تەندىن ئاجرىغان ھاياجانلىق ھاسىراش قوشۇلۇپ باراتتى.

خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن غېنى ئاشۇ كۈنكى «ئائىلە سۆھبىتى» نىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. چۈشەندىيۇ يۈزلىرىگە لاۋۇلداپ ئوت كەتتى. نومۇستىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇ، كېيىنكى تالاي كېچىلەردە ئۆزىنى پات - پات ئويغىتىۋېتىپ تۇرغان ئىڭراش ۋە ھاسىراشلارنىمۇ چۈشەندى. ئۇ، ئويغىنىپ كەتكەن چاغلىرىدا، تومۇز ئىسسىقتا ساپان سۆرىگەن بۇقىدەك ھاسىراۋاتقان كىشىنىڭ تۇرسۇن مۇئەللىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ياتاتتى. ئۇ، ئاللىقانداق بىر مەخپىي ئىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىيۇ، لېكىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، چۈشەنمەيتتى. ئەمدى چۈشىنىۋېدى، يۈزلىرىگە لاۋۇلداپ ئوت كەتتى. نومۇستىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى...

ئاشۇ چۈشەنگەن كۈندىن باشلاپ تۇرسۇن مۇئەللىم ئۇنىڭ نەزەرىدە «ئەبلەخ» كە ئايلاندى. ئانىسىمۇ «ئەبلەخ» كە ئايلاندى. غېنىنىڭ قەلبىگە نەپرەت تولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشۇ ئەبلەخكە بولغان نەپرەتمۇ، ئانىسىغا بولغان نەپرەتمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى چىدىغۇسىز بىر خىل ئازاب ئۆرتەپ تۇراتتى. ئۇ، ئاشۇ نەپرەت ۋە ئازاب ئىچىدە شوخ - ئەركە بالىدىن جىمغۇر، كەمسۆز، چېھرىدە بۇلۇتلا ئەگىپ يۈرىدىغان غەمكىن يىگىتكە ئايلاندى. ئانىسىنىڭ چىرايىغا زادىلا قارىمايتتى. قاراشتىن نومۇس قىلاتتى. ھېلىقى ئەبلەخنى بولسا، كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ نومۇسسىز چىرايىغا تۈكۈرگۈسى، مىشقۇرغۇسى، گېلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلەتتى.

ئۇنىڭ قەلبىدە نەپرەت ۋە ئازابتىن باشقا يەنە خورلۇق تۇيغۇسىمۇ بار ئىدى. دەسلەپ ئۇ، ئاشۇ «ئەبلەخ» ئانامنى خورلاپ ئاياق - ئاستى قىلىۋاتىدۇ، دەپ بىلگەن بولسا، كېيىنرەك ھەقىقىي خورلانغۇچىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئون نەچچە ياشلىق بالا ئالدىدا، ئۇنىڭ كۆزىچىلا ئاشۇنداق قىلىقلارنى قىلىش ئۇنى راستىنلا كۆزگە ئىلمىغانلىق ئىدى. ئۇ بەزىدە ئانىسىدىنمۇ ئاغرىناتتى. ئانىسىغىمۇ نەپرەتلىنەتتى. ئۇنىڭ تېخى 18 ياشقا تولمىغان ئەقلى، بىر تۇل ئايالنىڭ، قىرىق ياشلاردىن ئاشقان، راسا تولغان، تۇرمۇش قەدرىگە يەتكەن ئايالنىڭ قەلبىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنى، روھىي ۋە جىسمانىي تەشنالىقنى چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئىنتىلىشلىرىنىڭ نەتىجىسى بولغان، ئوتتۇرا ياشقا يېقىنلاشقاندا قايتا ئويغانغان مۇھەببىتىنى بولسا، تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ پەقەت نومۇس قىلاتتى. ئەل - جامائەت ئالدىدا، تەڭتۇش - بۇرادەرلىرى ئالدىدا نومۇس قىلاتتى.

ئەگەر ئانىسى بىلەن ھېلىقى «ئەبلەخ» نىڭ ئاشۇ خۇپىيانە ئىشلىرى ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك سەتچىلىك ۋە نومۇسقا قالىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشىنەتتى. ئاشۇ كۆڭگە قالغاندا بىردىنبىر يولۇم ئۆلۈم بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاشۇ «ئەبلەخ» نى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلەتتى...

مانا ھازىر ئاشۇ «ئەبلەخ» ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. غېنىنىڭ قەلبىدىكى رازىمەنلىك ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى. قانداق بولۇپ ئۆلۈپ قالغاندۇ؟ ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈپ قويدۇممىكىنە؟ غېنىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان نومۇسسىز سۈرەتلەرنىڭ ئۈستىدە ئاشۇ سوئال قادىلىپ تۇراتتى، غېنى ھەيران ئىدى. ئادەم جېنىنىڭ شۇنچىۋالا ئاجىز بولىدىغانلىقىغىمۇ، بىر تاياقتىلا ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىغىمۇ ھەيران ئىدى. ھېچقانچە ئىش بولغىنىمۇ يوق ئىدى. كېچە، ئىشىك - دېرىزىلەر چېكىلگەندە غېنى ئويغىنىپ كەتتى. دېرىزىنىڭ چېكىلىشىمۇ، ئىشىكنىڭ چېكىلىشىمۇ بوش ئىدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئويغىنىپ كەتتى. ئاشۇ بوش چېكىلىشتىن ھېلىقى نومۇسسىزلىقنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ، خېلى ئۇزۇن چىداپ ياتتى. ئىشىك چەككۈچىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشىنى ياكى قايتىپ كېتىشىنى كۈتۈپ ياتتى. ئىشىك - دېرىزىلەر چېكىلىۋەردى. غېنى ئاشۇ «ئەبلەخ» نىڭ نومۇسسىزلىق بىلەن ئىشىك چېكىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. نومۇس - ئىزادىن ئۆلگۈدەك بولدى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. «بۇ نومۇسسىزلىقلار تېخى تۈگىمەپتىكەن ئەمەسمۇ، ۋاي نومۇسسىزلار، ۋاي ئىپلاسلار...» ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاشۇ پىكىرلا چۆرگىلەيتتى. غېنى ئۆزى خېلىدىن بېرى كۈتكەن ئاشۇ نومۇسسىز ئەبلەخنى ئەدەبلەپ قويۇش پۇرسىتىنىڭ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. گەرچە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىسى كېلىپ تۇرسىمۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتى يوق ئىدى. پەقەت ئەدەبلەپ قويسىلا بولاتتى...

ئىشىك ئالدىدا، ئاشۇ «ئەبلەخ» نى كۆرگەن چاغدا غېنىنىڭ جەھلى مىڭ گەز ئۆرلىدى. ئاشۇ يەردىلا ئۇنى ئۇرۇپ لەختە - لەختە قىلىۋەتكەن، گېلىدىن بوغۇپ، ئادەم بولغىنىغا تويغۇزغانمۇ بولاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۆزىنى بېسىۋالدى. گەپ - سۆز قىلمايلا «ئەبلەخ» نىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، لالما كۈچۈكنى ئاتقاندەك پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى. «ئەبلەخ» تىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. مەستلىكىدىنمۇ ياكى غېنىنىڭ كۈچەپ چۆرۈپ تاشلىغانلىقىدىنمۇ، يىقىلغان يېرىدە ئىككى دومىلاپ ئاران ئورنىدىن تۇردى. غېنى يەنە ياقىسىدىن ئالدى. دارقىرىتىپ سۆرەپ، ھويلىنىڭ ئالدىدىكى شېغىللىق چوڭ يولغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىدى. ئۇ يەردىن يەنە تاپنى سۆرىگەندەك سۆرەپ تېخىمۇ يىراققا ئاپىرىپ تاشلىدى:

- يوقال كۆزۈمدىن. بىزنىڭ ھويلىغا

ئىككىنچى ئاياغ باسىدىغان بولساڭ، بوينۇڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، ئەبلەخ...

ئاشۇ چاغدا، ئەگەر «ئەبلەخ» قۇيرۇقىنى قىسىپ تىكىۋەتكەن بولسا، ھېچ ئىشمۇ بولمىغان بولاتتى. لېكىن نېمىندۇر چۈشەندۇرمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچتى:

- مەن ئانىڭىزنى سۆيىمەن. ئانىڭىزمۇ...

نېمە بولغانلىقىنى «ئەبلەخ» سەزمەيلا قالدى. بېشىغا تەگكەن قاتتىق دەمنىڭ زەربىسىدىن شېغىللىق يولغا ئۆرۈلگەن كۆتەكتەك يىقىلدى. ئۇ ئۆزىگە نېمە بولغانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن تاياق يېگەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالدى.

غېنى پەقەت ئاشۇ بىرنىلا ئۇرغانىدى. بىرنىلا ئۇرغانلىقى ئېنىق ئېسىدە. مانا ھازىر ئۇنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كېلىۋېدى، غېنى ئىشەنمەيلا قالدى. ئاشۇ بىر تاياقنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئادەمنىڭ جېنى دېگەن شۇنچىۋالا ئاجىز بولامدۇ؟ دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇ، مانا شۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ بالاغا قالىدىغانلىقىنى غۇۋا چۈشەندى. قەلبىدە ۋەھىمە - قورقۇنچ پەيدا بولدى. لېكىن ئاشۇ خەۋەرگە يەنىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

## 7. ناماز ئوقۇمايدىغان كاپىر ئىكەن، شۇڭا!...

تىككۈچىلىك دۇكىنىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەن ساقچىلار غېنىنىڭ ئۈستىگە خۇددى بۆركۈتتەك تاشلاندى. ئۇنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدىغان پولات كويزىنى سالدى. قوللىرى ئارقىسىغا قايرىلغان ۋە كويزا سېلىنىۋاتقان چاغدا غېنىنىڭ يوغان گەۋدىسى پۈكۈلۈپ، يۈزى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاختىسىغا تېگىپ قالدى. قىلچىلىك قارشىلىق قىلالمىدى. ساقچىلار جىنايەتچىنى شۇنداق ئەپچىللىك ۋە چاققانلىق بىلەن قولغا چۈشۈردىكى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ۋاقىت كەتمىدى. ئىككى ساقچى ئىككى تەرەپتىن يالاپ، ياقىسىدىن تۇتۇپ، دوختايتىپ ئېلىپ ماڭغاندا غېنىنىڭ چىرايى ئۆشتىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ۋۇجۇدى تىترەيتتى، پۇتلىرى كالۋالىشىپ تۈزۈكرەك قەدەم باسالمايتتى. ئاغزى قۇرۇپ، نەم دىدارى قالمىغان، خۇددى شور يالاپ سالغاندەك تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغانىدى. ساقچىلار غېنىنى ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتقا ئولتۇرغۇزۇپ، يېزا بازىرىنى ئايلاندۇرۇپ چىقتى. ئالدىدا ساقچى پىكاپى يول باشلاپ ماڭدى. پىكاپ ۋە موتسىكلىتتىكى سىگنال ئەسۋابى جىددىي سىگنال تارقىتىپ ئۇلۇغ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلاتتى. بازاردىكى كىشىلەرمۇ، تىككۈچىلىك دۇكىنىدىكى ئۇستا ۋە شاگىرتلارمۇ ھەيران قالدى. ئۇستا ۋە شاگىرتلار ئاشۇ قەبىھ جىنايەتچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا

بەھرامان گۇلتۇرغانلىقىغا، دۇكاننى يوشۇرۇنۇۋېلىش ئورنىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىغا ھەيران ئىدى. ئۇلار ئەگەر بۇرۇنراق بىلگەن بولساق، جىنايەتچىنى ئۆزىمىز پاش قىلالتتۇق ۋە ئۆزىمىز تۇتۇپ ئاپىرىپ بېرەتتۇق ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىشاتتى. لېكىن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. ئۇنىڭ تۇتۇلغانلىقىلا ئۇنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى، گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. تۇتۇلغانىكەن، گۇناھى پات ئارىدا ئېلان قىلىناتتى. شۇ چاغدا ھەممە ئىش مەلۇم بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ جىنايەتچىنى بۇرۇنراق تونۇۋالمىغانلىقىلا ئىدى.

جىنايەتچى سازايى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يېزىلىق ساقچى پونكىتىغا يالاپ ئەكىرىلدى. ساقچى پونكىتىنىڭ كىچىككىنە ئىشخانىسى ۋاقىتلىق سوراقخانا قىلىندى. بۇ دېلونى پاش قىلىشقا قاتناشقان ساقچىلارنىڭ كەيپىياتى چاغ، غەيرەت - شىجائىتى ئۇرلەپ تۇراتتى. قىزغىنلىقى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار دېلو مەلۇم قىلىنىپ ئۈچ سائەت ئۆتمەيلا دېلونىڭ ئاساسلىق يىپ ئۇچلىرىنى تونۇپ تېپىپ چىققان ۋە جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈپ بولغانىدى. بۇ، رازۋېتكا تارىخىدا كەم كۆرۈلىدىغان سۈرئەت ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ ئاشۇ يۇقىرى رېكورتنى ياراتقانىدى. شۇڭا پەخىرلىنىشكە ئەرزىيتتى. ئۇلار جىنايەتچى تۇتۇلغانىكەن، ئىش تۈگۈنگە، مەسىلە يەكۈنگە يېقىنلىشىپ قالدى، دەپ ئويلايتتى. جىنايەتچىنىڭ ئىقرار قىلىش - قىلماسلىقى چوڭ مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئۇ، چوقۇم ئىقرار قىلاتتى. ساقچىلار ئۇنى ئىقرار قىلدۇرالىشىغا ئىشىنەتتى. بولۇپمۇ مۇنۇ تۇڭ سويىمىدەك سۆلتەك جىنايەتچىنى ئىقرار قىلدۇرۇش تەس ئەمەس ئىدى. ھويلىسىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ شەپكىسى تېپىلدى. قاتىللىق قورالى بولغان دەممۇ تېپىلدى. قوي باققىلى چىققان قايسىبىر بالا يول ياقىسىدىكى ئورمانلىقتىن تېپىۋالغان دەمنى جىنايەتچىنىڭ ئانىسى: «بىزنىڭ ئىشىكنىڭ دېمى» دەپ ئىقرار قىلدى. ئۆرۈك كەسمىسىدىن ياسالغان دەمدە قان داغلىرى تۇرۇپتۇ. مۇشۇنداق پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا ئىقرار قىلمايدىغان قانداق جىنايەتچىكەن ئۇ؟

سوراق باشلاندى. غېنىنىڭ ئارقىسىغا قايرىلغان قوللىرىغا سېلىنغان كويزا ئېلىۋېتىلدى ۋە ئۇ جىنايەتچى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلدى. باش سوراقچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئادىل غېنىگە تاماكا تەڭلىدى ۋە بىر ئىستاكان سوغۇق قايناقسۇ قۇيۇپ بەردى. غېنى بېشىنى چايقاپ، تاماكا چەكمەيدىغانلىقىنى ئىشارە قىلدى. سوغۇق چاينى بولسا غۇرتۇلدۇتۇپ ئىچىۋەتتى. ئۇ، ئاشۇلارنى پۈتۈنلەي ئاڭسىز، نامەلۇم بىر تەبىئىي سېزىمنىڭ تۈرتكىسىدە بېجىردى. ئۇنىڭ چىرايى ھازىرمۇ ئۆشتەمدەك ئاقىرىپ تۇراتتى. پۇت - قوللىرى تىترەيتتى. سوغۇق چاينى ئىچكەندىن كېيىن ئازراق ھوشىغا كەلگەندەك بولدى. ئاغزى يەنىلا بەتتام، قىرتاق ئىدى. . . .

ئادىل ئەستايىدىل، ئېنىق، چۈشىنەرلىك قىلىپ سىياسەتنى تاپشۇردى. ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدىغانلىقى، جاھىللىق قىلغانلارنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، تېنىۋېلىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى پۇرۇتۇپ ئۆتتى. جاھىللىق قىلماي ئىقرار قىلسا كەڭچىلىككە ئېرىشىدىغانلىقى، ئىستىقبالى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى سەممىي ۋە سىلىق ئىدى. سوراق قىلىنىۋاتقان جىنايەتچىنىڭ ئالدىدا ئەمەس، بەڭباشلىق قىلغان ئوغلىنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن گۇمانلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئىشىنىشكە بولاتتى.

ئاشۇ يېرىم سائەتكە سوزۇلغان سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەت جەريانىدا غېنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نېمىشقا قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ئالدىدىكى ساقچىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، بىلىپ ئولتۇراتتى. كېچىدە بولغان ئىش ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى، ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ئاجىز ئىدى. ئۇ دەسلەپتە: «بەلكىم ئۇ ئەبلەخ باشقا سەۋەبتىن ئۆلگەندۇر. . .» دەپمۇ ئويلىغان. لېكىن ئاشۇ باشقا سەۋەبكە ئاساس يوق ئىدى. ئاساس بولمىغانىكەن، ئاشۇ ئۆلۈمگە، خۇن داۋاسىغا ئۆزىنىڭ سەۋەبكار بولغانلىقىنى تەن ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمدى زادى نېمە قىلىش كېرەك؟ قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى يوق. توۋا خۇدايىم، ئاشۇ بىر تاياق پۈتۈنسۈرۈك، تېتىك، ساپمۇ ساق بىر ئادەمنى تىنىقتىن توختاتقان بولسا - ھە؟ ئەمدى بۇ پاكىت، پاكىت ئالدىدا زادى نېمە قىلىش كېرەك؟ . . .

غېنى ساقچىنىڭ ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزىگە دىققەت قىلدى. ئۇنىڭغا ئاشۇنىڭغا ئېرىشىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئادىل ئۆز جىنايىتىنى يوۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلىش، سورالغان سوئالغا ئېنىق، دەرھال جاۋاب بېرىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، ئۇ ئۆزلۈكسىز بېشىنى ئىڭغاڭلىتىپ ئولتۇردى. سوراق رەسمىي تەرتىپ بويىچە باشلاندى.

- ئىسمىڭ نېمە؟

غېنى: «ئۇلار ئىسمىمنى بىلمەي تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قولغا ئالغانمىدىكىنە؟» دەپ ئويلىدى. ساقچى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇراتتى. خاتىرىلىگۈچى قەلەمنى قەغەزگە تىرىگەن ھالەتتە ئىدى.

- غېنى، غېنى نىياز.
- نەچچە ياشقا كىردىڭ؟
- 17 نى تۇگىتىپ 18 گە قەدەم قويدۇم.
- دېمەك، 18 ياش؟
- شۇنداق.
- يۇرتۇڭ نەلىك؟
- كۆكقۇم يېزا تىكەنباغ كەنتىدىن.
- ئەقلى - ھوشۇڭ جايىدىمۇ؟ نېرۋا كېسىلىڭ يوقمۇ؟
- يوق، ئەقلى - ھوشۇم جايىدا.
- نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىنغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

سوراق مۇھىم مەسىلىگە - ئەسلى مەقسەتكە كۆچكەنىدى. غېنى بۇنى چۈشەندى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. سوراقخانىنى جىمجىتلىق باستى. پەقەت خاتىرىلىگۈچىنىڭ قەلىمىدىن چىققان كىتىر - كىتىر ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىلمەن دەيمۇ؟ ياكى بىلمەيمەن دەيمۇ؟ نېمە دېسەم بولار؟ ئەگەر بىلمەيمەن دېسەم. . .

- جاۋاب بەر، نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىندىڭ؟ - ئادىلنىڭ ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

- ھېلىقى ئەبلەخ. . . ياق، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىندىم، - غېنى ئۆز جاۋابىدىن ھەيران قالدى ۋە شۇ زامات ئۆزىنىڭ ئەسلىدىلا شۇنداق دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشقا قولغا ئېلىنغۇدەك سەۋەبمۇ يوق ئىدى.

- تۇرسۇن مۇئەللىمنى كىم ئۆلتۈردى؟ ئېيتە، چاققان ئېيت. . .

- مەن ئۆلتۈردۇم.

ساقچىلارنىڭ چېھرىگە كۈلكە ئولاشتى. ئۇلار غەلىبە قىلغانىدى. ئۇلار بۇنداق بۇرۇتتى خەت تارتمىغان سويمەكلەرنى ئوڭايلا ئەيۋەشكە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئالىلقاچان پەرەز قىلىشقان بولغاچقا، ئارتۇقچە ئەجەبلىنىشمۇ كېتىشمىدى. لېكىن يەنىلا خۇشال ئىدى. دېمەك ئىقرار قىلدى. بۇ، دېلو ئاياغلاشتى دېگەن گەپ. ئۇلار بىرىنچى سوراقتىلا ئىقرار قىلدۇرۇپ يەنە رېكورت يېڭىلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئادىل سوراقنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

- قانداق ئۆلتۈردۇڭ؟
- دەم بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۇم.

پاكىت يەنە ئۇدۇللاشتى. ھېلىقى بالا دەمنى ئەكىلىپ بەرگەندىلا ئادىل ئاشۇ ئۆرۈك كەسمىسىدىن ياسالغان قۇرۇق، قاتتىق دەمنى قاتىللىق قورالى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغانىدى. دەمدىكى قان داغلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. كېيىن رابىيەخان ئۇنى تونىدى. ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىك دېمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇ چاغدىلا دەمنىڭ قاتىللىق قورالى ئىكەنلىكى مۇقىمدالغان، قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىمۇ مۇقىمدالغانىدى. ئادىلنىڭ ئويىچە قاتىل بۇنى بەربىر ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئىقرار قىلمايمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. لېكىن ئۇ قاتىلنىڭ بۇنچىۋالا تېز ئىقرار قىلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئىشلار خۇددى قېتىقتىن قىل سۇغۇرغاندەكلا راۋانلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

- قاچان ئۆلتۈردۇڭ؟
- كېچىدىن.
- نېمىشقا ئۆلتۈردۇڭ؟

جاۋاب توختاپ قالدى. قاتىلنىڭ چىرايىنى مەيۈسلۈك قاپلىغان، ئۇ تامامەن بويسۇنۇش ھالىتىدە ئىدى. لېكىن ئاشۇ سوئالغا كەلگەندە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ، ئويلىنىپ قالدى. ئۇ، ئاشۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتالمايتتى. ئېيتالمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. ئاشۇ: «نېمىشقا؟» دېگەن سوئالنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ تۇرغان ئىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈنلا ئۇنى ئۇرغان، ئۆلتۈرۈپ قويغان تۇرسا، ئەمدى قانداقمۇ ئاشۇ «نېمىشقا؟» نىڭ كەينىدىكى سىرلارنى ئاشكارىلىسۇن؟! ياق، ئۇ بۇنى ئاشكارىلىمايدۇ، مەڭگۈ ھېچكىمگە دېمەيدۇ. . . مۇشۇ پەيتتە، سوراقچىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئانىسى كەلدى. ئانىسىنىڭ ئېگىز بويى، زىلۋا قامىتى كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. ھەممە ئادەمنىڭ ئانىسى ئۆزىگە ئۇز. ئانىدىن ئۇز ھېچنېمە يوق بۇ دۇنيادا. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن ئۇز ئىدى. ئانىسىنىڭ ھىلال ئايدەك ئەگمە، قىياقتەك قويۇق قاشلىرى، بوستان كىرپىكلىرى سايە تاشلىغان نۇرانە كۆزلىرى ھېچكىمدە يوق ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەستىدىن - سۈتتەك سۈزۈك چېھرىدىن، زىلۋا قامىتىدىن، سۇمبۇل چاچلىرىدىن گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ھەممە ئادەمنىڭ ئانىسى ئۆزىگە مېھرىبان، ئانىدىن مېھرىبان ھېچنېمە يوق بۇدۇنيادا. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن مېھرىبان ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلىدىغان ھەسەلدەك شېرىن سۆزلەر، ھەر قارىشىدىن چاقنايدىغان باھار ئاپتىپىدەك ئىللىق بېقىشلار، ئۇنىڭدەك جان كۆيدۈرۈشلەر ھېچكىمدە يوق ئىدى. ئۇنىڭ سېغىنىش ۋە سېغىندۇرۇشلىرىغا ھېچكىمنىڭ يەتمەيتتى. غېنىنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن دەسلەپكى يىللار كەلدى. ئانىسى ئۇنى ھەر تاڭدا ھاپاش ئېتىپ مەكتەپكە ئاپىراتتى. ئۇنىڭ دولىسى سەھەردىكى

يوتقاندەك ئىسسىق ئىدى. چۈشتە، مەكتەپتىن تارقىغاندا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئانا يەنە ئۇنى باغرىغا باساتتى. ئۇنىڭ باغرى خۇددى قىش كۈنلىرىدىكى مورا ئوچاقتەك ئىسسىق ئىدى. ئانا ئۇنى يېنىش - يېنىشلاپ سۆيەتتى. لەۋلىرى خۇددى ئۆز تىنىقلىرىدەكلا ئىسسىق ئىدى. يەنە ھاپاش قىلىپ ئۆيگە قايتاتتى. ئۆزۈم ماڭاي دېسە ئۇنىمايتتى. چوڭ بولغاندا ئاندىن ئۆزۈڭ ماڭىسەن دەيتتى. . . غېنى كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە - ياتاقلىق مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇغان يىللىرىنى يادىغا ئالدى. نېمىدۇر بىر نەرسە - غېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسە چىگىلگەن ياغلىقنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ئانا پات - پات مەكتەپ مەيدانىدا پەيدا بولاتتى. پەيدا بولۇش قېتىمى پەقەت ئىككىلا كۈندىلا دەۋر قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى بېقىشلىرى، سىغىنىشلىرى، ئوغلىنىڭ چېھرىگە تەلمۈرۈشلىرى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ پەقەت غېنىغىلا بېغىشلانغان بېقىش، سىغىنىش، تەلمۈرۈش ئىدى. ئۇ، ئوغلىنىڭ سۈيىدە ئاقاتتى، ئوتىدا كۆيەتتى، ئوغلىنىڭ غېمىدە غەمخان، دەردىدە دەردمەن ئىدى. ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ناخشا - كۈي تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ، پەقەت ئوغلىغىلا بېغىشلانغان سىغىنىش ناخشىسى بولاتتى. ئۇنىڭ قەلبى، ۋۇجۇدى پەقەت ئوغلىنىلا كۈيلەيتتى. . .

ئاندىن ئىشچان، ئاندىن جاپاكەش ھېچكىم يوق بۇ دۇنيادا. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن ئىشچان ئىدى. ئۇ، تاڭدا ئوغلى ئۈچۈن ئويغىناتتى، كەچتە ئوغلى ئۈچۈن كۆز يۇماتتى. ئوغلى ئۈچۈن ئېغىرقىغ تاغىرىنى يۈدۈپ، نازۇك بەللىرى يادەك ئېگىلسىمۇ ۋايسىمايتتى. نازۇك قوللىرى قاپىرىپ - ئېتىلسىمۇ، سونجاقلىرى چاك - چاك يېرىلسىمۇ ۋايسىمايتتى. ھەممىنى ئوغلى ئۈچۈن قىلاتتى. ئۇ، غېنىغا ئاتىسىزلىقنى چاندۇرمىدى. ئاتىمۇ، ئانىمۇ شۇ ئىدى. غېنىنىڭ يۆلىنىدىغان تېغىمۇ، ھوزۇر سۈرىدىغان بېغىمۇ شۇ ئىدى. . . ئاندەك قەيسەر ھېچكىم يوق بۇ دۇنيادا. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن قەيسەر ئىدى. ئۇ، ئاتىسىز ئوغلىنى قاناتلىقتا قاقتۇرمىدى، نەشتەرلىككە چاقتۇرمىدى، تۇمشۇقلۇقتا چوقۇتمىدى، تىرناقلىقتا مورلاتمىدى. . . ئاندىن پاك ھېچكىم يوق بۇ دۇنيادا. ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن پاك ئىدى. ئۆزىنىڭ ھالال سۈتىدەك پاك ئىدى. پەقەت ئاشۇ ئەبلەخ ئۇنىڭ نامىنى بۇلغاشقا ئۇرۇندى. ياق، ئۇ مەڭگۈ بۇلغىيالمايدۇ. غېنى ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئانىسىنىڭ نامىنى بۇلغىشىغا يول قويمايدۇ. . .

شۇ تاپتا غېنى ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەسلىدىمۇ ئانىسىنىڭ ھەممە خىسلەتلىرىنى بىلەتتى. ئانىسىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. ئانىسى ئۈچۈن ئوت دېسە كۆلخانىغا، سۇ دېسە قايىنامغا سەكرەشكە رازى ئىدى. ئەمدى مانا ئۆزى سوراق سەھنىسىگە يالاپ چىقىلغان شۇ پەيتتە ھەممىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندى. ئۇنىڭ، ئانىسىنىڭ پاك نامىنى بۇلغايدىغان ھەر قانداق سۆزنى تىلغا ئېلىش ھەققى يوق ئىدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ نامىنى بۇلغايدىغان بىرەر سۆزنى تىلغا ئالسا، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا قارا يۈز بولىدىغانلىقىنى، تۇزكور بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشتى، لەۋلىرى چىڭ ھىمىرىلدى. ئىرادىسى يېڭىلا چىڭدالغان بىتونىدەك قېتىۋاتاتتى.

- نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ ئېيت دەيمەن، ئېيتە. . .

بۇ، ئادىلنىڭ ئاشۇ قىسقىغىنە بىر نەچچە دەقىقە ئىچىدە ئۆز سوئالىنى 3 - قېتىم تەكرارلىشى ئىدى. قاتىل تۇرسۇن مۇئەللىمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. بۇ، ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىدى. لېكىن ئۆلتۈرۈش سەۋەبىنىمۇ بىلمەي بولمايتتى. سەۋەبىنى بىلمىگەندە ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىش تەسكە چۈشەتتى. ئادىلنىڭ بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى قاتىلغا مىختەك قادالغانىدى.

- ئېيت دەيمەن، ئېيتە. . .

غېنى ئاشۇ سوئالغا نېمىدۇر بىر نەرسە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنىمۇ چۈشىنەتتى. زادى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەككەنلىكىنى ئېيتىشقا بولمايتتى. ھويلىدا شەپە ئاڭلىنىۋىدى، چىقسام بىر ئادەم تېمىسقىلاپ يۈرۈپتۇ، ئوغرى ئوخشايدۇ دەپ ئۇردۇم. نەتىجىدە. . . بۇنداق دېسەم قانداق بولار؟ ياق، ئۇنى ھويلىغا يېقىن كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. گۇمان تۇغدۇرىدۇ. زادى نېمىدەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟

- ئېيت دەيمەن، زادى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

- ناماز ئوقۇمايدىغان كاپىر ئىكەن. دائىم ھاراق ئىچىپ، ئالا - تاغىل تۇۋلاپ يۈرىدىكەن، شۇڭا ئۆلتۈرۈۋەتتىم. . .

غېنى ئاشۇ جاۋابىنىڭ قاياقتىن دىلىغا نازىل، تىلىغا جارى بولغىنىنى سەزمەي قالدى. ئاغزىدىن چىققان ئاشۇ سۆزگە ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. لېكىن شۇ پەيتتە مۇشۇ جاۋابىنىڭلا ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ جاۋابىنىڭلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭغا ھازىر دىلىدىكى نازۇك سىرلارغا، ئانىسىنىڭ پاكلىقىغا چېتىلمايدىغان ھەر قانداق جاۋاب بولسا بولىۋېرەتتى. كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشى، بۇ جاۋابىنىڭ ئۆزىنى قانداق قىسمەتكە دۇچار قىلىشى مۇھىم ئەمەس ئىدى.

- نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە. . .

- ناماز ئوقۇمايدىغان كاپىر ئىكەن، شۇڭا.

. .

www.uyghurkitap.com

ساقچىلار سوراق باشلانغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ھەيران قالدى. قاراڭلار، مۇنۇ شۇمتەك ئەشەددىي دىنىي تەلۋە ئىكەن، دىنىي تەلۋىلىكىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ. ھۇ ساراڭ... ئۇلار مانا شۇنداق ئويلىشاتتى. ئۇلار بىر قاتىلنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر دىنىي تەلۋىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىدىن، بىر جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ئەمەس، بەلكى بىر سىياسىي دېلونى بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن ھەيران ئىدى. ساقچىلارنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچەيدى. قاراڭلار، قىلچە تەپتارتماي كاپىرنى ئۆلتۈردۈم، دەۋاتىدۇ، يۈرىكى قاپلاننىڭكىدەك بار ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ سولتەكىنىڭ. ۋۇ موزاي، قورقۇمسىزلىقىڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمىز.

— قاچاندىن بېرى مۇشۇ نىيەتكە كەلگەنتىڭ؟

— پىلانلىغىلى ئۇزۇن بولغان، ئاخشام پۇرسەت كەلدى.

— مۇشۇ سۆزلىرىڭنى ئويلاپ قىلىۋاتامسەن؟

— راست بولغانلىقى ئۈچۈن ئىقرار بولدۇم.

ئاساسىي مەسىلىلەر ئايدىڭلاشقان، سوراق ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. ساقچىلار مەمنۇن ئىدى. ئۇلار يېرىم كۈن ئىچىدىلا بىر چىگىش دېلوغا قاتىللىق دېلوسى دەپ ھۆكۈم قىلغان، يىپ ئۇچىنى بويلاپ قاتىلنى قولغا چۈشۈرگەن، ئۇنى ئىقرار قىلدۇرغانىدى. شۇنداقلا بۇنىڭ بىر دىنىي ئەسەبىيلىككە چېتىلىدىغان دېلو ئىكەنلىكىنىمۇ پاش قىلغانىدى. ئۇلار قاتىلغا غەزەپ بىلەن تىكىلىشەتتى.

ساقچىلار كۆكقۇمدىن چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىلا قايتىپ كېلىشتى. قاتىلنى ناھىيىلىك تۈرمىگە سولىدى ۋە ئىدارە باشلىقىغا دوكلات قىلدى. بۇ بىر دىنىي تەلۋە كەلتۈرۈپ چىقارغان قاتىللىق دېلوسى بولغاچقا، ئىدارە باشلىقى تولىمۇ جىددىي قارىدى. شۇ ھامان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە مەسئۇل سېكرېتارىغا، ناھىيىلىك سىياسىي - قانۇن كومىتېتىغا دوكلات قىلدى. خەۋەر تاپقان ئورۇنلار تەۋرەپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە مەسئۇل سېكرېتار ناھىيىلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ، ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ، سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ جىددىي يىغىن ئاچتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى ۋە ئادىل باشچىلىقىدىكى دېلو گۇرۇپپىسىنى تەقدىرلىدى. تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىلىرىگە تەپتىش قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش خىزمىتىنى تېزلىكتە ئاياغلاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.

## ساقچى ئىشەنمىدى

بۇنداق قەبىھ جىنايەتچىنى تېزلىكتە جازالاش ئۈچۈن دېلونى دەرھال رەتلەپ تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش زۆرۈر ئىدى. مانا شۇ «رەتلەش» قول تۇتتى. «دەرھال ئۆتكۈزۈپ بېرىش» ئىشقا ئاشمىدى. بۇ، دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئادىلنىڭ بوشاڭلىقىدىن ياكى ئەندىكمىگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. ئارىدىن ئۆتكەن ئۈچ - تۆت كۈن ئۇنى ئويلاندۇرغان، قەلبىدە گۇمان پەيدا قىلغانىدى. ئۇنىڭغا قايسىبىر پەۋاز چەك باسمايۋاتقاندەك، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدە نېمىدۇر بىر نەرسە كەمدەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە دېلونى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرسە باشقا نەتىجە چىقىدىغاندەك، يەنە بىر قېتىم سوراق قىلسا، جىنايەتچى باشقا گەپلەرنى دەيدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئويلىغانسېرى گۇمانلاندى. نېمىگىدۇر ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. جىنايەتچىنىڭ سوراق ۋاقتىدا دېگەنلىرىگە ئەمدى ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. دېلونى شۇ پېتى رەتلەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە كۆڭلى تېخىمۇ ئۇنىمايتتى... ئاخىرى دېلونى رەتلەشنى تاشلاپ تىكەنباغقا يەنە بىر قېتىم بېرىپ كەلدى. تۈرمىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ، جىنايەتچىنى ئۈچ قېتىم قايتا سوراق قىلدى. ئۇ، جىنايەتچىنىڭ تۇنجى سوراقتا دېگەن گەپلىرىدىن يېنىۋېلىشىنى، باشقا بىر گەپلەرنى دېيىشىنى خالايتتى. لېكىن نېمىشقا ئاشۇنى خالاپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ، ئۆز قەلبىدىن «جىنايەتچىگە ھېسداشلىق قىلىۋاتامسەن؟» دەپ سوراپ باقتى. ئۇ ئەزەلدىن جىنايەتچىگە ھېسداشلىق قىلمايتتى. جىنايەتچىلەرگە ھېسداشلىق قىلغاندا، جەمئىيەتنى تۈزىگىلى، تىنچ - ئامانلىقتىن بەھرىمەن قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. بولۇپمۇ قاتىل جىنايەتچىلەرگە زادىلا رەھىم قىلىشقا بولمايتتى. ئەمما مۇشۇ قېتىم... ياق، ئۇ، جىنايەتچىگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقىنى يوق. ئۇنى ئاقلاشقا ئورۇنۇۋاتقىنىمۇ يوق. ئۇنىڭدا پەقەت جىنايەتچى راست گەپ قىلمايۋاتقاندەك، راست گەپ - ھەقىقىي ئىش قايسىبىر ئىس - تۈتەك ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەنە شۇنى بىلگۈسى كېلەتتى. جىنايەتچىنىڭ قاتىللىق قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما نېمە ئۈچۈن قاتىللىق قىلغانلىقى گۇمان تۇغدۇراتتى. ئۇ، قاتىل ئىكەن، ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ. بۇ، ھەق. شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. لېكىن... ئۆلگۈچىنىڭ شەپكىسىنىڭ قاتىلنىڭ ھويلىسىدىن تېپىلىشى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلاتتى. «ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن» تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ قاتىل بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمۇ غەلىتە ئىدى. ئادىل مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قاتىلنىڭ چىرايلىق ئانىسى كېلەتتى. 40 ياشلاردىن ئاشقاندىمۇ گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان ئاشۇ ئايالنىڭ

بۇلاقتەك لۈمۈلدەپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، قاشتېشى ھەيكەلدەك سۈزۈك ھۆسنى ئۇنىڭ يادىدا بار ئىدى. ئۇنىڭغا قاتىللىقنىڭ ئاشۇ ئايال بىلەن ئالاقىدار مۇناسىۋىتى باردەك تۇيۇلاتتى. ئادىل تىكەنباغقا قايتا بارغاندا ئاشۇ گۇماننى ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتارغا ئېيتىۋېدى، سېكرېتار ئىللا - بىللا ئۇنداق ئىشنى سەزمىگەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن ئۇ بىر ھازادىن كېيىن: «رابىيەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، توي قىلىشنى تەلەپ قىلغانلار كۆپ، ئۇنىڭغا قاش ئېتىپ، كۆز قىسقانلار، ئۇنىڭغا قانات سۆرىگەنلەرمۇ بولغان، لېكىن ئۇ ھەممىسىنى رەت قىلغان، قانات سۆرىگەنلەرنىڭ ئوبدانلا ئەدىبىنى بېرىپ قويغان...» دېدى ۋە ئارقىدىنلا تىكەنباغقا ئاللىبىر خىزمەت بىلەن كېلىپ نۇقتىدا تۇرغان بىر ئەمەلدارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، ناھىيىدە قايسىبىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىكەن. تۈن كېچىدە ئىشىك قېقىپتۇ. ئۇ، ئۆز ھوقۇقىغا ئىشەنگەنمۇ ياكى نومۇس - ھايانى بىلمەمدۇ، ئىشىكنى خېلىلا چىڭ چېكىپتۇ، ھەتتا رابىيەنىڭ قوشنىسى ھېكىم ئاخۇن سۇنجاڭ (كەنت باشلىقى) لار ئويغىنىپ كەتكۈدەك قېقىپتۇ. ھېكىم ئاخۇن بىلەن ھېيۋىخان شاق - شاق: «نېمە ئىش بولاركىن؟» دېيىشىپ ھويلىغا چىقىپ چىتەننىڭ ئاراشلىرىدىن مارىلاپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا رابىيەنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپتۇيۇ «شالاق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا ئىشىك جالاقلاپ يېپىلىپتۇ. ئەتىسى ھېيۋىخان شاق - شاق پۈتۈن كەنتكە ئۇستىبېشى، يۈز - كۆزلىرى يۇندا بىلەن بۇلغىنىپ، سۇغا چۈشكەن مۈشۈككىلا ئوخشاپ قالغان ئەمەلدار توغرىسىدا ھېكايە تارقىتىپتۇ. بىچارە ئەمەلدار قويرۇقىنى شۇ خادا قىلغانچە تىكەنباغقا ئىككىنچى قايتا كېلەلمەپتۇ... ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتارنىڭ ئېيتىشىچە، پۇلىمۇ، ھوقۇقىمۇ بار ھېلىقى ئەمەلدارنى رەت قىلغان ئايالنىڭ نامرات مۇئەللىمنى قوبۇل كۆرۈشى ئەقىلغە سىغمايدىكەن. بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىكەن. ئەگەر كىچىككىنە شەپىسى سېزىلگەن بولسا ھېيۋىخان شاق - شاق ئاللىقاچان پۈتۈن كەنتكە تارقىتىپ بولار ئىكەن...

ئاشۇ يەردە ئادىل يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇقۇشۇپ باقتى. رابىيە ھەققىدە، غېنى ھەققىدە ئۇقۇشۇپ باقتى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئىگىلىدى. لېكىن ئۆز پەرىزىنى ئىسپاتلىيالمىدى. كۆڭلىدىكى تۈگۈنىمۇ يېشەلمىدى. شۇنداقلا ئۆز پەرىزىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ يېتەرلىك ئاساس تاپالمىدى. پەرىزى پەرەز پېتى قېلىۋەردى. ئۇنىڭچە، باشقىلارنىڭ سەزمىگەنلىكى بۇنداق ئېھتىمالنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيتتى. كىشىلەر سەزمىسە سەزمەيتتى، سەزدۈرمەسلىككىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھويلىدىن تېپىلغان شەپكە ۋە قاتىللىق قورالى دەم قادىلىپ تۇراتتى. كۆتۈرۈپ چىقىلغان دەم ۋە چۈشۈپ قالغان شەپكىگە قاراپلا ئۇلار مۇشۇ ھويلىدا ئۇچراشقان، مۇشۇ ھويلىدا دوقۇرۇشقان، دەسلەپكى ئېلىشىش مۇشۇ ھويلىدا بولغان، دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى. لېكىن تۇرمىدىكى قايتا سوراقلاردا قاتىل ھويلىدىكى ئېلىشىشنى ئىنكار قىلدى. ئىللا - بىللا يېقىن كەلتۈرمىدى. شەپكە ۋە دەم ھەققىدە يوقىلاڭ، ئىشەنگىلى بولمايدىغان گەپلەرنى قىلدى. كېيىن ئۇندىمەي جىم تۇرۇۋالدى. ئادىلنىڭ پەرىزىچە، قاتىل ئىزچىل تۇردە ھويلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. نېمىندۇر يوشۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

تۇرمىگە 3 - قېتىم بارغاندا قاتىل بىلەن دېيىشكەن گەپلەر ئادىلنىڭ ئېنىق يادىدا بار ئىدى. ئۇ، شۇ قېتىم قاتىل بىلەن ئادەتتىكىچە سۆزلىشىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى.

- سەن ئاشۇ كېچە ئۆلگۈچى بىلەن قەيەردە ئۇچراشتىڭ؟ قانداق ئۇچرىشىپ قالدىڭ؟

- ئۇلار ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى يولدىن ئالا - تاغىل ناخشا توۋلاپ ئۆتتى. مەن ئۇلارنىڭ مەستلىكىنى، يەنە ھاراق ئىچكەنلىكىنى بىلىپ دەمنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ چىقتىم. كېيىن ئۇلار مەكتەپكە كىرىپ كېتىپتۇ. مەن ئاشۇ بىدئەتلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرەلمىگىنىمگە ئۆكۈنۈپ، ئۆيگە يېنىپ كىرىپ كەتمەكچى بولدۇم. لېكىن ئۇيقۇم قاچقانىدى. ئەگۈننىڭ ئالدىدا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا يولدا بىرسى پەيدا بولدى. غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ مەست ئەبلەخ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئارقىسىدىن ماڭدىم ۋە مەسچىتنىڭ ئالدىغا بارغاندا دەم بىلەن بېشىغا ئۇردۇم...

- ھېچنېمە دېمەيلا ئۇردۇڭمۇ؟

- ھەئە.

- ئۇنى نېمىشقا ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتكەندىلا تۇسمىدىڭ؟

- ئۇنداق قىلغۇم كەلمىدى.

- راستىنلا مەسچىتنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇردۇڭمۇ؟

- ھەئە.

- ئۇنداق بولسا، نېمىدەپ ئۇنىڭ شەپكىسى سېنىڭ ھويلاڭغا چۈشۈپ قالىدۇ؟

- ياماق قىلارمىز، دەپ ئەكەلگەنتىم.

- شەپكىنى ئەكەلگەن ئادەم نېمىشقا ئۆيگە ئەكىرمەي ھويلىغا تاشلاپ قويدۇڭ؟

- ئەكىرگۈم كەلمىدى.

- شەپكىنىغۇ ئەكەپسەن، نېمىشقا دەمنى تاشلىۋەتتىڭ؟

- ...

- سەن ئۇنى ئۇرغاندا شەپكىسى بېشىدا بارمىدى؟

www.uyghurkitap.com

- بارتتى.
- ئەمىسە نېمىشقا شەپكىگە قان يۇقمىدى؟
- بۇنى بىلمىدىم.
- سەن راست گەپ قىلمايۋاتىسەن؟
- مەن راستتىنلا ئۇنى ئۆلتۈردۈم، مەن ئىقرار.
- ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟
- بىلمەيمەن. . . ياق، بىلىمەن.
- سەن چوڭقۇر ئويلاپ باقتىڭمۇ؟
- ئويلىدىم.
- ئەمىسە نېمىشقا راست گەپ قىلمايسەن؟
- راست گەپ قىلدىم. مەن ئىقرار، مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم.
- نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟
- هاراق ئىچكەنلىكى، ناماز ئۆتىمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم.
- يالغان، سەن ئۆزۈڭمۇ ناماز ئۆتىمەيدىكەنسەنغۇ؟
- ئۆتەيمەن، دىنغا ئىشىنىمەن.
- مەن تەكشۈرۈپ كۆردۈم. سەيپۇڭخانىدىكىلەر سېنىڭ ناماز ئۆتىگەنلىكىڭنى كۆرمەپتۇ.
- ئۇلار بىلمەيدۇ.
- سەن دائىم ئۇلار بىلەن بىللە تۇرساڭ، نېمىشقا بىلمەيدۇ.
- . . .
ئېيتىپ باقە، نامازنى قانداق ئۆتەيدۇ؟
- هازىر تاھارىتىم يوق.
- مەن سېنى ناماز ئۆتە دېمىدىم، نامازنى قانداق ئۆتەيدىغانلىقىنى دەپباق دېدىم.
- ئايەتلەرنى تەرەتسىز تىلغا ئالسا كۇپۇرلۇق بولىدۇ.
- بىكار گەپ.
- بۇ گەپلەرنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ مەن قاتىللىق قىلغانلىقىمنى ئىقرار قىلدىم. قانداق جازا بەرسەڭلار مەيلى، پەقەت مۇشۇ كۈنلەر تېزراق تۈگىسە بولاتتى. . .

ئاشۇ سوراقلاردا ئادىل ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. كۆڭلىدىكى پەرەز يەنىلا پەرەز پېتى قېلىۋەردى. ئۇ، ئاشۇ پەرەزلەرنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالغانىدى. ئادىل ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان: «ھېلىقى مۇئەللىمنىڭ ئاناڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىدى؟» دېگەن سوئالنى ئاغزىدىن نەچچە قېتىم چىقىراي دېدىيۇ، لېكىن يەنىلا بولدى قىلدى. ئاشۇ ياش بالىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويۇشتىن، ئۇنىڭ كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىگە چېقىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. ئەگەر شۇ سوئال ئوتتۇرىغا چىقىرىلسىلا ئۇنىڭ ئانىسىلا ئەمەس، ئۇنىڭ غورۇرىمۇ ھاقارەت قىلىنغان بولاتتى. مەيلى ئاشۇنداق ئىشنىڭ بار - يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ھاقارەت قىلىنغان بولاتتى. ئادىل بۇ ئوقەتنى چۈشىنەتتى. ئۇ، قاتىللىق قىلغانىكەن، ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە جازا بېرىشكە بولاتتى. لېكىن قانۇندا قاتىلنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە، ۋىجدانىغا، غورۇرىغا ھاقارەت قىلىنسا بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە يوق ئىدى. ئادىل بىر جىنايەتچىنىڭ ئەمەس، ئالدىدا ئولتۇرغان ئاشۇ ياش بالىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، كۆڭلىنى ئايىدى.

دېلونى تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈۋېرىشكە بولمايتتى. ئادىلنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان - پەرەزلەرنىڭ ئىسپاتلىنىشى - ئىسپاتلانماسلىقىمۇ، قاچان ئىسپاتلىنىشىمۇ نامەلۇم ئىدى. ئادىل ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاشۇ گۇمان ئىسپاتلانغان ھالەتتىمۇ قاتىلنىڭ تەقدىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىشى ناتايىنلىقىنى چۈشەندى. شۇنداق قىلىپ، دېلونى رەتلەپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. دېلو پاش قىلىش سۈرئىتىدە رېكورت ياراتقان بۇ ساقچى يىگىت دېلونى رەتلەشتە رېكورت يارىتالمىدى. لېكىن ئۆز خىزمىتىنى يەنىلا ئاخىرىغا يەتكۈزدى.

ئادىلنىڭ مۇشۇ دېلودىكى ئىشى تۈگىدى. ئۇ، بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتسە بولاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنتۇيالمىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاشۇ ئىشلارنى يەنە ئەسلەپ قالاتتى. ياپياش قاتىل ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق ئانىسى كۆز ئالدىدا ئايان بولاتتى. شەپكە ۋە دەم توغرىسىدا ئويلاپ قالاتتى. ئۇ، دېلونى رەتلەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئالاھەزەل 100 كۈنلەردىن كېيىن قاتىل ئۈستىدە چىقىرىلغان ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئاڭلىدى. غېنىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ دەرھال ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئاشۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۈنى نامەلۇم تۇيغۇ ئادىلنى سۆرەپ يەنە بىر قېتىم تۈرمىگە ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئەقلى ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەيتتى. لېكىن ھېلىقى نامەلۇم تۇيغۇ بولسا، ئۇنى ئاشۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ قالغان نامەلۇم ئىشنى بىلىۋېلىشقا كۈشكۈرتەتتى. بۇ ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئادىل قاتىل جىنايەتچى، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر غېنىنى سوراقخانىغا يەنە بىر قېتىم ئاچىقتۇردى.

غېنىنىڭ ئەسلىدىلا ئاق پىشماق چىرايى تېخىمۇ سوزۇلۇپ قالغان، يىڭىلا خەت تارتقان بۇرۇت - ساقاللىرى ئۆسۈپ چىرايىنى تېخىمۇ ئاق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئوبدانلا سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىدىن ئالدىراقاندىق بىر خىل بىزارلىق ۋە ئىنتىزارلىق ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ئادىل ئۇنىڭ چىرايىغا نەزەر سېلىپ تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ تۈرمە تۇرمۇشىغا بولغان بىزارلىقىنى ۋە شۇ كۈنلەرنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىغا ئىنتىزارلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

- ئاناڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالغۇڭ بارمۇ؟

ئادىل ئەسلى باشقا بىر نەرسىلەرنى

سورىماقچى ئىدى. ئاغزىدىن نېمە بولۇپ سوت ساقچىسى سورايدىغان سوئالنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمىدى. ئۇ، ئۆز - ئۆزىدىن ھەيران قالدى.

قاتىلنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغانىدى. ئۇ، جۈپلەشكەن قوللىرى بىلەن يۈز - كۆزىنى توسۇۋالدى. ئاشۇ ھالەتتە ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى. شۇ ئارىدا ئادىل ئەمدى ھەر قانداق باشقا سوئال سوراشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى، باشتىكى سوئالنىلا تەكرارلاش لازىملىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

— ئاناڭنى كۆرۈشتۈرگىلى ئېلىپ كېلەيمۇ؟

— ياق، كۆرۈشمەي... بىر قېتىم كۆرۈۋالسام، يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالساملا بولاتتى...

غېنىنىڭ جۈپلەشكەن قوللىرى ئارىسىدىن سىرغىغان كۆز ياشلىرى پولات كويزىنى ھۆل قىلدى. ئادىل نېمىدەپ ئاشۇ گەپلەرنى دېگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئەسلى ئاخىرقى كۈنلىرىنى كۆچۈرۈۋاتقان جىنايەتچىگە ئاشۇ مېھرىبان ئانىنى ئەسلەتمەسلىك كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

## 9. ئوغلۇم مېنى يوقلاپ كېلىدۇ

غېنى قولغا ئېلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي رابىيە ئېلىشىپ قالدى. كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق بىر سېرىق ئۇچقۇن چاقناپ تۇراتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ توختىماي سۆزلەيتتى. دەسلەپكى كۈنلىرى ئۇ چۈشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم، چۈشتىن كېيىن بىر قېتىم بازاردىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ - كېلىپ يۈردى. يولدا ئۇچرىغانلا ئادەمگە - چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، تونۇش - ناتونۇش - ھەممىگە سۆزلەپ ماڭاتتى. سۆزلىرى ئارىسىدىن: «غېنىنى كۆرۈپ كېلەي...» دېگەن بىرلا جۈملىنى ئۇققىلى بولاتتى. يولدا ئادەم بولمىسىمۇ سۆزلەيتتى. كىمگىدۇر بىر كىمگە: «ئوغلۇمنى كۆرۈپ كېلەي، ھېلىلا قايتىپ كېلىمەن» دەيتتى. راستتىنلا بىردەمدىلا قايتىپ كېلەتتى. تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىغا باراتتىيۇ، كىرمەيلا ئارقىسىغا قايتاتتى. گېپىمۇ ئۆزگىرەتتى: «غېنىنى كۆرۈپ كەلدىم. ئۇ شۇنداق ئۆز» دەيتتى. گەپ قىلغاچ ماڭاتتى. ئالدىراپ - پالاخشىپ ماڭاتتى. ئايىغىدىن ئۆرلىگەن چاڭ - توزان يىراقتىن قارىغان ئادەمگە ئاشۇ يولدا بىر قۇيۇن - «توكۇرجىن» يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئارا پاشىنلىق توفلىيى يىرتىلىپ پۇتىدا تۇرغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. توفلىيىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ ماڭاتتى. چېھرىگە چۇۋۇلۇپ چۈشكەن چاچلىرى، كەڭ ئېتەك ئاق كۆڭلىكى ئەتىيازنىڭ شامىلىدا ئۇچۇپ تۇراتتى.

رابىيەنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. ئۇنى كۆرگەندە چوڭلار تۇۋا قىلىپ: «ئۇلۇغ ئاللا، بەندەڭنىڭ بېشىغا ئاشۇ كۈننى سالمىغايسەن!...» دەپ ياقا چىشلىشەتتى. ئوششاق باللار بولسا: «ساراڭ كەلدى» دەپ ۋارقىرىشاتتى. كەپسىزلىرى ئۇنىڭغا تاش - دالڭگال ئاتاتتى. لېكىن رابىيەنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. «غېنىنى كۆرۈپ كېلەي...» دەپ بەخىرامان كېتىۋېرەتتى.

بىر كۈنى رابىيە قاپىقى يېرىلغان، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ: «غېنى شۇنداق ئۆز تۇرۇپتۇ» دەيتتى. قوشنىلار ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى. ھېيۋىخان شاق - شاق ھۆللەنگەن خام بىلەن ئۇنىڭ چېھرىدىكى قانلارنى سۈرتۈپ تازىلىدى. چۇۋۇق چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، تېخى تۈنۈگۈنلا قوندۇزدەك قاپقارا تۇرغان چاچلارنىڭ پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئۆزىنى تۇتالماي رابىيەنى چىڭ قۇچاقلىدى. رابىيە ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قالغانىدى. ھېيۋىخان شاق - شاقنىڭ يىغىسى يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ھەممە قوشنىلارنىڭ كۆزلىرىمۇ نەملەشتى. رابىيە بەخىرامان ئىدى. ئۇ: «غېنى شۇنداق ئۆز تۇرۇپتۇ...» دېگەن گېپىنى تەكرارلايتتى. ھېيۋىخان ئېسەدەپ تۇرۇپ: «جېنىم رابىيەخان، ئەمدى بازارغا بارمىسىلا، غېنى ئۆزى كېلىدۇ، ئەتە سىلىنى كۆرگىلى كېلىدۇ...» دېدى. قوشنىلارمۇ شۇنداق دېيىشتى.

خۇددى ئاشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، ئاشۇ كۈندىن باشلاپ رابىيە بازاردىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ - كېلىشنى توختاتتى. ئۇ، كۈن بويى ئەگۈنىنىڭ ئالدىدىكى يۇمشاق توپىدا يولغا قاراپ ئولتۇراتتى. كېچىسىمۇ - كۈندۈزىمۇ قوپمايتتى. پەقەت بىرلا گەپنى تەكرارلايتتى: «ئوغلۇم ئەتە مېنى كۆرگىلى كېلىدۇ...»

ئۇلۇغ، مۇقەددەس، شادىيانە قۇربان ھېيت ئۆتتى. رابىيە ھېيتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمىدى. ئەگۈن يېنىدىكى ئۆرۈكنىڭ يېشىل ياپراقلىرى ئارىسىدىن كۆپكۆك غورىلار كۆرۈنۈپ ئاستا - ئاستا چوڭايدى، سارغايدى، پىشىپ تۆكۈلدى ۋە سېسىپ كەتتى. رابىيەنىڭ ئېتىزىدىكى بۇغدايلار پىشتى. ياخشى كۆڭۈل قوشنىلار ئورۇپ - تېپىپ، غەللە - پاراقتىن، سۇ پۇلىدىن، مائارىپ فوندىدىن ۋە ئاللىبىر خىراجەتلەردىن ئاشقان قىسمىنى كات ساندۇققا تۆكۈپ قويدى. رابىيەگە تەقسىم قىلىنغان پىلە قۇرتلىرى ئۆلۈپ، جەرىمانىسى ئۈچۈن ئاچ قالغان قويلىرى ھەيدەپ كېتىلدى... رابىيە بۇلارنىمۇ ئۇقمىدى. ئۇ، كۆك توپىغا مىلىنىپ ئولتۇراتتى. بىرلا گەپنى تەكرارلايتتى: «غېنى ئەتە كېلىدۇ، مېنى كۆرگىلى كېلىدۇ..» قوشنىلار تاماق ئۇزىتىپ تۇراتتى. ھېيۋىخان شاق

www.uyghurkitap.com

- شاق ئۈچ ۋاق تاماقنى ئۆز قولى بىلەن يېگۈزگەنچىلىك قىلاتتى. لېكىن رابىيە بۇلارنىمۇ ئۇقمىدى. ئۇ، مەڭگۈ كۆك توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرىدىغاندەك، ئاشۇ بىرلا گېپىنى مەڭگۈ تەكرارلاۋېرىدىغاندەك قىلاتتى.

لېكىن ئەھۋال ئۇنداقمۇ بولمىدى. كۆك شاپتۇل راسا مەي باغلاپ پىشقان، ئامۇت ئالتۇندەك سارغايغان كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى رابىيە ئەگۈننىڭ ئالدىدىن يوقاپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا ھېيۋىخان شاق - شاق ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدا يوقلۇقىنى كۆردى. ئۇ، ئۇزۇندىن بېرى ئولتۇرغان، ئويۇلۇپ كاتەك بولۇپ قالغان يەردە كۆك توپا ۋە ئەسكى لاتا - پىتىلەرلا قالغانىدى. ھېيۋىخان شاق - شاق تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدىدى. ئۆيلەردىن، باغدىن، ھويلىدىن، ئېتىزدىن ئىزدىدى. لېكىن تاپالمىدى.

شۇ كۈنى قاتىل، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر غېنى نىيازغا ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىدىغان كۈن ئىدى. پۈتۈن يېزىدىكى قېرى - ياش، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ھەممىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۇقتۇرۇلغان، پەقەت رابىيەگىلا ئۇقتۇرۇلمىغانىدى. ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇلمىسىمۇ بولاتتى. ئۇقتۇرۇلغان ھالەتتىمۇ ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقمايتتى، كىشىلەر ئاشۇنداق ئويلىشاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماسلىقمۇ ئۇقتۇرۇلغانىدى. دەل مانا شۇ كۈنى ئۇ يوقاپ كەتتى. زادى نەگە كەتتى؟ ھېيۋىخان شاق - شاق ھەيران ئىدى. ئۇنى نەدىن تېپىۋېلىشنى بىلمەيتتى. قوشنىدارچىلىق بۇرچى، ئۇزۇن يىللىق يېقىنلىق تۇيغۇسى رابىيەنى تېپىشقا ئۈندەيتتى. ئۇنى ئەنسىرىتەتتى، خاۋاتىرلەندۈرەتتى.

ئەمما ئۇنىڭ خاۋاتىرلىنىشى بىكار بولۇپ چىقتى. ئاشۋاقتىغا يېقىن ئاشۇ يېزا بازىرىدا، ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەن ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش مەيدانىنىڭ كەينىدىرەك بىر يەردىن رابىيەنى يەنە تېپىۋالدى. ئېيتىشلىرىچە، يىغىنغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن كىشىلەر رابىيەنى يىغىن مەيدانىدىكى سەھنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرگەنمىش. ئۇ، توختىماي نېمىلەرنىدۇر دەيمىش. كېيىن يىغىن تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزمىسۇن، دەپ ئويلىغان ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار ئۇنى يېتىلەپ ئەكىلىپ مانا شۇ يەرگە تۇرغۇزۇپ قويغانمىش. . . ھېيۋىخان شاق - شاق رابىيەنى ئۇزۇن يىل كۆرمىگەندەك چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدى. رابىيەنىڭ نامەلۇم بىر نۇقتىغا تىكىلگەن چوڭقۇر كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. چاچلىرى چۇۋۇلۇق، چىرايى مەينەت، كىيىملىرى جۇل - جۇل ئىدى. لەۋلىرىنى توختاۋسىز مىدىرلىتىپ: «ئوغلۇم مېنى كۆرگىلى كېلىدۇ. بۈگۈن كۆرگىلى كېلىدۇ. . .» دەيتتى. ھېيۋىخان ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم يىغلاپ سالدى.

ھۆكۈم ئېلان قىلىنىۋاتقان چاغدا ھېيۋىخان شاق - شاق سەھنىگە كۆز ئۇزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئاشۇ يەردە قاتىل جىنايەتچى، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر غېنى بېشىنى تۆۋەن سىلىپ تۇراتتى. كۆرۈنۈشى خۇددى بوينىغا ئېسىپ قويۇلغان تاختىدىكى خەتلەرنى ئوقۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، پات - پات بېشىنى كۆتۈرۈپ مەيداندىكى ئادەملەرگە قاراپ قوياتتى. ھەر قېتىم بېشىنى كۆتۈرگەندە ھېيۋىخان شاق - شاققا ئۇ خۇددى ئۆزلىرى تۇرغان يەرگە قاراۋاتقاندەك، ئانىسىغا قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھېيۋىخان شاق - شاق: «ئۇ چوقۇم ئانىسىنى كۆردى، ئانىسىنى تونۇدى» دەپ ئويلىدى.


جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان، يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا چىقىرىلىپ ئېتىشقا ئېلىپ مېڭىلغان ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چاغدا ھېيۋىخان شاق - شاق جىنايەتچىنىڭ ئۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغانلىقىنى، ماشىنا ئۇدۇللاشقاندا يەنە بۇرۇلۇپ قارىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ، رابىيەگە ئوغلىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ بۇرۇلدى. رابىيە كۈلۈپ تۇراتتى. كۆزلىرى ئۈچقۇنداپ كەتكەنىدى. ئۇ: «غېنىنى كۆردۈم، شۇنداق ئۆز تۇرۇپتۇ. مەيدىسىدىكى تاختا شۇنداق يارىشىپتۇ. . .» دېدى. ھېيۋىخان شاق - شاق ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۇزاپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. يىغىندىن تارقىغان ئادەملەر نېمىگىدۇر ئالدىرىشىپ ئىتتىرىشەتتى. ھېيۋىخان شاق - شاق رابىيەدىن قانداق ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنى نەدە يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئادەملەر تارقىغاندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ ھېچنەدىن تاپالمىدى. باشقا قوشنىلارمۇ ئىزدىشىپ بەردى، لېكىن رابىيە ھېچنەدىن تېپىلمىدى. كېيىن يەنە خېلى كۈنلەرگىچە ئىز - دېرىكىنى قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ رابىيەنىڭ ئۆلۈكىدىنىمۇ، تىرىكىدىنىمۇ دېرەك بولمىدى. ئۇنى پەقەت بىپايان تەكلىماكانغا كىرىپ كەتكەن، قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان، دەپ پەرەز قىلىنىشقىلا بولاتتى. ھېيۋىخان شاق - شاق پات - پات قوشنىسىنىڭ ئايۋان - سارىيىغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتى. قارلىغاچلار ئاللىقاچان كېتىپ قېلىشقان، ئايۋان جىم ۋە ھۇۋۇللاپ قالغانىدى.

رەسسام: ئەكبەر ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم پارتكومى تەشكىلات - تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (M1)

ئىككى



ھېكايە

مەھمۇت سىدىق

# ھەممە ئۆزگەرمەكتە

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، ھەر قېتىم ناھىيە بازىرىغا كەلسەملا، «موزدوز گېنېرال» دەپ نام ئالغان، ئاق ئارىلىغان چاچ - ساقاللىرى سالۋاراپ، چاڭگىلىشىپ كەتكەن، ئۇچىسىغا مازلىرى ساڭگىلىغان، ھەر خىل رەڭدىكى ياماقلار سېلىنغان ئۇزۇن سېرىق چاپان، پۇتىغا رېزىنكا ئۆتۈك كىيىۋالغان بۇ ساراڭنى ئادەملەر ئەڭ كۆپ توپلاشقان سورۇنلاردا تولا كۆرەتتىم.

ئۇ، يېرىم غولاچچە كېلىدىغان، دائىملا پارقىراپ تۇرىدىغان تۇچ كانايىنى ئوڭ قولىدا تۇتۇپ، سول قولىدا بىر جۈپ يىرتىق كالتا ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. ئادەملەر ئۆز سودىسىنىڭ پاراڭلىرى بىلەن بولىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، كانايىنى چىڭقىلىپ تۇرۇپ چالاتتى. خىيالى تۇرغان كىشىلەر كاناي ئاۋازىدىن چۆچۈپ بۇ ساراڭنى تىللايتتى. كىچىك باللار بولسا، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارايتتى. بەزى كىشىلەر يانچۇقلىرىدىن پارچە پۇل ئېلىپ، ئۇ كۆتۈرىۋالغان ئۆتۈكنىڭ قونجىغا سېلىپ قويسا ئۇ پەرۋامۇ قىلماي يەنە بىر توپ كىشىلەر ئارىسىغا قاراپ ماڭاتتى.

مەن ئۇنىڭ دائىملا بىر جۈپ يىرتىق ئۆتۈك كۆتۈرۈۋالىدىغانلىقىغا، كىيىم - كېچەكلىرى، يۈز - كۆزلىرىنىڭ شۇنچە قاسماق - مەينەتلىكىگە قارىماي چېلىپ يۈرگەن كانىيىنىڭ دائىم پارقىراپ تۇرىدىغانلىقىغا ھەيران قالاتتىم.

بۇ قېتىم «يېڭمىيەر» يېزىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 8 - ئايلىق مائاشىنى ئەكىلىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرىغا كەلدىم. ماشىنىدىن چۈشۈپ، چۈشلۈك تاماقنى قايسى ئاشخانىدىن يەيدىغان بولدۇم دەپ، ئاخىرى تاختا كۆۋرۈكنىڭ يان تەرىپىدىكى توختى لوزۇڭ دېگەننىڭ ئاشخانىسىغا كىردۇق.

ئاشخانا ئالدىدىكى كارىۋاتتا يېيىلىپ ئولتۇرغان، ئېگىزلىكى بىلەن توغرىلىقى تەڭلا كېلىدىغان، كوسا چىراي توختى لوزۇڭ بىزنى كۆرۈپ:

- مېھمان كەلدى! - دەپ ۋارقىرىدى.

تاماق بۇيرۇتۇپ، ئاشخانىغا كىرىپ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتۇق، ھېلىقى كاناي ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم. توختى لوزۇڭ ئالدىدا تۇرغان كانايچىغا:

- ماڭ، مېھمانلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كەل! - دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ساراڭ بولسا، كانىيىنى بىر - ئىككى ۋارقىرىتىپ قويۇپ، خوجايىنىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋەردى. توختى لوزۇڭ ساراڭغا پوپوزا قىلىپ يەنە ۋارقىرىدى، لېكىن ساراڭ مىدىرلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن توختى لوزۇڭ ئوچاق تەرەپكە قاراپ:

- ھەي باللار، ماۋۇ ساراڭنىڭ قاچىسىنى

www.uyghurkitap.com

تېپىپ، بىر نەرسە ئەكىلىپ بېرىڭلار، - دەپ تۇۋلىدى.

ئاز ئۆتمەي 17 - 18 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا كورىدا تاماق ئېلىپ ساراڭنىڭ ئالدىغا كەلدى. ساراڭ بولسا، دەلدۈشلەرگە خاس شادىمانلىق بىلەن ھىجىيىپ، كانايىنى كارىۋات ئۈستىگە، ئۆتۈكنى يېنىغا قويۇپ، يەردە سىگانلارغا ئوخشاش ئەپچىل ئولتۇردى - دە، تاماقنى قوۋزىغا كەپلەپ يىگىلى تۇردى. شۇ ئارىدا توختى لوزۇڭ قېشىمىزغا كىردى:

- ھەر قايسىلىرى بىر پاسكىنا ساراڭغىمۇ تاماق بېرىدىغان مەينەت ئاشخانىكەن بۇ، دەپ قالمىسىلا. بۇ بەندە ئۆزىدە كۆللى مەۋجۇداتلارنى، ئۇچالىق - تىنالىقلارنى ياشنىتىپ كەلگەن بۇ ئالەم بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن ساراڭ. بۇنىڭغا ئىسسىق - سوغۇق تەسىر قىلمايدۇ، كېسەل بولمايدۇ. ئالدىنقى يىللىرى قورساق ئاغرىقى، جىگەر كېسىلى تارقىلىپ نۇرغۇن ئادەم تۆگەپ كەتتى. شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ: «بۇ ساراڭ ئالدىغا كەلگەننى پاكىز - پاسكىنا دېمەي يەۋېرىدۇ. مەينەت يۇرۇۋېرىدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا كېسەل يۇقمايدىغاندۇ» دېيىشكىنىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئىشقا مەنمۇ ھەيران. بۇ ساراڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېشى تەڭ. بۇ ئەسلى يىراق - يېقىنغا نامى تارالغان سايىت موزدۇز دېگەننىڭ بالىسى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى تىككەن ئۆتۈك بىر ئائىلىنىڭ ئۈچ - تۆت ئەۋلادىغا مىراس قېلىپ، ئەتىۋارلىنىپ كىيىلىدىغان. كېيىن بۇ بىچارە تۆگچى قىلىدىغان مەكتەپتە ئوقۇدى. شىڭ دۇبەننىڭ ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتتى. كېيىن سايىت موزدۇز: «بالام ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەرگە مېنىڭ ھۈنىرىمنى قىلىپ بېرىپتۇ، كانايچى بوپتۇ» دەپ يۈردى. ئاز ئۆتمەي بۇ گەپ ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپ، قورچاق جىڭساجۇ (ساقچى ئىدارىسى - ئا) دە نەچچە كېچە - كۈندۈز سوراق قىلىنىپ، تاياق - توخماق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ساراڭ قايتىپ كېلىپ، تازا سۈرگەن كادىر بولدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا مەكتەپ بالىلىرى ئۇنى ئالدىغا سېلىپ يۈرۈپ نەچچە يىل سازايى قىلدى. كېيىن ھۆكۈمەت ئۇنى ئەسلىگە ئەكىلىپ، بۇرۇنقى توختاپ قالغان مائاشىنى ھېسابلاپ خېلى كۆپ پۇل بەردى. بۇ پۇللارنىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان چاغدا تۇرۇپلا ئۇ ئۇنىڭ - تەتۈر سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ كانايىنى قەيەردىن تاپتىكىن، كاركىرىتىپ چېلىپ، بىر جۈپ كونا ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولىۋالدى. خوتۇنى تۆگەپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئوخشىدى. بالىلىرى ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويۇپمۇ ئامالىنى قىلالماي ئاخىرى ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. بۇ بىچارە، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى مۇشۇنداق يۈرگىنى - يۈرگەن. كەچ كىرگەندە يولنىڭ چېتى بىلەن بىر ئوبدان مېڭىپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئەتىگەندە يەنە پەيدا بولىدۇ. يېقىنىنىڭياقى قورسىقى ئاچسىلا مۇشۇ يەرگە كېلىپ تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپتە ئىچ ئاغرىتىپ تاماق بېرىپتىكەنمىز. دېمىسىمۇ ئالدىدا پىكاپ - موتسىكلىتلار تىزىلىپ تۇرۇپ كېتىدىغان رېستوران - ئاشخانىلارغا بۇنداق بىچارىلەر يېقىن يولىيالمايدۇ ئەمەسمۇ. مانا ئەمدى ئاشخانىنىڭ خېرىدارلىرى تۇزۇپ كېتەمدىكىن، دەپ غەم قىلغانچە بۇ ساراڭ تازا يامان چاغدا بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ بىرنېمىنى كاركىرىتىپ تۇرۇۋالىدۇ. بېشىمغا بىر چاڭگال پىت سېلىنىۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. بەزى خەقلەر بۇنداق ئادەملەردىن بەكلا يىرگىنىدىكەن، شۇڭا ھەر قايسىلىرىنىڭ كۆڭلىگە شەك كېلىپ قالمىسۇن دەپ بۇ گەپلەرنى دېگۈم كەلدى. يۇندا بولسىمۇ ئالتۇن تاۋاقتا بەرسە ئىچىۋېرىدىغان، ئابى زەمزەم بولسىمۇ غېدىردا بەرسە تۆكۈۋېتىدىغان چاغ ئەمەسمۇ ھازىر. ئۇنىڭ ئايرىم تاماق قاچىسى، قوشۇقى بار . . . - توختى لوزۇڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ توختاپ قالدى.

بۇ بازار ئىچىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بۇ ئاشخانا خوجايىنىنىڭ گېپى تۈگىشىگە بىر نەچچەيلەن: «تاماق بېرىپ ساۋابلىق ئىش قىپتىلا» دېيىشىپ ئۇنى ماختىغان بولدى. باياتىن بېرى بۇلۇڭدا بۇ پاراڭلارغا جىمىمدە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان، ئوتتۇرا ياشلاردىكى زىيالىي سۈپەت ئادەم ئورنىدىن قوزغىلىۋېتىپ: «بۇنداق ئادەملەرنىڭ خاتىرىسىدە ساق ۋاقتىدىكى مەلۇم ئىشلار ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇلار شۇنى تەكرارلايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، گەپ - سۆزلىرىمۇ بىر - بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدۇ» دېدى. شۇ پاراڭ بولىۋاتقاندا ھېلىقى بالا «موزدۇز گېنېرال» بىكارلىغان كورىنى ئوچاقبېشى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

كېيىنكى ھەپتىدە، چالا قالغان ئىشلار تۈگىمەي تۇرۇپ قالدىم. شۇ جەرياندا ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق تاماقتا دائىم دېگۈدەك توختى لوزۇڭنىڭ ئاشخانىسىغا بېرىپ تۇردۇم. پەيشەنبە كۈنى ناشتىدا قارىسام توختى لوزۇڭ كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئولتۇرىدىغان كارىۋات بوش تۇرىدۇ. شۇ ئارىدا كۈندە كورىغا تاماق ئېلىپ ھېلىقى كانايچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان بالا، مېنىڭ تامىقىمنى ئېلىپ كېلىپ شىرەگە قويدى - دە، پىيالىدىكى چاينى يېڭىلىۋەتكەندىن كېيىن يېنىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى.

- ئۇكام، توختى ئاكام كۆرۈنمەيدىغۇ، - دەپ سورىدىم مەن تاماق يېگەچ.

- ئاغرىپ قالدى، - دېدى بالا ۋە، - بىچارە دادام بىتاپ بولۇپ قالغىلى ئۇزۇن بولغان، تىجارەت ئاقساپ قالىدۇ، دەپ ئارام ئالغىلى ئۇنىمىغانتى. مانا ئەمدى كۆزىنى ئاچماي ياتىدۇ، - دەپ قوشۇپ قويدى.

شۇ ئارىدا كاناي ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىن ھېلىقى ساراڭ، توختى لوزۇڭ ئولتۇرىدىغان كارىۋاتنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بالا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئازدىن كېيىن ھېلىقى كورىدا ھورى چىقىپ تۇرغان بىر قاچا ئاش ئېلىپ كەلدى - دە، قاچىنى كارىۋاتنىڭ قىرىدا قويۇپ يەنە ئاشخانىغا كىردى.

- دادىڭىز بۇيرۇمىسىمۇ تاماق بېرىدىكەنسىز-غۇ، - دەپ سورىدىم مەن بالىدىن.

- بەرمىسەم قانداق بولىدۇ، قايلىسىلا، ئۇمۇ ئادەم ئەمەسمۇ، - دېدى بالا.

مەن بالىنىڭ جاۋابىغا كۈلۈپ قويۇپ تامىقىمنى يەۋەردىم. ئۇ مېنىڭ بۇ كۈلكەمدىن «مېنى سىناۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

- سىلى دادامنى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلمايدۇ، ئۇ ئىلگىرى بۇ بازاردىكى نەشىكەش - بەڭگى، قىمارۋازلارنىڭ بوۋىسى تۇرسا، دەپ ئويلاپ قالدىلا، ھەقىچان. ئۇ دېگەن بۇرۇنقى ئىشلار. كېيىن ئۇ نۇرغۇن ئادەمگە ياخشىلىق قىلدى. كوچىغا چىقىپ قالغان، ئات كۆتۈرۈپ قالغانلارغا تىجارەت ئۈچۈن دەسمى سېلىپ بەردى، ھۈنەر ئۆگەتتى. بۇ ساراڭ كەلگەندە قوغلىغاندەك قىلغىنى بىلەن، بىرەر كۈن كەلمەي قالسا، بىزنى بۇيرۇپ تاپتۇرۇپ ئەكەلدۈرۈپ تاماق يېگۈزىدۇ. ئاڭلىسام، دادامنىڭ ياش ۋاقتىدا پۇت - قولىنى قىمارۋازلار چېقىۋەتكەندە، بۇ ساراڭ چوڭ كادىر ئىكەنتۇق. ئۇ، دادامنى ئۆيىگە ئەكىرىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپتىكەن، كېيىن ئۇنىڭغا تەربىيە ئىشلەپ ياخشى ئادەم قىپتىكەن. تېخى مۇشۇ ئاشخانىنى يېڭى ئاچقاندا تۇنجى قېتىملىق دەسمىي ئۆتنە بېرىپتىكەن. ئاخشام دادام ھەممىمىزنى يېنىغا چىقىرىپ يىغلاپ تۇرۇپ بىزگە: «مەن كۆزۈمنى يۇمغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى تاشلىۋەتمەڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلدى ھەم ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. . .

شۇ ئارىدا بالىنى ئوچاقبېشى تەرەپتىن بىرى چاقىردى. ئۇ، ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. بىر توپ مېھمانلار كىرىپ ئورۇندۇقلارنى ئىگىلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كەلسەم، بۇ ئاشخانا تاقاقلىق تۇرىدۇ. باشقا بىر ئاشخانىدىن تاماق يەۋېتىپ، توختى لوزۇڭنىڭ بۈگۈن سەھەردە قازا قىلغانلىقىنى، نامىزىنى جۈمە نامىزىغا ئۇلگۇرۇپ توپ بازار ئىچىدىكى چوڭ جامەدە چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

مەن بۇ ناماز ئۈچۈن توپلانغان جامائەتنىڭ، تاۋۇت ئالدىدا قول باغلاپ يىغلىشىپ تۇرغان ھازىدارلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپلۈكىگە قاراپ ھەيران قالدىم. شۇ ئارىدا يېنىمدا تۇرغان بىرىنىڭ: «رەھمەتلىكنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان پەرزەنتى، ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق ئىدى. تاۋۇت ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرگەنلەر» دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

مېيىت نامىزى ئوقۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. سىرتتىن يەنە بىر تاۋۇت ئېلىپ كىرىلدى. جامائەت بۇ ھازىدىن تەۋرەپ كېتىشتى. ئارقىدىن: «ھېلىقى كاناي چېلىپ يۈرۈيدىغان ساراڭنىڭ مېيىتىكەن» دېگەن گەپ تارالدى. . .

نامازدىن قايتىۋېتىپ، كىشىلەردىن ھېلىقى كاناي چېلىپ يۈرۈيدىغان ئادەمنىڭ ئاخشام كەچتە توختى لوزۇڭنىڭ ئاشخانىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى چوڭ ئۆستەڭگە سۇ ئىچكىلى كىرگەنلىكىنى، كېيىن سۇغا يىقىلىپ چۈشۈپ جان ئۈزگەنلىكىنى، ئادەمنىڭ تىزىغا كەلمەيدىغان سۇدا ئالتە - يەتتە كىلومېتىر ئېقىپ، ئۆزى توغۇلغان، ھازىر چوڭ بالىسى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئەگمىدە توختاپ قالغانلىقىنى، سەھەردە ئۇنىڭ چوڭ بالىسى ئۆستەڭگە سۇغا چىقىپ بىر جەسەتنى كۆرگەنلىكىنى، ئادەم چاقىرىپ، ئۆستەڭگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا ئۆزىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر ھېلىقى كاناي بىلەن ئۆتۈكنى ئۇ سۇغا يىقىلغان ئۆستەڭنىڭ ياندۇما قېشىدا چېلىقتۇرۇپ، ئۆيىگە ئەكىرىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

بۇ ئىشلارغىمۇ خېلى يىللار بولدى. توختى لوزۇڭنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئورنىغا ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سېلىنىپ، تىجارەتچىلەرگە ئىجارىگە بېرىلدى. ھېلىقى كانايچىنىڭ جەسىتىنىڭ ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا تاشلىنىپ قېلىشىنى خالىماي كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، جەسىتى يۇيۇپ - تارىلىدىغان، يىغا - زارە قىلىنىدىغان جايىنى تاپقانلىقى ھەققىدىكى پاراڭلارمۇ خۇددى مۇشۇ بىنا سېلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە ئادەملەر ۋاژىلداپ تۇرىدىغان كونا بىر ئاشخانىنىڭ بارلىقىنى كىشىلەر ئۇنتۇپ كەتكەندەك بارا - بارا ئۇنتۇلدى. كۆچمە قۇمنىڭ قوغلىشى بىلەن نەچچە قېتىم يۆتكىلىپ ئاخىرى مۇشۇ يەرگە قارار تاپقان، بىر ئەسىردىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بۇ بازاردا ئىلگىرى ئۆتكەن بايلار، ئاڭگۇڭلار، مۆتىۋەرلەر، قىزىقچىلار،

www.uyghurkitap.com

مەدداھ - قىسسىچىلەر ھەققىدىكى پاراڭلارمۇ، زىيىنىغا سودا قىلىشنى خالىمىغان تىجارەتچى ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مىلىنى كەم سوراپ تۇرغان خېرىدارغا، بىر زامانلاردا ئىككى تەڭگىگە ئالغان نەرسىنى بىر تەڭگىگە سېتىپ نام چىقارغان سوپۇرگە ئاخۇن بىلەن، نېنىنى كىچىك يېقىپ كىشىلەر ئالمىغاچقا ئۆزى يېگەن، چوڭ يېقىپ ساتقىلى چىدىماي يەنىلا ئۆزى يېگەن ئىدىرىس ناۋاي دېگەن ئادەمنى شىپى كەلتۈرۈپ: «بۇ مالنى زىيىنىغا ساتاي دېسەم، مەن سوپۇرگە زىيانكەش ئەمەس، ساتماي دېسەم ئىدىرىس ناۋاي ئەمەس، نەرقىگە يېتىپ ئالسىلا» دەيدىغان گەپلەرمۇ، ۋاڭىلداپ سۆزلەيدىغان، «ئەيھاننا‌س» چاقىرىپ يۈرۈدىغان، ئاۋازى نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئاڭلىنىدىغان كالا ئۈستىخان، تۇغما ئەما تۇردىخان قارىم توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرمۇ، يېشى 100 گە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئەمدىلا رەسىدە بولغان قىزلارنىڭ شوخ كىيىمىنى كىيىپ، قىشۇ - ياز قاشلىق ئېتىپ، ۋالاقلاپ كۈلۈپ يۈرۈيدىغان پاسارخان دېگەن ئايالنى خۇي - پەيلى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان كىشىلەرگە تەمسىل قىلىپ، كۈلكە قىلىدىغان ئىشلارمۇ ئۇنتۇلدى.

ئوچاق ئەتراپىدا چوغنى چۇقچىلاپ ئولتۇرۇپ نەۋرە - چەۋرىلىرىگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىدىغان بوۋاي - مومايلار بۇ بازارنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا، تار كوچىلىق پاكار ئۆيلىرىدە ئاندا - ساندا بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئاڭلاشقا ھەپىلىشى بار بالىلار ئانچە قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئېلېكترونلۇق چالغۇ - ئويۇنچۇقلار بېسىپ كەتتى.

بازار تېخىمۇ كېڭەيدى. شۇنىڭغا يارىشا كېچىلىرى ئالا - يېشىل چىراغلار يېنىپ تۇرىدىغان بىنالار، ماشىنا، موتسىكلىتلار راسا ئاۋۇدى. بولۇپمۇ سانلىق رەقەملەردىن باشقىسىنى، ھەتتا زۆرۈرىيىتى كەلسە، ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشكە تەييار تۇرغان ئادەملەر كۆپىيىشكە، ھەمدە بىر چاغلاردا بۇ زېمىننىڭ ئۇزاق - قەدىمكى تارىخىنى سۆزلەپ، ئەجدادلارنىڭ روھىنى چىللاپ جەڭنامە، رىسالە، قىسسە - داستانلارنى ئېيتىپ يۈرىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر قەلەندەرلەرگە ئەسلا ئوخشىمايدىغان مۇتتەھەم - رودىپاي، مۇغەمبەر تىلەمچىلەر دوقمۇش - دوقمۇشلاردا يامراشقا باشلىدى. دېمەككىم، بۇ بازار مانا مۇشۇ ياراشقۇلىرى - بىنالىرى، ماشىنىلىرى ۋە ھېسسىياتى تاۋارلاشقان ئادەملىرى بىلەن ئاستا - ئاستا شەھەرلەرگە يېقىنلاشتى. ئىشقىلىپ، ھەممە نەرسە ئۆزگەردى.

بىر چاغلاردىكى موزدۇز گېنېرال، توختى لوزۇڭ يەنە ئاللىكىملەرنى ئەسلەيدىغان مەنمۇ ئۆزگەردىم. شۇڭا، ھازىر ئاتا - ئانامنىڭ ۋەيرانە كۆلبىسىدە - بىر چېتى چەكسىز كەتكەن سالا ئېتىزلارغا، يەنە بىر چېتى ۋارقىراش - جارقىراشلار، گۇركىرەشلەر ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بازارغا تۇتاشقان خانىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ مۇنداق بىر ھەقىقەتكە، يەنى بۇندىن كېيىن ئاشۇ ئېتىزلار - يېزا - قىشلاق تەرەپتىن بىر زاغرىنى پوتىسىغا تۈگۈپ بازارغا كىرگەن توپا چىراي مۆمىنلەرنىڭ بۇ بازارنىڭ خالىغان يېرىدە سورۇن تۈزۈپ جەڭنامە، تەزكىرىلەرنى سۆزلەۋاتقان ۋائىز - مەدداھ - قىسسىچىلەرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، تەسىرلىك ئىشلاردىن كۆز يېشى قىلىپ، كەچ كىرىپ قالغىنىنى، بۇ بازارغا نېمە مەقسەتتە كىرگىنىنى سەزمەي، ئاخىرى پوتىسىغا تۈگۈۋالغان نېمەتلىرىنى ئۇلارغا سەدىقە قىلدۇرۇپ، بۇ بازاردىن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىگە، زور پايدىغا ئېرىشكەندەك خۇشال، يېنىك ھالدا ئۆيلىرىگە قايتىپ، ئاڭلىغانلىرىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە سۆزلەپ، نەۋرىلەرگە ئۆگىتىپ ئۇلارنى كۆز يېشى قىلدۇرىدىغان، خۇشال قىلىدىغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ بۇ ماكاندا ئەمدى مەڭگۈ بولمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنمەكتىمەن.

## چۈش كۆپ بولسا، كېچە ئۇزۇن بولىدۇ

كۆڭلىشى بولمىغان مۇھەببەت - روھسىز تەنگە باراۋەر.

- كالدېرون

•

قاتتىق چۈشەكەپ ئويغىنىپ كەتتىم. يۈرىكىم خېلىدىن كېيىن ئۆز رېتىمىغا چۈشتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىۋات بېشىدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ تەرلىرىمنى سۈرتكەچ ھازىر كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەشكە باشلىدىم.

قازناق ئۆيىمىزدىكى ئۇن ئېلىنغان تاغار ئىچىدە مۈشۈكتەك يوغان ھەم سېمىز بىر چاشقان يۈگۈرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ. بىر قارىسام تولۇم چاشقانغا، بىر قارىسام قارىغۇ چاشقانغا ئوخشايدۇ. بۇرۇتلىرىنى تىنىمسىز لىكىلدىتىپ، كۆزلىرىنى ھەييارلىق بىلەن ئوينىتىپ ماڭا مەسخىرىلىك قارايدۇ. ئۇ، دەسسەيلا دەپ قالغان تاختا مۈشۈككە قاراپ، ئەمدى تۇتۇلىدىغان بولدۇڭ كاساپەت، دەپ تۇراتتىم، نەدىكىنى، بۇ مەخلۇق ئۆزىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىدىغان تاختا مۈشۈكتىن سەكرەپ ئۆتۈپ يەنە ئالدىمغا كەلدى. مەن قولۇمغا نەدىندۇر

چىقىپ قالغان يوغان بىر تاشنى زەرب بىلەن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتىم. ئۇ شۇئان كۆزۈمدىن غايىب بولۇپ، يەنە شۇنداق مەسخىرىلىك كەلپازدا پەيدا بولدى. ئاخىرى غەزىپىمنى باسالماي ۋارقىرىغان پېتى ئۇنىڭغا تاشلانغانىدىم، تامغا ئوسسۇۋېلىپ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي تۇۋلىغىنىمچە ئويغىنىپ كەتتىم.

لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان چېكەمنى ئاستا سىلىدىم. راستىنلا تامغا ئۇسكەن ئوخشايمەن، بۇ نېمە ئىش؟ ماڭا زادى قانداق كېسەل يۇققاندۇ؟ ھەر كېچىسى ئاجايىپ - غارايىب چۈشلەرنى كۆرىمەن. كۈندۈزى بۇنى ئويلاپ گاراڭ بولۇپ كېتىمەن. خېلى بىر يەرگىچە ئوقۇغان ئادەم تۇرۇقلۇق، بەزىدە ماڭا جىن چاپلاشقانمىكىن، دەپمۇ قالىمەن. لېكىن جىن دېگەن پوجاڭزىدىن، ھاراقتىن قورقىمىش. مانا بۈگۈن كەچتە خېلى ئوبدان ئىچىپ يېتىۋىدىمغۇ، بىر كېچە خاتىرجەم ئۇخلىۋالغان بولسامچۇ، كاشكى.

ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتتا بىر چاغلاردا ئانچە - مۇنچە ئارىلاشقان، ھازىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئاخشام ئىككىمىز رومكا سوقۇشتۇرۇپ، دوستلۇقىمىزنى قايتىدىن چىڭىتىۋالغان شوپۇر ئاغىنەم قاتتىق ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ، بىر خىزمەتدىشىمغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇدۇللا ئالدىغا بارالماي مېنى ئارىغا سېلىش ئۈچۈن، مەن يېزا خىزمىتىگە ئاجرىتىلغان مۇشۇ كەنتكە ئاتايىن ئىزدەپ كەلگەنىدى. كېلىشكىنىمىز بويىچە ئەتە سەھەردە يولغا چىقىپ ئۇنىڭ ئىشىنى توغرىلىشىپ بەرگەچ ئۆيگە بېرىپ كەلمەكچى ئىدىم.

بايام كۆرگەن چۈشۈمنى يەنە ئويلاشقا باشلىدىم. شۇئان ئايالىمنىڭ ئەر كىشى ئائىلىسىدىن ئايرىلغان مەزگىلدە ئۆز ئۆيىدە چاشقان يۈرگەنلىكىنى چۈشىسە، نېمە ئىش بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى گېپى ئېسىمگە كېلىپ، ئورنۇمدىن .چاچراپلا تۇرۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولغاندا بۇ چۈش، ئالدىنقى كېچىلەردە كۆرگەن ھەر قانداق چۈشتىن قورقۇنچلۇق ۋە قاباھەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قايسى كۈنى مۇئاۋىن كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا بىرسى لەتىپە سۆزلەپ، مۇشۇ كەنتلىك بىر دېھقاننىڭ سۇ ئامبىرىغا ھاشارغا بارغاندا، كېچىسى قازناق ئۆيىدە چاشقان يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چۈشۈگەنلىكى، ئويغىنىپلا چاچراپ تۇرۇپ ئېشىكىگە مىنىپ ئۆيىگە كەلگەنلىكى، راست دېگەندەك ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنى بىلەن بىر ئادەمنى «چاشقان» نى تۇتىۋالغانلىقى ۋە ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي ئۇ زىناخورنىڭ قولىقىنى كېسىۋەتكەنلىكىنى قىزىقارلىق ھېكايە قىلغان

ئەمەسمىدى. . . دەرھال ئۆيگە بېرىش كېرەك. . .

ئالدىراش كىيىنگەچ شوپۇرنى ئويغاتتىم. ئۇ خېلى تەستە غودۇڭشۇپ ئويغاندىيۇ، كۆزىنى ئېچىش بىلەن تەڭ چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈردى.

- يولغا چىقايلى.

- بەك بالدۇر ئەمەسمۇ. . . مەيلى، شۇنداق قىلىلى بولمىسا، - ئۇ، سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا قاراپ قويۇپ ئالدىراش كىيىندى.

سوترەڭلىك جىپ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، توپىلىق يولدا چاڭ توزۇتۇپ ئالغا يۈرۈپ كەتتى.

شوپۇر ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرى بىلەن يولنىڭ تۇزجايلىرىنى تاللاپ، رولنى بۇراپ كېتىپ بارىدۇ. مېنىڭ ئەس - يادىم بولسا، يەنىلا بايىقى قاغىشتەگكۈر چۈشتە. ئويلاۋېرىپ كۆڭلۈم تېخىمۇ غەشلىككە، گۇمانغا تولدى. يېقىندىن بېرى ھەر كېچىسى دېگۈدەك غەلىتە چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. مېڭەمدە بىرەر چاتاق بولسا كېرەك، دەپ دوختۇرغا كۆرۈندۈم، دورىمۇ ئىچتىم، ئۈنۈمى بولمىدى. كۈندۈزى خىزمەت بىلەن ئالدىراش ئۆتىمەن، كەچتە ياتاققا ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ، ئەمدىلا ئۇخلىشىم بىلەن چۈش كۆرۈشكە باشلايمەن. بۇ، ئەقلىدىن ئېزىشىنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىمۇ ۋە ياكى بىرەر يامانلىقنىڭ بېشارىتىمۇ، ھېچ بىلەلمىدىم. بۇنى نورماللىق دەي دېسەم، بايام ئېيتقىنىمدەك ھەر كېچىسى غەلىتە چۈش كۆرۈپ چىقىمەن. ئۆتكەن شەنبە كېچىسى چىشلىرىم پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كېتىپ چۈش كۆرۈپ، ئەتىسى ئۆيگە تېلېفون بېرىپ ئائىلىدىكىلەرنىڭ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىنى ئۇقۇپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشكەنىدى. يەكشەنبە كېچىسى ئېگىز بىر تۈپ دەرىخىمىزنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى چۈشەپ ئۆزۈمدىن ئەندىشە قىلىپ، دەريادىن ئۆتۈپ قوشنا كەنتكە بېرىپ تەجرىبە ئۆگىنىپ كېلىدىغان ئىشقا باشقىلارنى ئەۋەتتىم. تېخى بۈرناكۈن كېچە ئالدىنقى يىلى دۇنيا بويىچە مەشھۇر شەخس بولۇپ باھالانغان بىر سىياسىيئون بىلەن كېچىچە ئۇرۇشۇپ چىقتىم. كىم بىلسۇن، ئەتىسى بىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بىلەن تۇۋلىشىپ قالدىم. ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۇ ئاداش ئاخشام كەلگەن ۋاقتىتىلا يولغا چىقىپ، ئۆيگە بېرىپ كەلگەن بولسامۇ بولاتتى. تېلېفوندا ئىزدەپ قالسا، بۇ يەردە ياتمىغانلىقىم ئاشكارىلىنىپ يەنە قىزىرىشىپ قالماي دېدىم. ئەتىگەندە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بۇ ئاغىنە بىلەن بىرگە چىقىپ رۇخسەت سوراپ، ئاندىن بېرىپ كېلەرمەن دېگەنىدىم. ئەمما بايامقى

www.uyghurkitap.com

چۈش بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى.

نەچچە ۋاقىتتىن چۈشلىرىمنىڭ بىرى ئوڭغا، بىرى تەتۈرىسىگە، بىرى راستقا، بىرى يالغانغا مېڭىپ كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن چۈش ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئوقۇپ كۆردۈم. بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىرىدە، تولا چۈش كۆرۈش، ئەستە قالدۇرۇش ۋە نېرۋىنىڭ ساغلاملىقىنىڭ ئىپادىسى دەپتۇ. يەنە بىرىدە، چۈش كۆرۈش - بەدەن ئويغۇلۇق ھالەتتىمۇ نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ ئويغاق تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپتۇ. يەنە بەزىلىرىدە، چۈش بىلەن ھەر خىل كېسەللىكلەرنى باغلاپ چۈشەندۈرۈپ: ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ يەرگەچۈشەلمەي چۈش كۆرسە يۈرەكتە مەسىلە بارلىقىنىڭ، بېقىنىغا بىر نەرسە تېگىپ كېتىپ چۈش كۆرسە بۆرەكتە مەسىلە بارلىقىنىڭ. . . ئىپادىلىرى دەپتۇ. بۇ گەپلەرگە قارىغاندا مېڭەم دەرىجىدىن تاشقىرى ساغلام، ھۈجەيرىلىرىم ئويغاق، ئەمما بەدىنىمنىڭ باشقا يېرىدە يوشۇرۇن كېسەل بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدىم. يەنە تۇرۇپلا بۇ روھىي بېسىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، چۈش دېگەن ئۇيقۇنىڭ پوقى، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. بىراق ئارامسىز خىياللار ھەر كېچىسى مېڭەمنى قوچۇۋەرگەچكە، ئاخىرى «چۈش ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى تەبىر ۋە تەتقىقاتلار» دېگەن كىتابتىن بىرنى سېتىۋالدىم. ئۇنىڭدىمۇ چۈشىدىكى ئىشلار زادى راستمۇ ياكى يالغانمۇ، ئېنىق بىر نېمە دېمەپتۇ. يالغان ۋە راستلىق ھەققىدىكى ئۆزۈندىن - ئۆزۈن مۇلاھىزىلەردىن كېيىن قايسىبىر خىمىيە ئالىمىنىڭ مەلۇم بىر ماددىنىڭ مالېكولا تۈزۈلۈشىنى ئۇزۇن ۋاقىت تەتقىق قىلىپمۇ نەتىجىسىنى چىقىرالماي، كېيىن چۈشىدە ئايان بولغانلىقى، قايسىبىرىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن غايىب خەزىنىنى تېپىپ باي بولغانلىقى، يەنە كىملەرگىدۇر ئالدىن بولىدىغان ئىشلار ۋە خەتەرلەردىن بىشارەت بولغانلىقى. . . قاتارلىق ئىشلارنى سۆزلەپتۇ. ئوختاسىغا كېلىدىغان، پايدىسى كۆپ بولغان خەيرلىك چۈشلەرنى كۆرۈشمۇ كاتتا ياشاۋاتقان ئادەملەرگە نېسىپ بولسا كېرەك. مەن ساپلا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان چۈشلەرنى تولا كۆرگەچكىمۇ، ئوخشاش بولمىغان زامان، ماكاندا ياشىغان ئادەملەرنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز يېزىپ قالدۇرغان چۈش تەبىرنامىلىرىنىڭ ھەر ياڭزا چۈشلەرگە ماس كېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن.

خىزمىتىم ئالدىراش بولغاچقا خاتىرجەم ئۇخلاپ ئارام ئېلىپ، ئەتىسى مېخانىك ھالدا ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدىغان خىزمەتلەرنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ ئۆزۈمنىڭ، ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش، باشلىقلىرىمنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. شۇڭا روھ، چۈش، بەدەن ۋە رېئاللىق قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق مەندەك بىر بەندىگە ھەر كېچىسى چۈش كۆرۈش كۆڭۈل غەشلىكىدىن باشقا نەرسە ئاتا قىلمايدىكەن. ھېلىقى كىتابتا چۈش تەتقىق قىلىدىغان ماشىنىلار ۋە مەخسۇس تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى يېزىپتۇ. مېنىڭ مېڭەمگە كىرگەن چۈش ئاشۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ مېڭىسىگە كىرىپ، ماشىنىلىرىدا تۇرگە ئايرىلسا، تەتقىق قىلىنسا، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ كاتتا چۈشلەر بولۇپ قالسا بولماسمىدى؟

بۇ كەنتتە ئىشلىگەندىن بېرى خېلى چۈشىنىشىپ قالغان كەنتنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بۇ ھەقتىكى زارلىنىشىمنى ئاڭلاپ: «قەلەندەردىن پارچە نان تىلەپ يېسە ئوڭشىلارمىش» دېۋىدى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ ئاجايىپ مەنتىقىغە ھەيران قالدىم. ئۇ يەنە بۇ كەنتتە يىراق - يېقىنغا نامى تارالغان داڭلىق قەلەندەرلەردىن بىر نەچچىسى بارلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ھەتتا ناھىيە ئاتلاپ ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ماقۇل بولسام، كىمنىڭ يەيدىغانلىقىنى دېمەي نان ئەكەلدۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، سىلىقلىق بىلەن رەت قىلدىم. ئۇ، مېنى بۇنداق قىلىشتىن نومۇس قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى - دە، بىر - ئىككى قۇر كىيىم - كېچەكمنى سەدىقە قىلدۇرۇشۇمنى ھەمدە بۇ كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇشلۇق توختىخان پىرخون دەيدىغان داڭلىق چۈش تەبىرچىسى موماي بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشىمنى ئېيتتى. 112 ياشقا كىرگەن، 80 يېشىدا تۆكۈلۈپ كەتكەن چىشلىرى ھازىر قايتا چىقىشقا باشلىغان، كۆكۈن نەۋرىلىرىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە داخىل بولغان بۇ مومايىنى ئىزنىقىپ ئىزدەپ باردىم. داق سۆڭەك بولۇپ قالغان، ئىككى قولىنى يەرگە تىرەپ ئولتۇرغاندا، تىزى چوققىسىدىن ئېشىپ كېتىدىغان بۇ موماي ماڭا ئۆيىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تەكلىماكان جاڭگىلىدىن ھازىرلا ئېلىپ كېلىنگەن جېنى بار مومىيادەك تۇيغۇ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن يېرىم سائەتچە پاراڭلاشتىم. ئەمما چۈشۈم ھەققىدە بىر نېمە دېمىدىم. كېچىسى بۇ موماي بىلەن غەلىتە بىر شەھەردە بىرگە يۈرۈپ چۈش كۆردۈم.

ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتكەچكە، خىيالىممۇ بۇ كاتالڭ يولدا كېتىۋاتقان جىپ ماشىنا بىلەن بىرگە ئېگىز - پەس چايقالماقتا. يەنە شۇ مېڭەمنى كېرەكتىن چىقىراي دەپ قالغان كاساپەت

چۈشلەرنى، بولۇپمۇ بايام كۆرگەن چۈشۈمنى ئويلاۋاتىمەن. ئىشقىلىپ، بايامقىسىنى يالغان دېگىلىمۇ، راست دېگىلىمۇ بولمايدۇ. كاماندىروپكىغا چىقىپ كىرگەن ۋاقىتلىرىمدا خوتۇنۇم: «مانچە قېتىم قېتىمىق كېچىپ چۈش كۆردۈم. سىز ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز، ئۇ كىم؟» دەپ كاللامنى ئوچاق قىلىۋېتىدىغان. مانا ئەمدى مەن چاشقان چۈشۈدۈم، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ . . . كىتابپۇرۇچلار شاپىگرافتا باسقان «چۈش تەبىرى» دېگەن كىتابتا بىر خىل چۈشنى يامانلىقنىڭ، بالايى - ئاپەت، گۇناھى - كەبىرنىڭ، يەنە بىرىنى ياخشىلىق، بەخت - دۆلەتنىڭ ئالامىتى، دەپ چۈشەندۈرىدىكەن. مەن چۈشنىڭ ھەر قاندىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. ئىدارەمگە كېلىپ خىزمەتكە چۈشكەندە بەدىنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتمەي بولمايدۇ. بەلكىم ئۇ چاغدا ھەر كۈنى كەچتە ئائىلىمىزدىكى رەڭلىك تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كېچىسى رەڭلىك چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالامدىمەن تېخى . . . ھەممىسى يوق گەپ. بايامقى چۈش ھەممە ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

ماي يولغا چىقتۇق. شوپۇر سۈرئەتنى تېزلەتتى. مەن يەنە خىيالغا چۆمدۈم.

مەن خوتۇنۇمنىڭ خىزمەتتىكى ئىقتىدارىغا، ئائىلە ئىشلىرىدىكى ئەپچىللىكىگە قايىل ئىدىم، ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. ئەمدى قانداق قىلاي؟ بىر چۈش بىلەن ھەممىنى يوققا چىقىرىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ. لېكىن ھازىر ئۇنى باشقىدىن كۆڭۈل ئېكرانىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن ھەمدە بىر ئىش توغرىلىق پىكىر قىلساملا دائىم ئۇنىڭغا زىت پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى، كوتكوتلۇقى، شەپشەكلىكىگە قاراپ: «بىر خوتۇننىڭ ھېلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك» دېگەن گەپكە چىن پۈتۈۋاتىمەن. ئائىلىدە مېنىڭ ئورنۇم ئاساسمۇ ياكى ئۇنىڭكىمۇ، بىر نېمە دېمەك تەس. نېمىشقا دېسىڭىز، مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشمايدىغان كۈنى يوق. ئەتە - ئاخشاملىرى ئاغىنىلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولسام، چوقۇم بىرگە بېرىپ سورۇننىڭ ئاساسلىق پاراڭچىسى بولىۋالىدۇ. مەن دائىم ئۇنىڭغا، ئېرى بايدا ئوينىمىدۇ، سايرامدىمۇ، چاتىقى يوق، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، ئۆيگە كىرگەندە مېنىڭ ئېرىم دەپ يۈرىدىغان خوتۇنلارنى، ئەر كىشىنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى كەلسە داستىخاننى تەييارلاپ بېرىپ، بىر چەتتە جىمىمىدە ئولتۇرىدىغانلارنى، ئەل - ئاغىنىلىرى ئۆيىنى ئۆرۈۋېتەمدۇ، تويىدا دوغاپ ئېتىپ ئىچەمدۇ كارى بولمايدىغانلارنى ۋە بەزىدە ئېرى باشقا ئۆيدە ئىچىشىپ ئولتۇرسا، ئۆزى يەنە بىر ئۆيدە جايىنامازغا چىقىۋېلىپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغانلارنى مىسال كېلىپ دوق قىلىمەن. ئەمما بۇ خوتۇن ئۆزى تونۇمايدىغان ئەل - ئاغىنىلىرىم، ساۋاقداشلىرىم ئۆيىمىزگە تۇنجى قېتىم يوقلاپ كەلسىمۇ داستىخىنىمۇ، پارىڭىمۇ تەييار. بەزىدە تېخى چاقچاقتا ئەپ كەلتۈرەلمەي قالسام، مەن تەرەپتە تۇرۇپ قارشى تەرەپ بىلەن «دوئېل» غا چۈشىدۇ. بەلكىم مۇشۇنداق قىلسام ئېرىم خۇش بولىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئېشىكى ئالدىدا، توقۇمى كەينىدە بۇنداق لىڭگىر - تاقتاق ئەر - خوتۇنچىلىقنى كۆرگەن ئەل - ئاغىنىلەر: «بۇ خوتۇن ھەممىنى باشقۇرىدىكەن» دېمەمدۇ؟ خەپ، ئۆيگە بىر باراي، ئۆردىكى بىلەن غېزى ئېنىق ئايرىلمىدىغۇ بۇگۈن. بۇرۇن ھېچقانداق گۇمانىم يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ئانامنىڭ ماڭا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىگە ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتىم. «خوتۇنىڭغا ئىشەنگىچە، ئىشىكىنىڭ ئىلغۇچىغا ئىشەن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. ئىشقىلىپ، بايامقى چۈشنىڭ راست ياكى يالغانلىقى ئاشكارا بولىدۇغۇ ئاخىر.

ئايال كىشى دېگەنغۇ يارىتىلىشىدىنلا ئەگرى قوۋۇرغىدىن پۈتكەن نېمە[1]. ئۇنى بەك روستلايمەن دېسەڭ سۇندۇرۇۋالىسەن، ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسەڭ ئەگرىلىكنى قىلىدۇ. ئۆتكەندە «ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش سەنئىتى» دېگەن كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئىشخانىدا بىر كۈن كۆرۈپ، ئاياللارنىڭ ناچار ئىللەتلىرى كۆرسىتىلگەن جايلارنى سىزدىم. كەچتە ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ: «بۇ يەرنى ئوقۇپ باق، سەن قايسى خىلدىكى ئاياللارغا چۈشىدىكەنسەن؟» دەپ بەردىم. ئەتىسى كەچتە ئۇ بۇ كىتابنىڭ «ھەر خىل مىجەز - تېپتىكى ئەرلەر» ماۋزۇلۇق بەتلىرىنى ماڭا كۆرسىتىپ، قايسى مىجەز تېپىدىكى ئەر ئىكەنلىكىمنى سورىۋىدى، غۇززىدە ئاچچىقىم كەلدى. مەن بىرنى، ئۇ بىرنى دەپ ئاخىرى جېدەللىشىپ قالدۇق. جېدەل چىنىغا چىققاندا كەيپىياتىمغا قاراپ جىم بولىۋالدى. بىزنىڭ بىر قانچە يىلدىن بېرى ئېگىز - پەس بولۇپ قالغىنىمىز مۇشۇ ئىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئۇ ئاستا يېنىمغا كېلىپ: «ئۇ كىتابتا يەنە نۇرغۇن ئىشلار يېزىلماپتۇ. دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم بولمايدىغۇ» دېۋىدى يەنە جۇدۇنۇم ئۆرلىدى. تېلېۋىزورغا قارىغىنىمچە ئاچچىقىمنى يۇتۇپ ئولتۇردۇم. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بۇرۇن بىر ئەر - خوتۇن دائىم گەپ تالىشىپ قالاتتىكەن. ئايال

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئادەم ئاتىنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن ھاۋا ئانا يارىتىلغانمىش.

ئېرىگە پەقەت گەپ بەرمەيدىكەن. ئېرىنىڭ جۇدۇنى تازا ئۆرلىگەندە ئېغىزىنى بۇزىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەر خوتۇننى دۇمبالايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئايال بىر موللامنى ئىزدەپ بېرىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ. موللام بۇ ئايالنىڭ گېپىنى تەپسىلىي ئاڭلاپ بولۇپ، بىر تىلتۇمار پۈتۈپ بېرىپتۇ ۋە: «ئەرلىرىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە بۇ تىلتۇمارنى چىشلەپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالسىلا ئۇرالمايدۇ. بۇ چاغدا تىلتۇمار ئېغىزلىرىدىن چۈشۈپ كەتمىسۇن ھەم ئەرلىرى كۆرۈپ قالمىسۇن» دەپتۇ. ئايال موللامنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش قىلغانىكەن، راستتىنلا تاياق يېمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشتىن خۇشال بولۇپ، موللامغا ھەشقاللا ئېيتىپتۇ. ئاندىن بۇ تىلتۇمارغا قانداق خاسىيەتلىك ئايەت پۈتۈلگەنلىكىنى سورىغانىكەن، موللام: «ھازىر ئەرلىرىنىڭ مىجەزى قانداقراق؟» دەپ سوراپتۇ. ئايال: «مۇلايىملىشىپ، گەپ - سۆزلىرى يۇمشاپ قالدى» دەپتۇ. موللام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايالغا: «ئۇنداق بولسا ئەمدى بۇ تىلتۇمارنى ئاپىرىپ ئەرلىرىگە كۆرسەتسىلە بولىۋېرىدۇ، قانداق ئايەت پۈتۈلگەنلىكىنى شۇ كىشى ئۆزى ئوقۇسۇن» دەپتۇ. ئايال تىلتۇمارنى ئېرىگە كۆرسىتىپتۇ. ئېچىپ قارىسا ئۇنىڭ ئىچىدىن: «ئىنساننىڭ ئىناق - بىرگە ياشىشىنىڭ شەرتى - بىر - بىرىگە يول قويۇش، ئەپۇ قىلىش، بىرسىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە يەنە بىرسى سەۋرچان بولۇش» دەپ يېزىلغانىكەن. شۇڭا دائىم ئاچچىقىڭىز كەلگەندە ئۆزۈمنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ سىزگە يول قويىمەن» دەپ مېنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ . . . «خوتۇن دېگەننىڭ تېگى يات، چاپلىشىپ بولۇپلا نېرى يات» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. بايامقى چۈشكە ھازىرچە ئىشەنگىلىمۇ، ئىشەنمىگىلىمۇ بولمايدۇ.

«مىڭبىر كېچە» چۆچەكلىرىدە خوتۇن كىشىنىڭ ئالدامچىلىقىغا ئائىت ھېكايىلەر بەك تولا، ھازىرقى رېئاللىقمۇ شۇنداق. بۇ خوتۇنمۇ ئۇنداق ھېكايىلەرنى تولا سۆزلەيدۇ. كەچلىرى تېلېۋىزور ئالدىغا كەلسەم ياكى قولۇمغا ماتېرىيال ئالسام، زاھىتىنىڭ يەكتىكىنىڭ پېشىدە ئۇخلايدىغان مۈشۈكتەك مياڭلاپ يېنىمدا پەيدا بولىدۇ. قايسىبىر ئائىلە بىلەن يەنە بىر ئائىلىنىڭ غەيرىي مۇناسىۋىتى، ئالدىنقى قېتىم مەن ئاڭلىغان قايسىبىر ئىشنىڭ قانداق يوللار بىلەن ھەل بولغانلىقى، كىشىلەر نەزەرىدە دىيانەتلىك ھېسابلانغان، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان بىرىنىڭ يەنە بىر ئائىلىدىكى «ئاغىچا» خېنىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مەلۇم بىر ئىدارىدىكى نام - ئەمەلى، ئارقا تىرىكى شۆھرەتلىك بىر قىزنىڭ بۇ قېتىم نەچچىنچى بالىسىنى ئالدۇرۇۋەتكەنلىكىنى، كىملەرنىڭ قانداق يوللار بىلەن ئۆسۈش ئالدىدا تۇرغانلىقى. . . دەك ئىشلارنى سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانسېرى ھەيران بولىمەن. ئاغزىغا كەلگەننى دەۋاتقان بولسا كېرەك دەيمۇ ئويلايمەنۇ، كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى جارىستاندا رەسمىي ئاشكارا بولغاندا بولسا تېخىمۇ ھەيران بولىمەن.

جىپ گۈرۈلدەپ ئالغا تاشلانماقتا. مەن يەنە شۇ خىيال ئىچىدە ئولتۇرىمەن. يەنە شۇ چۈش، يەنە شۇ خوتۇن. . . گۇمان. . .

ئۇنى دۇرۇس ئايال، نەچچە يىلدىن بېرى ئالىكۆڭۈللۈككە ئائىت بىرەر ئىش سەزمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز خېلى مەزگىل كۆيۈپ - پىشىپ يۈرۈپ توي قىلغانغۇ دەيمەن. يەنە تۇرۇپلا بۇ پىكرىمنى ئىنكار قىلىمەن. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ. زاكىدىكى بالاڭمۇ ساڭا قارىغاندا قوۋۇ. ئىلگىرى بۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى بىر - بىرىگە تونۇشلۇق ئىدى. بىرەر ناشايان ئىش كۆرۈلسە ھەممىسى قاتتىق ئەيىبلەيتتى. يىراق - يېقىندا بولسۇن بىر كىم قازا قىلىپ كەتسە، ئەل - جامائەت نە - نەلەردىن ھازىغا كېلەتتى، يىغا - زارە قىلىشاتتى. تۈنەك، ناماز - نەزىرلىرى تاماسىز، غەرەزسىز بولاتتى. ھازىر داغدۇغا قانچىلىك چوڭ - ھەيۋەتلىك بولسا، ماشىنا، پۇل قانچە كۆپ بولسا ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدىغاندەك. . .

— ئۈنئالغۇنى قويۇپ بېرەيمۇ؟ ئۇيقۇڭىز ئېچىلىدۇ، — شوپۇرنىڭ گېپى بىلەن ئۆزۈمگە كېلىپ، ئۇنىڭ سوئالىغا ئۈندىمەي ئولتۇردۇم. «تىرىق» قىلغان ئاۋاز بىلەن مۇزىكا چىقىشقا باشلىدى:

بىرگە بولەيمۇ يارىمنى،
ئىككىگە بولەيمۇ يارىمنى.
شىشىدە ساندۇق ياساپ،
ساقلاپ سۆيەيمۇ يارىمنى.
. . . . . . . . . . . . . .

ناخشىنى ئاڭلاپ يەنە ئويلاشقا باشلىدىم. مەزمۇنى ئاجايىپ چوڭقۇر ناخشا — دە، بۇ. بىر يازغۇچى: «ئايال - ئەرنىڭ شەيتىنى، ئەر - ئايالنىڭ ئويۇنچۇقى» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقانىكەن. جىسمى بىر بولسىمۇ، نىيىتى زادى قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان شەيتاندەك يارلارنى شىشىدىن ساندۇق ياساپ، شۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ ساقلاپ سۆيسە سۆيگۈچىنىڭ كۆڭلىمۇ ئارام تاپارمىكىن. . . بىراق نەدىمۇ ئۇنداق قىلغىلى بولسۇن. بۇ دېگەن ناخشا — دە.

— بەك خامۇش كۆرۈنىسىز، مىجەزىڭىز

يوقمۇ نېمە؟ - دەپ سورىدى شوپۇر.

- ياقەي، بېشىم سەل ئاغرىۋاتىدۇ.

- تۈزۈك ئىچكىلى ئۇنىمىغانتىڭىز بولمىسا، ئۇخلىمىغاچقا ئاغرىۋاتقاندۇ، بىز غۇ كۆنۈپ كېتىپتۇق.

- . . .

- ھېلىقى زەرگەر، ئايالىم بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ يۈرۈيمىشقۇ، - دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

- مەنمۇ شۇنداقراق ئاڭلىغان، ئېنىق ئۇقمۇدۇم، - دېدىم مەن.

- ھەي. . . ئادەم دېگەننى. . .

شوپۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئالماشتۇردى.

ئۇ، بىزنىڭ ئوڭ تەرەپ زەرگەر قوشنىمىزنىڭ ئىشىنى سوراۋاتاتتى. بۇ قوشنىمىز يۇرت كېزىپ ھۈنەر قىلىمەن دەپ ئۆيدە ئانچە ئولتۇرمايتتى. ئايالى ئۆيدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۈچ بالىسىغا ئاش - تاماق ئېتىپ ئولتۇراتتى. بۇ يىل قىشتا بۇ قوشنىمىزنىڭ بىر ئاغىنىسى يېرىم كېچىدە ئولتۇرۇشتىن قايتىپ مېڭىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە كەيپى تۇتۇپ، موتىسىكلىتنى مىڭتەستە سۆرەپ، زەرگەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاران كېلىۋاپتۇ. ئىشىكنى بىر ھازا مۇشتىلىغاندىن كېيىن ئايال چىقىپ: «ئېرىم ئۆيدە يوق، سىلىنى بۇنداق چاغدا ئۆيگە ئەكىرەلمەيمەن» دەپ ئىشىكنى تاقىۋاپتۇ. ھېلىقى مەست بۇ ئايالدىن ئاغرىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئىشىك تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. تاڭ سۈزۈلەرگە يېقىن ئىشىك ئېچىلىپ ئۆي ئىچىدىن بىر ئەر چىقىپتۇ. مەست بۇ چاغدا يېشىلگەن بولسا كېرەك، ھېلىقى ئادەمنى تونۇۋېلىپ: «ئېرىم يوق، سىلىنى ئۆيگە كىرگۈزەلمەيمەن، دەۋاتاتتىڭغۇ، بۇ كىم؟» دەپ ئايالغا ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. زەرگەرنىڭ ئايالى مەستكە يېلىنىپتۇ. شۇ چاغدا ۋارقىراش - جارقىراش، گۈلدۈر - گۇلۇپ ئاۋازى بىلەن بىزمۇ ئۇ يەرگە چىققانىدۇق. كېيىن زەرگەر ئۇ خوتۇننى قويۇۋەتتى. يېقىندىن بېرى بۇ زەرگەر ھېلىقى مەست ئاغىنىسىدىن خاپا بولۇپ: «كىچىك ئىشنى يوغىناتتىۋەتتى، يۈزۈمنى تۆكتى. مەنمۇ سىرتتا نېمە ئىشلارنى قىلمايمەن. ئاجراشقۇم يوق ئىدى» دەپ يۈرگۈدەك. بۇمۇ كۆڭۈل، بۇمۇ ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش مەنتىقىسى. . .

خوتۇنۇم ئالدىنقى ھەپتە ئىدارىنىڭ ماشىنىسى مەن تۇرغان كەنتكە بارىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىمنى ۋە كىتابخانىدىن ئۈچ پارچە رومان سېتىۋېلىپ ئەۋەتىپتۇ. يەنە ياپقۇلۇق چىغ سېۋەتتە بىر سېۋەت خام چۆچۈرىمۇ ئەۋەتىپتۇ. ئېچىپ قارىسام چۆچۈرىنىڭ ئۈستىدە خەت تۇرىدۇ. ھەپتە - ئون كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەت ئەۋەتىپ يۈرگۈدەك يىراق جايدا بولمىسام، دەپ خەتنى ئاچتىم. باشتا بىر تالاي سېغىنىشلىرىنى، كۆڭۈل ئىزھارلىرىنى يېزىپتۇ، ئاخىرىدا: «قەدىرلىك ئۆمەر، ئەتە - ئاخشاملىرى بالىلار بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋاقتىڭىزغىمۇ ئاز قالدى. سىز بەكلا تاماق خىللايسىز، قايتىپ كەلگىچە ئاشقازان كېسىلى بولۇپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەيمەن. سىز ئەڭ ئامراق، ئىشتىھا بىلەن يەيدىغان ياڭاق چۆچۈرىسى تۈگۈپ، قورۇتۇپ، سېۋەتكە قاچىلاپ ئەۋەتتىم. قايناق سۇغا سېلىپ بىرلا قايناتسىڭىزلا پىشىدۇ، ئۈچ - تۆت قېتىم قورساق گوللارسىز. بۈگۈن كەچتە بىر قورساقلىق پىشۇرۇپ يەڭ. مەنمۇ كەچتە بالىلارغا ياڭاق چۆچۈرىسى ئېتىپ بېرىمەن. . .» دەپ يازغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە بىر قاچا چۆچۈرىنى كۆز يېشىم بىلەن قوشۇپ ئىچكەنىدىم. ئەمدى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىق بولۇپ چىقارمۇ؟ «ئەر ئۆز ئايالىنىڭ ئاشنىسىنى ھەممىدىن كېيىن بىلىدۇ» دېگەن بىر گەپ بار. بىر ئايالنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكىنى ھەممە ئادەم بىلگەن تەقدىردىمۇ ئېرى بىلمەيدۇ. مەنمۇ بەزى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئاشۇنداق ئىشلىرىنى سەزسەممۇ ئۇلارغا دېيەلمىگەنىدىمغۇ، بۇ مۇشۇنداق گەپ. مەنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئالدىنىپ يۈرەمدىمەن تېخى. ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىمدە ئۇ قېتىق ئىچىپ چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ خېلىغىچە مىشىلدىغانىدى ۋە كۈندىلىك خىزمەت خاتىرىسىنى كۆرسىتىپ «ئايال كىشى ئېرىنىڭ زالىملىقىنى كەچۈرىدۇ، ئەمما ئالا كۆڭۈللۈكىنى كەچۈرمەيدۇ» دېگەن جۈملىنى ئاشۇنداق چۈش كۆرگەن ھ قېتىمدا بىرەيەرگە يېزىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئالا كۆڭۈللۈكىنى مەن كەچۈرەرمەنمۇ؟ ئەمما ئۇ، ئۇنداق ئىش قىلمىسامۇ ئاشۇنداق چۈش كۆردۈم، دەپ ساراڭلىق قىلاتتى. ئەمدى مەن نېمە سەۋەبتىن چاشقان چۈشەيدىغاندىمەن؟ تەلىيىمگە بۈگۈن كېچە يېنىمدا شوپۇر بارئىكەن، بولمىسا مەڭگۈلۈك گۇمان - غەشلىك ئىچىدە قالاركەنمەن.

جىپ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كەلدى. شوپۇرغا ھېلىقى خىزمەتدىشىم بىلەن ئەتىگەندە كۆرۈشۈپ، ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مانا، ئىلگىرى جەننەتۇل رىزۋانىم ھېسابلانغان ئۆيگىمۇ يېتىپ كەلدىم. شوپۇرنى كوچا ئېغىزىدا يولغا سېلىۋېتىپ، كىرلەشكەن كىيىم - كېچەكلەر سېلىنغان سومكىنى كۆتۈرگىنىمچە ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. شۇ تاپتا بالىلارنىڭ تۇنجىسى چوڭ ئۆيدە

ئاتا - ئانام بىلەن بىرگە ئۇخلاۋاتىدىغاندۇ. كىچىكى بولسا سۈت ئۇيقۇسىدا. . .

ئەتراپ جىمجىت، ئاي قاراڭغۇسى ھەممە يەرگە يېيىلماقتا. دەرۋازىنى قانداق ئېچىش كېرەك؟ چەكسەم ھەرگىز بولمايدۇ. بىر تېپىپلا يىقىتۋېتەيمۇ يە؟ مۇمكىن ئەمەس. . . سومكىنى سۇ كىرىدىغان شورا ئېغىزىدىن تىقىپ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتىم، ئاندىن تامغا ياماشتىم. يۇلغۇن شاخلىرى، تىكەنلىك سىم قول - پۇتلىرىمنى تىلىۋەتتى. . . بىر چاغدا ھويلا ئىچىدە ئۆزۈمنى كۆردۈم. ئوتتۇرىدىكى ئۆينىڭ چىرىقى يېنىقلىق، ئىشىك ھەم ئېتىكلىك تۇرۇپتۇ. سەن چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ پەقەت ئۇخلىيالمايتتىڭمۇ؟ بالىنى ئىمىتىدىغان، تۇسىدىغان ئىش بولسىمۇ پىرژىكتىرنى ياندۇراتتىڭ. ئۆتكەن قېتىم كەلسەم ئەمچىكىڭنى بالىنىڭ ئېغىزىغا كەپلەپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىكەنسەن، بالا تىنالماي تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىكەن. كۈندۈزى مەكتەپتە ئالدىراش، كەچتە ئۆي ئىشلىرى بىلەن چارچاپ كەتكەندۇ، دەپ ئانامغا سېنى ئويغاتماسلىقنى جېكىلەپ بالا يەنە بىر ئىمىدىغان چاغقىچە بېشىڭدا قاراپ ئولتۇرغانىدىم. ئىسىت. ئىشىككە ئاستا يېقىنلاشتىم، ئىچكىرىدىن گۈدۈڭ - گۈدۈڭ ئاۋاز ئاڭلاندى. قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئۆزۈمگە كەلدىم. قانداق قىلاي؟ ئاھ، رەسۋاچىلىق، ئەتە كەينىمدىن تىلغا ئالغۇسىز ھاقارەتلىك سۆز - چۆچەكلەر تاراپ يۈزۈم چۈشىدۇ. ئەر ئەمەس، يەر بولىمەن.

ئاشخانا ئۆينىڭ ئالدىتام تۈۋىدە تۇرغان كىچىك پالتىنى ئالدىم. ئاۋۋال بۇ ئۆيگە كىرگەن ئادىمى «چاشقان» نى چانايمەن، ئاندىن كېيىن ئۇ ھازازۇلنى. . . دېرىزە تەرەپكە ئاستا سۈرۈلدۈم. بىراق دەرپەردە ئىچىدىكى ئېپلاسلىقلارنى كۆرۈشكە ئىمكان بولمىدى. تامغا باشتىن - ئاخىرلاتا تارتىش قايسى خۇمسا ئىجاد قىلغان مودىكىن؟

ئۆي ئىچىدىن يەنە ئەر كىشىنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ جىمىپ قالدى. پەس، خۇپىيانە، مەن ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان ئېپلاس ئاۋاز. ئىشىككە زەرپ بىلەن ئېتىلدىم. چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايالىم كارىۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ تامغا چاپلىشىپ قالدى. ئارقىدىن بالىلارنىڭ يىغا ئاۋازى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. خېلىدىن كېيىن ئۆزۈمگە كەلدىم. قارىسام پالتا يەردە تۇرۇپتۇ. خوتۇنۇم بىردىنلا كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ چالۋاقىغىنىچە بىلىكىمگە ئېسىلىپ، ئۇڭ - تەتۈر تۇۋلاپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغىلى تۇردى. قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۆي ئىچىگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدىم، ئۇ تەرەپتىكى كارىۋاتتا ئاپئاق ئەستەر ئۈستىدە يوتقان تورى يېيىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۈنئالغۇدىن بىر زامانلاردا بويتاقچىلىقتا قۇتراپ گىتارنى تىرىڭشىتىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇغان پەلپەتىش ناخشىلىرىم تولىمۇ پەس ئاۋازدا چىقىپ تۇرىدۇ. كارىۋاتنىڭ بۇ تەرىپىدە بالىلار يىغلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئايالىم بالىلارنىڭ يىغىسىنى پەس قىلغاچ سۆزلەشكە باشلىدى:

- دەرۋازىنى قانداق ئاچتىڭىز؟ بۇ پالتىنى كۆتۈرۈپ كىرگىنىڭىز نېمىسى؟ خۇدايا تۇۋا قىلدىم، يەنە قىلىق بولسا چىقىرىڭ ئەمدى. تۈن تەڭ بولغاندا قەيەردىن كېلىشىڭىز زادى؟ دەڭە، نەدىن كەلدىڭىز؟

- . . .

- تۈنۈگۈن يوتقان - كۆرپىلىرىڭىزنىڭ ئەستەر - تېگىنى يۇيۇپ قويغان. بۈگۈن ئەتىگەندە سىز بار كەنتكە ماشىنا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆكلەپ ئۈلگۈرتىمەن دەپ ئولتۇراتتىم. كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسام، بۇنچە ئالدىراپمۇ كەتمەيتتىم.

بالىلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكچى، ئۇلارنى ئەركىلەتمەكچى بولدۇمىيۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنداق قىلالمىدىم. ئايالىم چالا ئۇيقۇلۇق بالىلارنى پەپىلەپ ئۇخلاتتى.

- تۇرانقىز چوڭ ئۆيدە ئىدىغۇ؟ - دەپ سورىدىم مەن.

- ئاخشام ئانام ئېلىپ كىرىپتىكەن، - دېدى ئۇ خامۇش چىرايىمغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي يەنە سوئال سوراشقا باشلىدىم:

- تۈنۈگۈن قەيەردە بولدىڭىز؟

- قەيەردە بولاتتىم، ئالتە سائەت دەرس ئۆتتۈم. دەرستىن كېيىن يىغىن ئاچتى. كەچتە بالىلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ كىر يۇدۇم، شۇ.

- چۈشتىچۇ؟

- بىر سائەت تاماق ۋاقتىدا ھېرىپ - ئېچىپ چىقىپ بالىنى ئىمىتىپ بولۇپ يەنە مەكتەپكە كىردىم. كەچتە ئۆيگە يېرىم سائەت بۇرۇن چىقىپتىكەنمەن، تاماققا تەييارلىق قىلغاچ بالىنى ئۆزۈم باقتىم. بالا باقىدىغان ئايالنى ئىدارىڭىزغا چىقارتىۋېدىم، ئەتە ماشىنا بارىدىكەن دەپ كىردى. تاماقتىن كېيىن ئۆيىگە كەتتى.

- . . .

- قېنى، يەنە سورايدىغان سوئالىڭىز بارمۇ؟

ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئۈندىمەي ئولتۇردۇم. ئۇ، بويىنۇمغا ئېسىلىپ مىشىلداشقا باشلىدى:

- نېمانداق خۇي چىقىرىدىغانسىز ئەمدى،

ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز، نېمە؟

ئۇنىڭ يىغىسىنى پەس قىلىشقا نېمە ئۈچۈندۇر رايىم بارمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى ۋە:

— ئاخشام سائەتنى توغرىلاپ قويۇپ ياتقان. بىر ئۇخلا - ئۇخلىمايلا قىتىق ئىچىپ چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئويقۇم پەقەت كەلمىدى، يىغلىدىم، ئاندىن ئۇنىڭ ئالغۇنى ئەپچىقىپ سىز بىلەن مۇڭداشتىم. ئەمدى سىز...

— مەنمۇ بايام چاشقان چۈشەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپلا بۇ تەرەپكە ماڭغان.

— توۋا قىلدىم... راست شۇنداق چۈشىدىڭىزما؟

— ھەئە.

— بۇنىڭغا ئىشەندىڭىزما؟

— سىزچۇ، ھەر قېتىم سىرتقا چىقىپ كەلسەم، ئۇنى چۈشىدىم، بۇنى چۈشىدىم، دەپ كوتۇلداپ ئادەمنى ساراڭ قىلىۋېتەتتىڭىزغۇ.

— مەن چۈشكە ئەمەس سىزگە ئىشىنىمەن، ئەقىدە قىلىمەن. ئەمما نېمە ئۈچۈنكىن تاڭ، ھېچقانداق ئاساسىم بولمىسىمۇ كۆنچىلىكىم تۇتۇپ قالىدىكەن، چۈش كۆرىدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمىشە دېگۈدەك سىرتتا يۈرۈپ، بالىنى بېقىشىپ بەرمەيسىز. باشقىلاردەك ئىدارىدا ئىشلىسىڭىز بولمامدۇ سىزمۇ.

ئۈندىمەي ئولتۇردۇم. ئۇ، چىچىمنى قولى بىلەن تارىغاچ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— سىزنى ھازىرمۇ مېنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغاندۇ، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ماڭا بۇ ئەڭ چوڭ بەخت... ئەتىياز پەسلىدە ئادەمنىڭ بەدىنى ئاجىزلاپ مېڭىسىگە قۇرۇقلۇق يېتىپ قالىدۇ. خۇدايىم مېنى قىتىق ئىچكىلى، سىزنى پالتا بىلەن چاشقان ئۆلتۈرگىلى نېسىپ قىلماس، بۇنداق كۈندىن ئۆلۈم ياخشى ئەمەسمۇ، - دېدى - دە، تېخىمۇ قاتتىق بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ئەتىگەنلىك ناشتىدا يەنە ياڭاق چۆچۈرىسى ئىچىپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرمەكتىمەن. كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن چۈش تەبىرنامىلىرىدىكى چاشقان ۋە قىتىق ھەققىدىكى گەپلەر راستىمدۇ؟ ئۆمۈر بويىچە ئۆز جۇپتىگە «چاشقان» يولاتماي، «قىتىق» ئىچۈرمەي ياشىغان ئادەملەر، ئائىلىلەردىن قانچىسى باردۇ؟ ئەگەر «چاشقان»، «قىتىق» ھەققىدىكى بۇ تەبىرلەر خاتا بولسا، غېرىب تاغ مەلىكىسى بىلەن ئۇچراشقاندا سەنەم قىتىق چۈشەپ، ئابدۇللا شائىرى ئۆز مەقسىتىگە يېتەي دېگەندە غېرىب چاشقان چۈشەپ قېلىپ، كېيىن ئۇلار مۇرادىغا يەتكەن كۈنلەردە بۇ گۇمانلىرىنى دېيىشىپ، ئۆزىدىن كېيىن ئۆتكەنلەر بۇنداق چاغلاردا تېخىمۇ دىققەت قىلسۇن، ئېھتىياتچان بولسۇن دېگەن مەقسەتتە ئوردىدىكى سالنامىچى، پالنامىچى، تەبىرچىلەرگە «قىتىق»، «چاشقان» ھەققىدىكى بۇ تەبىرلەرنى يازدۇرۇپ قويغان ھەم بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك.

ئىشقا مېڭىش ئالدىدا ئايالىمنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى. چۈنكى مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئېرىپ، ئېچىلىپ كەتكەنىدى. نېمە ئامال؟ ئۆمۈر بويىچە ئاياللار بىلەن بىرگە بولۇپ باقمىغان نېتزى: «ئەگەر سەن ئاياللارنىڭ قېشىغا بارماقچى بولساڭ، قامچاڭنى بىرگە ئېلىپ بېرىشنى ئۇنتۇما» دەپتىكەندۇق. مەن بۇ پېشۋانىڭ قارىشىغا قايىل. ئەمما مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادا بەزىدە سەۋەبسىزلا ساراڭلىقى تۇتۇپ، ئادەمگە قامچىنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئايالىمدىنمۇ سۆيۈملۈك، كۆيۈملۈك ئادىمىم يوقلۇقىنى ئويلىسىلا مىژژىدە ئېرىپ كېتىمەن. شۇنداقتىمۇ مەن ھېلىقى چۈشنى ئۇنتۇيالمىغۇدەكمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى سەزگۈم ۋە تەبىرى ئېنىق بولمىغان، ئىشەنگىلىمۇ، ئىشەنمىگىلىمۇ بولمايدىغان، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان چۈشلىرىمگە قاراپ، كېچە ئۇزۇن بولسا چۈش كۆپ بولىدۇ، دەپ ئەمەس، ئەكسىچە، ئادەمدە بولىدىغان روھ، مۇھەببەت خاھىشى بويىچە، چۈش كۆپ بولسا كېچە ئۇزۇن بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. رېئاللىقتىكى نۇرغۇن ئىشلارغا دەل تەبىر بەرگىلى بولمىغان يەردە، بۇ ئۇنتۇيالمىغان چۈشلىرىمگە تەبىر تاپالمىغانلىقىمغا ئۆكۈنۈپمۇ كەتمەيمەن.

ناۋادا سىز ئاشۇنداق چۈشلەرنى تولا كۆرۈپمۇ يەنە ئاسانلا ئۇنتۇپ كەتسىڭىز، روھىڭىزنىڭ خوراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلامسىز ياكى ئويقۇڭىز بەك ياخشىمۇ؟

---

ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

(M1)

ماشىنىستلار: ماشىنكىدا: ئارزۇگۈل ئېلى، كومپيۇتېردا: تۇرسۇنئاي يۇسۇپ (تەكلىپ قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# چىلان توپراق

(ھېكايە)

ياسىنجان سادىق

بوۋاي جىگدە چاتمىقىدىن ياسىۋالغان، تولا ئۇتقانلىقتىن پارقىراپ كەتكەن ھاسىسىنى تايانمايلا ئىككى قولى بىلەن بىللە كەينىگە تۇتۇپ، ھويلىنىڭ كەينىدىكى ئۇنىبېتىم يىراقلىقتىكى قۇم دۆڭگە قاراپ شىپىرلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ، 80 ياشتىن ھالقىغان بىلەن شۇنچە تىمەن، مەزمۇت، ئىشتىيى بەلەن، ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدۇ. ئۇنىڭ قولىغا ئاشۇ جىگدە ھاسىسىنى ئېلىۋالغىنىغا ئون يىلدىن ئاشتى، لېكىن بىر قېتىممۇ تايىنىپ يول ماڭغان يېرى يوق. يول ماڭسا ھاسىسىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ، لېكىن ئۇنى يا قولتۇقىغا قىسىدۇ، يا ئىككى قولى بىلەن كەينىگە تۇتقىنىچە ئېگىز، بەستلىك كەلگەن گەۋدىسىنى سەل ئالدىغا ئېگىپ مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئايىغى ياشلارنىڭكىدەك چاققان، قىرانلارنىڭكىدەك مەزمۇت. «ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىدىن ھالقىغاندا، مېۋىلىك دەرەخنىڭ بىرەر تال شېخىدىن ھاسا ياساپ ئېلىۋېلىش پەرز، ئۇنىڭ ساۋابى بەك چوڭ» دەيدۇ بوۋاي.

تېرەك بويى ئېگىزلىكتىكى بۇ قۇم دۆڭگە بوۋاي ھەر كۈنى قوزا چۈش بىلەن بىر قېتىم چىقىپ خىيال سۈرىدۇ. ئېگىزدە تۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلايدۇ. دۆڭمەھەللە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بەش قولدەك ئايان بولىدۇ. دۆڭمەھەللە ئادەم تېرىسا ئۈنگۈدەك چىلان توپراقلىق ئېكىنزارلىقمۇ، قۇملۇق - قۇمۇشلۇقمۇ، سازلىق - زەيلىكمۇ ۋە بۈك - باراقسان باغ - ئورمانلارمۇ بار بىر چىرايلىق كەنت. بوۋاي مۇشۇ كەنتتىكى چوڭلاردىن بىرى. بوي - بەست دېسە بار، تولۇق ئاقىرىپ كەتمىگەن ساقىلىنى بولۇشىغا قويۇۋەتمەي يارىشىملىق قىلىپ ياسىتىۋالغان، ئويۇن - چاقچاق، ناخشا - سازغا ئامراق، ئۆز سۆزلۈك بۇ بوۋاينى يالغۇز ئۆز جەمەتىدىكى بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرىلا ئەمەس، پۈتۈن دۆڭمەھەللىلىكلەر ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ، تەپتارتىدۇ. بوۋاينىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتى دۆڭمەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىدىن قېلىشمايدۇ.

بوۋاي ئايىغى ئاستىدا سۇدەك ئېقىۋاتقان قۇملارنى ئوشۇقىغىچە كەچكىنىچە ئاياغلىرىنى چاپسان - چاپسان يۆتكەپ بىردەمدىلا قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولدى. ئۇ، بىر ئاز ھاسىراپ قالغان بولۇپ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى. چېكە - پېشانىسىدا پەيدا بولغان چېكىم - چېكىم تەر تامچىلىرىنى ئاق يەكتىكىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان تاۋار بەلبېغى بىلەن سۈرتتى. قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك سۈرلۈك كۆزلىرى

مەلىمۇ ئۆتكۈر ئىدى. دۆڭمەھەللىلىكلەر ئورما ئورۇۋاتقان بولۇپ، ئېتىزغا تورغاي چۈچۈلىماستا چىققان ئورمىچىلارنىڭ بىر قىسمى ئورغاقلىرىنى بەلباغلىرىغا قىستۇرۇشقىنىچە ئۆيلىرىگە يېنىشقانىدى. يەنە بىر قىسىملىرى ئورما ئورۇۋاتاتتى. كىمدۇر بىرسى بوۋاينى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئورما ناخشىسىنى باشلىدى. بوۋاينىڭ قۇلىقىغا ناخشىنىڭ ئاھاڭىمۇ، ناخشىچىنىڭ ئاۋازىمۇ ياقمىدى. «شۇمۇ ئورما ناخشىسى بولدىمۇ؟ - دەپ غودۇڭشىدى بوۋاي، - ئۆز ۋاقتىدا بىز ئورما ناخشىسىنى قانداق توۋلايتتۇق - ھە! يال - يال كۆيۈك ئاپتاپتىمۇ ناخشىمىزنىڭ كارامىتى بىلەن قىز - چوكانلار ئۇسسىغىنىنى، ئاچقىنىنى، ھارغىنىنى بىلمەي ئورما ئورۇيتتى. بىر كۈندە ئۈچ موبەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ بولاتتۇق. ناخشىمىز پۈتۈن دۆڭمەھەللىنى چاڭ كەلتۈرەتتى. قىلغىلى ئىش، ئوينىغىلى ئويۇن توشمايتتى. ھازىرقى ياش بالىلا بېلىگە مۇشتلاپ بىر كۈندە تۆت پۇڭ يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئاران ئورۇيدۇ. ئەتىگىنى سەھەرقوپمايدۇ، كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلەپ بولغىچە بىشىمىز قىزىپ كەتتى، دەپ ئېتىزدىن ئۆيگە يۈگرەيدۇ. ئۇلار بىلى بوش، لايغەزەل چوڭ بولۇپ قالدى. ناخشا توۋلاشلىرىچۇ تېخى، بىرسوللۇق بۇغداينى ئورۇپ بولغىچە كاركىراپ قالىدۇ. يا ئاۋازى ئەركىشىنىڭكىدەك چىقمىغان، يا ئوقۇغان ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى قۇلاققا ياقمىغان. ئەمدى بۇزۇلمىغان مۇشۇ ئورما ناخشىلىرىمۇ قالمىغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىسا تومۇزدىمۇ يۈرەككە خۇددى دوغاپ ئىچكەندەك گۈلۈپ - گۈلۈپ تېگىدىغان ئورما ناخشىلىرى، ناخشىچىلارمۇ قالماپتۇ...»

بوۋاي ئىختىيارسىز ئۆزى ناخشا توۋلاشقا باشلىدى:

ئورما ئورۇسەن كۈندە،
تالمامدۇ بىلەكلىرىڭ.
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلىرىڭ.

ئورمىنى تولا ئورۇپ،
بىلەكىمىڭ تالدىمۇ يارىم.
..........

بوۋاي ھاسىسىنى قۇمغا سانجىپ قويۇپ، تۇرغان جايىدىلا ئولتۇردى. قۇم خېلىلا قىزىغانىدى. شوخ، لەرزان ئورما ناخشىسى، يۇمشاق، قىزىق قۇم بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ تاتلىق، كۈچلۈك بىر ئۇسسەكنى قوزغاپ قويدى. بوۋاي ھاياجانلاندى، ۋۇجۇدى جۇغۇلدىدى، بىرىبەرلىرى قىمىرلىدى، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقتى، تامغاقلىرى قۇرۇشقا باشلىدى. بوۋاي ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. قىزىق، يۇمشاق قۇمغا مەيدىسىنى ئەسەبىيلىك بىلەن ياقتى، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى قۇمغا مەھكەم كىرىشىپ كەتكەنىدى.

- ناۋاتخان... ئاھ، ناۋىتىم. نېمىشقىمۇ مېنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈڭ بۇرۇن كېتىۋالغان بولغىيدىڭ. قەدىرىڭگە يەتمىگەن، كۆڭلۈڭنى ئالالمىغان يەرلىرىم يوق ئىدىغۇ مېنى بۇنچە دەرد - ئازابلارغا تاشلاپ قويۇپ كەتمىسەڭمۇ. 14 ياشلىق قىز چېغىڭدىكىدەك چېكەمگە گۈل قىلىپ قىسىپ كەلگەنىدىڭغۇ سېنى...

* * *

بوۋاي قۇم دۆڭىدىن چۈشۈپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە ئوتتۇرانچى ئوغلى، كېلىنى، نەۋرە ئوغلى، نەۋرە كېلىنى پېشايۋان ئاستىدا تاماق يەپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بوۋاينى كۆرۈپ قولىدىكى قاچىنى يەرگە قويۇشتى. بوۋاي نېمىشقىدۇر خىيىلىنىپ قالغان بولۇپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، قويۇق ساقال باسقان چىرايى تېخىمۇ بەك قورۇلۇپ كەتكەنىدى.

- نېمە ئېغىر بوي خوتۇنىدەك سەت ئولتۇرىسەن، - دېدى بوۋاي داق يەردىلا چاتىرقىنى كېرىپ ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىۋاتقان نەۋرە ئوغلىنىڭ پاقالچىكىگە ھاسىسى بىلەن تارسىدە بىرنى سېلىپ.

يىگىت تاياق زەربىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ ھامانلا شىمىنىڭ كاسىسىدىن پۇرقىراپ چۈشكەن توپىلار قاچىدىكى يېرىمىنى ئىچىپ بولغان ئاشقا چۈشتى. ئۇ، بوۋايغا يەر تېگىدىن بىرنى ئالىيىۋېتىپ، ئاشنى ئىچىش ئۈچۈن قاچىنى قولىغا ئالدى.

- ۋۇ، ھايۋان، ئىبىت سېنىڭ ياشلىقىڭ، - دېدى بوۋاي نەۋرىسىگە ھاسىسىنى شىلتىپ، - ياش بولغاندىكىن ئېتىزدىن كىرىپلا يۈت - قولۇڭنى پاكىزە يۇيۇپ، كۆرپىگە چىقىپ، داستىخاندا قويۇپ ئىچسەڭ بولمامدۇ ئاشنى توپىغا بۇلاپ ئىچكىچە. ھايۋان جىنىدىمۇ يېمىلىكلەرنى سەندىن پاكىزراق يەيدۇ. لامزەللە - ئەبگالىقىڭدىن خوتۇنىڭمۇ ھۆرمىتىڭنى قىلمايدۇ سەن گۈيىنىڭ. ۋۇ، ئادەم ئىسكەتى يوق قوڭالتاق.

بوۋاي ئەمدى ئوغلىغا يۈزلەندى:

- ھە، بۇغدايلارنى ئورۇپ بولدۇڭلىمۇ؟

- ئاز قالدى.

- ھېلىقى يەرنىڭ ئەنجىسىنى خامانغا توشۇپ بولۇشتۇڭلىمۇ يا؟

- تېخى ئۇ يەردىكى بۇغدايغا ئورغاق سالمىدۇق.

- ئورغاق سالمىدۇق؟ - بوۋاي ئوغلىغا نارازىلىق بىلەن چەكچەيدى، - مەن ساڭا ئاۋۋال ئاشۇ يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇڭلار، دېمىگەنمىدىم.

- سىزغۇ شۇنداق دېگەن، دادا. لېكىن، - ئوغۇل بوۋايغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، - ئۇ بۇغدايلىقنىڭ ئورنى چەتتىرەك، ھازىر ئورۇۋاتقان بۇغدايلىق كەنت بويىچە بىرتۇتاش قوناق تېرىشقا پىلانلانغان ئويماتنىڭ ئىچىدە. شۇڭا، ئاۋۋال ئاشۇ ئېتىزلىقنى بىكارلاپ، قوناق تېرىشقا بىر تۇتاش تەييارلىمىساق يېزا باشلىقى...

- ھە، گەپ قىلە، يېزا باشلىقى قانداق قىلىدۇ؟

- شۇ... شۇ... يېزىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا تەسىر يېتىدۇ.

- بولدى، كوتۇلدىما. سىكرىتارلىقىڭنى ئەزالىرىڭغا بېرىپ قىل. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش پىلانىمىش

www.uyghurkitap.com

تېخى. ھوي، ھەر قايسىڭنىڭ بىرتوتاش قىلمايدىغان نىمە ئىشىڭ بار زادى. بىرتوتاش يەر ئاغدۇرۇش، بىرتوتاش ئۇغۇت چېچىش، بىر توتاش كۆنجىرە سېلىش، بىر توتاش يالتىراق يېپىش، بىر توتاش ئورۇق سېلىش، بىر توتاش قوناق تېرىش، بىر توتاش كېۋەز تېرىش، بىر توتاش دېھقانچىلىق دورىسى چېچىش. يېزا باشلىقى خوتۇنىڭلارنىڭ قۇچىقىغىمۇ بىر توتاش كىرىڭلار، دەيدىغان ئوخشىمامدۇ ھەر قايسىڭغا. ھەممە ئىشنى بىر توتاش قىلىمىز، دەپ دېھقانلارنىڭ قۇيرۇقىغا پالاقلاپ كىرىۋالمىساڭمۇ، دېھقانچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ دېھقان خەق دېگەن.

— يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاشۇنداق. ئۇنداق قىلمىساق...

— تىلىڭنى چاينىماي ئوچۇقبالىدەك گەپ قىلە بالام. ماقۇل، دېھقانلارنىڭ ئاشۇنداق قارا مۇشۇكلىرىڭ بىلەن، يالغان - ياۋىداقلىرىڭ بىلەن ئالدا. ئەمدى ماڭىمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنى پەش قىلماسەن، بالام. ھەر قايسىڭنىڭ بىر توتاش دەۋالغان ھىيلەڭنى دۆڭمەھەللىدە كىم بىلمەيدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر توتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى، دەپ قويۇپ ئورۇقلۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، يالتىراق، دېھقانچىلىق دورىسى، كۆنجىرىلەرنى ئەرزان باھادا يۆتكەپ كېلىپ، دېھقانلارغا قىممەت باھادا بىر توتاش تاڭىسىلەر. سىلەرنىڭ بىر توتاش تەمىنلىگەن بىر قاپ ئوغۇتۇڭلار 120 كوي، دېھقانلار شەھەرگە كىرىپ سېتىۋالسا 80 كوي. تېخى ئۇلارنىڭ شەھەردىن مىڭبىر جاپادا ئەرزان باھادا سېتىۋالغان ئوغۇتلىرىنى جا - ساختا مال دەپ يەرگە چاچقىلى قويمايسىلەر. بىر توتاش تەمىنلىگەن ئوغۇتنى ئىشلىتىشقا زورلايسىلەر. ماقۇل، ئوغۇتقۇ زاۋۇتتىن چىققان نەرسە، ئۇنىڭ راست ياكى ساختىلىقىنى ئايرىماق تەس. لېكىن، دېھقانلار سىلەر يۆتكەپ، بىر توتاش تەمىنلىگەن قىممەت باھالىق كۆنجىرىنى ئالماي، ئۆزلىرى شەھەردىن ئەرزان باھالىق كۆنجىرىنى سېتىۋېلىپ ئەپچىقسا، ئىزا تارتماي ئاشۇ كۆنجىرىنىمۇ جا دەپ يەرگە چاچقىلى قويمىدىڭلارغۇ. سېنىمۇ خېلى جىك ئوچۇقبالا بولدى، مېنى دورىدى، ئىزىمنى باستى، دەپ سۆيۈنگەنتىم. ھوقۇق تۇتۇۋېدىڭ، سەنمۇ جالىشىپ يالغان گەپ قىلىدىغان، تونامى يوق ئادەم بوپ قالدىڭ.

بوۋاي بىر ئېغىز جاۋاب قايتۇرماي، يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئوغلىغا شۇنداقلا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ نېمە، سەل يۇمشىدى. ئەيىبلەشلىرىنى توختاتتى:

— ئۇ بىر توتاش قوناق تېرىيدىغان يېرىڭدىكى بوغدىيىڭنى قاچان ئورۇساڭ ئورۇۋال. ھازىر مەنمۇ قولۇمغا ئورغاق ئالمەن. ھېلىقى يەردىكى بوغداينى ئاۋۋال ئورۇيمىز. ئەڭ ئاۋۋال شۇ بوغداينىڭ ئەنجىسىنى خامانغا توشۇپ، تېپىپ چەشلىۋالمىساق بولمايدۇ.

ئوغۇل بوۋاينىڭ پىكرىگە قارشى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ، دادىسىنىڭ گەپ چىشلىمەيدىغانلىقىنى، قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ھېلىقى يەر - چوڭلۇقى تۆت مو كېلىدىغان بىر پارچە تېرىلغۇ يەر. بوۋاينىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، بولغانمىغان بىر پارچە چىلان توپراق زېمىن. خىمىيىۋى ئوغۇت دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىشكە ئومۇملاشقاندىن تارتىپ بوۋاي ئوغلى بىلەن ئورغۇن قېتىم دەتالاش قىلىپ، دۆڭمەھەللىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ بىر پارچە يەرنى مەخسۇس ئىگىلىگەندى. ئۇ، بۇ يەرگە بىر قېتىممۇ خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەتمەي قوتاندىكى كۆنجۈرىدەك بولۇپ كەتكەن قوي قىغلىرىنى تۆكتۈرەتتى. بۇ يەرنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى خىمىيىۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان زىرائەتلەردىن قېلىشمايتتى. «زاۋۇت ئوغۇتى سېلىپ تېرىغان يەرنىڭ ئاشلىقى بەك ئوخشىغاندەك قىلغان بىلەن ئادەمگە پايدا قىلمايدۇ، پاچاقتا ماغدۇر بولمايدۇ» دەپ تورۇۋالاتتى بوۋاي گەرچە بۇ قاراشلىرىنى بىرەر ئىلمىي ئاساس بىلەن ئىسپاتلىيالمىسىمۇ ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىپ.

ئۇ، بۇ بىر پارچە يەرگە كۈزدە بوغداي تېرىغاندىن تارتىپ، يازدا بوغداينى ئورۇپ، خامانغا ئاپىرىپ، دېنىنى ئايرىۋالغىچە ۋە بوغداينىڭ ئورنىغا قوناق تېرىپ، كۈزدە يەنە بوغداي تېرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تېرىش، ئورۇش، خامان ئېلىش قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ئۈستىدە ئۆزى تۇراتتى. بۇ ئېتىزدىن چىققان ئاشلىقلارغا خىمىيىۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان ئاشلىقلاردىن بىرتالمۇ دان ئارىلاشتۇرمايتتى. توگمەنگە ئاپىرىپ ئايرىم ئۇن تارتاتتى. خىمىيىۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان ئاشلىقلارنى يېيىشكە رۇخسەت قىلمايتتى.

— سەن سېكرېتار بولغاندىكىن ئەزالارغا ئېيتقىن. زاۋۇت ئوغۇتىنى جىق ئىشلەتمىسۇن. ئۇلاغ قىغىنى يەرگە جىقراق قويسۇن. ئۇلاغ قىغى دېگەن يەرنىڭ ئوزۇقى. ئۇلاغ قىغى يەرنى كۆچلەندۈرىدۇ، قۇۋۋەت بولىدۇ، — دەيتتى بوۋاي ئوغلىغا پات - پات تاپىلاپ، — ھازىر دېھقانلار يەرگە پەقەتلا ئۇلاغ - ئىلمەكنىڭ قىغىنى قويمايدىغان بولىۋاپتۇ. زاۋۇت ئوغۇتىنى سېلىۋەرسە، ھازىر ئاش ئوخشىغاندەك قىلغان بىلەن، كېيىن يەر بۇزۇلىدۇ، زاۋۇت ئوغۇتىمۇ پايدا قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، يەردىن ئاش چىقمايدۇ. زاۋۇت ئوغۇتى سېلىپ تېرىغان ئاشلىقنى يەپ چوڭ بولغان باللارغا قاراپ باق. ئۇلارنىڭ بوي - بەستى ئاتا - بوۋىلارنىڭ بوي - بەستىگە پەقەتلا تارتمايۋاتىدۇ. تېنى يېگىلەپ، قورۇلۇپ كەتتى. بىر قاچا ئاشنى تۈگىتىپ ئىچەلمەيدىغان، بىر كەتمەننى تارتىپ چاپالمايدىغان، بىر خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى ياش باللار 18 - 20 ياشقا كىرىپ بولغۇچە بوي دېسە چىناردەك، كۈچ دېسە بۇقىدەك بولۇپ چوڭ بولاتتى. تۆت خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن گەپ يوق چىقالايتتى. ھازىرقى ئوغۇل باللار خوتۇنى بىلەن ئەينەك تالىشىدىغان، بىر قاچا ئاشنى بىر سائەتتە يەيدىغان، كىيىم - كېچەكنى تار كىيىپ، خېنىمدەك چامداپ ماڭىدىغان، ئولتۇرغان يەردە ھەپتە ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. تومۇردا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قېنى سۇسلاپ كەتتى. كىيىمگە

ئامراق، كەتمەنگە بوش، ئاشقا ئامراق، خوتۇنغا بوش چىقىپ قالدى. يالغان بولسا ئوغلۇمنىڭ تۇرقىغىمۇ ئوبدانراق قاراپ باق، چىرايى بىزنى تارتقان بىلەن، بوي - بەستى بىزنى تارتمىدى. 25 ياشتىن ئاشقىنى بىلەن ئېڭەك - مەيدىسىدە تۈزۈك ئەركەك تۈكى يوق، كىملەرنى دوراۋاتىدىكىنتاڭ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، چىرايىغا، تۇرقىغا قاراپ ماۋۇ مېنىڭ نەسلىمكەن دەپ ئايرىۋالماق، پەرق ئەتمەكمۇ تەس ئوخشايدۇ. ئۇلار ئەر كىشىگە ئوخشىمايدىغان، يالغانچى، قىلغان ئىش - ئوقەتلىرى ساختا بولۇپ كەتتى. باشقىلىرىغۇ كەتتى - بادى. لېكىن تۇپراققا، يەرگە جالىق قىلساق بولمايتتى. بىز يەرگە قانچىلىك تەر تۆكسەك، مېھنەت قىلساق يەر ئەجرىمىزنى شۇنچىلىك قايتۇرىدۇ. بەدىنىمىزگە قۇۋۋەت بولغۇدەك نېمەتلەرنى بېرىدۇ. يەرگە كەتمەن چاپمساق، قۇۋۋەت بولغۇدەك قىغلارنى ئىشلەتمەي ھە دېگەندە زاۋۇتنىڭ ئوغۇتىنى چېچىپ قويۇپ، يەردىن جىقراق ئاشلىق تەلەپ قىلساق، سۆڭگىچىمىزنى ئاپتاپقا قاقلاپ ياتساق، يەرنىڭ بەرگەن ئاشلىقى پايدا قىلمايدۇ، بەرىكەت قىلمايدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىمىزنىمۇ، مۇشۇ بىر تال دان چاچساق يۈزلەپ، مىڭلاپ دان بېرىدىغان چىلان تۇپراقنىمۇ تۈگەشتۈرىمىز، ۋەيران قىلىمىز.

ئوغۇل بوۋاينىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى، كۆڭلىدە قايىل بولاتتى. لېكىن دادىسىنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىنى دۆڭمەھەللىلىكلەرگە ئوچۇق - ئاشكارا تەشەببۇس قىلمايتتى. چۈنكى ئۇنداق قىلسا، يېزا باشلىقلىرى دۆڭمەھەللىگە بىر تۇتاش چۈشۈرۈپ بەرگەن خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش پىلانىنى ئورۇندىيالمايتتى. يېزا بىر تۇتاش تەمىنلىگەن خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى دېھقانلارغا مەجبۇرىي تېڭىپ، يېزا باشلىقلىرى بېكىتىپ بەرگەن باھا بويىچە پۇلىنى دېھقانلاردىن تولۇق يىغىۋېلىپ تاپشۇرمىسا، يېزا باشلىقلىرىدىن تەنقىد ئاڭلايتتى، ھەتتا ئەمەلدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئۇ، دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا قوياتتى، يېزا باشلىقلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي بويسۇناتتى.

* * *

بوۋاي قۇم دۆڭگە چىقىشقا خۇمار بولۇپ قالدى. قۇم دۆڭى ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى گۈزەل بىر نازىنىننىڭ يۇمشاق، ئوماق ئەمچىكىدەك كۆرۈنۈپ ئۆزىگە ئۆتەتەك تارتاتتى. مەرھۇم مومىيىنىڭ مېھرىلىك قۇچىقىدەك جەلپ قىلاتتى. بوۋاي ھاسىراپ - ھۆمىدەپ قۇم دۆڭگە چىقاتتى - دە، ۋۇجۇدىدا قۇترىغان بىر ئەسەبىي تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە مەيدىسىنى يۇمشاق، قىزىق قۇمغا ئۇزاققىچە ياقاتتى. تاتلىق - تاتلىق ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغۇيتتى.

ئۇ، مومىيى بىلەن ئاز كەم 60 يىل ئەر - خوتۇن بولۇپ ياشىدى. ئاشۇ 60 يىل جەريانىدا نۇرغۇن - نۇرغۇن سەۋدالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ھەر - ھەر قىسمەتلەرگە دۇچار بولدى. مومىينى - ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشۇ تومۇچۇقتەك گۈزەللىنى، «ناۋتى» نى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئاشنىلىرىنىڭ ئۆيىدە ھەپتە - ھەپتىلەپ قونۇپ كەلدى. خەق بىلەن ئاشنا تالىشىپ مۇشتلاشتى، كاللا - ماللىلارنى يېرىشتى، قاش - قاپاقلىرى زىدە بولدى. ئۆيگە ئاشۇنداق ۋەيرانە قايتىپ كەلگىنىدەيەنىلا ئاشۇ «ناۋتى» ئالدىغا كۈلۈپ چىقتى. بويىنغا ئېسىلىپ يىغلىدى، پۇت - قوللىرىنى يۇمشاق تۇتۇپ قويدى. قوشلاپ سېلىنغان كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپ كۆڭلى خالىغان تاماقنى ئېتىپ بەردى. زىدە بولغان، يېرىلغان، ئاغرىغان يەرلىرىنى سۆيدى، سىلىدى. خۇدادىن بارلىق ئىخلاسى بىلەن شىپالىق تىلىدى. ئۇنى كۈنلەپ بىر قېتىممۇ قاخشىمىدى. ئىشقىلىپ، كۆڭلىدىكىنى ھەرگىز بىلىندۈرمىدى. بوۋاي ئۇنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرۈپ كەلدى، ھۆرمىتىنى قىلدى، قەدىرلىدى، ئاسرىدى. ئاشنا ئويناپ، خەقنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقان بىلەن، باشقا تەڭتۇشلىرىغا ئوخشاش خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالىدىغان، ھەپتىدە بىر قېتىم خوتۇن دۇمبالايدىغان ئىشى قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلمىدى. توي كېچىسى 17 ياشلىق شوخ يىگىت بۇ 14 ياشلىق مەستۇرە قىزنى ئەركىلىتىپ «ناۋتىم» دەپ ئاتىغانىدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ تاكى ئۇ موماي بولۇپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغىچە ئۆز ئىسمىنى ئاتىماي: «ناۋتىم»، «ناۋاتخان» دەپ چاقىرىپ كەلدى، باشقىلارمۇ ئۇنى: «ناۋاتنىسا»، «ناۋاتگۈل»، «ناۋات ئايىم»، «ناۋات خېنىم»، «ناۋات ئانام»، «ناۋات چوڭ ئانام» دەپ ئاتىدى.

تەقدىر بوۋاينى ئاخىرى داغدا قويدى. «17 ياشلىق قىزغا تېگىشمەيدىغان» مومىينى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېلىپ كەتتى. موماي پۇت - قولىنى ئۇزۇن سۇنغان كۈنى بوۋاي بىر تېمىممۇ كۆز يېشى قىلمىدى، ھازا ئاچمىدى. بالىلىرىنىمۇ، نەۋرىلىرىنىمۇ تۈزۈك ھازا ئاچقىلى قويمىدى. مومايىنى يەرلىكىگە قويغان كۈنىلا يەرلىكنىڭ بېشىغا چېدىردىن بىرنى تىككۈزدى - دە، نەۋرىلىرىنى تۇپراق بېشىغا ئاش - تاماق توشۇغىلى سېلىپ، توپتوغرا 40 كۈن قەۋرىدىن بىردەممۇ ئايرىلمىدى. 40 كېچە - كۈندۈز قەۋرىنى بېقىپ ياتتى.

40 كۈندىن كېيىن بوۋاي ئۆيگە قايتىپ كەلدى. مەھەللە - جامائەت بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خۇش چاقچاق ئاۋازى، كۈلكىسى يەنە پەيدا بولدى. بىر كۈنى بوۋاي ئوغلىنى چاقىرىپ مەھەللىدىكى، ئىككى يىل ئاۋۋال ئېرىدىن تۇل قالغان 35 ياشلىق چوكان ئايزىمخانغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوغۇل دادىسىنىڭ بۇ قارارىنى كۆڭلىدە پەقەتلا توغرا تاپمىدى. لېكىن كالپۇك يېرىپ بىر ئېغىز قارشىلىق بىلدۈرمىدى. بوۋاي چوكان بىلەن پۈتۈشۈپ بولغانىدى. بىر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى قاتارلىق 7 - 8 نەپەر جامائەتنىڭ گۇۋاھ - شاھىتلىقى بىلەن بوۋاي بۇ چوكانغا ھەشەم - دەرەمسىزلا نىكاھلىنىۋالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بوۋاينىڭ ھۇجرىسىدىن ياش چوكاننىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك تاتلىق كۈلكىسى بېسىلمايدىغان بولدى. بوۋايمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا خۇش چاقچاق بولۇپ قالغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەسەلدەك تۇرمۇشى

www.uyghurkitap.com

ئۇزاققا بارمىدى.

بىركۈنى بوۋاي پېشايۋان ئاستىدىكى كۆرپىدە يانپاشلاپ ياتقىنىچە ياش چوكاننىڭ تاماق ئېتىشىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئايزىمخان قازانغا ئاش تارتىپ سىلىش ئۈچۈن بوۋاينىڭ قېشىغا - سۇپىنىڭ ئۈستىگىلا ئاچقان سۇپرىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئاش تارتىۋېتىپ، ئىككى قولىغا ئالغان پىلتىنى ئاش تاختىسىغا شۇنداقلا ئۇرۇشىغا، تۇيۇقسىزلا ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئىككى قېتىم يەل قويۇۋەتتى ۋە چاندۇرمىغان بولۇپ بوۋايغا قاراپ، بىر قىزىقچىلىق بولغاندەك پىسسىڭىدە كۇلۇۋەتتى. چوكان كۆڭلىدە بوۋاينى كۇلىدۇ، تاتلىققىنا ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىدۇ، ئەركىلىتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. بوۋاي ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، سۇپىرىدىكى ئۇن يايىدىغان نوغۇچنى قولىغا ئېلىپ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا باغلاپ قويغان ئېشەكنى غەزەپ بىلەن دۇمبالاپ كەتتى:

- ھۇ، يۈزى قېلىن داپ، قاراپ تۇرسام مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي ئوسۇرۇۋاتىسىنا. مانا ئەمىسە، تويە ئوسۇرغانغا. . .

بوۋاي بىر تەرەپتىن ئېشەكنى تىللىغاچ، بىر تەرەپتىن نوغۇچ بىلەن كومباڭشىتىپ سالاتتى. چوكان بوۋاينىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بۇ قەھرى - غەزىپىنى كۆرۈپ، چىرايى ساپسېرىق سارغايغىنىچە تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى. بوۋاي ھازىرلا يۈگرۈپ كېلىپ ئاشۇ نوغۇچ بىلەن ئۆزىنى دۇمبالايدىغاندەك ۋەھىمىگەچۈشتى، جالاقلاپ تىترىدى. دۇمبانى ئېشەك ئەمەس، ئۆزى يەۋاتقاندەك ئۇستىخانلىرى تىكەنلىشىپ، يۈرىكى سىرقىرىدى.

بوۋاي ئېشەكنى ھارغىچەدۇمبالىغاندىن كېيىن، ئاستا كەينىگە ياندى - دە، تېخىچىلا بۇتتەك قېتىپ تۇرغان چوكاننىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغائاستا پىچىرلىدى:

- خېنىم، سىلـــــى ھازىردىن باشلاپ ئۈچتالاق. نىكاھىمدىن چىكەتتىلە، ئەرگە تېگىۋالسىلا. دەرھال كۆزدە - كۆرپىلىرىنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقىسىلە.

چوكان پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. بوۋاينىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يېلىندى، يالۋۇردى، قەستەن يەل قويۇۋەتمىگەنلىكىنى قايتا - قايتا ئېيتتى. لېكىن بوۋاي ئۇنى تالاق قىلىپ بولغانىدى. ئەمدى بۇ گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تالاق قىلىنغانلىقىنى ئېسىگە ئالغىنىدا قايتىدىن ئۇن قويۇپ يىغلىدى، چاچلىرىنى يۇلدى. نائىلاج بوۋايدىن ئايرىلدى. بوۋاي بىلەن قايتا يارىشىۋېلىشقا يول - پەتىۋا تېپىپ بەرگەن موللا - ئۆلىمالارغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى دەپ يۈردى. بوۋاي چوكاننى ئاشىق - سارالىڭ قىلىۋەتكەنىدى.

يېقىنلا يەردىن ھاڭرىغان ئېشەكنىڭ ئاۋازى بوۋاينى ئەسلىمىلەر قوينىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ، قىــزىق، يۇمشاق قۇمدىن مەيدىسىنى ئاستاكۆتۈردى. مەيدىسىدىكى قويۇق، قاپقارا، كۆرپىدەك تۈكلەرگە قېلىن بىر قات قۇم چاپلىشىپ قالغانىدى.

. . . ئۆيلىنىۋالسام بولاتتـــى. كۈنۈمنـــى كۈندە مۇشۇنداق قىزىق، يۇمشاق قۇمنـــى باغاشلاش بىــلەن ئۆتكۈزسەم ئوبدان بولماس. ھېلىمۇ ياخشى، خەق مېنىڭ نېمىشقا كۈندە بۇ قۇمغا مەيدەمنى ياقىدىغانلىقىمنـــى بىلمەيدۇ. ناۋادا بىلىپ قالىدىغان بولسا. . . ھەيي، شۇ سالامەتخان يا گەپنى گاچچىدە ئۇزمىدى. . . بالىلىرىم - بالىلىرىملا دەيدۇ. بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنـــى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ بولدى. ئۆزى تىكەندەك يالغۇز قالدى بىچارە مەزلۇم. يېشى سەل چوڭراق بولغان بىلەن پاكىزە قېرىدى. ياش ۋاقتىدا ئۆزىنـــى ئوبدان كۈتۈپتىــكەنمۇ دەيمەن. بەدەنلىرى خېلىلا چىڭ كۆرۈنىدۇ. ئاشۇكۈنـــى ئەجەب ياش بالىدەك قىلىق قىلىپتىمەن. يامان بولىدۇ، نىـــكاھ ئوقۇتـــۇۋېلـــىپ ئاندىن. . . دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالمىغان بولسا. . . مەندىن خاپا بولۇپمۇ قالغانمىدۇ؟ ھەيي، نېمىشقا بالىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇدىغاندۇ. ئۇ دەيۇزلەردىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرسا دەيدىغىنـــى يەنە شۇ: «قېرىغان چېغىڭىزدا يۈزىمىزنى تۆكۈپ، ئەرگە تېگىمەن دېمەي جىم ئولتۇرۇڭ. ئەرگە تەگمىسىڭىزمۇ سىزنىــڭ نېمىڭىز كەم». ھىم، ئانىـــــى ئەرگە تەگسە يۈزى تۆكۈلەرمىش ئۇ نوچىلارنىڭ. تېخى بىركىم يالغۇزمال - دۇنيا، كىيىم - كېچەك ئۈچۈنلا ئەرگە تېگىدىغاندەك، نېمىڭىز كەم دەپ كېتىشلىرنـــى. قېرىغان ئادەمدىمۇ كۆڭۈل بولىدىغانلىقىنى بىلىشمەمدىكىنە. بىزنى ئۆزلىرىگە ئوخشىتىدۇ. ئۇلار ياش بولغان بىلەن كۆڭلى ئالللىبۇرۇن ئۆلگەنلەر. ئەمما بىزنىڭ كۆڭلىمىز تېخىچە يايپاش. ساقال ئەستاخپۇرۇللىغا يەتكەندە ئېلىپ قاچاي دېسەم تېخى. ياش ۋاقتلىرىم بولغان بولسىغۇ. . . ياق، مەيدەمنى قۇمغا يېقىپ يېتىۋەرمەي بىر ئامالىنى قىلاي. بالىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ باقسام قانداق بولار؟ مېنىمۇ تىللاپ، ھاقارەتلەپ كېتەرمۇ يا. . . تىللىسا تىللىمامدۇ، ھەممىسى سالامەتخان ئۈچۈن، ئىتتىن قورققان ئابدال بولماپتۇ. . .

بوۋاي لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتـــى، پەسكە شامالدەك تېز چۈشتى.

* * *

سالامەتخان. . . چىرايلىق سالامەت خېنىم، مېنى دەپ ئاشۇنداق خورلۇق - ھاقارەتلەرگە قالدىڭىز - ھە! . . . ئۇلار سىزنى ئەمەي ئېشەك ئېمىــــپ چوڭ بولغاندەك ئەقىلسىزلىق قىلىشىپ كەتتىغۇ. بولمىسا، سىــزنـــى شۇنچىۋالا ھاقارەتلەرمىدى، دىلىڭىزغا ئازار بېرەرمىدى. خاپا بولماڭ، سالامەت خېنىم، كۆڭلىڭىزنـــى بۇزماڭ، كۆزىڭىزدىن شۇنداقلا بىر تېمىم ياش چىقارسىڭىز ئاشۇ بالىلىرىڭىزغا قارغىش بولۇپ قالىدۇ، بالىلـــىرىڭىــز ئىلگىرى باسمايدۇ. خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئۇلاربالا، بىز ئاتا - ئانا ئەمەسمۇ، كۆڭلى - كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتايلى، ئەپۇ قىلايلى. سىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلسىڭىز خۇدامۇ ئەپۇ قىلىدۇ.

بالىلار بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەقلى -ھۇشى، ئادىمىلىكى بۇلغاندى. ئۇلار ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىنى، ئۆزىنىــڭ مەنپەئىتىنى، مال - دۇنيانى ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار بىزدىن كەچسە كېچىــدۇكـــى، مال - دۇنيادىن

كەچمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈز - ئابرويى دېگەننى قۇرۇق گەپ. ئۇلار ئازغىنە پايدا - مەنپەئەت ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمنىڭ تاپىنىنى يالاشقا، بىر - بىرىنى پۇتلاپ، ئورا كولاپ، چېقىشتۇرۇپ قان قىلىشقا رازىكى، ھەرگىزمۇ مەن كىم؟ ئاتا - بوۋام كىم؟ ئىلگىرى كىم ئىدۇق، ھازىر كىم بولۇۋاتىمىز؟ بۇ تۇپراق بىزگە، بالىلىرىمىزغا كېرەكمۇ - كېرەك ئەمەس؟ دېگەنلەرنى ئويلىمايدۇ. قارنى ئېتىلىپ كەتسىمۇ، بۇگۈن يەپ تۈگىتەلمىگۈدەك رازىكى، ھەرگىزمۇ بالىلىرى ئۈچۈن ئەتىگە بىرچىشلەم لوقما قالدۇرۇپ قويۇشنى ئويلىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇ چىلان تۇپراقنى بۇلاپ - تالاپ يەۋاتىدۇ، ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇزۇۋاتىدۇ، بۇلغاۋاتىدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق ئەبگالىشىپ - زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قورساقتىن، مال - دۇنيادىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئادىمىلىكنى، كاتتا ئىنسانىي ھەۋەسلەرنى ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشىتىپ بىزنىمۇ ئۆزلىرىدەك ئاجىز، زەئىپ كۆرۈۋاتىدۇ، چۈگۈن قويسا قاينىغۇدەك ھەۋەسلىرىمىزگە چىدىمايۋاتىدۇ.

رەنجىمەڭ، سالامەت خېنىم. ئۇلار ئانام دېمىسە، مەن سىزنى خېنىم، دەيمەن، گۈلۈم دەيمەن، خىزمىتىڭىزنى قىلىمەن. سىز ئۇلارنى باقتىڭىز، بالىلىرىنىمۇ باقتىڭىز، ئەمدى بالىلىرىنىڭ بالىلىرىنىمۇ بېقىپ بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلسىڭىزمۇ، ئۇلار ھەرگىز: ئانا، قانداق ئارزۇ - تەلەپلىرىڭىز بار؟ دەپ سوراپ قويمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي ئىنسانلاردا بولىدىغان ئارزۇ - تەلەپلەر يوق. سىز تۇنۇگۇن ئاشۇ بالىلىرىڭىزنى دەپ، ئۇلاغ - ئۇلمەكلەرگە بىرتۇتام ئوت ئېلىپ تاشلاپ بەرگىلى كېۋەزلىككە چىقمىغان بولسىڭىز مەنمۇ سىزنى كۆرمەي قالاركەنمەن. قۇم دۆڭىدە ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىزلا بىر كىم قارا دېگەندەك زابان بولۇپ كەتتى. شۇنداقلا قارىسام، سىز تۇرىسىز. يۈرىكىم سېلىپ كەتتى. قېشىڭىزغا بارغۇم، ئىككى ئېغىز مۇڭداشقۇم كەلدى. يۈگەردىممۇ، ئۇچتۇممۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قېشىڭىزغا بېرىپ قاپتىمەن. ناھايىتى كۆزىڭىزگە ئۇزاقراق قارىۋالدىم. ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىۋالدىم. ماڭا ھازىرچە شۇلا كۇپايە ئىدى. بىراق بالىلىرىڭىز تۇيۇقسىزلا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قېشىمىزدا پەيدا بولدى - دە، بىرتاتلىق پاراڭلىرىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. بىزنى خۇددى بىر ناشايان ئىش ئۈستىدە تۇتۇۋالغاندەك، ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىدى. مېنى نېمە دەپ تىللىسا، ھاقارەتلىسە، ھەتتا يۈزۈمگە بىر - ئىككى تەستەك سېلىۋەتسىمۇ مەيلىتتى. لېكىن سىزنى تىللىغىنى، ھاقارەتلىگىنى يامان بولدى. بىر پەشۋا بىلەن نەۋرە ئوغلىڭىزنىڭ چىشىنى تۆكۈۋېتەي، كەنجى ئوغلىڭىزنىڭ قاڭشىرىنى ئېزىۋېتەي دېگەنتىم، لېكىن سىز ئارا تۇرۇۋالدىڭىز. ئۇلار نېمىلا دېگەن بىلەن سىزنىڭ بالىلىرىڭىز - يۈرەك پارىلىرىڭىز ئەمەسمۇ. بىر ئانا ئۈچۈن كۆز ئالدىدىلا بالىلىرىنىڭ تاياق يېگىنىنى كۆرۈشتىنمۇ ئېغىر ئىش يوق، مەن بۇنى چۈشىنىمەن، شۇڭا ئۆزۈمنى تۇرۇۋالدىم، ئۆزۈمگە ھاي بەردىم. بىز بۇنداق كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ئۆتۈشۈرمەيلى، تېزراق بىر قارارغا كېلەيلى، سالامەت خېنىم. ياش ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا، كۆزىڭىزگە قاراپ ئولتۇرمايتتىم، بىر مەزگىل بىز يانغا كېتىپ تۇرامدۇق يا. كېيىنچە بالىلارنىڭ ئاچچىقى يانغاندا قايتىپ كېلەرمىز. . .

قېشىدىلا بىركىمنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىدىن بوۋاينىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ قېشىدا ئوغلى قاراپ تۇراتتى. بوۋاي سورلۇك قارىچۇغا كۆزلىرىنى ئوغلىغا تىكتى.

- سىلى بىلەن سۆزلىشەي دەپ كەلگەنتىم، دادا.

بوۋاي سۆزلە ۋەر، دېگەننى قىلىپ كۆزىنى ئوغلىدىن ئۈزمەي قاراپ تۇردى.

- يېزىلىق ھۆكۈمەت ھېلىقى بىر ئويمات يەرنى كېلەر يىلى كېۋەز تېرىمىساق قەتئىي بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا. . .

- ياق، بولمايدۇ، - دېدى بوۋاي جاھىللىق بىلەن ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، - كېۋەز - كېۋەز دەپ يۈرۈپ دۆڭمەھەللىنىڭ ھەممە يېرى پاختا بولۇپ كەتتىغۇ ھازىر. ئاشۇ كىچىككىنە يەرگىمۇ مەجبۇرلاپ كېۋەز تېرىتساڭلار، كېلەر يىلى دۆڭمەھەللىلىكلەر پاختا يېمەيدىغاندۇ ھەقىچان.

- كۆكقۇم تەرەپتىن بىنام ئېچىپ بۇغداي تېرىيدىغان بولدۇق.

- بىنامنى ھازىر ئاچسا، بۇغداي كېچىكىپ قالامدۇ؟

- بىنامنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن ئاچىدىغان بولدۇق.

- يېڭى ئاچقان بىنامنىڭ مەھسۇلاتى ئىككى - ئۈچ يىلسىز ئوخشىمايدۇ.

- تۇ شياڭجاڭ: خاتىرجەم بولۇڭلار، ئاشلىقتىن قىينالغان ۋاقىتلاردا بىر ئامالىنى قىلىپ بېرىمەن، دەيدۇ.

- تۇ شياڭجاڭ بىر ئامالىنى قىلىپ بەرسە، بىرتۇتاش ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدۇق، دەپ باشقا يەردىن ئەرزان يۆتكەپ كېلىپ، دېھقانلاردىن نەپ ئالارھەقىچان. بولمايدۇ، مەن بۇ يەرگە ھەرگىز كېۋەز تېرىغىلى قويمايمەن.

- ماقۇل دەڭ دادا، - دېدى ئوغلى يېلىنىپ، - سىز بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، باشقىلارنى گېپىمگە كىرگۈزەلمەيمەن. ئۇ بىر ئويماتتا يالغۇز بىزنىڭلا يېرىمىز يوق. تۇشياڭجاڭ: دېھقانلار قارشىلىق قىلسا، بېسىم ئىشلىتىڭلار، ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىڭلار، دېگەن. . .

- تۇ شياڭجاڭ شۇنداق دېگەنمىدى، سېكرېتارغوجام، - دېدى بوۋاي ئوغلىغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، - دەپباقە، سەن ئادەممۇ نېمە؟ سەن تۇ شياڭجاڭنىڭ غالچىسىمۇ ياكى دۆڭمەھەللىلىكلەرنىڭ سېكرېتارىمۇ؟ دېھقانلار ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلالمىغان ئادەم نېمە قىلىسەن سېكرېتار بولۇپ. . .

تۇيۇقسىز تراكتورنىڭ تاتىلدىغان ئاۋازى بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ قويدى. ئىككى دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى كۆكقۇم تەرەپتىكى قۇمۇشلۇقتا بىنام ئېچىشنى

باشلىغانىدى. بوۋاينىڭ ئاغزى بىردىنلا گەپكە كەلمىدى. ئۇ، غالىبلارچە ھىجىيىپ تۇرغان ئوغلىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەندى. ئەمدى ھېلىقى تۆت مو چىلان تۇپراق يەرنى بەرمەسكە بوۋاينىڭ ھېچقانداق ئىلاجى يوق. ئوغلى ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. بۇ يەرگە بوۋاينىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بوۋاينى جېدەل قىلىشتىن، دۆڭمەھەللىلىكلەرنى قۇترىتىشتىن توسقىلى كەلگەن. بوۋاي ئوغلىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ: ئوغلى بوۋايدىن كۆرە ھېلىقى تۇ شىياڭجاڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. تۇ شىياڭجاڭنىڭ ھەر بىر بۇيرۇقىنى ھەر ئاماللارنى قىلىپ ئورۇندايدۇ. چۈنكى بوۋاي ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان بىلەن، تۇ شىياڭجاڭ ئۇنىڭغا ھوقۇق بەرگەن. ئۇ، قېرىنداشلىرىنىڭ، يۇرتداشلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ، سېتىپمۇ بولسا بۇ ھوقۇقنى قوغدىسا، ھوقۇق بەرگۈچىنىڭ تاپىنىنى يالىمسا بولمايدۇ. شۇڭا، بوۋاي ئوغلىنى ياراتمايدۇ، دەشكۆشلەيدۇ، تىللايدۇ، زاڭلىق قىلىدۇ، يۈزىدىن يۈزىگە: «سېكرېتار غوجام» دەيدۇ. ئوغلى بۇ گەپنى باشقا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسا، مېنى زاڭلىق قىلدىڭ، دەپ ئۇرۇشىدۇ، مۇشتلىشىدۇ، ئەدىبىنى بېرىدۇ. بوۋاي قاتتىق ئاچچىقى كەلگەندە ئوغلىنى ئەنە ئاشۇ سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىدۇ، ئىچىنى بوشىتىدۇ.

- ئاشۇ ئىككى تراكتور ھەپتىدە نۇرغۇن بىنام ئېچىپ بولىدۇ. بىز ھامىنى تېرىغاندىكىن ئاشۇ بىنامدىن 15 مو يەر ئېلىپ...

- ماڭ، تولاسەپرايىمنى ئۆرلەتمەي، كۆزۈمدىن يوقال، - دېدى بوۋاي ئوغلىغا ھاسىسىنى تەڭلەپ.

ئوغۇل بوۋايدىن شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرگەن پېتى چۈشۈپ كەتتى.

بوۋاي قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئۇزاق ئولتۇردى. كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى دۆڭدىكى قۇملارنى ئۇچۇراتتى، قومۇشلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتاتتى. بوۋاي شامالغىمۇ، قۇمغىمۇ، سوغۇققىمۇ پەرۋا قىلمىدى. ئۈزۈلۈپ كەتكەن خىيال يىپىنى يەنە ئۇلىدى.

... مېنىڭ باللىرىمنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇ، سالامەتخان. ئۇلارنى تىللىسام، ۋارقىرىسام، جىم تۇرغىنى مېنى ھۆرمەتلىگىنى ئەمەس. سىلى ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغانلا. سىلى بىلەن كۆرۈشسەم، مۇڭداشسام، نېمەئويلاۋاتقانلىقلىرىنى بىلسەم بولاتتى. مېنىڭمۇ سىلىگە دەيدىغان، سەمىلىرىگە سالىدىغان مەسلىھەتىم بار ئىدى..

* * *

بۈگۈن بۇغداي تېرىش ئۈچۈن تەقسىملەپ بەرگەن يېڭى بىنامغا بۇغداي ئۇرۇقى سېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان دېھقانلار يەرلىرىگە ئىشلىگەچ كۇسۇرلاشماقتا ئىدى:

- سېكرېتارنىڭ دادىسى سالامەتخان مومايىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

-ئېلىپ قاچماپتۇ، ئىككىسى بىللە قېچىپتۇ.

- قېرىغان ۋاقتىدا خۇدايا توۋا، دەپ نامىزىنى ئوقۇپ ئولتۇرماي.

- باللىرىنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ...

- نى ئات، نى نومۇس دېسىلە.

- سالامەتخاننىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ئانىسىدىن تېنىپتۇ.

- ئۆلۈك - تىرىكىگەبىز ئىگە ئەمەس، دېيىشىۋاتقۇدەك.

- توۋا دېسىلە، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق دېمىگەندۇ؟

- ئانا دېيىشكە كىمنىڭ ئاغزى بارىدۇ ئۇ خوتۇننى.

- ئۆتكەندە قوناقلىقتا سېكرېتارنىڭ دادىسى بىلەن تۇتۇۋاپتىكەنمىش.

- خۇدايا توۋا.

- سېكرېتارمۇ غېمىدە يوق يۈرىدىغۇ؟

- قىلدىن قىيىق كەتسە تىللاپ، دەشكۆشلەپ، يول كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئادەمدىن قۇتۇلغىنىغا خوشتۇر ھەقىچان.

- ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس، دادا ئەمەسمۇ.

- سېكرېتارغا دادا كەممىتى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى سېكرېتار، شىياڭجاڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دادىسى.

- قېرىپ قالغىنى بىلەن راۋرۇس ئادەمتى جۇما ئۇ بوۋاي.

- ئېسىل ئادەمتى.

- ئەمدى دۆڭمەھەللە تۈگىشىدىغان بولدى.

-ئاڭلىدىڭلارمۇ، بوۋاينىڭ سالامەتخاننى ئېلىپ قاچقىنىنى ئاڭلاپ ئايزىمخان ھوشىدىن كېتىپتۇ.

- شۇنداقمۇ دەيسىلە، ھازىرغىچە ئەرگە تەگمەي بوۋايغا ئىشتەي ساقلاپ ئولتۇرغان ئۇ چوكان.

- ئاشۇ قېرىنىڭ نەرگە كۆيۈپ قالغان بولغىيتتى دەيمىنا.

- قېرى دېمەڭلەر، ئوغلىدىن ئېشىپراق يىگىتلىكى بار ئادەم ئۇ.

- ھۇشت، ئاستا گەپ قىلىڭلار، سېكرېتار غوجام كېلىۋاتىدۇ.

- يېزىلىق ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن ئۆلچەم بويىچە ھەر مو يەرگە 20 كىلودىن خىمىيۋى ئوغۇت چاچىسىلەر، ئۆلچەمدىن كەم بولۇپ قالمىسۇن. ئوغۇتنى كەم چاچقۇچىلاردىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ.


سېكرېتاريۇقىرىدىكى گەپلەرنى تەكرارلىغاچ دېھقانلارنىڭ يەرگە ئوغۇت چېچىشىنى نازارەت قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىغا قاراپ دادىسىنىڭ بىرىيەرگە چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خۇش بولغانلىقىنى ياكى خاپا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ، يەرگە ئوغۇت چېچىۋاتقان ھەر بىر دېھقاننىڭ قېشىغا كېلىپ تۆۋەندىكى گەپنى ئېرىنمەي تەكرارلايتتى:

- يېزىلىق ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن ئۆلچەم بويىچە ھەر مو يەرگە 20 كىلودىن خىمىيۋى ئوغۇت چېچىڭلار. ئۆلچەمدىن كەم بولۇپ قالمىسۇن. ئوغۇتنى كەم چاچقۇچىلار جەرىمانە تۆلەيدۇ.

گەن شەن فوتوسى

ئاپتور: يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خادىمى (M1)

www.uyghurkitap.com



# بورانلىق كېچە

(ھېكايە)

تۇرسۇن مەھمۇت

قاپقارا بۇلۇتلار ئۇزۇپ يۈرگەن كۆك سەتھىدە يىلاندەك تولغىنىپ چاقماق چېقىلدى - دە، ئەتراپ «پاللىدە» يورۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما ساداسى دېرىزە ئەينەكلىرىنى جىرىلدىتىۋەتتى. ھۇقۇشنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ۋەھىمىلىك ھۇۋلاشلىرى يامغۇرلۇق كېچىنى تېخىمۇ قورقۇنچقا سالاتتى.

- قىزىم، جېنىم قىزىم...

بوران يەنىمۇ كۈچەيدى. ھويلىدىكى سۆگەتنىڭ شاخلىرى سۇنغان بولسا كېرەك، «قاراس - قۇرۇس» قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. يامغۇر دېرىزە كۆزنەكلىرىنى تارسىلداتماقتا. گۈلدۈرماما ئاۋازى بىلەن تەڭلا چاقماق ئەتراپنى يەنە يورۇتتى.

- خۇدايىم ساقلار سېنى قىزىم...

موماي ھاسىرايتتى، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، نەپەسى قىسىلاتتى. ئۇ، تومۇرلىرى كۆپچۈپ چىققان، ئورۇق - تىتىرەڭگۈ قوللىرى بىلەن ئاچچىق تەردىن نەملەشكەن يۈزىگە چاپلىشىپ قالغان ئاپئاق چاچلىرىنى قايرىدى - دە، بىر قولىدا كارىۋاتقا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

كونا كارىۋاتنىڭ سەل غىچىرلىشى بىلەن تەڭ ھىم ئېتىلگەن دېرىزە جالاقىدە ئېچىلدى - دە، ئەتراپنى قاپلىغان بورانلىق يامغۇرنىڭ سوغۇق ھاۋاسى ئۆيگە گۇركىرەپ كىردى. مومايىنىڭ بېشىدىكى سۈتتەك ئاپئاق، ئۇزۇن رومىلى شامالدا ئۇچۇپ، ئۆيدە بىردەم لەپەڭلەپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا پەسلەپ يەرگە چۈشتى. موماي كۈچىنىپ تۇرۇپ ئاران دېگەندە دېرىزىنى ياپتى - دە، ئالدىراپ يەردىكى ياغلىقنى ئېلىپ بېشىغا سالدى.

سىرتتا بوران. ئۆينىڭ ئىچىنى قورقۇنچلۇق جىملىق باستى. مومايىنىڭ دېمى قىسىلىپ يەنە ئورنىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

- تۇۋا، ئەجەبمۇ يامان چۈش كۆرۈپتىمەن - ھە.. . خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...

موماي يالىڭاياغ، يېقىلغان توغراق، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن يۇلغۇنلار ئارىسىدا شورلۇق - قاتتىق داڭگاللارنى قىيىنلىپ دەسسەپ تەستە كېلەتتى. ئەتراپ جىمجىت. قۇرۇق، باش - ئايىغى يوق سۇسىز چۆل. قۇرۇغان قۇمۇشلارنىڭ پۆپەكلىك باشلىرى ئېگىلىپ، ئېگىز ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك جىمجىتلىق ئىچىدە تۇراتتى. قۇياش كۆيدۈرگۈچى نۇرىنى گويا مۇشۇ زېمىنغىلا چېچىۋاتقاندەك يەر - جاھان تونۇردەك قىزىق. شور توپا، داڭگاللار مومايىنىڭ پۇتلىرىنى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتۇراتتى.

- سۇ... سۇ...

مومايىنىڭ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى يېرىلىپ كەتتى. چۆلنىڭ قۇرغاق - ئىسسىق شاملى ئۇنى ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا تېخىمۇ قىينايتتى. شۇ تاپتا بىر تامچە، بىر تامچە بولسىمۇ مۇزدەك سۇ بولغىنىدا...

مومايىنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىنى ئاچچىق تەر باستى. پېشانىسىدىن قۇيۇلغان تەر كۆزلىرىنى ئېچىشتۇراتتى. يۈز - كۆزلىرىدىن يەرگە تامچىپ چۈشۈۋاتقان تەر تامچىلىرى قىزىغان شور داشقاللىرى ئۈستىگە چۈشۈپ «پىژژىدە» قىلاتتى - دە، سىڭىپ كېتەتتى. ئەتراپنى قاپلاپ لىغىرلاپ تۇرغان ئالۋۇن كۆزنى تالدۇراتتى.

موماي تۇرۇپلا پۈتكۈل دەشتنىڭ پىرقىراپ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. كۆز ئالدىدىكى چۆلنىڭ چېتى بىردىنلا پەسلەپ، ئۆزى تۇرغان يەر ئاسمانغا لىڭگىدە كۆتۈرۈلگەندەك بولدى - دە، ئۆزىنى باشقۇرالماي يىقىلىپ چۈشتى.

«يىقىلىپ چۈشكەن ھامان...» دەپ پىچىرلىدى موماي ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

چۈش بىلەن ئەسلىمە، ئەسلىمە بىلەن چۈش گىرەلىشىپ مومايىنى گاراڭ قىلىۋەتتى. ئۇ، چۈشىنىڭ داۋامىنى ئەسلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بىردىنلا ئۆتمۈش خاتىرىلىرى كۆز ئالدىدىن لىپىلداپ ئۆتتى.

سەككىز - ئون ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوماق قىزىنىڭ سەبىي - يېقىملىق كۈلكىسى ئانىنى سۆيۈندۈرەتتى. قىز ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان ھالرەڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى پىرقىرىتىپ ھويلىدا چېپىپ يۈرەتتى. قىزىنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن ئانا قولىدىكى يىڭنە ئىشلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى.

بىر چاغدا قىزىنىڭ دادىسى تولىمۇ خۇشال كىرىپ كەلدى:

www.uyghurkitap.com

ـ دانلاپ كەپتكەن، بۇسۇرۇپلا تۇتتۇۋالدىم.

ئۇنىڭ قولىدا تىپىرلاپ تۇرغان كۆك كەپتەر تۇراتتى. كەپتەر ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەندەك يۇمىلاق، قىزغۇچ كۆزلىرىنى ئەلەم بىلەن پىلدىرلىتىپ، ھەر يانغا بويۇنداپ، چۆيۈندەك قاتقان، ئېغىر ئالقانلاردىن قۇتۇلماق بولاتتى.

بۇ ئۇلجىدىن خۇش بولۇپ كەتكەن دادا دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان، تولا ئىشلىتىلگەچكە بىسى ئۇپراپ، كىچىككىنە قالغان پىچىقىنى ئالدى ـ دە: «بىسمىللا» دەپ كەپتەرنى بوغۇزلاي دەپ تۇرغاندا، تۇساتتىن ئېتىلىپ كەلگەن قىز دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ، كەپتەرنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ، بۇ جانىۋارغا بىر خىل قاناسلىق، ھەۋەس، ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ كەتتى، ئاندىن ئۇ كەپتەرنىڭ پۇرلەشكەن پەيلىرىنى تۈزەپ قويۇپ، ئۇنى قويۇۋەتتى. قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشكەن كەپتەر كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاسماندا غايىب بولدى.

نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان دادا ئامراق قىزىنىڭ بۇنداق قاملاشمىغان قىلىقىدىن نارازى بولۇپ، تۇكۇرۇكىنى يۇتتى ـ دە، خۇشلۇقىدىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، كەپتەر ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇرغان قىزىغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قالدى.

ـ دادا، قاراڭ، كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى... ئاسمانغا ... بەك چىرايلىق ـ ھە... دادا...

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتى.

ـ دادا، مۇشۇ قاشانى بۇزۇۋەتسەك بولمامدۇ؟ ـ دېدى قىزى دادىسىغا مەيۈسلۈك بىلەن تىكىلىپ.

ـ نېمىشقا؟ ـ سورىدى دادا ئۆزى ئەزەلدىن دىققەت قىلماي كەلگەن، كەندىر، قوناق شاخلىرى بىلەن چېتىلغان، شامالدا لىڭشىپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۆز رولىنى يوقاتمىغان قاشاغا چەكچىيىپ قاراپ قويۇپ.

ـ ئىشقىلىپ، مېنىڭ ئۇنى ئۆرۈۋەتكۈم بار، دادا. ئادەم تۇنجۇققاندەك بولۇپ قالىدىكەن.

قورۇدىكى ھايات يەنە ئاۋۋالقىدەك ئۆز ئىزى بىلەن، ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. قىز چوڭايغانسېرى تېخىمۇ چىرايلىق، ھۆسىندار بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ـ قىزىڭغا ئېيت، ـ دېدى بىر كۈنى غەزەپلەنگەن دادا، ـ رەسىدە بولۇپ قالغان قىز بالىنىڭ ئۆگزىدە ياتقىنى قانداق گەپ.

ـ مەنمۇ نۇرغۇن قېتىم دېدىم، لېكىن ئۇ گېپىمگە پەرۋا قىلمىدى. تېخى مەندىن: «ئانا، بىز نېمىشقا دائىملا مۇشۇ يەردە ياشايمىز، بەك زېرىكتىم. قاراڭ، ئاۋۇ تاغلارنىڭ، يەنە تېخى ئاشۇ يۇلتۇزلارنىڭ نېرىسىغا ئۆتسە يەنە قانداق جايلار، قانداق ئادەملەر باردۇ» دەپ سوراپ يۈرىدۇ. چوڭ بولغانسېرى ئەقلىنى تاپار... مەيلى ئەمدى...

ـ ئۇنى ياتلىق قىلىش كېرەك، شۇ چاغدىلا قالايمىقان جۆيلىمەيدىغان بولىدۇ.

قورقۇنچلۇق چۈش موماي ھەر قانچە ئۇزىنى قاچۇرسىمۇ دەۋرەپ كېلەتتى. موماي يەنىلا ۋەھىمىلىك چۈش ئەسلىمىسىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى.

تونۇردەك قىزىق، يالىلداپ كۆيۈپ تۇرغان دەشت، ئىنسان ئايىغى بېسىلمىغان پايانسىز، باش ـ ئايىغى يوق قورقۇنچلۇق چۆل، يىقىلغان توغراقلار... ئاقشال بولۇپ كەتكەن يۇلغۇنلار... قۇمۇشلار...

موماي كېتىۋېتىپ بىردىنلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان دەھشەتلىك مەنزىرىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، تىنالماي قالدى ـ دە، ئېچىنىشلىق ئېڭىرىۋەتتى.

مومايىنىڭ قىزى سۇيى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن، تېگىدىن شور ئۆرلەپ، ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان بىر كونا كۆلنىڭ قىرىدا سوزايلىنىپ ياتتى. موماي ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ، ئاڭلاپمۇ باقمىغان تولىمۇ بەتبەشىرە، قورقۇنچلۇق بىر ھايۋان قىزىنىڭ ئاپئاق پاقالچەكلىرىدىكى يېرىلغان يەردىن شىرىلداپ چۈشۈۋاتقان قاننى ئۈزۈن، ئاپئاق تىللىرى بىلەن يالاپ، شوراپ ئىچمەكتە ئىدى. موماي كۆز ئالدىدىكى بۇ پاجىئەدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئاچچىق چىرقىراپ كەتتى.

قىزنىڭ قاردەك ئاپئاق ئەمچەكلىرىمۇ يېرىلغان، ئۇنىڭدىن ئاق، قىزىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئارىلاشمىسى تېمىپ تۇراتتى.

«ھايۋانلار، قىزىمنىڭ كىيىملىرىنى كەيگۈزۈپ قويۇڭلار... بىشەرمىلەر...»

قىپيالىڭاچ سوزۇلۇپ ياتقان قىزىنى مومايىنىڭ شۇتاپتا بېشىدىكى ياغلىقى بىلەن يېپىپ قويغۇسى، ھېلىقى ھايۋاننى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېپكەتتى.

موماي قىزىغا تاشلاندى، ئەمما پۇتلىرى خۇددى مىخلىنىپ قالغاندەك زادىلا مىدىرلىتالمايتتى. «قىزىم، بۇ دەشتى چۆلگە سېنى كىم ئەكېلىپ قويدى؟»

ھېلىقى مەخلۇق بىردىنلا يوغان ئاغزىنى ئېچىپ قىزنى بىر يالماپلا يۇتۇۋەتتى، مومايىنىڭ قۇلىقىغا ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارغۇدەك ئاچچىق ـ دەھشەتلىك چىرقىراش ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا جاھاننى قويۇق، ئاقۇش ئىس قاپلاپ كەتتى...

بوران گۈركىرىمەكتە، يامغۇر شارقىراپ قۇيۇلماقتا، ھۇقۇشنىڭ سەت ئاۋازى يەنە ئاڭلانماقتا...

موماي ئەندىشىدىن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي سىرتقا ئېتىلدى. تالادا بوران، يامغۇر... گۆردەك قاراڭغۇلۇق...

موماي قىزىنىڭ ئىشكى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇ، ئىشكنى چەككەندىن كېيىن، يېشى قىرىققا يېقىنلاپ قالغان، تولىمۇ يۇۋاش كۆيۈئوغۇل كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەسرەتلىك يېشىنى يوشۇرالمىغان ھالدا ئەلەم بىلەن ئۆكسۈپ مومايىنى ئۆيگە باشلىدى.

نۇرى ئۆچكەن، ھەرىكەتسىز كۆزى دېرىزىدىن كۆككە، بىپايان كەڭرىلىككە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان قىزىنى كۆرۈپ، موماي شۇ ھامانلا ھۇشىدىن كەتتى.

سەل نېرىدا، ئانىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان كىچىككىنە بوۋاق پاك ـ مەسۇم كۆزلىرىنى دېرىزە سىرتىغا ـ بىپايان دالىغا تىككىنىچە ياتاتتى.

سىرتتا بوران، يامغۇر، گۈلدۈرماما... ھوقۇش يەنە بىر خىل چىرقىراق ئاۋاز بىلەن كېچىگە قورقۇنچ سالماقتىدى.

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M2)




# روھىمنىڭ قايتا چاقىرىشى

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئەختەم ئۆمەر

يوروق يازدىلا ئاتۇش — ئىكساقتا ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بولىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭ تارقالغانىدى. بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن مۇشۇنداق بىر خاتىرىلەشنىڭ بولغانلىقى ئېسىمدە. ئەمما بۇ قېتىم بۇ خاتىرىلەش پائالىيىتىگە ئۆزۈمنىڭ تەكلىپ قىلىنىپ قالىدىغانلىقىم خىيالىمدىمۇ يوق ئىدى. بىر كۈنى ھازىرقى توي باغاقلىرى قاتارىدا بىر باغاقنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. يەنە شۇ ئاللىكىملەرنىڭ سان - ساناقسىز توي - تۆكۈنلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ باغىقىدۇ، ھەقىچان دەپ قارىسام، ئاتۇش - ئىكساقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە چاقىرىلغان گەپكەن. قاتتىق ھاياجانلاندىم ۋە بۇ كاتتا مەرىكىگە ئوتتەك بارغۇم كەلدى. ئەمما يانچۇقۇمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئەقىل، ھېسسىيات، سېغىنىش مېنى بىرىنشقا ئۈندەيدۇ، ئەمما، تاشتىن قاتتىق يوقسۇزلۇق مېنى نېمەڭگە تايىنىپ بارىسەن؟ دەپ ئوتتەك قىزىق روھىمغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قولۇمدىكى باغاقا كۆڭلۈم يېرىم ھالدا قاراپ ئولتۇرۇپ: «ئەي ئۇلۇغ ئەجدادىم، مېنى ئەپۇ قىل. ھازىر مېنىڭ مۇشۇ تار - نامرات ئۆيۈمدىلا ئولتۇرۇپ، سېنىڭ ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنى باشلاپ بەرگەنلىكىڭدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھەرىكىتىڭنى پەقەت غايىبانە ياخشى تىلەكلىرىم بىلەن تەبرىكلەشلا قولۇمدىن كېلىدۇ. شۇ تاپتا مەنلا ئەمەس، بۇنداق تەكلىپ باغاقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ماڭا ئوخشاش ھەر بىر ياش قولىمىزنىڭ قىسقىلىقىدىن بۇ مۇقەددەس مەرىكىگە بارالمايدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ مەيۈسلىنىۋاتىمىز. بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ سىلەردەك پەخىرلىك كاتتا بوۋىلىرىمىزنىڭ زۇلمەت باسقان جاھالەتلىك — قارا تۈنلەردە يېڭىچە مائارىپتىن ئىبارەت نۇرلۇق مەشئەلنى تۇنجى بولۇپ يېقىپ، ئەما دىللىرىمىزنى يورۇتقان جاھانشۇمۇل تارىخىي تۆھپەڭلەرنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىز ئەمەس. بۇ مۇقەددەس تويغا بارالمىساقمۇ، بىز سىلەرنى يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ياد ئېتىمىز» دېدىم ئۆز ئىچىمدە مەيۈسانە.

مانا شۇ ئۆتكۈنچە ھېسسىياتتا باغاقنى ئېھتىرام بىلەن قاتلاپ قويۇپ، بۇ ئايدا قورساقنى قانداق بېقىش، بارغانچە ئېچىلىۋاتقان كۆتىمىزنى قانداق يېپىشنىڭ غېمىدە ئۆز تىرىكچىلىكىم بىلەن بولىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سودىسى تازا بەرىكەت تاپقان قەشقەردىكى ئاغىنەم ئەركىندىن

www.uyghurkitap.com

تېلېفون كەلدى. تېلېفوننى ئېلىشىمغىلا ئۇنىڭ قوپال چاقچاقلىرى باشلاندى:

- ھە، غېجەكباش ئاداش، ئاتايىن تەكلىپ قىلىپ باغاق ئەۋەتسەك بارمايمەن دەپسىنا، ئاشۇنداق خاسىيەتلىك ئۇلۇغ تويغا سەندەك زىيالىي گۆيلار كەلمىسەڭ، ئوقۇمىغان ئوتۇنچىلار كېلەمدا. ئۆرۈمچىگە يۆتكىلىۋېلىپلا، خوتۇنىدىن قورقۇپ ئۆيىدىن چىقالمايدىغان كونا پاختا بولۇپ قالمىغانسەن؟

- نېمىگەپ ئۇ كونا پاختا دېگىنىڭ؟

- پاختا كونىرىسا، ماز بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

- ھەي، ئادەمنى تولا تىللىما. مېنىڭ گېپىمنىمۇ ئاڭلاپ باقمامسەن؟

- بولدى، ھەر قانداق ئىشىڭ بولسا قويۇپ كەل. بولمىسا، گەپنىڭ يامىنىنى ئەمدى ئاڭلايسەن. ئىنىم دىلمۇرات، غەيرەتلەرگە دەپ قويدۇم، سەن گۆيغا بېلەتنى شۇلار يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھەر ئەتىگىنى ۋە كەچتە ئەركىنىنىڭ قەشقەردىن تېلېفون ئارقىلىق قىلغان قوپال، بەدنۇيى تىل ئارىلاشقان مۇھەببەتلىك چاقچىقى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئۆزى ئىگە بولۇپ مەندەك بىر كۆنى ئۇدۇللۇق يازغۇچىنى يولغا سېلىشى بىلەن، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ بۆشۈكى ئاتۇش - ئېكساقتا قاراپ يولغا چىقتىم.

* * *

كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن قەشقەر ئايرودرومىدا مەن ئۇزاقتىن بېرى سېغىنغان ئەمما كۆرۈشۈپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغان ئەل - ئاغىنىلەر ۋە بىر مۇنچە ئىسسىق چىراي تونۇش - بىلىشلەر بىلەن دىدارلاشتىم. ئەركىن يىراقتىنلا ھەممە يېرىدىن كۆلكە - چاقچاق تۆكۈلۈپ تۇرغان ھالدا كەلدى. ئۇ، يېنىمدىكى تۇغقانلىرىمنى تونۇماي قېلىپ، يادىدا يوق ئىككىمىز خالىي قالغاندا قىلىشىدىغان بىر - بىرىدىن قوپال - سەت چاقچاقلار ئاغزىدىن چىقىپ كەتمىگىدى، دەپ ئەنسىرەپ ئىشارەت بىلەن كۆرۈشتۇق. تېلېفوندا كۆپ سالاملاشقان ۋە ماڭا ئايروپىلان بېلىتى يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئەمما ئۆزى بىلەن تېخى يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان ياش سودا - سانائەتچى دىلمۇراتمۇ چىققانىدى. بىز شۇ يەردە تۇنجى دىدارلىشىۋېتىپ، كونا قەدىناسلاردەك ئەھۋاللاشتۇق. نەچچە مىليون سوملۇق زاۋۇت ھەم سودىنىڭ ئىگىسى بولغان بۇ ھېممەت ئىگىسىنىڭ ماڭا ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى ئۆرۈمچىدىن ماشىنا بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكى، تېخى يەنە ئايرودرومغا ئالدىمغا چىققانلىقىدىن يۈزۈم چىمىلداپ قاتتىق خىجىل بولدۇم. چۈنكى بۇ ياش كارخانىچىنىڭ ئانا يۇرتى ئۇستۇن ئاتۇشتا قۇرغان زاۋۇتىدا ماڭا ئوخشاش ئايلىقچىدىن 200 ئادەم ئىشلەيتتى. دېمەك، ئۇ ھەر ئايدا مەندەك ئادەمدىن 200 گە مائاش بېرىپ، ئاشۇ 200 ئادەم ئارقىلىق ئاز دېگەندە 600 ئادەمنىڭ جاھاندارچىلىق قىلىپ، مورىسىدىن ئىس چىقىرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ، ۋەتىنىنى قانداق سۆيۈشنى، مىللىتىنى قانداق قۇتقۇزۇشنى، ئەڭ مۇھىمى قانداق قىلسا، ھەرەمگە بارمايمۇ ساۋابنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى تاپىدىغانلىقىنى بىلگەن ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەملىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. خۇددى قەشقەرنىڭ كاۋاپچىلىرى قوينىڭ ئۈستىخىنىنى رەندە سالغاندەك قىرىپ گۆشىنى شىلىۋالغان پەدىدە، ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە خەلقىنى ئۈستىلىق بىلەن شىلىش بەدىلىگە ھەر يىلى ھەرەمگە بېرىپ «ساۋاب» تېپىپ كېلىۋاتقان بەزى نەپسانىيەتچى ھاجىلاردىن كۆز ئالدىمدىكى تېخى بالا چىراي بۇ ھېممەت ئىگىسى قانچىلىك بۈيۈكلۈكتە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم.

- ئەجەب ماڭا ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىڭىز ماشىنىدا كەپسىزغۇ؟!

- ئالدىراش چاغدا ئايروپىلانغا ئولتۇرىمىز. ئارىسال چاغدا ماشىنىدا ئولتۇرساقمۇ ھامان كېلىمىز ئەمەسما. ھازىرغىچە ھېسابسىز يوللارنى ئاتلىق، ئېشەكلىك ھەتتا پىيادە مېڭىپمۇ كەلدۇققۇ؟ - دېدى ئۇ تولىمۇ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك ۋە قىزغىنلىق بىلەن.

ئەتىسى شەھەر ئايلانماقچى بولدۇق. مەن پىكاپنى ئاتايىن ھېيتگاھ ئالدىدىن ئايلىنىپ مېڭىشقا ئىلتىماس قىلىپ، تولىمۇ سېغىنغان ئانا شەھىرىمىزنىڭ بۇ مۇقەددەس سىمۋولىغا سالام بەردىم: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەزىزانە شەھىرىمىزنىڭ روھىي تۈۋرۈكى، تەكلىماكاندىن توختاۋسىز بوخسۇپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئاچچىق توپا - تومان ئۈستىبېشىڭنى بېسىپ، سېنى غېرىب، مىسكىن، توپا چىراي قىلىۋەتكەن، ئەتراپىڭدىكى يالتىراق ئىمارەتلەر غادىيىپ، قەددىڭ بارغانچە يەرگە قېقىلىپ، كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنسەڭمۇ، ئەمەلىيەتتە سەن مىليونلىغان قەلبنىڭ ئىپتىخارى، بىر پۈتۈن خەلقنىڭ مۇقەددەس ئېتىقادىنىڭ روھىي تۈۋرۈكىسەن. شۇڭا، ساڭا سېغىنىپ، ھەم تېۋىنىپ كامالىي ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىمەن. ساڭا سالام بەرگەچ، سەپەر ۋاقتىنىڭ زىقلىقىدىن دىدارلىشالمىغان بۇ شەھەردىكى نۇرغۇنلىغان ئىخلاسمەن ئەل - ئاغىنىلەر، ئۇستازلار، ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلەرگە سەن ئارقىلىق غايىبانە ھۆرمەتتە سالام بېرىمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ روھىمۇ ساڭا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، مەن دىدارلىشالمىغان ئۇ ئەزىزلەر پېقىر ئۈچۈن خۇددى سەندەك ئىناۋەتلىك ھەم مۆھتەرەم. ئەتراپىڭدىكى سەندىن ئېگىز ھەم چىرايلىق، ھەيۋەتتى كوچىنى بىر ئالغان ئاسمانپەلەك ئېسىل قۇرۇلۇشلار ئالدىڭدا ھەر قانچە غادايسىمۇ، سېنىڭ كونىراپ

كەتكەن بىر تال خىشىدەك ئىناۋەتكە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى ئۇلاردا سىنىپ بارغانسېرى ئولتۇرۇشۇپ - كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، كونىراپ توپا بېسىپ، غېرىب - مىسكىن چىراي بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنگىنىگە سېلىشتۇرما بولغىدەك سىرلىق جەزبە، سەن بىلەن رىقابەتلىشەلىگۈدەك ئىلاھىي قۇدرەت يوق ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ساڭا ئۇۋال قىلىنغانچە ئىناۋىتىڭ ئەرشكە قاراپ ئۆرلىمەكتە. قەددىڭ چۆكۈرۈلگەنچە ئابرويىڭ شۇنچە ئۆسمەكتە. سەن تەبىئىي يېتىلگەن يولۋاسسەنكى، ھەرگىزمۇ مايمۇن ئەمەسسەن. سەن ئۆز ئېتىقادچىلىرىڭنى ھازىرغىچە ئالدىمىدىڭ ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئالدىمايسەن» دېدىم ئۆز ئىچىمدە چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن.

* * *

ئاتۇشقا مېڭىش ئالدىدا بىر قانچە ئاغىنىلەر ھال - مۇڭ بولۇپ سۆھبەت قۇردۇق. بىردىنلا پاراڭلىرىمىزنىڭ تېمىسى مائارىپقا يۆتكىلىپ، ئەتە ئاتۇش - ئېكساقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش تەنتەنىلىك مەرىكىسى، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى شۆھرەتلىك يىللار ھەققىدە پەخىرلىنىپ سۆزلەشتۇق؛ كۈنسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان ھازىرقى تەربىيىلىنىشىمىز ھەققىدە ئېچىنىپ ھەم ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق پىكىرلەشتۇق، تالاشتۇق، قىزىشتۇق، مۇنازىرىلەشتۇق. بىردىنلا ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، يېمەي - ئىچمەي يېدۈرۈش، كىيمەي كىيدۈرۈش بەدىلىگە ئون يىللاپ ئوقۇتۇپ ئالىي ھەم ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىغا كىرگۈزۈلگەن سەر خىل بالىلاردىن خېلى كۆپلىرىنىڭ ئۇ مەكتەپلەرگە قەدەم قويۇپلا ئۆگىنىشكە قىزىقماي، ئىچىملىك - چېكىملىككە بېرىلىپ، قىز - ئوغۇل دېمەي ئىچىشىپ، چېكىشىپ مەست بولۇشۇپ يۈرۈشلىرى، ئۇلارنىڭ كۈنسېرى بۇلغىنىۋاتقان يېمىرىلىۋاتقان ئېتىقادى، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان مىللىي ئەخلاقى كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى: ناچار - كىسلاتالىق ھاراققا بېرىلىش نەتىجىسىدە ئەقلىنى كۆيدۈرۈپ چوڭقۇر ئويلاش ئىقتىدارىدىن، زەئىپلەشتۈرگۈچى پىۋىنى تولا ئىچىپ، چاچراپ تۇرىدىغان چېچەن ئەرلىك روھىدىن قېلىۋاتقان ئوغۇللار، مودا كىيىم، پاللىدە يېنىپ ئۆچكەن پاخال ئوتىدەك يۈزنى بىرلا قېتىم يالغاندىن چىرايلىقلاشتۇرغاندىن كېيىن، سەتلەشتۈرۈپ كۆل قىلىۋېتىدىغان زەھەرلىك پەداز بويۇملىرىغا بېرىلىپ، ئۆيدىن ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پۇللارنى يەتكۈزەلمەي مېھمانخانا، قاۋاقخانا، ئېتى چىرايلىق غەيرىي پاھىشىخانىلاردا ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىپ، كىيىم ئۈچۈن پۇل تېپىۋاتقان قىزلار دەل بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ مەنىۋى پاجىئەلەر ھەققىدە قانچە كۆپ، ئىچكىرىلەپ ئويلىغانسېرى، ئىلمىي ھەم ئاڭلىق تەربىيىلىنىشتىن كۈنسايىن يىراقتا قېلىۋاتقىنىمىز سەۋەبلىك، مىللىي تەركىبىمىزدە بارغانچە بىكار تەلەپلەر، ھورۇن - ناتقىپلار، كۆكەمە - ئوششۇقلار، تىلەمچى، رەمبال، ئوغرى، بۇلاڭچى، بەڭگە - قىمارۋاز، ھاراقكەش، پاھىشىلەرنىڭ كۆپىيىپ، مىللىي سۈپەت - ساپادا تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى؛ تەرەققىي تاپقان ئىلغار - زامانىۋى مىللەتلەر «ئايغا - يۇلتۇزغا ئۇچۇپ، يەر - زېمىن، ئاسمان ئۇلارغا باش ئېگىۋاتقان» بۈگۈنكى كۈنلەردە، بىز ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش، ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش، ئىشلەشنىڭ ئورنىغا ھە دېسىلا مىللەت ئۈچۈن ئىككىنچى زۆرۈرىيەت بولغان ئويۇن - تاماشا، بەزمە - باراۋەت، ناخشا - ئۇسسۇلنى توپ خۇمارىمىز ۋە كەسپى - كارىمىزغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ ۋە ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ، مۇنداقلا قارىماققا خۇددى سىگانلارغا ئوخشاش ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا ئىشى يوقتەك بىر خەلققە ئايلىنىپ، بۆشۈكتىن باشلانغان ناخشا - ئۇسسۇل تەربىيىسى پۈتكۈل ھاياتلىق ئۆمرىمىزگە سىڭىپ، مەيلى قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايلى ھەممىمىزلا ناخشا - ئۇسسۇلچى بولۇش، كىم قايسى سەنئەتكە تارتسا ئويلىماستىنلا شۇ سەنئەتكە كەلتۈرۈپ، ئەرمۇ - ئايالمۇ ئوخشاش تولغىنىيالايدىغان ئۇسسۇلچىلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىغان بىر قەۋم بولۇش شەرىپىگە ئېرىشىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلمەك تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. مانا بۇ، بىزنىڭ ھازىرقى بىر تەربىيىلىنىش يولىمىز بولغاچقا، يەسلىدىكى بالىلىرىمىزدىن تارتىپ دېھقانمۇ، كادىرمۇ، مۇئەللىممۇ، ئالىممۇ، سىياسىيئونمۇ، ھەتتا تىلەمچى، ئوغرى - قاراقچىغىچە ئۇسسۇلچى بولۇپ يېتىلدۇق. تېلېۋىزىيە ساھەسىمۇ بىزنىڭ يەسلىدىكى تۇرمۇشىمىزنى ئۇسسۇل ئوينىتىپ كۆرسىتىدۇ. مەكتەپلەرنى تونۇشتۇرغاندىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىۋاتقان ياكى تەجرىبىخانىدا تەبىئىي پەنلەر تەجرىبىسىنى ئىشلەۋاتقان ئەھۋالىدىن كۆرە، كۆپرەك ئۇسسۇل ئويناشلىرىنى، دېھقانىنىڭمۇ زىرائەتنى قانداق پەرۋىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاساس قىلىشىنىڭ ئورنىغا ھە دېسىلا ئېتىزدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى تولاراق سۈرەتكە ئالىدۇ. ھەتتا بىرەر ئالىمنى ياكى تۆھپىكار ئوقۇتقۇچىنى تونۇشتۇرسا، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سۆزلە - سۆزلىمەيلا ئائىلىسىدە خوتۇن - باللىرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ نايناقلاپ يۈرگەنلا كۆرۈنۈش بېرىلىدۇ. (شۇنداقلا تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا ئالىم - كەشپىياتچىلارنىڭ پائالىيىتىدىن كۆرە بەل تولغىغانلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى، ئادەملىرىمىزنىڭمۇ شۇ ئالىم - كەشپىياتچىلاردىن كۆرە بەل تولغىغانلارغا ئامراقلىقىنى بىلمەكمۇ تەس ئەمەس. مۇھەررىردىن). ئۇيغۇر كىنوچىلى-

قىمۇ قىرىق نەچچە يىلدىن بۇيان ھىندىستان، پاكىستاننىڭ كىنولىرىغا ئاڭلىق، ئاڭسىز تەقلىد قىلىنغان ناخشا - ئۇسسۇل كىنوچىلىقى بولۇپ، گادايدىن شاھقىچە ئۇسسۇلچى خەلق ئىكەنلىكىمىزنى نامايەن قىلىپ، خەلقىمىز ۋە ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە مىللىي غورۇرىنى ئۇرغىتىش، ئۇلارغا چىن مەنىسىدىكى سەنئەت گۈزەللىكى تەربىيىسى بېرىشنىڭ ئورنىغا خاسلا ناخشا - ئۇسسۇلچىلىق تەربىيىسى بېرىپ كەلدى. شۇڭا، «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈشكە شۇ چىقىدۇ» دېگەندەك، يەھۇدىيلار، ئېنگلىزلار، گېرمانلار، فرانسۇزلار، ياپونلار، رۇسلار، خەنزۇلار... زامانىۋى پەن - تېخنىكىدىن مول ھوسۇل ئالسا، بىز ناخشا - ئۇسسۇلدىن مول ھوسۇل ئالدۇق. خەق «ئالىملار مىللىتى» دەپ ئاتالسا، بىز «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ ئاتالدۇق؛ قارىغاندا، رىۋايەتلەردىن بىزگىچە كەلگەن «تەڭرى مېڭىسى ئىشلەيدىغانلارنى تاجدار، كۆكرەك - غول ئەزاسى كەڭلەرنى چەۋەنداز، قولى ئەپچىل، بېلى ئەۋرىشىملەرنى ئۇسسۇلچى، پۇتى ئەپچىللەرنى مۇلازىم قىلىپ ياراتقۇدەك» دېگەن ئىبرەتلىك ھېكمەتنى بىزمۇ ئەقىل بىلەن ھەزىم قىلىپ باقمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ (مۇھەررىردىن).

ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى شۇ ھەقىقەتنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ يەتمەكتىكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەر قانداق قەۋم، خانلىق، يۇرت ئەزەلدىن ئىشنى پەرزەنتلىرىگە ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىتىشتىن، ھېچ بولمىسا توشقان تۇتىدىغان توزاق، قىرغاۋۇل سوقىدىغان چوماق، ئۆمۈلەشتىن مېڭىشقا كۆندۈرىدىغان غالتەك ياساشقا قولىنى كەلتۈرۈشتىن باشلاپ كەلگەن بولسا، بىز شۇ كۈنلەردە تارىختىكى بۇ ئەنئەنىمىزدىن چەتنەپ، ئىشنى تەمتىلەپ ئاران ماڭىدىغان بالىلىرىمىزغا ئۇسسۇل ئۆگىتىشتىن باشلاۋاتىمىز.

مۇنداق بىر سۆھبەت پات - پات قۇلىقىمغا چۈشۈپ تۇرىدۇ:

- بۇنىڭدىن كېيىن بالىغا بولغان تەربىيىنى قاتتىق كۈچەيتمىسەم بولمىدى. نېمىشقا دېسەڭ، بالام سەل ئويۇن قېپى - كەپسىز چىقىپ قالدى. مەكتەپ تەربىيىلەيدۇ، دەپ كارىمىز بولماي سورۇن تارتىپ ھاراق ئىچىپ يۈرۈۋەرسەك، بالا تاپتىن چىقىپ بۇزۇلۇپ، كېيىنچە بېشىمىزغا بالا بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

- ئوبدان ئويلاپسەن. نېمىدە تەربىيىلەي دەيسەن؟

- بالام كىتاب ئوقۇمايدىغان چىقىپ قالدى، مانداق قارىسام، ناخشا - سازغا ئامراقتەك قىلىدۇ. تەتىلدە ۋە دەرستىن چۈشكەن چاغلىرىدا بۇ گۈينى بىكار قويماي، بىر باشتىن ھەممە سازنى چالالايدىغان، ھەممە ئۇسسۇلنى ئوينىيالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدىغان بىرەر يەرگە تۇتۇپ بېرەيمىكىن، دەيمەن.

- ئوبدان ئويلاپسەن. زادى شۇنداق قىلماي بولمايدۇ.

بالا تۇغۇلۇپلا ئۆز مىللىي تۇرمۇش تۇپرىقىدا ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقىنى كۆرمىگەندىكىن، ئاتا - ئانا بولغۇچىمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە مۇھىت يارىتالمىغاندىكىن، بالىنىڭ قىزىقىدىغىنىمۇ، ئاتا - ئانىنىڭ بالىغا بېرىدىغان تەربىيىسىمۇ يەنە شۇ بولماي نېمە بولماقچىدى؟

«بۇلبۇلنىڭ چىرايلىق نەغمىسىگە قورساق تويمايدۇ»، «سايراپ بېرەر تۇمۇچۇق، لاچىن ئالار توشقاننى» (مۇھەررىردىن) دېگەندەك، بىزدە بىنالار، يوللار ۋە ماشىنىلارنى قانداق لايىھىلەيدۇ، كۈندە كۆرۈۋاتقان ماۋۇ تېلېۋىزورنى قانداق ياسايدۇ، دېگەندەك نان تېگىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بالىلارنى قىزىقتۇرىدىغان، ئۇلارنى تۈرلۈك پەن - تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت، تىل كۇرسلىرىغا جەلپ قىلىدىغان (بۇ خىل كۇرسلارنى ئېچىشقا ئانچە قىزىقمىغانلىقىمىز سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بۇنداق كۇرسلارمۇ بىزدە يوق ھېسابىدا. مۇھەررىردىن.) ئاتا - ئانىلار ياكى بۇنىڭغا قىزىقىدىغان بالىلار يوقمىدۇ؟ (ھەتتا ھەقلىق تۈردە شۇنداق سوئال قويۇشقا مەجبۇرمىزكى، ياشلار - ئۆسمۈرلىرىمىز ئىچىدە تەبىئىي پەن ئالىملىرىغا چوقۇنىدىغانلار كۆپمۇ ياكى ئاتالمىش ناخشا چولپانلىرىغا چوقۇنىدىغانلار كۆپمۇ؟ چوقۇمكى، «چولپان»لارغا چوقۇنىدىغانلار كۆپ. مۇھەررىردىن).

خوش، ئىش شۇنداق ئىكەن، بىزدىكى بۇ خىل تەربىيىلەش ھەم تەربىيىلىنىشتىن سەسكەنگەن، سېسىق كېكەرگەنلەر، ئادەمنى ئويۇن - تاماشا، قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئەقىل، تەپەككۇر، تەدبىر روناق تاپقۇزىدىغانلىقىنى مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى يۈكسەكلىكىدىن ئويلايدىغان ئاقىللار زادى قانچىلىكتۇ؟

يېقىندا «قاغىلىق ناۋاسى» بەدىئىي سەنئەت فىلىمىنى قويۇش مۇراسىمىدا قاغىلىقنىڭ بىر رەھبىرى: «بۇ فىلىم ناھايىتى ياخشى ئىشلىنىپتۇ. ئەمما ھەممىسى ناخشا - ئۇسسۇللا بوپتۇ. لېكىن قاغىلىق خەلقى 40 نەچچە يىلدىن بېرى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپلا ئۆتمىگەن، بەلكى يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا نۇرغۇن خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلغانىدى. بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى بۇ فىلىمدىن كۆرگىلى بولمىدى» دېدى. بۇ پىكىر يىغىن ئەھلىنى قانچىلىك ئويلاندۇردى، بۇنىسى پېقىرغا نامەلۇم. لېكىن ئۇنىڭ دېگەنلىرى بوش گەپ ئەمەس، ئەقىل بىلەن ئويلاپ باقىدىغان - ۋەزنى بار گەپلەر ئىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۇ پىكىرگە قانداق قارايدۇ، قوللامدۇ ياكى قارشى چىقامدۇ؟ بۇمۇ ئەقىل - ھوشى بار ئادەملەرگە تاشلانغان مەنىلىك - مۇھىم سوئال، ئەلۋەتتە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

گەرچە بۇ مۇلاھىزىمىزگە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە شۇنىمۇ دېمەي بولمىدىكى، مىللەتنىڭ چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىرەرتى - يېرىم ئېغىز ئىبرەتلىك ئەمما پايدىلىق گەپ چىقىپ بولغىچە بىزدىكى چېقىم ۋە شىكايەتكە كەسىپلەنگەن، ھەتتا مۆرىتى كەلگەندە خوتۇن - باللىرى ئۇستىدىنمۇ خەققە ئەرز قىلىشتىن يانمايدىغان بەزى قارا ئۆپكە چاقۇچىلار بىردەمدىلا ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۇستۈن قىلىپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى بوياپ، مىللەت ئۈچۈن پايدىلىق گەپ قىلغۇچىغا قارا چاپلاپ، توقى - لەنەتنى ئارتىپ جازالىتىۋەتمىگىچە، ئۇمۇ قولىدىن كەلمىسە، بىر ئۆرۈلۈپلا پىتنە - پاسات تارقىتىپ، ئۇنى سېسىتىۋەتمىگىچە، يېگەن - ئىچكىنى تېنىگە سىڭمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلىپمۇ ئېرىشىدىغىنى ئاران «كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگكەن» چىلىك ئەرزىمەس مەنسەپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، توخۇ يەپ ئۆگەنگەن ئىت قورسىقى توق تۇرۇپمۇ چۈجىنى كۆرسە بوغۇپ تاشلىغاندەك، ئوغرى ئوغرىلىغىلى بىر نەرسە تاپالمىسا، خوتۇنىنىڭ تامبىلىنى ئوغرىلىغاندەك پەسەندىلىكتىن يانمايدۇ. (بۇ، تارىختىكى مىجەز نۇقسانلىرىمىزدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بىر قارا كۆلەڭگە، ئەلۋەتتە. مۇھەررىردىن). شۇڭا، بىر - بىرىمىزگە كۆيۈمسىزلىكىمىز ھەققىدە گەپ بولسىلا چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر ئىبرەتلىك رىۋايەت ئېسىمگە چۈشىدۇ:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، مەغرىبتىكى قايسىدۇر بىر ئىمپېراتور بۇ قەدىمىي دىيارىمىزغا قوشۇن تارتىش ئۈچۈن، ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن سەركەردىلىرىنى ئەلچى، سودىگەر سىياقىدا ئارقا - ئارقىدىن يولغا سېلىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئېلىپ قايتقانلا مەلۇماتى قوشۇن تارتىشقا پايدىسىز مەلۇماتلار بولغاچقا، بۇ ئىمپېراتورنىڭ بېشى قېتىپ ئاخىرى ئاقىل - دانىشمەن پىر - ئۇستازدىن بىرنى ئۆزى يالغۇز كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بۇ دانىشمەن ماڭا - ماڭا ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ بىرىگە كەلگەندە، تال چۈشقىنى ئات، يۇلغۇن بالچۇقىنى قىلىچ قىلىپ، ئۆز ئارا قىلىچۋازلىق ئويۇنى قىلىشىۋاتقان ئېغى يوق ئىنىشتانلىق ئىككى سەبىي بالىنى كۆرۈپتۇ - دە، چۆچىگەن ھالدا: «ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا جەڭ قىلىشنى ئۆگىنىدىغان خەقكەن بۇ» دەپ خاتىرىسىگە پۈتۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر بوۋاي هارۋا ھەيدەپ يولدىن ئۆتكەنىكەن، بالىدىن بىرسى هارۋىنىڭ كەينىگە ئېسىلىپتۇ. بۇنى دوراپ يەنە بىرسىمۇ هارۋىغا ئېسىلغانىكەن، بويى يەتمەپتۇ. ئۇ بالا شۇ زامات هارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ: «ھەي بوۋاي، سەمەت هارۋاڭغا ئېسىلىۋالدى» دەپتۇ. هارۋىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان بوۋاي ئارقىسىغا قاراپ هارۋىغا ئېسىلىۋالغان سەمەتنىڭ باش - كۆزىگە شىراق قامچىسى بىلەن ئۇرۇپتۇ. سەمەتنىڭ باش - كۆزى يېرىلىپ قانغا بويالغان ھالدا هارۋىدىن ئۇڭدىسىغا ئۈچۈپ چۈشۈپتۇ - دە، توپىغا يۇمىلىغانچە چىرقىراپ يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋاي بىلەن بالا: «خوپ بولدى، ئۆلە، ئۆل» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن دانىشمەن: «بۇ ئەل جەڭگىۋار، ئۇرۇشقا ماھىر بولغىنى بىلەن، بۇلاردا چىن دوستلۇق، ئىناقلىق، بىر - بىرىگە كۆيۈم دېگەن نەرسە يوق ئىكەن. دوستى دوستىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا ھەسەت قىلىپ چېقىپ قويىدىكەن. چوڭلىرى تولىمۇ بىرەھىم، تاش يۈرەك كېلىدىكەن. بۇلاردا بىرەرسى يامان كۈنگە قالسا، ئاتا يوللۇقلاردىن تاكى دوست - بۇرادەرلىرىگىچە بىر چەتتە تۇرۇپ كۈلۈپ - يايراپ تاماشا كۆرىدىكەن. شۇڭا، بۇ ئەلگە ھەربىي يۈرۈش قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سېلىپ تازا ھالسىرىتىپ، ئاجىزلاشقان تەرەپكە ھەربىي ياردەم بەرسەك، ئۇلار بىزنى ئۆز ئايىغى بىلەن باشلاپ كىرگۈدەك» دەپ خاتىرىسىگە پۈتۈپلا بۇ پايانسىز دىيارنىڭ يەنە باشقا يەرلىرىنى كۆرمەي قايتىپ كېتىپ، ئىگىلىگەن مەلۇماتىنى ئىمپېراتورغا يەتكۈزۈپتۇ. ئىمپېراتور دانىشمەننىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئىش قىپتىكەن، كۈتكىنىگە ئاسانلا ئېرىشىپتۇ.

خوش، يەنە ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ھە دېسىلا ئويۇن - تاماشا، بەزمە - باراۋەت، ناخشا - ئۇسسۇلغىلا بېرىلىش، ئادەملىرىمىزنى خۇددى بەڭگى تاماكىغا خۇمار بولغاندەك، كىتابتىن ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق قىلىۋەتتى. شۇڭا بىزدە پاخپاق ناخشا - ئۇسسۇل لېنتىلىرى كۆپەيگەنچە كىتابخانىلاردىكى كىتابلار ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەر تۇرۇپ بۇزۇق خوتۇندەك «ۋايجېنى ئاللا، ۋاي توۋا» دەيدىغان بىر يۈرۈش لاۋزا ناخشىلار ئىگىلىگىلى قوپتى. ئۇيغۇرچە كىتاب - ژۇرناللار سېتىلىدىغان دۇكان - يايمىلارمۇ بارا - بارا ئازلاپ ياكى يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ئەخلەتخانىلىرىدىن تېرىپ كەلگەن كونا كىيىملەر بازارلىرى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ ئون قەدەم ماڭغىچە پاشنىسى چۈشۈپ قالىدىغان يالغان كەش بازارلىرى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلار كىيىم - كېچەك، ئەسكى پايپاق بازىرى ۋە ناخشا - ئۇسسۇل سورۇنلىرىدا ئەڭ كۆپ بولسا، ئەكسىچە خەنزۇلار كىتابخانىلاردا ئەڭ كۆپ. بىزدە مەنسەپدارمۇ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ئۈچۈن چوڭراق بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىشقىمۇ قىزىقمايدۇ. شۇنداقلا بىرەرمۇ باي تېخى بىرەر كىتاب چىقىرىشقا پۇل خەجلەپ باقمىدى. ئەمما خاھى مەنسەپدار، خاھى باي بولسۇن ناخشا - ئۇسسۇل، ئويۇن - تاماشا ئۈچۈن ئايانماي تۈمەن - تۈمەنلەپ، مىليون - مىليونلاپ پۇل چىقىرىۋاتىدۇ. مانا بۇ بىزگە پۈتۈن خەلق سۈپىتىدە كۈنسېرى ئەۋجەرەۋاتقان ئويۇن -

www.uyghurkitap.com

تاماشا، بەزمە - باراۋەت، ناخشا - ئۇسسۇلچىلىق روھىدىن سىڭگەن تەربىيىلىنىش ئېڭى!

بىز كىتابلارنى تاشلاپ، بەل تولغاش، ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىش بىلەن بەختىمىزنى تاپىدىغان بولساق، قىيامەتكىچە ناخشا ئېيتىپ، ساغرىمىزنى تولغاپ ھاياتلىق سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ باقايلى، قېنى، كەلگۈسىدە بىزنى قايسى تەقدىر كۈتىدىكىن؟

بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىمكى، مەن ھەرگىز ئۆز سەنئىتىمدىن زېرىكىپ قالغىنىم يوق! خەلقنى ھەقىقىي سەنئەت تەپەككۇرى ۋە ئەقىل - ئىدراكقا يېتەكلەيدىغان مىللىي سەنئىتىمىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ناخشا - ئۇسسۇل بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان دولان دىيارىدا قايناق مەشرەپ سورۇنلىرىدا تۈننى تاڭغا ئۇلاپ چوڭ بولغانمەن. شۇڭا، مۇقاملار ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ناخشا - ئۇسسۇللىرىغا مۇھەببىتىم چوڭقۇر. مەن ئاشۇ مەشرەپلەردىن ئەقىل تاپقان، جاھاننى، ئاق - قارىنى تونۇغان، ئادىمىلىكنى ئۆگەنگەن. ھەر نۆۋەتلىك مەشرەپتىن يالغۇز مەنلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەھلى يۇرت ئاجايىپ ئىلمىي ھېكمەتلەرنى بىلىپ قايتاتتۇق. «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى» دەپ ئاتالغان بۇ مەشرەپلەردىكى ناخشا - ئۇسسۇللار چىن مەنىسى بىلەن ئادەمنى ئويغا سېلىپ، تەگسىز مۇڭلىرى بىلەن يۈرەكنىڭ خۇمارىنى يېشەتتى؛ ياش ئەۋلادلارنى ئەنئەنىدىن ياتلاشتۇرىدىغان، ھەقىقىي سەنئەت تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرۈپ بىخوتلاشتۇرۇش ئارقىلىق تاپتىن چىقىرىدىغان ھازىرقىدەك بەزىبىر غايىسىز، ئېتىقادسىز، چۈشكۈن، تۇتامسىز، ئەبجەش، ھاياسىز - غىلجىڭ، دادخور - يىغلاڭغۇ ناخشا - ئۇسسۇللار ئەمەس ئىدى.

دېمەكچىمەنكى، ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن شۇغۇللىنايلى، ئەمما ئۇنى ھەممە ئىشنىڭ ئالدىغا قويۇپ خەلقنىڭ توپ خۇمارى قىلىۋالمايلى، ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سانائەت بىلەن ناخشا - ئۇسسۇلنى تەڭ تۇتايلى. ھازىرقى زامان تارىخ سەھنىسىدە «قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇسسۇل، دېمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشىلا» بولمىسۇن. چۈنكى خەلقىمىز بۈگۈنكى دۇنياۋى رىقابەتتە ناخشا - ئۇسسۇل مۇسابىقىسىغا دۈچ كەلگىنى يوق!

* * *

شۇنداق پاراڭلار بىلەن كەچ كىرگەنىنىمۇ تۇيماي قاپتىمىز. شۇ كۈنى كەچتە بىز ئايرودرومدا داڭلىق يۇقىرى قاتلام مائارىپ تەشكىلاتچىسى، مىڭلىغان باللىرىمىزنىڭ ئالىي تەربىيە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىدە خەلق بىلىدىغان ھەم بىلمەيدىغان قانچىلىغان مۇشكۇل، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ، بۈگۈنكى ئالىي مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قالتىس تۆھپە قوشقان مۆھتەرەم ئۇستاز مائارىپچى ئابدۇرەھىم قاسىم ئاكا ۋە ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن باھاۋۇدۇن مۇسابايوفنىڭ نەۋرىسى، مەرىپەتپەرۋەر سودا - سانائەتچى، نامىنى تولا ئاڭلىغان ئەمما ئۆزى بىلەن تۈزۈكرەك بىر دىدار مۇلاقەت بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف بىلەن چوڭقۇر ھۆرمەتتە كۆرۈشتۇق. ئادەمنى خىجىللىق ئىچىدە ئويغا سالىدىغىنى شۇ ئىدىكى، بۇندىن 110 يىل ئىلگىرىمۇ بىز يېڭىچە ئۇيغۇر مائارىپىنى تۇنجى بولۇپ روياپقا چىقىرىشتا، ئۇ (ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف) نىڭ بوۋىلىرىنىڭ مىڭبىر جاپادا تاپقان پۇلى بىلەن مەكتەپ ئاچالىغانىدۇق. بىز ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلار (ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلار) نىڭ پۇلىدا مەكتەپ قۇرۇپ، ئوقۇپ ئاز - تولا بىر نەرسىنى بىلىۋېلىپ كۆزىمىز ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بالا - ۋاقىللىرى ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ زاۋۇت - كان، ئۆي - بىسات، باغ - ھويلا، مال - چارۋا، ئېتىز - قىر، پۇل - پىچەكلىرىنى تارتىۋالدۇق. ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغانلىرىنى قارا قىشتا دالىغا ھەيدەپ، يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، مۇساپىر - قارا سەرگەردان قىلىۋەتتۇق. ئۇلار سەرسانلىق - سەرگەردانلىقنىڭ ئازابىنى يەتكىچە تارتىپ، تىرىكلەر دوزىخىدىكى قىيامەتنىڭ ئوت - ئاتەشلىرىدە شۇنچە كۆيۈپمۇ ئامان قېلىپ، ئاخىرى يەنە جاھاننىڭ ساراڭلىقى بېسىلىپ، ئوڭلۇقى تۇتقاندا خارابە ئىچىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئاشۇ ئوبۇلھەسەننىڭ ھەممە نەرسىسىنى بۇلاپ - تالاپ سېرىتىۋېلىپ، بېشىغا نى - نى قارا كۈنلەرنى سالغانىدۇق. قارىساق، بىز يەنە گادايلىقتىن ئۆرە كەلمەي، ئۇ (ئوبۇلھەسەن) بىزگە ھەممە نەرسىسىنى تارتقۇزۇپ قويۇپمۇ يەنە گادايلىقنى بىزگە تاشلاپ بېرىپ، بىز ئۇرۇپ - تىللاپ كىيىمىنى سالدۇرۇۋالغان ئەينى چاغدىكى سەبىي بالىدىن بۈگۈن يەنە بوۋىسىدەك كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ. بىز بۈگۈنمۇ گادايلىقىمىزدىن مەكتىپىمىزنى باقالماي: باللىرىمىزنى ئوقۇتۇش تەس بولۇۋاتىدۇ. بوۋاڭمۇ بىزگە مەكتەپ سېلىپ بېرىپتىكەن، ئۇ قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا سېنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، يالىڭاچلاپ يۇرتتىن قوغلاپ چىقاردۇق. ھالا بۇ كۈنلەرگە كەلگەندىمۇ ئۆي - جاي، مال - مۈلۈكلىرىڭنى قايتۇرالمىدۇق. قارىساق، خۇدايىم ساڭا بېرىپ يەنە باي بولۇپ كېتىپسەن. ئۆتكەننى تەگمەي، باللىرىمىزنى تەربىيىلەشكە پۇل بەرمىسەڭ بولمىدى، دەپ يۈزىمىز قىزارماستىن ئۇنىڭدىن يەنە ئېلىۋاتىمىز. بىز راستىنلا ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان تۇزكور ئادەملەركەنمىز. قارا يۈزلۈك - خۇمسىلىقتا شۇ دەرىجىگە يېتىپتىمىزكى، كىم بىزگە ياخشىلىق قىلسا، «ۋاپاغا جاپا بارمۇ، بىرگە ئون» دېگەندەك، شۇنىڭغا ئاشۇرۇپ يامانلىق قىلىدىكەنمىز. قىلغاندىمۇ مۇناپىقلىقنىڭ

ئەۋرىشكىسى بولغىدەك دەرىجىدە قىلىدىكەنمىز. «ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق» دېگەندەك، كىم بىزنىڭ ئەدىپىمىزنى بېرىپ خامىرىمىزنى يارسا، شۇنىڭغا كۆچۈكلىنىپ غالچا بولۇپ خوشامەت قىلىدىكەنمىز. مۇسابايى، ھۇسەنبايى، باھاۋۇدۇنبايى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىزگە شۇنچە كۆپ ياخشىلىق قىلسا، بىز ئۇلارغا ھايۋانغا سالىمىغان زۇلۇمنى سالدۇق. ئەمەلىيەتتە بۇلاڭچىلىق قىلمىشىمىز ئۈچۈن ئۇلاردىن قورقۇق بولسىمۇ ئەپۇ سوراشنىڭ ئورنىغا يۈزىمىزنى داپتەك قىلىپ يەنە ئۇلارنىڭ نەۋرىسىدىن تىلەۋاتىمىز. ئوبۇلھەسەنباي شۇنچە قاباھەت بۇلاڭچىلىقىمىزنى ئەپۇ قىلىپ، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەشكە ئۆز يانچۇقىمىزدىن ئاز - پازدىن بولسىمۇ چىقىرىشقا قارىنىمىز ئاغرىغان پۇلنى ئۇ يەنە سېخىيلىق بىلەن چىقىرىۋاتىدۇ. بىز يەنىلا ھېلىقى تۇزكورلارنىڭ ئەۋلادى بولغاندىكىن، يەنە كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئوبۇلھەسەنباينىڭ پۇلىدا تەربىيىلىنىپ چوڭ بولىۋېلىپلا ئۇنىڭ بالىلىرىنى بۇلاپ - تالاپ، يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرامدۇق، قانداق؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ۋۇجۇدۇم شۈركىنىپ كەتتى. چۈنكى بىز تارىختا «ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەن خۇمسىلىق ئىگى بىلەن، كىم ياخشىلىق قىلسا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، كىم يامانلىق قىلسا ئۇنىڭغا غالچىلىق قىلىدىغان بولۇپ تەربىيىلەنگەن تۇرساق.

مەن تۇرۇپلا ھۇسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ ھېسابسىز ۋەيران بولغان ئىگىلىكىنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە تەرىپىدىن خاراب قىلىنغان بېرلىن شەھىرىگە ئوخشاتقۇم كەلدى. جەڭدە پۈتۈن شەھەر كۆيۈپ، ئېگىز - ھەيۋەتلىك قەدىمي بىنالار ئۆرۈلۈپ، بىر چىرايلىق شەھەر ئىس - تۈتەك ئىچىدە پارچە خىش، چالا كۆيگەن ياغاچلار بىلەن تولغان خارابىلىققا ئايلانغانىدى. شۇ چاغدا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانى ئېزىنخاۋېر گېنېراللىرىنى ئەگەشتۈرگەچ خارابىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. بۇ، زاۋال ۋاقتى بولغاچقا، تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ چىراغسىز قالغان شەھەر گۆرىستانغا ئوخشاپ قالغانىدى. تۇيۇقسىزلا بىر خارابە بۇلۇڭدىن «پىللىدە» چاقنىغان چىراغ يورۇقى كېتىۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار بېرىپ قارىسا، ئۇ بۇلۇڭدا پارچە - پارچە خىش ۋە كۆيگەن ياغاچلاردىن بىر ئادەم ئاران پاتقۇدەك بىر كاتەك كەپە ياسالغان بولۇپ، كەپىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك پاكىز - رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدىكى ھەممەيلەن ھەيران قالدى. بۇ كەپىنىڭ ئىگىسى يېشى 80 دىن ئېشىپ ئاران جېنى قالغان موماي بولۇپ، ئۇ، كەپىنىڭ ئىچىدە بىر تەشتەك گۈلنى قوچاقلاپ بۇ يات ئەسكەرلەرگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئېزىنخاۋېر ھەمراھلىرىغا:

– بىز ئۇرۇشتا يېڭىپ بۇ يەرنى ۋەيران قىلدۇق دېگەن بىلەن، ئەمما بۇ خەلقنى مەغلۇب قىلالماپتۇق ئەمەسمۇ. قاراڭلار بۇ موماينىڭ قولىدىكى گۈلگە. بۇ، گۈل ئەمەس، ئۈمىد. بۇ خەلقتە ھاياتقا يەتكۇدەك ئۈمىد بار ئىكەن. قاراپ تۇرۇڭلار، ئاز كۈندە گېرمانىيە قايتىدىن گۈللىنىپ، يەنە بىزگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ، – دېدى قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ،

دېگەندەك، ئېزىنخاۋېرنىڭ 50 يىل بۇرۇن ئېيتقانلىرى ئىسپاتلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە گېرمانىيە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. قىرىق نەچچە يىل بۇرۇن بىزمۇ ھۇسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ دۇنياغا كېڭەيگەن شۇنچە كاتتا ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلغاندۇق، مانا ئەمەلىيەتتە ھۇسەنبايلار خارابىلىقىدىن ئۇنىڭ نەۋرىسى ئوبۇلھەسەنباي كاتتا بىنا بولۇپ باش كۆتۈرۈپ چىقتى. دېمەك، گەپ ئادەمنىڭ ئۆزىدە - ئۇنىڭ سۈپەت - ساپاسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە. بۈگۈنكى دۇنيا گېرمانىيىگە موھتاج بولغىنىدەك، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارمۇ يەنىلا يېڭى ھۇسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارغا موھتاج...

– ئادىشاۋا، بوۋام قۇرغان مەكتەپكە يەنە 70 مىڭ يۈەنلىك مىنبۇس ئېلىپ بەردىم، يەنىلا مەن ياخشىكەنمەن دەپ غادىيىۋالماي، ئېشەكلىك ماڭسا بىر كۈندە كېلىدىغان ئېكساقتىن يۇرت كاتتىلىرى قەشقەرگە ئالدىمغا كەلگەندىكىن، ئۇلار بىلەن تۇزۇك كۆرۈشمەمسەن، – دەپ قىزىقچىلىق قىلدى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، ئۈرۈمچىنىڭ داڭلىق چاقچاقچىسى غەيرەت.

ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفمۇ، ئېكساقتىن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كەلگەن يۇرت كاتتىلىرىمۇ، ھەممەيلەن ياتسىراشقا مايىل سىلىق - سىپايىلىقتىن بىر كۈلكە بىلەنلا ئۆزلىشىپ كەتتۇق.

– سىلەر ئۈستۈن ئاتۇشلۇقلار مەن بىلەنمۇ تۇزۇك كۆرۈشۈڭلار. مەن غەيرەتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىناۋىتى قەشقەردىكى ھېيتگاھ مۇنارىدەك بولمىغان بولسا، 90 مىڭ كويلۇق ماشىنىنى 70 مىڭ كويغا ئالالمايتتى، بۇ ئاداش. بۇ داڭلىق بايۋەتچەڭلار كەمبەغەل بولسامۇ يەنە ماڭا يۆلىنىپ سىلەرگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. بوۋىسىنى بوۋام يۆلەپ باي قىپتىمىكى بۇنىڭ.

غەيرەت توختىماي چاقچاق قىلىپ، ھەممىنى كۈلدۈرۈپ، ئۆز ئارا ئامانلىق سوراشقۇدەكمۇ پۇرسەت بەرمىدى.

– سىزمۇ چاغلىقكەنسىز، ئابدۇرەھىم ئاكا، كۆردۇق. ئۈرۈمچى تۇگۈل پۈتكۈل شىنجاڭدىمۇ سىزنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق. ھەتتا ئالتاينىڭ ئىچكىرى تاغلىرىدا مال باقىدىغان پادىچى قازاقلارغىچە: ۋاي، ئابدۇرەھىم قاسىم ئاغاي، دەپ سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بىلەن، پايدا باردېسە دوزاخقا ئىككىلەنمەي كىرىپ كېتىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئاتۇشلۇقلىرىڭىز پۇل چىقىدىغىنىنى يەنىلا ئوبۇلھەسەنباي، دەپ سىزنى ئۇنىڭچىلىك قارشى ئالمايۋاتىدۇ. قويۇڭە، بۇ يۇرتلۇقلىرىڭىزنىنى. بولدى، ھازىرلا مەن بىلەن قەشقەرگىلا كىرىپ كېتىڭا. قەشقەردە سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەندەك، سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزنىڭ سايىسىدا بىر ئابروي تېپىۋالاي. بۇ خەق مۇشۇ ئوبۇلھەسەن بېيىنى چېكىسىگە گۈل قىلىپ قىسىپ يۈرىۋالسۇن.

- ھەممىڭلار بىز ئۈچۈن بىر - بىرىڭلاردىن ئىناۋەتلىك، - دېيىشتى يۇرت ئاقساقاللىرى كۈلۈشۈپ.

- بولدى قىل، ئاغزىغا بالا تەگكەن. مەن يۇرتۇمدىن بالا چاغلىرىمدا چىقىپ كەتكەن. يۇرتۇم ئۈچۈن مەن ھازىرمۇ تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينايدىغان بالا. ئادەم ھەر قانچە چوڭ بولۇپ كەتكەن بىلەن، ئاتا - ئانىسى ئالدىدا يەنىلا بالىدە. بولدى، يۇرتۇمغا كەلدۇق، سەن مېھمان، مەن ساھىبخان. يۇرتۇمدىكى بارلىق ئىناۋىتىمنى ساڭا بېرەي، ماڭا قىلىدىغان ھەممە ئىلتىپاتىڭلارنى مۇشۇ كاسكىغا قىلىڭلار. ئۆرۈمچىگە بارغاندا يەنە ئاتۇشتا غېرىبسىنىپ قالدىم، دەپ ئۇدۇل كەلگەن يەردە قاقشاپ يۈرمىسۇن، بۇ ۋالاقتەگكۇر.

- ۋاي، بولدى قىلىڭا ئاكا، ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشىدىغان ئىناۋىتىمنى كۆتۈرۈپ بولالمايۋاتقاندا سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزنى نېمە قىلاي، خۇددى زاكاس خەتنىڭ ئۈستىگە ئىككى موچەنلىك ماركىنى ئوشۇق چاپلىغاندەك ئىش قىلىپ. ئابدۇرەھىم قاسىم غەيرەتنى يۇرتىغا ئاپىرىپ مېھمان قىلالماي، يۇرتىدىكى ئىناۋىتىنى غەيرەتنى مېھمان قىلغانغا ھېسابلاپ سېتىپتۇ، دېگەن گەپكە قالماڭ يەنە.

- ھا - ھا - ھا.

غەيرەتنىڭ تۈگمەس قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن ئايرودرومدىن پىكاپقا قانداق چىقىپ، ئاللىقاچان ئۈستۈن ئاتۇش تۆپىلىكىگە كېلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلمەي قاپتۇق. ئەركىنىنىڭ پىكاپىدا ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف، غەيرەت. مەن تۆتەيلەن كۈلكە - چاقچاق بىلەن كېتىۋاتىمىز.

- 30 يىل بۇرۇنقى قاراقشىنىڭ سوغۇق ئايدىڭ كېچىسىدە دادام بىلەن ئانامنى ئېشەككە مىندۇرۇپ، مانا مۇشۇ تاغنىڭ باغرى بىلەن يۇرتتىن قېچىپ چىقىپ، قەشقەردە كېلىشىپ قويغان قاراماشىنا بىلەن تاغ ئارقىسىغا كەتكەندۇق. شۇ چاغدا 15 - 16 ياشتا ئىدىم، - دېدى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف تۆپىلىكنىڭ يان باغرىدىكى چىغىر يولنى كۆرسىتىپ.

- ئۆزۈڭ بىر ساي تۈلكىسى بولغاندىكىن، بىر تال داننى توخۇسى بىلەن تەڭ تالىشىپ يەيدىغان يۇرتۇڭدىكى بىچارە - ئاچ خەقنىڭ توخۇلىرىنى ئوغرىلاپ، خۇرجۇن - تاغارلىرىڭغا تىقىپ، يېرىم كېچىدە قاچقان بولغىيتىڭ بولمىسا، يېرىم كېچىدە چوڭ يولنى پەرق ئەتكىلى بولمايۋاتقاندا، تاغ باغرىدىكى چىغىر يولدا تەمتىلەپ يۈرەمتىڭ؟

- مەن دادام بىلەن ئانامنى ئېشەككە مىندۇرۇپ، تۇرغان تۇرقىمىز بىلەن قاچقان جوما. ئۆيدىن يىگىنە چاغلىق نەرسە ئالغان بولساق كاشكى. ھەتتا ئۇچىمىزدىكى كىيىمدىن باشقا كىيىملەرنىمۇ يۇك بولىدۇ، دەپ ئالمىغان تۇرساق.

- يۇرتىدىن يالىڭاچ قېچىپ چىققان گۇيلار ئۆرۈمچىدە باي بولۇۋېلىپلا ئۆزىچە يوغان سۆزلەيدۇ تېخى، بىزدەك ئۆرۈمچىنىڭ كىندىكىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلارنى ياراتماي. يۇرتىدىن ئۆلەمچان قىرى ئېشەككە دەملىشىپ مىنىپ قېچىپ چىقىپ، ئەمدى چەت ئەلنىڭ مانا مۇنداق ئالىي پىكاپىدا ئولتۇرۇپ، ئالاخۇرجۇنىغا زاغرا بىلەن غورا قاچىلاپ چىقىپ، چامادانىدا دوللار كۆتۈرۈپ، كاجى تامبال بىلەن خەسىدىن خالتا كۆڭلەك كىيىپ چىقىپ، ئەمدىلىكتە ئىتالىيىنىڭ مودا كىيىمىنى كىيىپ قايتىدۇ يۇرتىغا پاتمىغان بۇ گۇيتۇزىلار.

..

- شۇ چاغدا يۇرتتىن قېچىپ كەتمىگەن بولسىڭىز قانداق كۈنلەرگە قالار ئىدىڭىز - ھە،

- دېدىمەن غەيرەتنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

- ئەگەر قاچمايدىغان بولساق، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى تولا كۈرەشكە تارتىپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ سولاپ قويۇپ ئاچلىقتىن ئۆلتۈرەتتى دەڭا بۇ خەق. شۇڭا يۇرتۇمغا ھەم چوڭقۇر مۇھەببىتىم، ھەم قاتتىق ئاچچىقىم بار. شۇ چاغدا بىزنى ئۇرۇپ، سولاپ، ئاچ - يالىڭاچ قويغاننى ئاز دەپ، ئۆلتۈرۈۋاتقان ئۆيىمىزنىمۇ تارتىۋېلىپ ئېغىلغا قوغلىدى. كېيىن شۇ ئېغىلنىمۇ بىزگە راۋا كۆرمەي، كونىراپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان، بوۋامدىن قالغان بىر كىچىك مونچىغا ھەيدەپ چىقاردى. تام بېسىپ ئۆلسۇن دېگەن گەپتە بۇ. مانا شۇ ئوساللىقلارنى باشقا يەردىن بىر كىم كېلىپ قىلمىدى، يەنە شۇ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز قىلدى ئەمەسما.

- ئۇنداق دېسەڭ بولمايداۋا، ئوبۇلۋاي. شۇ چاغدىكى سىياسەت شۇنداق تۇرسا.

- سىياسەت شۇنداق بولغان بىلەن، ئىجرا قىلغۇچىلار ساپلا بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەھلى مەھەللە، تونۇش - بىلىشلەر بولغاندىكىن ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىمۇ يەنە شۇ كۈن ئۆتەتتى. زادى ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى، بىزنى ھېچكىم قىلمايدىغان ئىغىر، پاسكىنا ئىشقا سېلىپ، كېچە - كۈندۈز نازارەت ئاستىدا ئىشلىتىپمۇ يەنە ئۇماچ تەقسىم قىلغاندا، بىزنى سولاپ قويۇپ ئۇماچ بەرمەي ئۆزلىرى ئىچەتتى بۇ خەق.

- بولدى قىلە ئادىشاۋا، ئەزۋەيلەۋەرمەي. ھەدەپ ئاڭلاپ قويساق، بىزگە ئۆتمۈشنى ئەسلەپ

بىرىپ يۈرىكىمىزنى ئېزىۋېرەمسەن. ئەقلىڭ بولسا ئوبولۋاي، يۇرتۇڭغا تېخىمۇ جىقراق پۇل بېرىپ رەھمەت ئېيتساڭ بولغۇدەك. نېمىشقا دەمسەن، ئاتۇشنىڭ ئادەملىرى زادى ئەقىللىق خەقكەن. باشقا يۇرتنىڭ ئادەملىرى يۇرتىدىكى بايلارنى ئۇرۇپ - قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئاتۇشلۇقلار بايلىرىنى ئاچ قويۇپ، ئۇلارنى يۇرتىدىن قاچۇرۇۋېتىپتۇ. زادى يامان خەق جۇما ئاتۇشلۇق دېگەن. ئۇلار يامانلىقىدىن 50 يىل، ھەتتا 100 يىلدىن كېيىنكى ھېسابىنى قىلىپ، ئابدۇللەلاباي بىلەن ئوغلى ئوبۇلھەسەنباينى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتسەك، يۇرتىمىزدىن ئىككى كىشىلىك گۆرلۈك يەرنى ئىگىلەپ يېتىپ زىيان بىزگە بولغۇدەك. ئۇنىڭدىن كۆرە ھەيدىۋەتسەك باشقا يۇرتتىكى گول خەقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، باي بولۇپ قايتىپ كەلسە بىزگە پايدا بار، دەپ ھېسابلاپ كۆرۈپ قاچۇرۇۋەتكەن گەپ. ئۇلار سېنىڭ 30 يىلدىن كېيىن يۇرتۇڭغا 70 مىڭ كويىنى، 50 يىلدىن كېيىن يەنە قانچە پۇل ئەكىلىدىغانلىقىڭنى قوناق بىلەن ساناپ ھېسابلاپ بولغان. سەن تېخى يۇرتۇڭغا تۆلەيدىغان يۇرت كۆرۈش بېجىنىڭ ئەمدى بىرىنچى تال قونىقىنى تاشلاپسەن. بىلىپ قوي، يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن سېنى مۇشۇنداق ئېگىلدۈرۈپ ئەكىلىپ ئالىدۇ، ئوبۇل. بوينۇڭ قىلدا باغلاقلىق. يامان ئاتۇشلۇقلار - دە. بۇ قىلنىڭ بىر ئۇچى ھۇسەنبايدا بولسا، بىر ئۇچى باھاۋۇدۇنبايدا، يەنە بىر ئۇچى بولسا سەندە. سىلەرنى باغلاپ تۇرغان بۇ قىل ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئېكىساقنىڭ قاغىلەك جىگدىلىرىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزىغا باغلانغان. بولمىسا 100 يىل بۇرۇن ئاتۇشتىن ئېشەك ھەيدەپ چىقىپ، ئىتالىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، روس ئېمپېرىيىسىنى زىلزىلىگە سالغان باي بوۋىلىرىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن خوتۇن ئېلىپ بالا تېپىپ، ئاخىرى ئېكىساقتا كېلىپ، تاپقان پۇلىغا مەكتەپ سالمايدۇ. سەنمۇ داداڭ ئابدۇللەلاباي ئۆز بېكىستاندىن ئالغان خوتۇنىدىن بولغان بالا تۇرۇپ ئېكىساقتا پۇل تاشلىمايسەن. يۇرت باغلىغان بۇ قىل يامان قىل، ئۇنىڭ ئۈزۈلمىكى تەس. ئېكىساقتا توققۇز تازىم قىلىپ كىر. ئۇلار سېنى قوغلاپ چىقارمىغان بولسا، يەنە ھازىرمۇ مۇشۇ يەردە قوتۇر ئېشەكنىڭ كەينىدىن تېزەك پۇراپ: «تۆگمەنگە ئۇن تارتقىلى بارغان، ئۆگۈت ساقلاپ كەچ قالدىم. بىر چارەك قوناقتا 10 زاغرا بولدى» دەپ يۈرەتتىڭ.

- تولا ۋالاقلىما، مەن يەنىلا مۇسابايىنىڭ پۇشتى. تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى ئاشۇ بوۋىلىرىمنىڭ قېنى. مانا ئەركىنمۇ بىزنىڭ ئەۋلادىمىز بولغاچقىلا باي.

- ئاتە پورىڭنى ئوبۇلۋاي، ئەمدى قانچە ئاتساڭ يارىشىدۇ.

- ئۇستۇن ئاتۇش دېگەن مەشھۇر، ئەقىللىق ئادەملەر ئەڭ كۆپ چىقىدىغان زىيالىي يۇرت جۇما.

- شۇڭا، لىن بياۋنىمۇ ئۇستۇن ئاتۇشلۇق دېگەن ئەمەسما.

- ھا - ھا - ھا.

- بۇ يۇرتنىڭ سۇ، ھاۋا، تۇپرىقىدا ئاجايىپ بىر سىرلىق گۈزەللىك بارمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ ئىنسانىنى پاراسەتلىك قىلىپ ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرىدىغان سېھرىي كۈچى ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. مېنىڭچە، بىز مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ سەرخىل - ئەقىللىق باللىرىنى دوكتور قىلىپ تەربىيىلەيدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋە تەتقىقات مەركەزلىرىنى ئۇستۇن ئاتۇشقا قۇرساق، باللار مۇشۇ يەردە ئوزۇقلانسا ۋە تەربىيىلەنسە، مېنىڭچە، بىزدىنمۇ قالتىس ئادەملەر چىقارمىكىن، دەيمەن. ھازىرغىچە جىق يەرلەرگە بېرىپتىمەن، لېكىن بۇنداق ھاۋاسى ساپ، سۈيى ئەركەك، خاسىيەتلىك يەرنى زادىلا كۆرمىدىم. مەن ئۇستۇن ئاتۇشقا دەسلەپ چىققاندا ھاۋاسىنىڭ ساپلىقىدىن شۇنچىلىك ھوزۇرلاندىمكى، بۇ يەرگە سەل مىجەزىم يوق، سولىشىپ چىققان ئادەم روھلانغىنىمدىن ئۇچىدىغاندەك يەڭگىللەپ، قىن - قىنىمغا سىغماي يۈگرۈگۈم كېلىپ كەتتى. ئۇزاقتىن - ئۇزاق ماڭساممۇ، پەقەتلا ھارمىدىم. بىر چاغدا يول بويىدا بىر بوۋاي ئۇچرىدى. ئۆزى 103 ياشقا كىرىپتۇ. شۇنداق روھلۇق، بەردەم، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. «بەك ئوبدان تۇرۇپلا، ئاتا» دېسەم. بوۋاي پەخىرلىنىپ: «بىزنىڭ يۇرتتا بىر كۈن تۇرساڭ بىر پاخلاننىڭ گۆشىنى يەپ، تېرىسىگە كىرگەندەك قۇۋۋەتلىنىسەن، بۇ يۇرتتا ئۈچ نىجىس يوق، بىرىنچىسى، پەقەت چىۋىن يوق، ئىككىنچىسى، پاشا يوق، ئۈچىنچىسى، ئۈچىنچىسى... - ئەينى چاغدا بوۋاي ساناپ بەرگەن ئۈچىنچى نىجىسنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، تاپالماي بېشىمنى تاتىلاپ ئويلاپ كەتتىم.

- ئادىشاۋا، تولا تاتىلاۋېرىپ بېشىڭمۇ قازاقنىڭ سارماي قاچىلايدىغان ياغاق تولۇمىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. تاپالمىغان بولساڭ، ئۈچىنچىسىنى مەن دەپ بېرەي، سىرتتىن كەلگەن پايدىسىز ئادەم يوق. چىۋىن بىلەن پاشىمۇ شىرىسى، قېنى بار يەرگە قونىدۇ. ئۇستۇن ئاتۇشلۇقلار چىۋىندىن چاققان چىقىپ يالايدىغان شىرىنى ئۆزى يالاپ تۈگىتىدىغان تۇرسا، چىۋىنگە نەدە تۇرۇپتۇ. شۇڭا، چىۋىنلەرنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، ئۆلمىگەنلىرى جېنىنى جان ئەتكىلى نەپ چىقىدىغان يەرگە ئۇچۇپ كەتكەن گەپ. ئەگەر چەندە ئوقۇشماي پاختەكلىدىن كىرگەن بىرەرتى يېرىم پاشا بىرەر ئۇستۇن ئاتۇشلۇقنىڭ قېنىنى شۇنداقلا شوراپ قويسۇنچۇ قېنى، جەددى - جەمەتىنىڭ ھەممىسى پاختەكلىگىچە قوغلاپ بېرىپ، شۇ پاشىنىڭ يەتمىش پۇشتىنى قۇرۇتۇۋەتمىگىچە يانمايدۇ. بولمىسا، ھاۋاسى شۇنچە ساپ، شاپتۇل - ئۆرۈكلىرى تۆكمە بولۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەن باغلاردا بىرەرمۇ چىۋىن، مەگەزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان شۇنچە ئادەملەر بار يەردە پاشا بولماي قالامدا؟ پاشا دېگەن ئادەمنىڭ قېنىنى شوراپ ياشايدىغان نېمە. شۇ ئۇستۇن ئاتۇشلۇقلىرىنىڭ چىۋىن بىلەن پاشىلارغا كۈن بەرگەن بولسا، سەن بىلەن مەندەك قېنى يېتىشمەي سارغىيىپ يۈرگەن بوزەكلەرنى چاقامتى. مانا ماۋۇ ئوبۇل بىلەن ئەركىننى پاشا چېقىپ باقسۇنچۇ قېنى، بىزنى تاشلاپ مۇشۇ كاتتا پىكاپىدا پاشىنى قوغلاپ قەشقەرگە چاپمىغىنىنى كۆر. شۇڭا پاشا - چىۋىنلەرمۇ بۇلارنىڭ ھىدىنى ئالغىدەك بولسا، «ئاتۇشلۇقلار كەن بۇ» دەپ ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچىدۇ.

كۆلكە - چاقچاق بىلەن نامازشام مەزگىلىدە ئېكساققا يېتىپ كەلدۇق. تېخى ماي ياتقۇزۇلمىغان شېغىللىق يولغا سۇ سېپىلگەن بولۇپ، بۇ يۇرتنىڭ بالىلىرى ئەتىكى كاتتا مەرىكە ئۈچۈن ئالدىرىشىپ يۈرۈشكەنىكەن. مېھمانلارغا داستىخان تەييارلاپ تۇرغان يېزا باشلىقى دىلشاتنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ بۆشۈكى بولغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى» گە بېرىپ، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ھۈسەن مۇسابايوف، باھاۋۇدۇن مۇسابايوف ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 110 يىللىق خاتىرىسى مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپ سەيناسىغا تىكلەنگەن ھەيكىلىنى كۆرمەك بولۇپ، پىكاپنى مەكتەپ تەرەپكە بۇرىدۇق. مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئېكساقنىڭ چېچەن يىگىتلىرىدىن بىر مۇنچىسى ئەتىكى كاتتا مەرىكىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن پىدائىي بولۇپ قاراۋۇللۇقتا تۇرغانىكەن.

رېشاتكىلار ئارىسىدىن مەكتەپ مەمۇري بىناسىنىڭ ئالدىدىكى غايەت زور قىزىل يوپۇق يېپىلغان ھەيكەلنىڭ سۇپىسىنى كۆرەلىدۇق.

- دەرۋازاڭلارنى ئاچماي تۇرىسىلەرغۇ. باھاۋۇدۇنباينىڭ نەۋرىسى ئوبۇلھەسەنباي بوۋىسىنىڭ ھەيكىلىنى بىر كۆرۈۋالسۇن، - دېدى غەيرەت پىكاپتىن چۈشۈپلا ۋاتىلداپ سۆزلەپ.

پىدائىي يىگىتلەر دەرھال كېلىپ بىز بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى:

- بىزدىن رەنجىمىگەيسىلەر، مېھمانلار. قورۇنىڭ ئىچىگە ئەتە ئەتىگەنگىچە ھەر قانداق ئادەمنىڭ كىرىشى مەنئىي قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەيكەلدە يوپۇق بولغاچقا، كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئاچساق ياپماق تەسكەن. 20 دەك ئادەم خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ يوپۇقنى ئاران ياپتۇق. ئاچساق ياپقىلى بولمايدۇ.

- يائاللا، بۇ ئېكساقلىق ئەجەبمۇ خەقكەنسىلەر. ئۆز ۋاقتىدا باھاۋۇدۇنبايلار سىلەرگە شۇنچە ياخشىلىق قىلسا، كېيىن يۈزۈڭلەرنى بىر ئۆرۈپلا ئۇنىڭ ئۆزىنى سولاپ قويايلى دېسەڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگەپتۇ، دەپ بالا - چاقىلىرىنى سولاپ قويۇپ خاپا قىلىسىلەر. ئەمدىلىكتە، بالا - چاقىلىرىنى سولاپ قويساق قېچىپ كەتكەندىكەن، سەن بىزگە سېلىپ بەرگەن مەكتەپكە ھەيكىلىڭنىمۇ بولسا سولاپ قويايلى دەپ، نەۋرىسىنى بوۋىسىنىڭ ھەيكىلى بىلەن بولسىمۇ كۆرۈشكىلى قويمامسىلەر. بۇ خەق ئۆزگەرمەپتۇ، دەرھال قاچ ئوبۇل، سېنى يەنە تۇتۇپ سولاپ قويمىسۇن.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

پىدائىي يىگىتلەر خىجىل بولۇپ:

- ئۇنداق ئەمەس، بىزدە دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىمۇ يوق. بولسا، ئېچىپ بېرەتتۇق.

- ئاچقۇچ كىمدە؟

- يېزا باشلىقى دىلشات ئاكامدا.

- يائاللا، مۇشۇ بەزى يېزا باشلىقلىرى تازىمۇ خۇمسا گۆيلار ئوخشايدۇ. سايلىنىدىغان چاغدا دېھقانلارغا پاختىكىڭىز بولاي، تورغىيىڭىز بولاي دەپ، سايلىنىۋېلىپلا خوجىسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بىچارە دېھقاننى ئۆزى خالىغان بىرەر تۈپ زىرائەتنىمۇ تېرىغىلى قويمايدىكەن. بۇ يېزا باشلىقلىرىنىمۇ ھۆكۈمەت مەجبۇرلاپ سايلاتقۇزدىمۇ يا، سىلىدەك بىر جامائەتكە بىر دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى بەرمىگەنگە قارىغاندا.

- ياقەي، بىزنىڭ يېزا باشلىقىمىز ئۆزى ئۆنمىسىمۇ، ھۆكۈمەت سايلىماڭلار دېسىمۇ ئۆزىمىز سايلىۋالغان ياخشى باشلىقىمىز. ئاچقۇچنى ئۆزىنىڭ تۇتقىنى، بىرەر ئىش چىقسا جاۋابكارلىقنى ئۆز بويىنىغا ئالغىلى شۇنداق قىلىدۇ.

- باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ ھەيكىلىنى ئۇ باشلىقلىرىڭلارنىڭ ئالتۇن - يامبۇلىرى بىلەن قاتۇرمىغانسىلەر ھەقچان.

- ياق، ئۇنداق ئەمەس. بوۋاي - مومايلار ئۇلۇغ يۇرت ئاتىسىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلىسە، دىنىمىزغا توغرا كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ھەيكەلگە دەخلىسى بولمىسۇن دەيمىز.

- كەچكىچە سۆزلىسەڭمۇ بۇلار بوۋاڭنى كۆرسەتمىگۈدەك ئوبۇل. كەل، مەن كۆرسىتەي. ماۋۇ دېرىزىدىن ئوغرىلىقچە كىرىپ كۆر، - دەپ غەيرەت بىر دېرىزىدىن ئاتلاپ قورۇ ئىچىگە كىردى.

- ئەتە يوپۇقنى ئاچقاندا يۈزىنى كۆرەرمىز. ھازىر ئاتايىن كەپتۇق، سۇپىغا ئويۇلغان خەتلەرنى بولسىمۇ كۆرۈپ كېتەيلى، - دېدى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف.

پىدائىي يىگىتلەرمۇ، بىزمۇ دېرىزىدىن سەكرەپ مەكتەپ قورۇسىغا كىردۇق.

- ئەجەب گەپ قىلىدىغان ئادەمكەن بۇ، - دەپ كۈلۈشتى پىدائىي يىگىتلەر.

- بۇ ئاشۇنداق كاللىسىنىڭ تورمۇزى تۇتمايدىغان كەمتۈك نېمە. گېپىگە رەنجىمەڭلار، - دېدى ئەركىن.

- ھە، كاللامنى تولا ئىشلەتكەچكە قاپاقلىشىپ، ئىگىز - پەس سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

بۇ ئىككىسىنىڭ يوشۇرۇن لەقەملىك چاقچاقلىرىنىڭ چاك بېسىپ كەلگەنلىكىدىن ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف بىلەن ئىككىمىز تازا تېلىقىپ كۈلدۇق. ئەركىن بىلەن غەيرەت: «ھە، كەلدىما» دېيىشىپ ئۆزلىرىچە جايىدا كەلتۈرۈشكىنىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشتى. پىدائىي يىگىتلەر يوشۇرۇن چاقچاقنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، بىز توپ جامائەت سۈتتەك ئايدىڭدا ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئاكا - ئۇكا ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلار ھەيكىلىنىڭ سۇپىسىغا ئويۇلغان يادنامىنى ئايلىنىپ ئوقۇشقا باشلىدۇق. بىز ھەيكەلنىڭ سول تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئوقۇپ، ئوڭ تەرەپ ئالدىغا كېلىپ قىزىل يوپۇققا ئورالغان گىگانت گەۋدىگە تىكىلىشىمىزگە سۇس بىر سالقىن شامالدا خۇددى بىر كىم ئاستا تارتقاندەك يوپۇق ئۈنسىز سىيرىلىپ چۈشتى. بىردىنلا كۆز ئالدىمىزدا لوغۇلداپ تۇرغان مەشئەل، ئۇنى چىڭ قاماللاپ تۇتۇپ تۇرغان ئاكا - ئۇكىنىڭ بىر جۈپ قولى، تۇركچە پاپاق ۋە تەقىيە كىيگەن، قويۇق قاشلىق، نۇرلۇق كۆزلىرى چوڭ - چوڭ، قاڭشارلىق، قويۇق ساقال - بۇرۇتلۇق، گالىستۇك تاقاپ كاستۇم - بۇرۇلكا، پەلتو كىيگەن بىر جۈپ كاتتا زاتنىڭ - ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ھۈسەن مۇسايوف بىلەن باھاۋۇدۇن مۇسابايوفنىڭ نۇرانە سىماسى ئايان بولدى!

ھەممەيلەن بۇ مۆجىزىگە قاراپ سۈكۈتتە تۇرۇپ قېلىشتۇق. ھەيرانلىقتىن ھېچكىم گەپ - سۆز قىلمىدى. ئەسلىدە ھېچكىم ھەيكەلگە يېقىنمۇ كەلمىگەنىدى. ھەيكەل بىلەن ئارىلىقىمىز ئاز دېگەندىمۇ يېرىم مېتىر كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەيكەلگە يېقىن كەلگەن تەقدىردىمۇ خېلى قول سوزۇپ ياماشقاندا ئاندىن يوپۇقنى تۇتقىلى بولاتتى. ئادەمنى ھەيرانۇ - ھەس قىلىدىغىنى، بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بىز خەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ ئالدى تەرەپكە كېلىپ توختىشىمىزغا ھەيكەل يوپۇقىنىڭ ئۆزلۈكىدىن سىيرىلىپ چۈشۈشى ئىدى.

- بوۋىڭىزنىڭ روھى سىز بىلەن دىدارلاشتى، - دېدىمەن ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفقا.

- روھ - ئەرۋاھلارنىڭ ھېچنېمىگە كۈچى يەتمەيدۇ دەۋاتقان. باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ ئەرۋاھىمۇ كۈچلۈككەن. بىر شامال چىقىرىپ ئېكساقلىق يۆگەپ قويغان پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

- 110 يىل بۇرۇنمۇ يۇرتىمىز يۆگىنىۋالغان قارا پەردىنى بوۋىمىز بىر بوران چىقىرىپلا ئېچىۋېتىپتىكەن. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەرۋاھىمۇ ئۆزىنى يۆگىۋالغان پەردىنى ئېچىۋېتەلىدى. ئەجدادلارنىڭ روھى ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەن!

* * *

يېزا باشلىقى دىلشاتنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ يول بويىدىكى بەزى ئۆيلەرنى كۆرگەندە ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف شۇ ئۆيلەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ ماڭدى:

- مانا بىزنىڭ بۇرۇنقى قورۇ - جايىنىڭ ئورنى، ماۋۇ ئۆي بىزنىڭ تاش مونچا، ئاۋۇ تەرەپتىكى ئايۋان ساراي، بۇ تەرەپتىكىسى ئاتخانا، ئاۋۇسى قوي ئېغىلى، ياندىكى سېلىنغىنى كالا، توخۇ فېرمىسى...

- ساپلا خەقنىڭ ئۆيىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىپ تەتۈر ھېساب ئالغىلى تۇردۇڭغۇ زومىگەر پومىشچىك، - دېدى غەيرەت.

- بىلسەڭ، ئاتا - بوۋىلىرىم ئادەم تۇگۇل چۈمۈلىگىمۇ ئازار بېرىپ باقمىغان، ھەتتا بىر كىمنىڭ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىنىمۇ قاقتى - سوقتى قىلمىغان جۇما. ئۇلار تومۇز ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇقتا سودا كارۋانلىرى بىلەن دۇنيانىڭ جىق يەرلىرىگە بېرىپ، جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپتىكەن. ئۇلار سودا ئىشى بىلەن بىر چىقىپ كەتسە، يۇرتقا نەچچە يىلدا بىر كېلىپ، ھەر كەلگەندە كاتتا نەزىر بېرىپ، ئۆز سودىسىدىن زاكات ئايرىپ، باي، نامرات دېمەي سېخىيلىق بىلەن ھەر بىر ئائىلىگە پۇل - مال ۋە سوۋغا سالام تارقىتىپتىكەن. يېرى يوقلارغا يەر، مال - چارۋىسى يوقلارغا مال - چارۋا ئېلىپ بېرىپ، پۇلى يوقلارغا پۇل بېرىپ يۆلەپتىكەن. قانچىلىغان يېتىملارغا ئاتا بولۇپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇپتىكەن.

- ئاتا - بوۋاڭ قىلمىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ھېسابىغا تىزىۋەردىڭغۇ، ئوبۇلۋاي. ئەگەر بوۋاڭ راستتىنلا سەن دېگەندەك سېخىي - رەھىمدىل، قولى ئوچۇق بولسا، يۇرتۇڭ ساڭا شۇنچىۋالا كۈنلەرنى سالامتى.

- تولا كاپشىما. مانا بۇ، مەن قېچىپ چىققان كوچا شۇ. پۈتۈن يۇرت قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە دادام بىلەن ئانامنى ئېشەككە مىندۈرۈپ يۇرتنىڭ تېشىغا ئېپچىقىپ قويدۇم - دە، يولدا ئۇلارنىڭ توڭلاپ كېتىدىغانلىقىنى پەملەپ يوتقان - كۆرپە ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئۆيگە كەلدىم. يوتقان - كۆرپە ۋە جۇۋىنى ئېشەككە تېڭىپ يولغا چىقتىم. بىزنىڭ بۇ يۇرتتا كېچىسى ئۇخلىماي مەھەللە ئارىلاپ يۈرىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. شۇ ئادەم مېنى كۆرۈپ قالمىغىدى، دەپ ئەنسىرەپ كېتىۋاتسام، نەق شۇ ئادەمگە يولۇقۇپ قالسام بولىدۇ. قارا كېچىدە يۈرۈۋېرىپ ھەممە نەرسىنى كۈندۈزدىكىدەك ئوچۇق كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەن بۇ ئادەم بەك سەزگۈر ئىدى. قارا كۆرۈنۈپ بولغىچە يىراقتىنلا مەن ئۇ ئادەممىكىن، دەپ پەرەز قىلدىم. دېگەندەك ئۇ مېنى تونۇۋاپتۇ.

- ئوبۇلھەسەنمۇ سەن بالام؟ - دېمەسمۇ، مەن دەررۇ ئېشەكنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ گەپمۇ قىلماي مېڭىپ كەتتىم. ئۇ ئادەم بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىدى. مەن يول بويى «ئاشۇ ئادەم دەپ قويسا، بىزنى قوغلاپ كېلىپ تۇتىۋالارمۇ» دەپ ئەنسىرەپ، پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى. شۇ چاغدا تۇتۇلۇپلا قالساق باھانە تاپالماي ئاران تۇرغاندا بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇ دەككە - دۈككىچىلىكتە قارا ماشىنىدا يوتقان - پالاسقا ئورۇنۇپ يېتىپ تاكى ئارغۇبۇلاقتىن چىقىپ بولغىچە كەينىمىزدىن ئالىلىكىملەر قوغلاپ كېلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى. توقسۇنغا كەلگەندە كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشۈپ ئەنسىزلىكىم بېسىلدى. شۇ يەردە ئاندىن كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ھېلىقى ئادەمنىڭ مېنى چېقىپ قويمىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنى يۇرتۇمدا ماڭا تۇنجى بولۇپ ياخشىلىق قىلغان ئادەم دەپ بىلدىم. ئۇ ئادەم بارمىكىن يا ئۆلۈپ كەتتىمىكىن.

- توخۇسى يوتۇپ كەتسە، بىر پادا كالا يوتۇپ كەتكەنىنىڭ غەۋغاسىنى قىلىدىغان يۇرتلۇقلىرىڭ سېنى ئىزدىمىدىما؟ - دېدى غەيرەت.

- ئىزدىمەيدىغان ئىش بولامدۇ. بىر ساقچى كەينىمىزدىن ئۈچ ئاي قوغلاپ، ئىزدەپ يۈردى. غۇلجىغا بارسا ئۈرۈمچىگە قاچتۇق. ئۈرۈمچىگە بارسا غۇلجىغا قاچتۇق. ھەرگىز تۇتۇق بەرمىدۇق. تۇتۇلدۇقمۇ، يا ئاچلىقتىن ئۆلەتتۇق، يا تاياقتىن.

- ساي تۈلكىسىنى تۇتۇشقا بۆركۈتتىن باشقىسى بىكار.

- ھا - ھا - ھا.

- باشقا يەر يوقتەك غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچىدىلا قېچىپ يۈرۈپسىنا؟

- بۇ سوئالنى ئوبدان سوراپ قالدىڭ. غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى شۇنچىلىك خاسىيەتلىك ئۇلۇغ يۇرتكى، بۇ ئىككى يۇرتنى تاللىغان ھەر قانداق ئۇيغۇر تۈزكور بولىدۇ. ئاشۇ «قىر - چاپ» يىللاردا مۇشۇ ئىككى يۇرتقا قېچىپ چىققان ھەر قانداق ئادەم ئامان قالدى. ئەمما شىنجاڭنىڭ باشقا ھەر قانداق يېرىگە قېچىپ بارغىنىنىڭ ھەممىسىنى شۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ بەردى. ئۆز يۇرتلىرىدا بولسا ئاللىقاچان توپىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىغا قېچىپ چىققانلىرىنىڭ تولىسى ھايات ياشاۋاتىدۇ. ياشىغاندىمۇ، بۇ ئىككى يۇرتنىڭ كاتتا بايلىرى بولۇپ ياشاۋاتىدۇ. باشقا يۇرتلاردا بولسا ياشىغان تەقدىردىمۇ زىنھار باش كۆتۈرگىلى قويمايدۇ. بۇ، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت.

بىز يېزا باشلىقى دىلشاتنىڭ كاتتا ئايۋان سارايلىق ئۆيىدە يۇرت چوڭلىرى ۋە ئابدۇرەھىم قاسىم ئاكا قاتارلىقلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ، كېچىچە مۇڭدىشىپ يېتىپ قالدۇق.

- شۇنداق قىلىپ ساقچى تۇتالمىغان ئوبۇلھەسەن گاداي ئەمدىلىكتە ئوبۇلھەسەنباي بولۇپ ئۆز ئايىغىم بىلەن يەنە يۇرتۇمغا كەلدىم دەڭ.

- ۋاي، قىزىق ئىش ئەمدى يادىمغا كەلدى. شۇ قېتىمدا يۇرتتىن 13 ئادەم قېچىپ چىقىپتىكەن. ئۇ ساقچى ئۈچ ئاي قوغلاپ يۈرۈپ ئۈرۈمچىدىن ئىككىلا كۆزى ئەما بىرسىنى ئاران تۇتۇپ ئاندىن قايتىپتۇ.

- ھا - ھا - ھا.

- ئۇنىمۇ قانداق تۇتۇپتۇ دېمەمسىلەر. بۇ ئەما بىچارە ئۇيان ئۇسۇپ، بۇيان دوقۇرۇپ ئاخىرى ئۈرۈمچىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنىكەن. تۇغقانلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭ يۇرتقا قايتىپ شۇ يەردە جاھاندارچىلىق قىلىشىنى مۇۋاپىق تېپىپتۇ - دە، ئۇنى قانداق يولغا سېلىشقا باش قاتۇرۇۋاتقاندا نەق ھېلىقى ساقچى ئىزدەپ - سوراپ كەپقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ساقچىغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

- يائاللا ئاتۇشلۇق، شىنجاڭنىڭ ھەممە ئادىمى بىر - بىرىنى تۇتۇپ بېرىدىغان ساقچى بولۇپ كەتكەن شۇ يىللاردا بىر ئەما ئادىمىڭىزمۇ تۇتقىلى بولمىسا، سەن خەقنىڭ ساقلىرىڭنى تۇتالماسلىقى ھەقكەن - دە، - دېدى غەيرەت.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن مەھەللە يولىغا چىقتۇق. پۈتۈن يۇرت بايرام تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، يول - يوللار سۈپۈرۈلۈپ سۇ سېپىلگەنىدى. يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مەكتەپ قورۇسىدا رەڭگارەڭ زىننەت بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇراتتى. ھېيت - بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن توپ - توپ ئۆسمۈرلەر، قىز - يىگىتلەر، چوڭ ياشلىق ئەر - ئاياللار يىراق - يىراق سەھرا يوللىرىدىن مەكتەپ تەرەپكە قاراپ ئاقماقتىدى. «زامانى ئاخىر بولغاندا كىمنىڭ گېپىنى قىلسا، شۇ پەيدا بولىدۇ» دېگەندەك، ئەتىگەندىلا تۇنجى ئۇچراشقان ئادىمىمىز بىز تاڭ ئاتقىچە گېپىنى قىلىپ چىققان ھېلىقى ئىككى كىشى (كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ئادەم بىلەن ساقچى) بولدى. شۇ چاغدا سەل دۈمچەيگەن بىر بوۋاي ھاسىغا تايىنىپ بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

- توۋا قىلدىم خۇدايىم، ئۇ ئادەم ھېلىمۇ ھاياتكەن. مەن سىلەرگە ئاخشامدىن بېرى گېپىنى قىلىپ بەرگەن كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ئادەم مۇشۇ، - دېدى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف.

بىز بوۋايغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن سالام قىلدۇق. بوۋاي ھەر بىرىمىز بىلەن كۆرۈشكەندە كىرپىكسىز چوڭقۇر كۆكۈش كۆزلىرى بىلەن بىزنى تونۇۋېلىشقا تىرىشىپ سىنچىلاپ قارىدى. ئەمما تونۇيالماي گاڭگىراپ قالدى.

- ئاكا، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

- ياق، تونۇيالمىدىم بالام، - دېدى بوۋاي غاراڭ - غۇرۇڭ ئەمما كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن.

– مەن ئابدۇلئەلا بايناڭ ئوغلى ئوبۇلھەسەن بولىمەن.

بوۋاي جانلىنىپ، كۆزلىرى تەبەسسۇم بىلەن نۇرلىنىپ كەتتى:

– ھە... ھە... سېنى بوۋاڭدەك باي بولۇپ كېتىپتۇ، مەكتىپىمىزگە ياردەم قىلغىلى كەلدى، دېگەن. سېنى بىر كۆرۈۋالاي دېسەم، خۇدا ئەتىگەندە كۆرسەتتى. داداڭ، ئاناڭ ئوبدان تۇرامدۇ؟

– ئوبدان، سىزگە سالام ئېيتتى.

– رەھمەت، بالام. بوۋاڭدەك چېچەن ئادەم بولۇپسەن. ھېلىقى ئاخشىمى توۋلىسام ئۇندىمەي ئېشەكنىڭ دالدىسىغا مۆكۈۋېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنتىڭ. «ھە» دېدىم، گەپ قىلمىدىم. كېيىن ھەممىسى كېلىپ مەندىن سورىدى. «كۆرمىدىم، ئۇلارنىڭ نەگە كەتكىنىنى مەن نەدىن بىلەي. قانچە نانغا ماڭا باققىلى بەرگەن» دېدىم، بالام.

– رەھمەت سىزگە. مەن شۇ چاغدا بەك قورققانتىم.

– ئۇ بىچارىلەر تۇتۇلۇپ قالسا، نېمە كۈنلەرنى كۆرەر، دەپ مەنمۇ بەك ئەنسىرىگەنتىم، بالام.

ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف بوۋاي بىلەن خېلى ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ، ھەممەيلەن مەكتەپكە ماڭدۇق. مەكتەپ قورۇسى ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، مەكتەپ ئالدىدىكى يولدىمۇ ئادەملەر قىستىلىشىپ ئۆتۈشەتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئورمان بەلبېغىغا قازانلار ئېسىلىپ، ھەر خىل ئۇيغۇر تائاملىرى پىشۇرۇلماقتىدى. ئۇستۇن ئاتۇشتىكى 40 مىڭ نوپۇسنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كۆچۈنۈپ چىققاندەك كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا پۈتكۈل ئاتۇش تەۋەسى ۋە قەشقەر، ئۈرۈمچىدىكى كۆپلىگەن ئاتۇشلۇق زىيالىيلار، تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار، سودا - سانائەتچىلەر، دىنىي زاتلار، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كەلگەنىدى. مەكتەپ دەرۋازىسىغا كېلىشىمىزگە ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف:

– قاراڭلار، مېنى تۇتقىلى قوغلاپ چىققان ساقچى، – دېدى.

ياشقا چوڭراق كەلگەن، قارا قوۋزاق، ساقچى فورمىسى كەيگەن بىر ئادەم قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تەرتىپ ساقلاپ يۈرەتتى. ئۇ، ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنى كۆرۈپ، ھېجايغىنىچە كۆرۈشكىلى قول سوزۇپ كەلدى.

– مانا ئاكا، ئەمدى تۇتۇۋالمىسىڭىزمۇ ئۆز ئايىغىم بىلەن ئالدىڭىزغا كەلدىم. شۇ چاغدا ئاتايىن تۇتقىلى چىقمىغان بولسىڭىزمۇ بەرىبىر بۈگۈن كېلەتتىم ئەمەسما.

– تىنچ - ئامان كەپسىز، بۈگۈن سىزنى تۇتمايمىز، ئەزىز مېھمان دەپ كۈتىمىز. سىياسەت دېگەن شۇنداق نەرسىكەن. شۇ چاغدا: «ئۇلارنى نەدىن بولمىسۇن تۇتۇپ كېلىسەن، بولمىسا سېنىمۇ جازالايمىز» دېدى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنى تۇتقىلى چىقتىم. بۈگۈن: «ئوبۇلھەسەنبايىنى قاتتىق كۈتۈپ مېھمان قىلىسەن، بۇ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، دېدى. ‹خوپ›، قولۇم كۆكسۈمدە» دېدىم. ساقچى دېگەن شۇ.

– ھۆكۈمەت سىلەرنى شۇڭا باقىدۇ - دە.

– ھەببەللى، تازا جايىدا گەپ قىلدىڭىز، – دېدى ساقچى كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەندەك بولۇپ.

بىز ساقچى بىلەن خوشلىشىپ سەل ماڭغاندىن كېيىن، ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف ئارقىسىغا بىر قاراپ قويۇپ:

– ئەجەبمۇ يۈزى قېلىن بولىدىكەن بۇ خەقنىڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى، – دېدى.

– بۇ ساقچى تۇتۇپ كەلگەن ھېلىقى ئەما بىچارىنى كۆرسەك بولاتتى، – دېدىم.

– ۋاي، ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ. ئۇ ئەما قاچقانلارنىڭ ھەممىسىدىن يامان چىقتى. يۇرتقا ئەكىلىپ بولغىچە تۇرماي يەنە قېچىپ زادىلا تۇتقۇق بەرمىدى. ئاڭلىساق، كېيىن ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپتىمىش. ھازىر ئۇ ئادەمنىڭ ھال - كۈننى ھەممىدىن ياخشى، دەيدۇ.

– ساقلىرىڭدىن قارىغۇلىرىڭ يامانمۇ نېمە ھوي سەن خەقنىڭ. ئىككى كۆزى ساق بولغان بولسا، «سىركە ساتقىلى ئايغا چىققان ئاتۇشلۇق» دېگەن لەتىپەڭلەر بويىچە، گاگارىن بىلەن ئايدا كۆرۈشىدىغىنى شۇ بولاركەنتۇق، – دېدى غەيرەت.

ھەممەيلەن ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي پاراقلاپ كۈلۈشتۇق.

شۇ ئەسنادا يۇرت ئەھلى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنى ئورىۋېلىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. بۇ يەردە بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتى شۇنداق بىر رېئاللىقنى سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز زۆرۈركى، ئەگەر بىزنىڭ باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مائارىپ ھەرىكىتى يىغىنى بولسا، پۈتكۈل يۇرتتىكى قېرى - ياش، ئەر - ئايال، بالا - چاقا ھەممىسى يۇرت ھالىتىدە ئۆزلۈكىدىن قومۇرۇلۇپ كېلىشى ناتايىن. ئەگەر كېلىدۇ دېيىشكە توغرا كەلسە، يەرلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن كېلىدۇ. بولمىسا، ئۆزى خالاپ كېلىدىغانلىرى يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. پەقەت ئۇستۇن ئاتۇش خەلقىلا خۇددى يۇرتقا قاراكەلكۈن بېسىپ كېلىپ، ھەممە ئادەم ئۆيلىرىنى تاشلاپ مۇشۇ ئېگىز دۆڭنى پاناھ تارتىپ قېچىپ كەلگەنگە ئوخشاش ۋە ياكى ھەسەل ھەرىلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ئۆز ئۇۋىسىغا قايتقاندەك، بۇ يىغىلىشقا مىغىلداپ كەلگەنىدى. مانا بۇ، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى تەۋەللۇتىغا ئۆز زېمىنىدىن ئورۇن بەرگەن

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئانا تۇپرىقى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن مەرىپەتپەرۋەر ئۇستۇن ئاتۇش خەلقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. مانا بۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - مائارىپ، سودا - سانائەت، مالىيە - ئىقتىساد ساھەلىرىدە تەقدىر بەلگىلىگۈچىلىك رول ئوينىۋاتقانلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئاتۇشلۇق بولۇشىدىكى، جۈملىدىن چەت ئەللەردىمۇ ئاتۇشلۇق بايلار، زىيالىيلار، سودا - سانائەتچىلەر، سىياسىئونلار كۆپ بولۇشىدىكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىيلىرى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سىر ئىدى.

ئەينى چاغدا، يەنى بۇنىڭدىن 110 يىل بۇرۇن پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى يۇرتىغا يېڭىچە مائارىپنى ئەكىرىش تۇگۇل ئېڭىغىمۇ سىغدۇرالمايدىغان جاھىلىيەت دەۋرىدە تۇرۇۋاتقاندا، ئاتۇش خەلقى يەر شارىدىكى بارلىق ئىلغار ئەللەرنىڭ يېڭىچە مائارىپ ئىنقىلابى ئارقىلىق سانائەت ئىنقىلابىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىنى كۆرەلىگەن ھەم ھاۋاسى ساپ - بوستانلىق ئەمما ئالقانچىلىك تۇپرىقىدا ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلاپ، قارىيخانىلاردا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ قارىسىغا كىتاب يادلاپ، دۈمچەك بولۇپ كەتكەن بالىلىرىنى تىك ئولتۇرۇپ، كۆزنى چوڭ ئېچىپ دۇنيانى ئۆگىنىدىغان ئازادە سىنىپلارغا ئەكىرىپ بەرگەنىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ بىر يېگانە نۇرلۇق مەشئەل جەنۇبىي تەڭرىتاغ باغرىدىكى ئۇستۇن ئاتۇش تۆپىلىكىدىن زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا ھالسىراپ ياتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۈمىد يۇلتۇزى بولۇپ چاقىنىغانىدى.

بىز دېڭىز دولقۇنىدەك دەۋرەپ تۇرغان خەلق توپى ئارىسىدا مەكتەپنى ئايلاندۇق.

— مانا بۇ، مەكتەپ مونچىسىنىڭ ئورنى، — دەپ تونۇشتۇردى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف مەكتەپنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىنى كۆرسىتىپ.

بىز بۇ يەردە ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلماي باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كەتتۇق. ئەمما، بىزنى ئويلاندۇرغان ئاچچىق ھەقىقەت شۇ بولدىكى، ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارغۇ بۇنىڭدىن 110 يىل بۇرۇنلا ئۆزلىرى قۇرغان بۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تازىلىقىنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ تاش مونچا سېلىپتىكەن. ئەپسۇسكى، ئارىدىن 110 يىل ئۆتۈپ سانائەت ئىنقىلابى ۋە ئېلېكترون - ئۇچۇر دەۋرىنى چالا - بۇلا كۆرگەن ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر خاھى سەھرادىكى باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە مونچا بارمۇ، دەپ سوراش توغرا كەلسە، مەدەنىيەتلىك سانىلىپ كەلگەن ئۇلۇغلىرىمىزدىن تارتىپ ئاۋام پۇقراغىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرماي ئامالى يوق. ھەتتا مونچىغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، تۈزۈكرەك ھاجەتخانىسىمۇ بارمۇ - يوق؟ دېگەن سوئالغا دۇدۇقلىماي جاۋاب بېرىشتىنمۇ ئويۇلىدۇ. چۈنكى مەكتەپ ئەتراپىدىكى يامراپ كەتكەن پوق - سۈيدۈكلەر بۇ سوئالغا بېرىلگەن ئوبدان جاۋابتۇر. بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈر بولۇپ قالدىكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى كېلىشىغا تولىمۇ ئامراق جەمئىيەت، ئەمما تاماق يەيدىغان يەر ۋە چىقىرىدىغان يەر بىلەن ئانچە كارى يوق. ئادەملىرىمىزنىڭ ئېغىزى تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن تۈزۈك يۇيۇپ تازىلانمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ھاجەتخانا پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. چىشلىرى كونا ساماندا ھەلەپ چىلىغان سېۋەتتەك سېرىق ھەم قارا داغلار بىلەن تولغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئاشخانا ئېچىشقا شۇ قەدەر ئامراق. بىزدە نېمە تولا، ئاشخانا تولا، ئەمما ھەممە ئۇيغۇر خۇددى يەپ چىقارمايدىغاندەك، ھاجەتخانا سېلىش بىلەن خۇشى يوق. يەيدىغان يەرنىڭ تولىلىقىدىن ئادەملەر بەزىدە نېمە يېيىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئەمما يەپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چىقىرىدىغان يەر تاپالماي ئۇيان يۈگرەپ، بۇيان يۈگرەپ يېقىپ، بولمىغاندا شۇ ئەتراپىلا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قانداق گۈزەل شەھەر ياكى بازىرى بولسۇن، ئاشخانىسىدىن 50 قەدەم نېرىسىدىلا پوق - سۈيدۈكلەر يامراپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مەنزىرىمۇ، ئەسلىدە بىر ئوبدان باشلىنىپ، ئۇنى داۋام قىلدۇرغۇچىلار بارغانچە ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكتىن بۇزۇلغان يېڭىچە مائارىپ ۋە ھازىرقى تەربىيىلىنىشىمىزدىن بىر مەسخىرىلىك كۆرۈنۈش!

بىز ئەجدادلىرىمىز بىر ئوبدان يول ئېچىپ باشلاپ بەرگەن يېڭىچە مائارىپىمىزنى چىن مەنىسى بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا بارا - بارا ئۆز - ئۆزىمىزنى ئالداش - ساختا تەربىيىلىنىش يولىغا مېڭىۋېدۇق، خۇي - پەيلىمىز ۋە نىيەت - ئەپئاللىمىزغا يېقىپ تارتقۇلۇقىمىزنى تارتىۋاتىمىز. شۇ ھەقىقەت ئايانكى، ئەگەر باغقا كۆيۈنۈپ ئوبدان پەرۋىش قىلىنسا، مېۋىلەر ھوسۇللۇق ۋە تەملىك بولىدۇ. مېۋىلەرنى ھەممە ئادەم تالىشىپ: «جەننەتنىڭ نېمىتى» دەپ تامشىپ تۇرۇپ يەيدۇ. ئەمما بىزنىڭ باغلارغا قىلغان پەرۋىشىمىزدە گەپ چىرايلىق، ئىش يۈزىدە كۆچەتلەرگە بولغانغان زەھەرلىك سۇ، راست ئوغۇت ئورنىغا خىمىيە ئوغۇت بېرىۋېدۇق، باغدىن چىققىنى تېشى چىرايلىق، يوغان، يېسە لاۋزا، ئىچى سېسىق مېۋىلەر بولدى؛ شاپتۇللىرىمىز قۇرت، يېلىم قايناپ تۇرىدىغان يېگۈسىز نەرسىگە ئايلاندى. دېمەك، بىز بېغىمىزغا قانداق پەرۋىش قىلساق، بېغىمىز شۇنىڭغا لايىق ھوسۇل بەردى. قىنى، سەمىمىيلىك بىلەن، بالىلىرىمىزغا قىلغان

پەرۋىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە بىر قاراپ باقايلى، ئۇلار زادى قانچىلىك كىبىرەكلىك ئادەم بولۇپ چىقتى؟ بىغىمىزدىن چىققان ئون تال مېۋىنىڭ ئۈچ - تۆتى گويدان پىشىپ، ئۇنى خاتىرجەم يېگىلى بولۇپ، قالغىنى قۇرت، ئىچى سېسىق بولغاچقا، ئامالسىز تاشلىۋەتكەنگە ئوخشاش، بالىلىرىمىزنىڭ كارغا كېلىدىغىنى ئاز، يارىماسلىرى كۆپ بولماقتا. ئاز بولمىغان پەرزەنتلىرىمىز ئىچىملىك - چېكىملىك، ئەيش - ئىشرەت، كەيپى - ساپاغا بېرىلگەن؛ بەزىلىرى زەھەرلىك چېكىملىك، ئوغرىلىق، قىماردىن خالىي ئەمەس. بالىلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ھەققىدە گەپ بولغاندا بەزى ئادەملەر تېخى: «بۇگۈنكى ياشلارنىڭ كاللىسى سۇلياۋدىن، خىمىيە ئوغۇت يېگەچكە ئىشلىمەيدۇ» دەپ ئۇلارنى نومۇسسىزلارچە كەمسىتىدۇ. ئۇ بالىلار بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، خىمىيە ئوغۇتنى ئۆزى يېدىمۇ ياكى ئاتا - ئانا بولغۇچى سەن يېگۈزدىڭمۇ؟ ئىش ئادەمگە بېقىپ بولىدۇ، بالا تەربىيىگە. ھەرگىز ئاتنىڭ تايچىقى تەخەي، ئېشەكنىڭ تەخىيى تايچاق بولمايدۇ. ئەگەر ئېشەك بىلەن ئات قانداشلىقى بولمىسىمۇ جۈپلەشكەن بولسا، ئۇ ئىككى جاندارنىڭ بالىسى تەخەيگىمۇ، تايچاققىمۇ ئوخشىمايدىغان ھايۋان - خېچىر بولىدۇ. ئۇ بەزىدە ئاتتەك كىشنىمەك بولىدۇ، كىشنىيەلمەيدۇ، ئېشەكتەك ھاڭرىماق بولىدۇ، ھاڭرىيالمايدۇ. ئادەملەر ئۇنى ھەم ئېشەك ئورنىدا، ھەم ئات ئورنىدا تازا ئىشلىتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە خۇدا خالىمىغان ھارام قوشۇلمىدىن تۆرەلگەچكە، ئاللا ئۇنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەبىئىي، مۇقەددەس ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلغان. بۇ يەردە گۇناھ كىمدە؟ خېچىردىمۇ ياكى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئات بىلەن ئېشەكنى ئالداپ چېتىشتۇرۇپ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئەۋلادىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمدىمۇ؟ ۋە ياكى تايچاق يا تەخەي بولۇپ تۇغۇلماق بولغان ئىككى مۇستەقىل جاننى سۈنئىي ھالدا بىر گەۋدە قىلىپ تۇغۇلۇشقا مەجبۇر قىلغان ئايغىر بىلەن مىدىدىمۇ، ھاڭگا بىلەن بايتالدىمۇ؟

بىزنىڭ خەنزۇ قوشنىلىرىمىزنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئازراقمۇ بولسا يۇقتۇرمىغىنىمىز بىزدىكى بىر كالۋالىق. ئۇلار دائىم باشلانغۇچ مەكتەپ دەرۋازىسىدا بالىلىرىنى ساقلايدۇ. چۈنكى بۇ چاغ بالىلارنىڭ خۇددى تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چۆجىدەك مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى تېخى يېتىلمىگەن، نېمىنى كۆرسە ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەي يۇقتۇرۇۋالىدىغان، تۇرمۇشتا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان، قاياققا باشلىسا شۇ ياققا ماڭىدىغان، يېتەكلەشكە تولىمۇ موھتاج ۋاقتى. شۇڭا خەنزۇلار ئىشنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ، ئەستايىدىل ھالدا بالىلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئەمما ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ دەرۋازىلىرىدا ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بالا تەربىيىلىنىش يولىغا كىرىپ بولدى. ئەمدى ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىشى بىلەن ئۆز يولىنى گويدان داۋام قىلدۇرىدۇ - دە. بىزدە بولسا، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر دەرۋازىسىدا ئاتا - ئانىلار يوق دېيەرلىك. مەكتەپ ئىگە، دەپ چۆچۈرىدەك بالىلارنى مەكتەپكە تاشلاپ بېرىدۇ. كىچىك ۋاقتىدا مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر بالىلىرى چوڭ بولۇپ تولۇق ئوتتۇرا بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرگە چىققاندا بارا - بارا مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىدىن قېلىپ، ئاتا - ئانىسىغا يۆلىنىشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە بالا خاپىلىقىدا سالپايغان، جىددىيلەشكەن ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلار ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرگە تولا قاتراپ، خوجا خامىنى قىلىۋېتىدۇ. باشتا مېڭىشقا ئېرىنىپ، كېيىن دۈم چۈشكىچە يۈگرەيدۇ. بۇمۇ بىزنىڭ ھازىرقى بالا تەربىيىلىشىمىزدىن بىر كۆرۈنۈش!

خوش، يەنە ئۆز گېپىمىزنى ئېكساقتىن داۋاملاشتۇرساق، ئۇلۇغ يېڭىچە مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ ئاتىسى، سۆيۈملۈك ئەجدادىمىز ھۈسەن مۇسابايوف، باھاۋۇدۇن مۇسابايوفلارنىڭ ھەيكىلىنىڭ يوپۇقى دېڭىز دولقۇنىدەك دەۋرەپ تۇرغان خەلقنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشى، شادىيان ناغرا - سۇنايلار ساداسى ئىچىدە ئېچىلدى. ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغىنى، بۇ تەڭداشسىز خاسىيەتلىك - ئۇلۇغ مەرىكىگە مىڭلىغان ئاۋام خەلق - دېھقانلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن مائارىپچىلار، زىيالىيلار، مەرىپەتپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەر، تىجارەتچىلەر كەلگەن، ئەمما بىرمۇ ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر قەدەم تەشرىپ قىلمىغانىدى. خەلق ئىچىدە بۇ ئىش توغرىلىق ئالاھىدە غۇلغۇلا بولدى. رەھبەرلەرنىڭ مۇنداق ئىشلارغا چولىسى تەگمىگەنلىكى خۇددى بالىلىرىنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى بىلىشكە ۋاقتى چىقمىغاندەك بىر ئىش ئىدى. «ناخشا - ئۇسسۇل كۆرۈپ تېلېۋىزوردا چىقىدىغان ياكى شىركەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش، سودا ساراي، دۇكانلارنىڭ ئېچىلىش مۇراسىملىرى بولغان بولسا، رەھبەرلەر چوقۇم كېلەتتى» دېدى ئۇزاق يىل يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ دېھقان سىياق بولۇپ كەتكەن بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى. «دۇكان، مېھمانخانا ئاچقان، شىركەت قۇرغان، ناخشا - ئۇسسۇل قايناتقان يەردىن رەھبەرلەر ھوزۇرلىنالايدۇ، ئەمما مەكتەپتە رەھبەرلىرىمىز ھوزۇرلانغۇدەك ئىش يوق. دەرد - ھەسرەت، باش ئاغرىقى بار» دېدى يەنە بىر باي تىجارەتچى.

شۇنداق قىلىپ، رەھبەرلەر بولمىسىمۇ، يوپۇقنىڭ بىر پېشىنى ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف باشلىق 20 نەچچە نەۋرە - چەۋرىسى، يەنە بىر پېشىنى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى

www.uyghurkitap.com

مەزگىللىرىدە يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئەۋلاد بىئولوگىيە ئالىمى، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي پەن ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان يۇقىرى قاتلام ئىلىم - پەن تەشكىلاتچىسى، يېڭىچە مائارىپ بۆشۈكىمىز ئىكساق ئۇيغۇرلارغا تەقدىم قىلغان ئىلىم - پەن پېشىۋايىمىز ئاببار بۇرھان، داڭلىق يۇقىرى قاتلام مائارىپ تەشكىلاتچىسى ئابدۇرەھىم قاسىم ئاكىلار، شۇنداقلا پېشقەدەم مائارىپچىلار، ئاتاقلىق زىيالىيلار، جامائەت ئەربابلىرى، يۇرت ئاقساقاللىرى تۇتۇپ قولمۇ قول ئاچتى. ناغرا - سۇناي ساداسى بىلەن، نوھ ئەلەيھىسسالامغا توپان بالاسىدىن كېيىن ھاياتلىقنىڭ باشلانغانلىقى خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ كەپتەرلەر كۆككە كۆتۈرۈلدى. بۇ داغدۇغىلىق ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاتاقلىق مائارىپچىلار سۆز ئېلىپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن شانلىق ئەمما ئەگرى - توقاي، مۇشكۈل مۇساپىسى، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى شانلىق تۆھپىسى، يېڭىچە مائارىپ ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرى، چەككەن رىيازەت، بەرگەن قۇربانلىرى، تۆلىگەن بەدەللىرى ئۈستىدە تەسىرلىك بايانلار بىلەن نۇتۇقلار سۆزلىدى. شۇ قاتاردا ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف بۈگۈنكى كاتتا يىغىلىشقا قاتناشقان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ۋەكالىتەن سۆز ئېلىپ، ئۆز تەسىراتىنى مۇنداق يىغىنچاقلىدى:

«. . . راستىنى ئېيتقاندا، يۇرتۇمغا ۋە يۇرتداشلىرىمغا بولغان قاراشلىرىمدا نۇرغۇن مۇجمەللىك ۋە قورساقتا يېشىلمەي كەلگەن تۈگۈنلەر بار ئىدى. بۈگۈن مەن بوۋامىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنى مۇشۇ يەرگە قۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، ئۇلارنىڭ ماڭا قارىغاندا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تولىمۇ ئەقىللىقلىقىنى بىلدىم ۋە چۈشەندىم. ئۆز ۋاقتىدا ئىكساق خەلقى قوللىمىغان بولسا، بوۋامىلارنىڭ يېڭىچە مائارىپ ئىنقىلابىمۇ، تارىختا بىر ئوبدان باشلىنىپ ئاخىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان نۇرغۇن خەيرلىك ئىشلارغا ئوخشاش پاجىئەلىك ئاياغلاشقان بولاتتى. بوۋىلىرىمىزنى قوللاپ ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىغا بۆشۈك بولغان، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زېمىن بەرگەن ئىكساق خەلقىگە رەھمەت. تاپقان پۇلۇمغا قارىغاندا قىلغان ياردىمىمنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى مۇشۇ مىنۇتلاردا چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. بوۋىلىرىم ئۇل سالغان مائارىپىمىزنى مەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قوللاپ تۇرىمەن. چۈنكى تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى يەنىلا بوۋام باھاۋۇدۇنبايىنىڭ قېنى. . . »

پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقان خالايىق قىيان كۆتۈرۈلگەندەك ئۇزاققىچە دەۋرەپ ئالقىش ياڭراتتى.

پۈتكۈل ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ سەھرا - يېزىلىرىدىن دەۋرەپ كەلگەن مىڭلىغان دېھقانلار، ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە تەۋەررۈك قالغان كلاسسىك مودا كىيىمى بولغان قارا تون، قارا كۆرپە تۇماق كىيگەن، قارا بەلباغ باغلىغان بوۋايلار، قارا كەمچەت، قارا تون كىيىپ، ئاق لېچەك ئارتقان ئاياللار يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدىن كېيىن سەپ - سەپ بولۇپ، ھەيۋەتلىك - جەڭگىۋار مۇزىكا ساداسى ئىچىدە پاراتتىن ئۆتۈشكە باشلىغاندا مۇنبەردىكىلەر ۋە مۇراسىم ئەھلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھاياجاندىن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. زەتلىك، زەبەردەس، ماس قەدەمدە كېتىۋاتقان، ئۇزۇندىن ئۇزۇن سەپ تۈزگەن دېھقانلار سېپى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ دېھقانلىرى ئەمەس، خۇددى قاراخانىيلارنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى لەرزىگە سالغان ھەربىي قوشۇنىدەك كۆرۈنۈپ، ھاياجاندىن چىشلىرىم كىرىشىپ، كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى. قاچانلا قارىسا، بەل تولغاپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرۈنۈشىگە كۆنۈپ، روھى چۈشۈپ كەتكەن كۆزلەر بۇنداق جەڭگىۋار قىياپەتنى كۆرسە، ھەقىقەتەنمۇ تومۇرىدا قانلىرى قايناپ، روھى ئۇرغۇيدىكەن. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاشلا قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى كۆردۈم. شۇ تاپتا كۆزلەردە ياش، يۈرەكتە ئېپتىخار. . .

* * *

ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 110 يىللىق خاتىرە مەرىكىسى ئەنە شۇنداق تاماملاندى. ئەمما ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلار ھەققىدىكى گەپلىرىمىز تېخى تۈگىمىدى.

ئۇلار باشلىغان يېڭىچە مائارىپنىڭ مەقسىتى - ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدە قالغان مىللىتىمىزنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش بولۇپ، بۇنىڭغا باھاۋۇدۇنبايىنىڭ ياۋروپادا كۆرگەن - بىلگەنلىرى سەۋەب بولغانىدى. ئۇ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھەر خىل يۇڭ - تېرىلەرنى غەربىي ياۋروپا، بولۇپمۇ گېرمانىيە، ئىتالىيىلەرگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئەللەردىكى سودا - سانائەتچىلەر، بانكىرلار، ھەتتا سىياسىي ساھەدىكى ئەربابلار بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى؛ ئۇلار بىلەن ئىقتىساد، سودا، پۇل - مۇئامىلە، سىياسىي ئىشلار توغرىسىدا ئۇنۇملۇك سۆھبەتلەرنى ئېلىپ باردى. زاۋۇت، كان - كارخانا، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا زىيارەتتە بولۇپ ئەتراپلىق، چوڭقۇر، تەكرار تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى؛ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار بىلەن كەڭ - كۇشادە ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن سىرداشتى. نەچچە قېتىملىق ياۋروپا سەپىرى باھاۋۇدۇنبايىنىڭ

نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ، بۇ ئەللەرنىڭ ئىلغارلىقىنى، ئۆز يۇرتىدىن كۆپ تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەپسۇسلۇق ئىچىدە چۈشەندى. ئۇنىڭ گېرمانىيە، ئىتالىيىلەردە سودا - تىجارەت بىلەن تۇرغان مەزگىلى ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى سانائەتلىشىۋاتقان، خەلق نادانلىق - خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ تەرەققىيات ۋە ئەقلىيلىق دەۋرىگە كىرىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. باھاۋۇدۇنباي رەين دەريا بويىدا تۇلكە جۇۋىسىنى سېلىپ، بېشىدىكى سەرپۇش تۇمىقىنى يېنىغا ئېلىپ قويۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى: ئۇلار ئۇلۇغ بوۋىسىدىن تارتىپ پۈتكۈل ئالتە شەھەرنىڭ پاختا، يۇڭ، تىۋىت، تېرە، ئاشلىق بازارلىرىنى تولۇق ئىلكىگە ئالدى. كېيىنچە سودا - تىجارەتنى ئىلى ۋادىسىغىچە كېڭەيتىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىن شىمالىي يايلاقلىرىغىچە سودا ساراي، كارۋان ساراي، ئايۋان سارايلارنى قۇردى؛ پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ۋە پاختا مەھسۇلاتلىرى سودىسىنى مونوپول قىلىپ، مۇسابايوفلارنىڭ يىرىك ئىقتىسادىي خام ئەشيا گەۋدىسىنى قۇردى. بارا - بارا ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى چارروسىيە مۇستەملىكىسىدىكى پايانسىز قازاق - قىپچاق دالىسى، پەرغانە ۋادىلىرىغىچە يۈرۈش قىلىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چارۋا - پاختا سودىسىنىمۇ خوجىسىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ قولىدىن چىققان خام ئەشيالار بىلەن روسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيىدىكى نۇرغۇن زاۋۇت - كارخانىلار تېز كېڭىيىپ، ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتقان دالىلاردا چوڭ سانائەت شەھەرلىرى قۇرۇلدى. دېمەك، مۇسابايوفلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يايلاق - پاختىزارلىقلىرىدىن ئاپارغان ئەرزان باھالىق خام ئەشيا بىلەن ياۋروپالىقلار باي بولدى. ئەمما مۇسابايوفلار بۇرۇنقىدەكلا تېرىچى، پاختىچى، خام مال سودىگىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيامۇ، يۇرتىمۇ يەنىلا ۋەيرانە، قالاق، نامرات ھالدا قېلىۋەردى. باھاۋۇدۇنباي دەسلەپ تېرە ئەكەلگەندە، قورقماي 100 تېرىگە نەق پۇل سانىيالماي، تىترەپ تۇرىدىغان رىملىق سودىگەرلەر مانا ئەمدى چوڭ كارخانىچى، بانكىر، زاۋۇت خوجايىنلىرى بولۇپ، باھاۋۇدۇنباينىڭ تۇلكە جۇۋىسى بىلەن قاراخانىچە قارا كۆرپە تۇمىقىنى كەمسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ شىلەپىسىنى داڭلايدىغان بولدى. ئەسلىدە ئۇلار بىر گاداي خەق ئەمەسمىدى؟! ئۇلار باھاۋۇدۇنبايدىن ئەرزان خام ئەشياغا نېسى ئېرىشىپ ئۇزاققا قالمايلا باھاۋۇدۇنباينى ياراتماسلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئەسلىدە ئۇلارنى ھۆركۆرەتكەن ئىلىم - پەن بىلەن ئىلغار ھۈنەر - سانائەت ئىدى. يېڭىچە ماگارىپ بىلەن سانائەت ئىنقىلابى بۇ ياۋروپالىقلارنى بىر خەقتىن باي قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار باھاۋۇدۇنبايدەك تەڭداشسىز باي سودىگەرلەرنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەرزان خام ئەشيا ئەكىلىپ بېرىدىغان ھاماللىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

باھاۋۇدۇنباي دەسلەپ رىم كوچىلىرىدا كۆرگەن ئىشسىز - نامراتلارنىڭ ئەمدىلىكتە زاۋۇتلاردا ئۆزى ئەكەلگەن خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان مەلىكىلىك ئىشچىلارغا ئايلانغانلىقى، بۇ ماكانسىزلارنىڭ ئازادە - يورۇق ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، شۇئان يۇرتىدىكى ئۆزىگە تېرە ئەكىلىدىغان مالچىلار، پاختا ئەكىلىدىغان دېھقانلار، ئىشسىزلىق - بىكارچىلىقتىن ئەسكى تاملارنىڭ تۈۋىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ، نەشە چېكىپ ئۇخلاپ، ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈپ تۈگەۋاتقان نامراتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ، ستىسلىيە ئارىلىدا ياۋروپا تارىخى ۋە دۇنيا تارىخىدىن دەرس ئاڭلىدى. بىردىنلا كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دۇنيا يورۇدى. ئۇ، سەرپۇش تۇماق، تۇلكە جۇۋا، ئېغى تۇلۇمدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان پاختىلىق تامبىلىنى سېلىۋېتىپ، يېنىدىن ئايرىمايدىغان ئالا خۇرجۇنى بىلەن پوملاپ ئاستا داۋالغۇپ تۇرغان دېڭىزغا تاشلىدى. دائىم قىردۇرۇپ، بۇددا راھىبلىرىدەك پارقىرىتىپ يۈرىدىغان بېشىغا چاچ قويدى. ھەمساتتىلا چورۇق، كاۋكاز ئۆتۈكى كىيىدىغان قاداق باسقان پۇتىغا شىبلىت، چەكمەن تون، ئېغى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان پاختىلىق تامبال ئورنىغا كاستۇم - بۇرۇلكا، سەرپۇش تۇماق ئورنىغا شىلەپە كىيىپ، ئىتالىيە، گېرمانىيىلەردىكى ساياھەتنى قايتا باشلىدى. ئۇنىڭ يارىشىملىق ساقال - بۇرۇتى، ئۆتكۈر، ئەقىل - پاراسەتلىك كۆزلىرى، شۇ چاغدا ياۋروپادا مودا بولغان ئالتۇن گەردىشلىك، ئالتۇن زەنجىرلىك كۆزەينىكى، ئاق پەلەي كىيگەن قولىدىكى زاكون تايىقى ئۇنى ھەقىقىي ياۋروپا گراف - تۆرىلىرىنىڭ سىياقىغا كىرگۈزدى. ئۇ، زىيارەت قىلغانسېرى نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، كۆڭۈل كۆزى ئېچىلىپ يەنە نورۋېگىيە، شۋېتسارىيە، شۋېتسىيىلەردە ئۇزاقتىن - ئۇزاق زىيارەت - ساياھەتتە بولدى. ئاساسلىق يەسلى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەر، سەنئەت سارايلىرى، تارىخىي مۇزېيلار، داۋالاش، پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى. . . نى زىيارەت قىلدى. زىيارىتى ئېچكىرىلىگەنچە كۆز ئالدىدا يورۇغان يول تېخىمۇ داغداملاشتى. ئاخىرى ئۇ شۇنداق قارارغا كەلدى: مىللەتنى جاھالەت - خۇراپات، نامراتلىق - قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش كېرەك. بۇنىڭ يولى - سانائەتلىشىشتە. ئەمما، قارىيخانىدا ئوقۇغان مەندەك ۋە مېنىڭ باللىرىمدەك ئادەملەر بىلەن مىللەتنى سانائەتلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، كۆن

www.uyghurkitap.com

چۈشمەيدىغان قارىيخانىلاردا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، مەنىسىنى چۈشەنمەي قارىسىغا سۈرە - ساۋاق يادلاۋاتقان تالىبلار، قىمارخانىلاردا تۆت ھوشۇقىنى ئېتىپ يۈرگەن بالا قىمارۋازلار، ئەسكى تام تۈۋىدە خام نەشىنى تارتىپ كۈننى كەچ قىلىدىغان بىكار تەلەپ ياشلار، مالچى يېتىمەكلەر، داڭگاللىقتا تىمىسقىلاپ يەر تىرنىۋاتقان بالىلارنى يورۇق - ئازادە سىنىپلارغا يىغىپ، ئۇلارغا ھازىر ياۋروپا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇلۇۋاتقان ھېساب، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرىنى ئۆتۈش كېرەك. ئۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن بالىلىرىمىز باي بولسىمۇ يەنىلا تىرىكچى، پاختىچى بولىۋەرمىسۇن. قەتئىي مەكتەپ ئاچىمەن. ھېلىغۇ ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ يىغقان مال - دۇنيارىمكەن، ھەتتا جېنىم كەتسىمۇ مەكتەپ ئاچقىنىم ئاچقان! مەن مىللەتنى سانائەت ئارقىلىق، سانائەتنى مائارىپ ئارقىلىق قۇتقۇزىمەن. ئەمدى خام مالچىلىقتىن سانائەتكە كۆچىمەن. بىز ئۇن تەڭگىگە بەرگەن بىر تېرىنى بىر بوياپلا يەنە بىزگە 100 تەڭگىگە سېتىپ، ئۇن تېرىنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالىدىغان پەرەڭلەرگە ئەمدى ھامال بولمايمەن. سەن قىلغان ئىشنى بىزمۇ قىلىپ باقايلى.

ئۇ، شۇنداق نىيەت بىلەن يۇرتىغا قايتتى. ئاكىسى ھۈسەنباي بىلەن ئۇزاق كېڭىشىپ، بۇ مەقسەتكە ئورتاق بەل باغلىدى. ئۇلار ئىشنى ئالدى بىلەن يۇرتى ئاتۇش - ئىكساقتا ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى يېڭىچە پەننىي مەكتەپنى قۇرۇشتىن باشلىدى. ئۇلار ئاچقان مەكتەپنىڭ سىنىپلىرى ئازادە، يورۇق، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياتاق، تاماقخانا، مونچا سېلىنغان، مەكتەپ فورمىسى تىكتۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ، ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەرگىزمۇ ئېڭىغا سىغدۇرالمايدىغان مۆجىزىلىك ئىشلار ئىدى. ئاندىن ئۇلار ئۆز تۇپرىقىدا زامانىۋى سانائەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن گېرمانىيىدىن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى يۆتكەپ كەلگەندە، چار پادىشاھ بۇ زاۋۇتنى روسىيە تەۋەسىگە قۇرۇشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۆز زېمىنىدا زامانىۋى سانائەت بەرپا قىلىپ، مىللەتنى سانائەتلەشتۈرۈش يولىغا باشلىغاندىلا ئاندىن ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئېڭىدىن ئازاد بولۇپ، ئۆزىنى تونۇغان يېڭىچە ئىنسان ئېڭى شەكىللىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاددىي ئەمما بۈيۈك ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ زامانىۋى دۇنياغا يۈزلەنگەن بۇ ئۇلۇغ ئەجدادىمىز چار پادىشاھنىڭ تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، مىڭبىر توسالغۇلارنى تاغارلاپ تىللا تۆكۈپ بېرىپ ئېچىپ، ئاخىرى زاۋۇتنى ئۆز ئېلىدا قۇرۇش مەقسىتىگە يەتتى. ئېلىدا مۇشۇنداق زامانىۋى، يۇرۇشلەشكەن يىرىك كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلغان چاغدا تېخى ئېچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ مۇنداق زاۋۇت يوق ئىدى. يۇرتىمىزدا يېڭىچە مائارىپ بىلەن زامانىۋى سانائەتنى تۇنجى بولۇپ ۋۇجۇتقا چىقارغان بۇ ئۇلۇغلىرىمىز شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، غۇلجىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» نى قۇردى.

دېمەك، ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلار مەقسەت قىلغان مائارىپنىڭ نىشانى، يېڭىچە مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنى سانائەتلىشىش، تەبىئىي پەن يولىغا باشلاش، مىللەتتە ئۆز - ئۆزىنى تونۇش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش، پۈتكۈل مىللەتنى يىرىك ئىقتىسادىي گەۋدە سۈپىتىدە ئويۇشتۇرۇپ ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يولىغا يېتەكلەش ئارقىلىق، پەقەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، ئىپتىدائىي ئاڭدىن قۇتۇلالمايدىغان نادان مىللەت بولۇپ قېلىشتەك بەختسىز تەقدىردىن خالاس قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.


مانا شۇ كۈنلەردە - ئارىدىن 110 يىل ئۆتكەندە ئۇلۇغ بوۋىمىز ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ بەرھايات روھى بىزنى ئەگىپ يۈرمەكتە: ئېلىدا مىليونلاپ پۇل خەجلەپ يېتىملەر مەكتىپى ئاچقان نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەرنىڭ نىڭ ۋۇجۇدىدا ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ روھى ئۆزىنى نامايان قىلدى؛ غۇلجىدىكى ئابدۇلھەمىد ھاجىم خالىسنىڭ يۈرىكىدە، قەشقەردىكى ئابدۇلھەمىد داموللا ھاجىم، خوتەندىكى كېرەم ئىمىن، قاسىم ئىمىن، ئۈرۈمچىدىكى رابىيە قادىرخانىم، كېرەم قۇربان ھاجىم، مارالبېشىدىكى مەخەت ئېلى ھاجىم، قاسىم قارى ھاجىم... ۋە يەنە مەن ئىسمىنى ئېسىمگە ئالالمىغان بىر مۇنچىلىغان مەرىپەتپەرۋەر زاتلىرىمىزنىڭ تۇلاق تۈۋىدە بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئۆلمەس روھى توختىماي پىچىرلاۋاتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغان ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام كەنتىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاتوم فىزىكىسى ئالىمى، دوكتور ئاشتى كۈرەش ئىبراھىم، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قىزى، تىببىي پەلسەپە دوكتورى ئادالەت قاسىم، تىبابەت ئالىمى، دوكتور خالمۇرات غوپۇر... قاتارلىق نەۋقىران ئالىملىرىمىزدىن سۆيۈنۈپ، مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر ئالىملىرىمىزنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى تەبىئىي پەن ئۆگىنىشكە، سانائەتلىشىش مائارىپىغا يۈرۈش قىلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ. مانا بۇ، ئۇلار روھىنىڭ بىزنى قايتا - قايتا چاقىرىشى.

1996 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسىنىڭ سىنارىستى (M1)

# تەتۈر قىسمەتلەر



(ئەجەش خاتىرىلەر)

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

ئۇلۇغ ئالىم كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ شەكىللىنىشى - قۇياشنىڭ مېڭىشىدىن ئەمەس، بەلكى يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىگە 450 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر تا ھازىرغىچە «كۈن چىقتى، كۈن ئولتۇردى» دېگەن خاتا ئىبارىنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلمەكتە. ئەجەبا، ئىنسانلار تەتۈر يەكۈن، تەتۈر ھۆكۈملەرگە شۇنچىۋالا ئامراقمۇ؟ ۋەھالەنكى، دەل ئاشۇنداق تەتۈر يەكۈن، تەتۈر ھۆكۈملەر يىغىلىپ، تەتۈر قىسمەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇنداق تەتۈر قىسمەتلەر ھېلىھەم تەقدىرىمىز بىلەن ئويناشماقتا:

## باھار ئوغرىسى

مال - مۈلكىڭىزنى ئوغرى ئالسا، ئۇنى قانۇن ئارقىلىق تۆلىتىۋېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما باھارىڭىزنى ئوغرى ئالسا، ئۇنى قاچان ۋە قانداق تۆلىتىۋالىسىز؟ شۇڭلاشقا، ئوغرىلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىيسى - باھار ئوغرىسىدۇر.

زىمىستان زۇلمىتىدىن زېرىككەن ھەر بىر جان ئىگىسى ھەر ئەتىيازدا سۆيۈملۈك باھارنى تەقەززارلىق بىلەن زارىقىپ كۈتىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ئەتىيازنىڭ قايسى مەۋسۇم، قايسى سائىتى باھارنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ پاقا بىلەن ھۆپۈپتەك ئېنىق بىلمەيدۇ. پاقا بىلەن ھۆپۈپنىڭ ئۆچەكتىن چىققان كۈنى - دەل سۆيۈملۈك باھارنىڭ باشلانغان كۈنى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پاقا بىلەن ھۆپۈپ ھەر ئەتىيازدا زىمىستان ئىلكىدىكى ئۆچەكلەر ئارىسىدىن ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ چىقىپ، گەرچە كاككۇكلارنىڭكىدەك زىل بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە خاس تەبىئىي ساپ ئاۋازى بىلەن سۆيۈملۈك باھارنى تىنىمسىز چىللايدۇ. پۈتكۈل كائىناتقا ئاشۇ گۈزەل باھارنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بار ئاۋازى بىلەن جاكارلاپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، تىنىمسىز تەنتەنە قىلىدۇ.

بىراق، باھار ئەلچىسى دېگەن چىرايلىق نام، ھامان ئۆز ئىسمىنىلا تەكرارلاپ يۈرىدىغان كاككۇكقا مەنسۇپ بولىدۇ. ۋەھالەنكى، كاككۇك قىش زىمىستاندا غىپپىدە باشقا يۇرتلارغا تىكىۋېتىپ، باھار كېلىپ دەل - دەرەخلەر ئۇنى يوشۇرغۇدەك بولغاندا ئاندىن قايتىپ كېلىدىغان تەييارغا ھەييار مەخلۇق ئەمەسمۇ؟؟ تېخىمۇ قىزىقارلىقى - چىرايلىق كاككۇك جۈپسىراپ تۇرالماي قالغاندا، ھېچ مەخلۇققا كۆرسەتمەي پاقا بىلەن جۈپلىشىپ، ئۆز نەسلىنىڭ شاھىدلىرى بولغان تۇخۇملىرىنىمۇ باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئوغرىلىقچە تۇغۇپ قويۇپ يەنە تىكىۋېتىدۇ. بۇنى بىلمىگەن بىچارە باشقا قۇشلار كاككۇك بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلىش بەدىلىگە ئۆز بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چۈنكى نەسلىدىن تۇز كورلۇق مىراس قالغان كاككۇك بالىلىرى باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدا چوڭ بولىۋاتقان تۇرۇقلۇق، دەل ئاشۇ باشقا قۇشلارنىڭ بالىلىرىنى ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۆز ئۇۋىسىدىن قىستاپ چىقىرىپ ئۆلۈمگە مەجبۇرلايدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: سىز كاككۇكلارنىڭ ئۆز ئىسمىنى تەكرارلاۋېتىپ، ھەتتا تۇن كېچىلەردىمۇ پات - پات قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟ مانا ئەمدى ئويلاپ كۆرۈڭ، پاقا بىلەن ھۆپۈپ ئەلچى بولۇپ باھارنى چىللاپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، پۈتكۈل دۇنيا كاككۇكنى ئۇلۇغلاۋاتسا، ئۇ يەنە نېمىشقا قاقاقلاپ كۈلمىسۇن؟!

## ئۆزىنى ئويلاش

بىر كۈنى ئىشخانىدا گېزىت كۆرۈۋېتىپ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوپەت - ساپاسى ستاتىستىكا قىلىنغان ستونغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. كۆڭلۈمدە: «بىز ئۇيغۇرلار چوقۇم ھەممىنىڭ بېشىدا، چۈنكى بىز دېگەن قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت؛ كىممۇ ناخشا - ئۇسسۇلدا بىزگە تەڭلىشەلەيدۇ؟ كىممۇ مېھماندوستلۇقتا بىزدىن ئېشىپ كېتىدۇ؟...» دەپ ئويلىدىم.

بىراق، ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى قاتارغا يېزىلغىنى، بىز مەينەت، قالاق دەپ كۆزگە ئىلمايدىغان مىللەتلەرنىڭ نامى ئىدى. كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قايتا - قايتا قارىسام، 1 - دىن 10 - غىچە بولغان رەت تەرتىپى ئىچىدە «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنى ئۇچرىتالمىدىم. بۇ نېمە ئىش؟ مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇن بىزدىن مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالەمشۇمۇل كاتتا ئالىملار چىققان؛ بۈگۈنكى كۈندىمۇ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە يالغۇز ئىشىك - دەرۋازىنىلا ئەمەس، ھەتتا تۆت تامنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېتىپ، بۇ جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇۋاتقان بىر ئىلغار مىللەت، قانداق بولۇپ سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ؟!

بۇ ئويلىرىمغا جاۋاب تاپالماي يېنىمدىكى بىر خىزمەتدىشىمغا ئېيتىۋېدىم، ئۇ:

- ئۆزۈڭلىنى ئويلاڭلا، بىز ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى بولمىغاندىكىن، خەق بىلەن نېمە كارىمىز؟ - دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنداق، بىز ھازىر ھەممىمىز ئۆزىمىزنىلا ئويلاۋاتىمىز. دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا روناق تاپالمايۋاتىمىز، سەپتىن چۈشۈپ قېلىۋاتىمىز. بەلكىم بىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق بىر ھالەتنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا ئۇلار تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك چۆچەكنى بىزگە قالدۇرمىغان بولار ئىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر يوقسۇل ئائىلە ئۆتكەنىكەن، ئۇلار شۇ دەرىجىدە يوقسۇل ئىكەنكى، ئۈچىسىغا كەيگىلى كىيىممۇ بولمىغانلىقتىن يۇرتتا تۇرالماي جاڭگالغا بېرىپ گەمە كولاپ ياشاشقا مەجبۇر بوپتۇ.

بىر كۈنى ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام تەڭرى بىلەن كۆرۈشكىلى تۇر تېغىغا كېتىۋېتىپ، ئۇلارنى گەمىسى ئالدىدا ئۇچرىتىپ قاپتۇ ھەمدە ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، تەڭرىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ، تىلىكىنى ئىجابەت قىلىش ئۈچۈن دۇئا ئېلىپ قايتىشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

دېگەندەك مۇسا ئەلەيھىسسالام تەڭرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۈچ يوقسۇلنىڭ ئەھۋالىنى تەڭرىگە بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ تىلىكىنىمۇ ئىجابەت قىلىشنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ.

- ئى، مۇسا، - دەپتۇ تەڭرى، - مەن يارانقان بەندىلەردىن بەرمەيدىغىنىم، تىلىكىنى ئىجابەت قىلمايدىغىنىم يوق. سەن كۆرگەن ئۇ بەندىلەرگىمۇ مەن بەرگەن، لېكىن ئۇلار بىرى ئاتا، بىرى ئانا، بىرى پەرزەنت تۇرۇپمۇ بىر - بىرىنى ھەرگىز ئويلىمىدى، ئەكسىچە ئۈچىلىسى ئۆزىنى ئويلىدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى ئاشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، كۆرىدىغان كۈنىمۇ شۇ ئىدى. خەير، بوپتۇ، بېرىپ ئۇلارغا ئېيتقىن، ھەر بىرى بىر كېچىدىن تىلەپ چىقسۇن، نېمە تىلىسە شۇنى بېرىمەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام خۇشلۇقتا دەرھال يولغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ھەمدە خۇدانىڭ كالامىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپتۇ. شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جاڭجال باشلىنىپتۇ: ئاتا بولغۇچى: «مەن ھەممىڭدىن چوڭ، شۇڭا بىرىنچى كېچىسى مەن تىلىشىم كېرەك!» دېسە، ئانا بولغۇچى: «مەن ئاجىز - مەزلۇم، بىرىنچى نۆۋەت مېنىڭ!» دەپتۇ، بالىسىمۇ: «مەن ھەممىدىن كىچىك، شۇڭا ماڭا ئېتىبار قىلىشىڭلار كېرەك؟» دەپ تالىشىپتۇ. ئاخىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كېلىشتۇرۇپ، بىرىنچى كېچىنى ئانىغا، ئىككىنچى كېچىنى ئاتىغا، ئۈچىنچى كېچىنى ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئامالسىز ماقۇل بولۇپ، كەچ بولۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. نامازشام بولۇشى بىلەن ئانا تىلەشنى باشلاپتۇ:

- ئى، قۇدرەتلىك ئاللا، كارامىتىڭنى بىر كۆرسىتىپ، مېنى 14 ياشلىق، تەڭداشسىز بىر مەلىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويساڭ، بۇ لەنىتى يەردىن قۇتۇلۇپ، شاھزادىلەر بىلەن ئوردىدا ياشىسام...

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، ئانا ئورنىدىن 14 ياشلىق مەلىكە بولۇپ قوپۇپتۇ - دە، ئۇۋىغا چىقىپ ئېزىپ قېلىپ بۇ گەمە ئالدىغا كەلگەن بىر شاھزادە بىلەن كېتىپ قاپتۇ.

ئىككىنچى ئاخشىمى ئاتا تىلەپتۇ:

- ئى، كەرەملىك تەڭرىم، 30 يىل بىر تەكىيگە باش قويغان ئېرىدىن كېچىپ، ھەتتا يۈرەك باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىنىمۇ تاشلاپ كەتكەن شۇ تۈز كورنى تۇڭگۇزغا ئايلاندۇرۇۋەتكىن!

دېگەندەك، كەچكە يېقىن بىر مىكىنجىن گەمە ئالدىغا كېلىپ، يۈز - كۆزلىرىنى بوسۇغىغا يېقىپ تارام - تارام ياش تۆكۈپتۇ. بىراق ئاتا ھەرگىزمۇ ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىماپتۇ.

كەچ كىرگەندە ئوغلى ئولتۇرۇپ تىلەپتۇ:

- ئى، مېھرىبان ئاللا، بىچارە ئانامنى بۇرۇنقى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگەيسەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتىسى ئەتىگەندە ئانا ئۆز ئەسلىگە كېلىپ قوپۇپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ياندۇرقى قېتىم تۇر تېغىغا كېتىۋېتىپ ئەمە ئالدىغا كەلگەندە ئۇلارنى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە كۆرۈپ ھەيران قىلىپ سوراپتۇ:

- بۇ، نېمە ئىش؟ خۇدا سىلەر نېمە تىلىسەڭلار شۇنى بېرىشكە ماقۇل بولغان، ئەجىبا تىلىگىنىڭلارنى بەرمىدىمۇ؟

- بەردى، - دەپتۇ ئۇلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، - خۇدا بىز نېمىنى تىلىگەن بولساق دەل شۇنىڭ ئۆزىنى بەردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قايتا سوراپ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇققاندىن كېيىن:

- ئەمدى چۈشەندىم. ئەسلىدە ئاللاتائالا نىيىتىڭلارغا بېقىپ بەرگەنكەن. ئۈچىڭلار بىر ئائىلە كىشىلىرى تۇرۇپ بىر - بىرىڭلارنى ئويلاشنىڭ ئورنىغا ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىلا ئويلىساڭلار، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ - دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ماقۇل، بۇنىڭغۇ بىر چۆچەك دېيلى، ئۇنداقتا ھازىرقى زاماندا كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان، ئاشۇ چۆچەكنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان ئىشلارغا نېمە دەيمىز؟ پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلاپ كەتكەن ساختا مال؛ قاتتىق زەربە بېرىلىۋاتسىمۇ يەنە يۈز بېرىۋاتقان ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق؛ ھۆكۈمەت شۇنچە كۈچەپمۇ تۈگىتەلمەيۋاتقان پارىخورلۇق؛ ھەتتا ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا قىلىنغان ئىئانىگىمۇ خىيانەت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ تۈپكى مەنبەسى نېمە؟ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، يەنىلا ئۆزىنىلا ئويلاشتىن ئىبارەت.

تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇخىلدىكى ئېچىنىشلىق تەتۈر قىسمەتلەر بۈگۈنكى دەۋردىكى ئادەملىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل تاقەتسىز دۈتلۈكنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، خالاس. چۈنكى دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە ئۈلۈك تاناسىپ بولىۋەرمەيدۇ. دېمەك، ئۆزىنى ئويلاشمۇ كېيىنكى ئەمەلىي نەتىجە بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولۇپ، ئادەم پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىسا، ئەلۋەتتە باشقىلار بىلەن كارىّ بولمايدۇ، نەتىجىدە باشقىلارنىڭمۇ كارى بولمايدۇ - دە، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەكسىچە، ئادەم باشقىلارنىمۇ ئويلىسا، باشقىلارمۇ ئۇنى ئويلايدۇ، بۇ، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئويلىغىنىدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئاددىيلا بىر مىسال ئالساق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۈتكۈل ئۇيغۇرنى ئويلىغان، شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئويلايدۇ، سېغىنىدۇ. ناۋادا ئۇمۇ ئۆزىنى ئويلىغان بولسا، بۈگۈن ئۇنى كىممۇ ئويلار ئىدى؟

شۇڭا، ئۆزىنى ئويلاشنى ئويلىغان ھەر بىر ئادەم ئاۋۋال باشقا قېرىنداشلىرىنى، يۇرت - ۋەتىنىنى ئويلىمىسا، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ ئەلۋەتتە تەتۈر قىسمەتلەرگە قېتىلىپ كېتىدۇ.

## نەسىھەت

جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالغاچقا، ئالدىراپ تەرەت ئېلىشقا تۇتۇندۇم. تەبىئىيكى يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قولۇمنى جەينەككىچە يۇيۇش ئۈچۈن چاپاننى سېلىپ يېپىنچاقلىۋېلىشقا توغرا كەلدى.

تەرەت ئېلىپ بولۇپ ئالدىراپ مەسچىتكە يول ئالدىم. تەڭ يولغا بارغاندا بىر تونۇش ئادەم ئۇچرىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئىسمى ئېنىق ئېسىمدە قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتە ھەر قېتىم ئۇچراشساق سالاملىشىپ ئۆتەتتۇق. بۇ قېتىممۇ سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، ئۇ ئالاھىدە يېنىمغا كېلىپ مەخسۇس قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ قول باغلاپ تۇرۇپ دېدى:

- چاپانىڭ يېڭىنى سېپىۋالسىلا، بەك يامان بولىدۇ.

مەن شۇ چاغدىلا بايا تەرەت ئېلىپ بولۇپ نامازغا ئالدىراپ، چاپاننى يېپىنچاقلىغان پېتىم چىقىپ كەتكىنىمنى ھېس قىلدىم. بىراق ھېلىقى تونۇشۇمنىڭ خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرىدىن، بايا كەينىگە بىر قەدەم چېكىنگەندىكى دەلدەڭشىشىدىن ۋە. سۇ ئىچىپ بېشىنى كۆتەرگەن كالىدەك تىنماي كالپۇكىنى يالىشىدىن ئۇنىڭ مەست ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەرگىزمۇ يېڭىمنى ساپقىم كەلمىدى.

ئايدا - يىلدا بىر ۋاخ ناماز ئوقۇپ سالمايدىغان، ھەتتا ئاخشىمى مەست يېتىپ، كېچىگىچە قۇسۇپ، ئەتىسى يۈزىنىمۇ يۇماستىن يەنە هاراق بىلەن ناشتا قىلىدىغانلارنىڭ مەسچىتكە ماڭغان ئادەمگە نەسىھەت قىلىشى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدۇ. بىراق بۇنىڭغا ئوخشاش نەسىھەتلەر بىزدە سامان نەرقى. بىزدە بېخىلنىڭ سېخىيغا، نادانىڭ داناغا، ساۋاتسىزنىڭ ساۋاتلىقلارغا، هارۋىكەشنىڭ شوپۇرغا، ياشلارنىڭ قېرىلارغا، مۇناپىقنىڭ ۋىجدان ئەھلىگە نەسىھەت قىلىشى بىر دائىمىي ئادەت. ھەتتا مەتبۇئات يۈزىدە دەبدەبىلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ غەيۋەتخورلۇقنى سۆككەن شۆھرەتلىك «يازغۇچى» بىلەن ئۇچرىشىپ ھەمسۆھبەت بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ غەيۋەتتىن باشلىنىپ، غەيۋەت بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى كۆرىسىز. شۇڭلاشقا، قارىماققا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەتۈر قىسمەتلەردىن هازىرچە ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ھازىرقى بىلەرمەن - ۋالاقتەگكۈر نەسىھەتچىلىرىمىز

باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشتىن ئاۋۋال «مەن زادى قانچىلىك؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇپ باقىدىغان بولغانغا قەدەر تەتۈر قىسمەتلەردىن قۇتۇلالىشىمىز خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت.

## ئېلان

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەسلىدە تەڭرى ئىنسانلارغا جان ئاتا قىلغاندا، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى، تەڭداشسىز سېخىيلىق سۈپىتى بىلەن، جاننى مەڭگۈ ئېلىۋالماسلىققا بەرگەنمىش. بىراق ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىللار ياشاۋېرىپ، ياشاشتىنمۇ تويۇپ، ئۆزىنى تاشلاپ قويماي ياتقانمىش. ئۇلارنىڭ تېگىدىن ئۈنۈپ چىققان قومۇشلار بەدىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، تىرەك بىلەن تەڭ ئۆسۈپ كەتكەنمىش. شامال چىققاندا قومۇشلار لىڭشىسا، ياتقان ئادەملەر: «قاپىقىم تارتىپ كەتتى» دېيىشىدىكەنمىش. ئاخىرى ئۇلار يېتىپمۇ زېرىكىپ، تەڭرىنىڭ ئالدىغان دەۋا قىلىپ بېرىپ، جېنىنى ئالدىغان قىلغانمىش.

بۇ گەرچە بىر رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن ھەر قانداق نەرسىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە ئۈمىد كۈتكەنىنىڭ ئەكسىچە - تەتۈر نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھازىر رادىئو - تېلېۋىزورلاردا گويا «موزايلىق ئىنەككە سېتىۋالغاندەك» ھەر كۈنى تەكرار - تەكرار ئاڭلىتىلىدىغان بەزى ئېلانلارمۇ دەل ئاشۇنداق - ئەكسىچە نەتىجە بەرمەكتە.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا «رونا» ماركىلىق گىرىم بۇيۇملىرى ھەققىدە بېرىلگەن تەكرار - تەكرار ئېلانلار، ئەزەلدىنلا ستىخىيىلىك سودىغا كۆنۈپ كەتكەن ئېڭىمىزغا بىردىنلا تەسىر قىلىپ، «رونا» ماركىسىنى مىسلىسىز بازار تاپقۇزدى. شۇ چاغلاردا گىرىم بۇيۇملىرى ساتقۇچى بىر پىركازچىكنىڭ: «توۋا، بۇ خەققە نېمە بولغاندۇ؟ ھەممىسى كېلىپ ‹رونا› لا دەيدۇ. . .» دېگىنى ئېسىمدە.

بىراق بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كىشىلەر «رونا» غا شۇ قەدەر تويۇپ كەتتىكى، ھەتتا سەھنىلەرگىمۇ «رونا ماركىلىق مانتا» دېگەن ھەجۋى ئىبارىلەر ئېلىپ چىقىلىپ مەسخىرە قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ بىزدىكى «رونا دەۋرى» ئاخىرلىشىپ، «رونا» دېگەن ماركا پوكەيلەردە بويۇن قىسىپ قالغان بىچارىگە ئايلىنىپ قالدى. مانا بۇ، ئايلاپ - يىللاپ تەكرار ئاڭلىتىلغان ئېلاننىڭ ئەكسىچە نەتىجىسى بولماي نېمە؟

ئۇنىڭدىن كېيىن «جىيا جىيا كالتىسى» نىڭ ئېلانى ئۇۋۇسىدىن چىقىپ، خۇددى ئۇۋۇسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەرىلەردەك ھەممە يەرنى بىر ئالدى. دەسلەپتە ئاتا - ئانىلار تېخى ئاجىز، تاماق يېگىلى ئۇنىمايدىغان باللارغا ئېلىپ ئىچكۈزگەنىدى، لېكىن تېلېۋىزورلاردا نەچچە ئايغىچە زېرىكمەي ئۇدا ئاڭلىتىلىۋەرگەچكە، ھەر كۈنى ئاڭلاۋېرىپ زېرىككەن باللار ئاۋۋال ئېلاننى دوراپ ئويناشتى، كېيىنرەك «جىيا - جىيا كالتىسى، شەيتان ماڭقىسى، ئۇنى ئىچىدۇ ئەخمەق خالتىسى» دېگەن قوشاقنى پەيدا قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئالغۇسى، ئىچكۈسى بارلارمۇ «ئەخمەق خالتىسى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئېلىشتىن، ئىچىشتىن ۋاز كېچىشتى.

بۇ يەردە بەلكىم ئاشۇ ئېلانلارنى بەرگۈچىلەر بىر مۇنچە سانلىق مەلۇماتلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئاشۇ ئېلانلارنىڭ ياراتقان ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئىسپاتلىشىمۇ مۇمكىن. بىراق بۇ خۇددى «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئىش بولۇپ، گەرچە ئېلان جېنىغا ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى بىر نەچچە ئايدا سېتىلىش نىسبىتىنىڭ ئاشقانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن بىر نەچچە ئاي ئەمەس، بىر نەچچە يىل ھەتتا ئون نەچچە يىل بويىچە ھېسابلىغاندا، «ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش، ئۇ ئازغىنە پايدىنىڭ ھېچنېمىگە دال بولالماسلىقى تېخىمۇ ئېنىق.

تېخىمۇ خەتەرلىكى - مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىگە تايانماي ئېلانغىلا تايىنىش، ھەدەپ ئېلان ئۇرۇۋېلىپ بېرىپ كىشىلەرنى بىزار قىلىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئېلان ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۆزىنى - ئۆزى ئېلان قىلىشى بولۇپ، بۇنى تەبىئىي ئېلان دېيىش مۇمكىن. يەنە بىرى، مەھسۇلات ئىگىلىرىنىڭ دۇنيادىكى بارلىق چىرايلىق سۆز - ئىبارىلەرنى يىغىپ كېلىپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى بولۇشىغا ماختىشى بولۇپ، بۇنى سۈنئىي ئېلان دېيىش مۇمكىن. مۇقەررەركى تەبىئىي ئېلان مەھسۇلاتلارنى خۇددى ياپون، گېرمان ماللىرىدەك مەڭگۈلۈك بازار تاپقۇزىدۇ. ئەكسىچە، سۈنئىي ئېلان قانچىلىك دەبدەبىلىك، قانچىلىك شېرىن سۆزلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەھسۇلات ئەمەلىيەت ئالدىدا چېنىپ، خۇددى «يالغانچى بالا» دېگەن مەسەلگە ئوخشاش ئاخىرى ئۆزىنى خانىۋەيران قىلىدۇ.

ئەمما بىزنىڭ باشقىلارنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىمىزنىمۇ ئالداشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئېڭىمىزغا سۈنئىي ئېلانلاردىن ۋاز كېچىش بۇ ئەسىر ئىچىدە سىغمىسا كېرەك. شۇڭا قىلچە نەتىجە چىقمايدىغان راست گەپنى قىلىپ «سۈنئىي ئېلانغا تايانمايلى!» دېگەندىن كۆرە، «بارىكاللا! مۇشۇنداق ئېلانلارنى كۆپەيتەيلى!» دېگىنىمىز توزۇكتەك قىلىدۇ. چۈنكى شەيئىي تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئۆز ئەكسىگە قايتىدۇ ئەمەسمۇ؟! دېمەك، ھامان قايتىدىغان نەرسىنىڭ ئەمدى تېزرەك قايتقىنى ياخشى.

## ئۇكشاش

ئۇ، بىر ئاتا بىلەن بىر ئانىدىن، يەنى - ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن بولغان پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قان - قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، بارغانسېرى ياتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇشۇپ قان تۆكۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ ھالەتنى ئۇكشىماقچى بولدى. ئۇ، ئىنسانلار قەلبىدىكى ياۋۇزلۇق، ئۆچمەنلىك ئورنىغا رەھىمدىللىك، مېھرىبانلىقنى ئورناتقاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ياتلىشىش ھالىتىنى ئۇكشاش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا بارلىقىنى رەھىمدىللىك، مېھرىبانلىقنى ئورنىتىشقا سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئۇ، بۇ تەكداشسىز مېھرى - مۇھەببەت خاسىيىتىدىن ئەمالارنىڭ كۆزىنى ئاچاتتى، ھەتتا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن نارەسىدىلەرگىمۇ ھاياتلىق بەخش ئېتەتتى. ئۇنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى شۇ قەدەر چەكسىز ئىدىكى، ھەتتا بىراۋ ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزىگە ئۇرسا، ئۇ، سول مەڭزىنىمۇ تۇتۇپ بېرەتتى ھەمدە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆچمەنلىكنىڭ ئەسلى ئىنسان تەبىئىيىتى ئەمەسلىكىنى، ياۋۇزلۇق قىلغانلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشۇ ياۋۇزلۇقى ئۈچۈن پۇشايمان يېمەي قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بىراق ئۇ كرېستقا مىخلاندى. ئۇ پەقەت ئىنسان قەلبىگە مېھرىبانلىق ئورنىتىپ، بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان تەتۈر ھالەتنى ئۇكشىماقچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كرېستقا مىخلاندى.

ئۇ، بۈبى مەريەم ئانىنىڭ ئوغلى ئېيسا ئىدى.

ئۇ، شۇ قەدەر مېھرىبان ئىدىكى، ھەتتا ئۆزىنى كرېستقا مىخلاۋاتقانلارغىمۇ: «ئى، ئاللا، ئۇلارنى كەچۈرگىن، چۈنكى ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ!» دەپ دۇئا قىلغانىدى. گەرچە كېيىن كىشىلەر ئۇنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇكشىماقچى بولغان ھالەت شۇ پېتى قېلىۋەردى.

دېمەك ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى ئىنسانىيەتسىز ھالەت ئۇكشىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئۆزى «ئۇكشالدى».

## دوستلۇق ئۆرۈشى

دۈشمەنلىكنىڭ تەتۈرى دوستلۇق، دوستلۇقنىڭ تەتۈرى دۈشمەنلىك. دۈشمەن بىلەن دوست ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق بولۇشى مۇمكىن بولمىغاندەك، ئەقەللىي ساۋات بويىچە ئېيتقاندا، دوست بىلەن دوست ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا، دوست بىلەن دوست ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۆرۈشۈشنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزى جاۋاب بەرسۇن. چۈنكى گەرچە نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلسىمۇ، لېكىن نەزەرىيە جاۋاب بېرەلمىگەن ياكى مۇجمەل جاۋاب بەرگەن نەرسىلەرگە ھامان ئەمەلىيەت ئەڭ توغرا، ئەڭ ئېنىق جاۋاب بېرەلەيدۇ:

ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنى قىيامەتلىك دوستلار دەپ ئاتىشاتتى. دېمىسىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىچە بىر سىنىپتا ئوقۇپ، ئاشۇ بالىلىق دەۋرىدە دوست بولۇشقانچە تاكى يېشى 40 تىن ھالقىپ، ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ يېرىمى تۈگىگىچە ھەممە ئىسسىق - سوغۇقنى تەڭ تارتىپ كەلگەنىدى.

بۈگۈنمۇ B ئەپەندىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى سەئىدەنىڭ يۈرەك ئوپېراتسىيىسى قىلىنىپ، بالىنىتسىدىن ساق - سالامەت چىققانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، A ئەپەندى ئۇلارنى پۈتۈن ئائىلە بويىلاپ ئۆيىگە چاقىردى.

- خوشە! - دېدى ساھىبخان تۈنجى قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، - قىزىمىز سەئىدەنىڭ، شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

ئۇلار «سالامەتلىك ئۈچۈن» ئىچىشتى.

يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس، بىزدىكى ئىچەرمەنلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك «سالامەتلىك ئۈچۈن» دەپ ئىچىشىدۇ. بىراق ئىچكەنلەرنىڭ تولىسى ئىچىملىك سەۋەبىدىن سالامەتلىكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇمۇ تەتۈر قىسمەتلەرنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك. ئەمما تېخىمۇ تەتۈرلۈك - سورۇن ئاخىرىدا ئىككى قەدىناس دوستنىڭ بىر - بىرىگە دوستلۇق مېھرىنىڭ ئېشىپ كېتىشى بىلەن ئۆرۈشۈپ قالغىنى بولدى!

يەنە شۇ تەتۈر قىسمەتلەر: بىز تۇرمۇشتا بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالساق، دەردىمىزنى ھاراق بىلەن تۈگەتمەكچى بولۇپ، بولۇشىغا ئىچىمىز. مىڭلاپ ئەپسۇسكى، مەستلىك دەردىمىزنى تۈگىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇپ، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارمۇ تېخى تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان نارەسىدە قىزىنىڭ يۈرەك كېسىلى بولغاندىن تارتىپ، ئوپېراتسىيىدىن چىققانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى تارتقان دەردلىرىنى سۆزلىشىپ، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىشتى. ئاياللار كېچە سائەت ئىككىگىچە ئولتۇرۇپ بېقىپ، ئاخىرى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. بولۇپمۇ سەئىدە ياخشى ئارام ئالمىسا سالامەتلىكىگە پايدىسىز ئىدى، شۇڭا ئۇ، بۇ ئۆيدىكى تەڭ دېمەتلىك قىز دوستلىرى بىلەن بالدۇرلا يېتىۋالغانىدى. بىراق كېچە سائەت ئۈچتە B ئەپەندى: «كېتىمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدە ئىدى،

www.uyghurkitap.com

نەچچە قېتىم بۇلاڭچىلىق يۈز بەرگەن چىراغسىز ئارقا كوچىدىن ئۆتەتتى. ياخشى يېرى، ئۆيى ئىدارىنىڭ ئىچىدە بولغانلىقتىن، سىرتتىن كېلىدىغان ئوغرى - يالغاندىن خاتىرجەم ئىدى. شۇڭا A ئەپەندى دوستلۇق كۆڭلى بىلەن ئۇلارنى قونۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلدى، بىراق B ئەپەندى زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇمۇ دوستلۇق كۆڭلى بويىچە: «دوستۇمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي» دەپ ئويلايتتى. ئۇ، ئۆز كېپىدە چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئايالى بىلەن قىزى سەئىدەنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭدى. ناۋادا ئۇلار راستىنلا كېتىپ قالسا، بۇ كېچىدە بىرەر ئىش چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا A ئەپەندى ئۇلارنى قەتئىي توسۇپ قالماقچى بولۇپ B ئەپەندىنى تۇتۇۋېلىپ، مەجبۇرى سۆرەپ ئەكىلىپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. بۇنىڭدىن رەنجىگەن B ئەپەندى A ئەپەندىنىڭ كانىيىدىن ئىتتىرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇقتىن كېلىپ چىققان بىرقەپەس «ئۇرۇش» پارتلىدى.

بۇ، ھەممە نەرسە تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئۆز ئەكسىگە قايتىدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى ئىسپاتلامدۇ؟ ناتايىن. چۈنكى ھەممە نەرسىنىڭ چېكى بولسىمۇ، دوستلۇق، مۇھەببەتنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئۇنداقتا دوستلۇق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇشنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ بۇنىڭغا پەقەت خاراكتېرىمىزدىكى ۋە قىسمىتىمىزدىكى تەتۈرلۈكتىنلا جاۋاب تېپىش مۇمكىن.

## تەڭلىك ۋە تەڭسىزلىك

ئۇ، سېكرېتار ئىشخانىسىغا ئەرز قىلغىلى كىرىپ سۆزلەپلا كەتتى:

- مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەم يۇرتداش، ھەم ساۋاقداش، تېخى ئۇنى پارتىيىگە مەن تونۇشتۇرغان، دېمەك ئۇنىڭدىن پارتىيە ستاژىممۇ ئىككى يىل ئارتۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىم ئۇ ئۆستۈرۈلۈپ مەن قېپقالىمەن؟ مېنىڭ زادى نەرىم ئۇنىڭدىن كەم؟ مېنىڭ گۇناھىم زادى نېمە؟! مۇنداق تەڭسىزلىككە قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ؟!

بۇ يەردە سېكرېتارنىڭ ئۇنىڭغا نېمەدەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بىزگە ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خۇددى ئاشۇ دەۋاگەرگە ئوخشاش تەتۈر تەڭلىك تەلەپ قىلىشىنىڭ نەقەدەر يولسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن ئىبارەت. مۇنداق تەتۈر تەڭلىك تەلەپ قىلغۇچىلار بىزنىڭ هاراقسىز ئۆتكۈزۈلمەيدىغان مېھماندارچىلىق، توي - تۆكۈن، ھېيت پەتسى ۋە باشقا تۈرلۈك سورۇنلىرىمىزدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىشىدۇ:

- بولدى، يەنە ئىچسەم مەست بوپقالىمەن، مېنى زورلىمىساڭلار.

- مەست بوپقالىمەن دېدىڭمۇ؟ ئەجەبا سەن مەست بولماي شيەنجاڭ (ھاكىم) بولماقچىمىدىڭ؟ هاراق ئىچكەندىكىن مەست بولىدىغان گەپ، ئىچە!

- مەن ئىچەلمەيمەن، ئاشقازىنىمنىڭ دەردى بار، ئىچسەممۇ سىڭمەيدۇ.

- قۇرۇق گەپ، خۇدا ھەممىمىزنى ئوخشاش ياراتقان، بۇ سورۇنغا تەڭ كىردۇق، تەڭ ئىچىمىز، تەڭ كېتىمىز، نېمە بولساق تەڭ بولىمىز، قېنى ئىچە!

گەرچە ئاشۇنداق سورۇنلىرىمىزدا «تەڭلىك» دەۋاسى قىلغۇچىلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي يالغان. چۈنكى خۇدا بۇ دۇنياغا ھېچكىمنى ھېچكىم بىلەن تەڭ قىلىپ ياراتمىغان، شۇڭا ھېچكىم ھېچكىم بىلەن تەڭ ئەمەس، ھەتتا بىر قورساقتا بىللە يېتىپ، بىر كۈن ئىچىدە تەڭ تۇغۇلغان قوشكېزەكلەرمۇ مەيلى بوي -تۇرۇق، خۇي - مىجەز، سالامەتلىك جەھەتتىن بولسۇن، ھەرگىز بىر - بىرى بىلەن تەڭ ئەمەس. بىر بىلەكتىكى بەش بارماق تەڭ بولمىغان يەردە، بۇ دۇنيادا يەنە نېملەر تەڭ بولماقچىدى؟!

ناۋادا بۇ دۇنيادا شۇنداق بىر تەڭلىك قانۇنى يولغا قويۇلۇپ، بىر يۇرتتا تۇغۇلغان، تەڭ ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ بىرسى ئۆستۈرۈلىدىغان چاغدا باشقىلىرىمۇ تەڭ ئۆستۈرۈلسە ئىشخانىغا پاتارمۇ؟ پۇقرا بولىدىغان ئادەم قالارمۇ؟ ناۋادا بىر سورۇندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تەڭ كېلىپ، تەڭ ئىچىپ، تەڭ مەست بولۇپ، تەڭ هاجەتخانىغا كىرسە قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار؟ ناۋادا دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە تاغمۇ تەڭ بولسا، ئۇ ھالدا دۇنيانىڭ 73% تىنى ئىگىلەيدىغان سۇ پۈتۈن دۇنياغا يامراپ، ئىككىنچى قېتىملىق توپان بالاسى كېلىپ چىقمامدۇ؟!

دېمەك، ھەقىقىي تەڭلىك ئاشۇ تەڭسىزلىكتە مەۋجۇت بولىدۇ. چۈنكى تەڭسىزلىك ۋە تەڭلىكنىڭ ھېچقايسىسى مۇتلەق ئەمەس. خۇددى كېچە بىلەن كۈندۈزدىن بىر سوتكا ھاسىل بولغاندەك، دۇنيانىڭ تەڭپۇڭلۇقىمۇ ئاشۇ تەڭسىزلىك بىلەن تەڭلىك ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى

(M1)




## ئېمىزگە

**ئىبراھىم ئەمەت**

كىچىكىمدە ئاپامدىن بالا يىغلاپ كەتكەندە ئېمىزگە سېلىپ قويسا توختاپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغانىدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۆي ئوچاقلىق بولۇپ، بالىلىقمۇ بولۇپ قالدىم. بالا باقماقنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلغانسېرى ئانامغا بولغان ھۆرمىتىم، مېھرىم ئاشتى.

بىر كۈنى ئايالىم ئىشقا كېتىپ بالا ماڭا قالدى. ھەر قېتىم ئانىسىنى ئەمگىسى كەلگەندە يىغلايدۇ، مەن قۇرۇق ئېمىزگىنى سېلىپ قويىمەن. بالام سۈت چىقمايدىغان بۇ رېزىنكىنى شوراپ - شوراپ ئۇخلاپ قالىدۇ. كەچتە ئايالىم قايتىپ كەلگىچە بۇ ئىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. بالام قۇرۇق ئېمىزگىنى شوراپ زېرىكمىدى. مەن ئاغزىغا سېلىپ زېرىكمىدىم. شۇنداق قىلىپ، بالام يىغلاپ مېنى ئاۋارە قىلىپ، مەن ئۇنى ئالداپ كەچتە ئاپىسىغا ئۇلىشىۋالدىم.

تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم: بالامنىڭ قورسىقى ئېچىپ - ئېچىرقاپ كەتكەندە قۇرۇق ئېمىزگىنى چىشلەپ ئۇخلاپ قالغىنى نېمىسى؟ بالامنىڭ روھى قانائەت تېپىپ ئۇخلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنىڭ يىغلاشتىن مەخسىدى قورسىقىغا بىر نەرسە تەلەپ قىلىش ئىدى. ئەجىبا، مەن بىر نەرسە بەرمىسەم.

ئويلاۋېرىپ كاللام ۋاللىدە يورىغاندەك بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر دۇنياسىغا قايتتىم. رېئال تۇرمۇشتىمۇ يىغا بىلەن ئېمىزگىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار بارمۇ نېمە؟

توغرا، مەن تاغدەك چوڭ ئىشلارنى قويۇپ، ئۆزۈمنىلا ئالسام، دەل شۇ بوۋاقنىڭ ئۆزىكەنمەن. نېمىشقا دەمسىز؟ ئىش مۇنداق:

مەن بىر ئەسكى ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقىلى نەچچە يىل بولدى. ئۆيۈم زەي ھەم قاراڭغۇ. ئىدارىغا نەچچە قېتىم ھال ئېيتسام ھېلىقى ئۆي باشقۇرىدىغان كادىر: ئوكام، سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزنى بىز بىلىمىز. سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىز بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز. بىز چوقۇم ھەل قىلىمىز. چوقۇم مۇزاكىرىلىشىمىز. مانا مەن كېلەر قېتىم يىغىندا چوقۇم ئوتتۇرىغا قويىمەن، دەپ ئاغزىمنى تاتلىق قىلىدۇ. مەن خۇشال قايتىپ چىقىمەن. بۇنداق ۋەدىلەر تالاي قېتىم بېرىلدى. مەن تالاي قېتىم ئاغزىمنى تاتلىق ئەتتىم. نەچچە يىل ئۆتتى، ھېچ بىر سادا يوق. مەندىن كېيىن خىزمەتكە چىققانلارمۇ بىناغا كۆچكىلى نەۋاق. ئۇلار مەندىن بەكرەك يىغلاپ ئۆپكىسى قېقىلىپ كەتكەنلەرمىكىنتاڭ. بۇنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ دائىم يىغلاپ تۇرىمەن، باشلىق ئېمىزگىنى شېكەرگە شۇنداقلا تەگكۈزۈپ ماڭا سالىدۇ. مەن خۇشال قايتىپ چىقىمەن...

ئايالىم ئىشقا كەتكەن ھېلىقى كۈنى روھى قانائەت تېپىپ ئۇخلاپ قالغان بىلەن قورسىقى ئاچ قېلىپ زىيان تارتقىنى بالام ئىدى. مەنمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاپ قالغاندەك قىلىمەن. ئاغزىمنى تاتلىق قىلىپ يۈرۈۋاتقىنىم بىلەن ئولتۇرۇۋاتقىنىم مۇشۇ ئەسكى ئۆي! قاچان ھەل قىلىسەن دېيىشكە مېنىڭ ھەددىممۇ؟ ئۇ دېگەن باشلىق تۇرسا؟! ئويلاپ باقسام مەنلا ئەمەس، بىزنىڭ سانسىزلىغان ئادەملىرىمىز بۇ خىل چۈشىنىپ بولمايدىغان ئالداش ۋە ئالدىنىش ئىچىدە «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ» ياشاۋېتىپتۇ.

ياشاش - بىر خىل سەنئەت. بۇ سەنئەتتە ھەركىم ئوخشاش بولمىغان رول ئېلىپ، ئوخشاش بولمىغان بوياقلار بىلەن ئۆزلىرىنى پەردازلەپ، ئۆز خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان ياشاش پەلسەپىسىنى ياراتماقتا. ئالداش بىر خىل ماھارەت. ماھارەت بولغاندىمۇ قىزىلىق - شۇملۇق، ھىيلە - مىكىر ۋە قارانىيەت تەلەپ قىلىدىغان ماھارەت. سەنئەتتە ماھارەت كەم بولسا بولمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيدىغان ئادەملەر» نىڭ ياشاش سەنئىتىگە يارىشا، ئالداش ۋە قۇرۇق تەسەللىي بېرىش ماھارىتى ھېلىھەم داۋام قىلماقتا. بۇنىڭ تۈپرىكى بىزدە ئىنتايىن كەڭ ھەم مۇنبەت. ئانىمىز كىچىكىمىزدە بىزگە قۇرۇق ئېمىزگە سالغانلىقىدىنمۇ، بىلمىدىم، بىز بۇ ئېمىزگىنى تا ھازىرغىچە چىشلەپ يۈرمەكتىمىز. بەلكىم تا قىيامەتكىچە چىشلەپ بارىدىغان ئوخشايمىز. بىزمۇ بالىلارغا بۇ ئېمىزگىنى سالساق. بالىلارمۇ... دەل مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالام قارا باستىمۇ قانداق؟ چۆچۈپ ئويغىنىپ يىغلاپ كەتتى. يوفايكا توقۇپ ئولتۇرغان ئايالىم يانچۇقىدىن ئېمىزگىنى ئېلىپ (ئۇ دائىم يېنىدا بىرگە ئېلىپ يۈرىدۇ) بالىنىڭ ئاغزىغا دومىلىدى. ئادەم ئالدايدىغان بۇ لەنتىگە ئىچ - ئىچىمدىن ئۆچمەنلىكىم تېشىپ تۇرغاچقا، چاچراپ تۇرۇپ، ئەمدىلا يىغىدىن پەس بولغان بالامنىڭ ئاغزىدىن قوپاللىق بىلەن ئېمىزگىنى تارتىۋېلىپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىۋەتتىم. بۇ تەسادىپىي ئىشتىن خۇدىنى يوقاتقان ئايالىم چىرقىراپ تاشلىدى:

- ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟

چىرقىراق ئاۋازدىن بالام ئەندىكىپ يىغلاپ كەتتى. ئايالىم بالىنى پەپىلەشكە باشلىدى:

- يىغلىماڭ بالام. دادىڭىز ئالجىپ قاپتۇ. ئەتە سىزگە يېڭىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىمەن. يىغلىماڭ، بالام.

مەن داڭقىتىپ قالدىم. راستىنلا ساراڭ بولغان ئوخشايمىز.

## پۇرسەت

**بۇسۇيجان ئىمىن جەۋلانى**

كەلگەن ياكى كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاشىق - پۇرسەت. ئۇ، ئالدىمىزدىن شەپىسىز ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كېلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز، لېكىن بەكمۇ كېچىكىپ ھەسرەت بىلەن ھېس قىلىمىز

## باغاق

**مەمتىمىن ساۋۇت خەنجىرى**

قولۇمدا ئىككى خىل باغاق: بىرى تۈينىڭ، بىرى ئۆلۈمنىڭ. بىرىگە قارىسام تۈينىڭ نەغمىسى ياڭراپ تۇرىدۇ. بىرىگە قارىسام ئۆلۈمنىڭ ھازىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى باغاقنىڭ ئىككى خىل تەقدىرىگە قاراپ دۇنيانىڭ كۈلكە بىلەن يىغىدىن تەڭپۇڭلاشقانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

## يۇمىلاق سورۇندىمۇ تۆر بولىدۇ

**ئەرشىدىن قادىرى**

بەزىلەر «يۇمىلاق سورۇندا تۆر، پەگا بولمايدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتقان. بۇ قاراشقا قوشۇلمايمەن. مېنىڭچە، يۇمىلاق سورۇندا پادىشاھ، ئەۋلىيا ۋە دانالار قايسى تەرەپتە ئولتۇرسا، شۇ ئورۇن ئۆز نۆۋىتىدە تۆردۇر.

قىسقىسى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھەر بىر كەلىمە سۆزگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەر ۋە ئۇلارغا توغرىلاپ قويۇلغان سىنئالغۇ ئاپپاراتى - ئۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. (M2)



# ئارگوز ياپراقلىرى

(بەڭباش خاتىرىلەر)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

1

ئۆيگە تېزراق يېتىپ بېرىشنى ئويلايتتىم. ھەممە ئەزايىم لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۆيگە قارىغاندا تالا كەڭ بولىدۇ، لېكىن شۇ تاپتا تالاغا پاتمايۋاتاتتىم، تالا مېنىڭ ئەمەستە. بۇ يەرنى ھەممە ئادەم تالىشاتتى، خۇددى كىشىلەر بەس - بەس بىلەن تەۋەللۇك خېتىنى يانچۇقىغا سىلىپ يۈرگەندەك. ئادەملەر بىر - بىرىگە ھومىياتتى. بىر - بىرىگە قاراشقا پېتىنالمايتتى. بەزىلەر ياقىسىنى تۇتقان ھالدا يەرگە قارىغىنىچە ئىتتىك ئۆتۈپ كېتىشەتتى. رەستىدە ئادەملەر تولا، ھەر بىر ئادەم بىر مەركەز. قەدىمكىلەر يىراق يۇلتۇزلاردىن كەلگەن مۇزىكىنى تىڭشاپ ھوزۇرلانغان، ھازىرقى ئادەملەر بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ يۈرۈپمۇ بىر - بىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالماس بولۇپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئۆزىگە غەرق بولۇپ كەتكەن. رەستىدە ئادەملەر تولا، لېكىن ھېچكىمنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنداق پاتپاراقچىلىق، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيىگە ئالدىرىشىدۇ. ھاۋا شۇنداق ئوچۇق، قۇياش ناھايىتى ئېگىزدە. شەھەرنىڭ ئارزۇلۇق دەرەخلىرى ۋىجىك قوللىرىنى پەلەككە سوزۇپ تۇرىدۇ، قۇشلار بىلەن سىرداشقان باقمىغان ياپراقلار ئاسفالتتىن ئۆرلەپ چىققان ھارارەتتە لاپىسىپ كەتكەن.

ئادەملەر، نەگە بارىسىلەر؟ كىمدۇر بىرسى ئىتتىك ماڭىمەن، دەپ يىقىلىپ كەتتى، شىمىنىڭ تىزى قىسمى يىرتىلىپ، تىزى سۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ، ئالمان - تالمان قوپۇپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. مەنمۇ يۈگۈردۈم، باشقىلارمۇ يۈگۈردى، ھەممە ئادەم تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈردى. بارار يېرىمىز ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر - بىرىمىزگە پۈتلىشاتتۇق، ئەلپازىمىزنى بۇزۇپ قاراپ قويۇشاتتۇق. نېمە ئىش بوپتۇ؟ ھېچ ئىش يوق، تىپتىنچ. ئۆگىتىلگەن قۇشلار يېشىل تىنچلىق جەمئىيىتىگە يۈزلەنگەن.

تار بىر خالتا كوچىغا كىردىم. ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيا ئارىلىقىدەك مەڭگۈلۈك تار كوچىمۇ نېمە؟ ئىختىيارىمنى كوچىغا بەردىم، مەن ھېچنېمىنى تاللىماسلىقىم كېرەك، چۈنكى ئىككى قاسناقتا تام، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە قايسى خىل دۇنيانىڭ بارلىقىنى ئويلىماسلىقىم كېرەك، باشقىلاردىن سورىسام تېخىمۇ بولمايدۇ. بىر پەيغەمبەر (بۈگۈنكى تاش دەۋرىنىڭ پەيغەمبىرى بولسا كېرەك) ئادەمگە مېڭىشتىن ئىبارەت بىرلا ئىمكانىيەت بار، دېگەنىدى. ئەگەر ماڭغىلى بولمىسىچۇ؟

- خىيالىڭ بىلەن ماڭ، - دېدى ھېلىقى پەيغەمبەر.
- خىيال بىلەن نەگە بارغىلى بولىدۇ؟
- بارلىق راست ۋە يالغان نەرسىلەرگە بارغىلى بولىدۇ.
- مەن ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس.
- توغرا، سەن ئۆزۈڭ موھتاج نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بايقىغىچە ماڭ.
- ئاندىنچۇ؟
- ئېرىشكىچە ماڭ.
- مەن ھازىرغىچە ماڭدىم، لېكىن ھېچنېمە يوق.
- ئاۋۋال بېشىڭ بىلەن ماڭ، ئاندىن پۇتۇڭ بىلەن ماڭ.
- قورسىقىم بىلەن مېڭىپ خاتا قىلدىممۇ نېمە؟

- ئەگەر يەنىلا قورسىقىڭ بىلەن ماڭساڭ، ئۆمىلىگۈچىلەر قەۋمىگە كىرىپ كېتىسەن.

پىكىر بىلەن ئۆتكەن ۋاقىت شۇنچە قىسقا، بىراق شۇ ۋاقىتتا كائىناتنى نۇرغۇن قېتىم دەۋر قىلغىلى بولىدۇ.

ئۆي - ئۆزۈمگە تامامەن مەنسۇپ دۇنيا، ئۇ يەر روھىمىزنىڭ تەنھا ئارىلىغا ئوخشايدۇ. ئىشىكنى ئاچتىم - دە، كىردىم. ئەمدى ئارام ئېلىشىم كېرەك. ئىشىكنىڭ ئىلگۈچىلىرىنى مۇستەھكەم ئەتتىم، كەينىمگە چۈشكەنلەر بارمۇ - يوق دەپ ئەتراپنى تىڭشاپ باقتىم، ئەتراپ تىمتاس. ئىشىكنى ئوبدان تاقىدىم، خوددى پەلتويىمنىڭ تۈگمىسىنى مەھكەم ئېتىپ، ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغاندەك. كۆڭلۈم ئازراق تىنىم تاپقاندەك بولدى. قىلغانلىرىمدىن مەمنۇن بولغاندەك بولدۇم. بۇ مەمنۇنلۇق چىرايىمغا تەپتىمۇ - يوق، دەپ ئەينەككە قاراپ باقتىم، ئەينەكتە ئاخىرەتنىڭ پەيغەمبىرى كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

- «ئاللاغا ئىشەن، لېكىن تۆگەڭنى مەھكەم باغلا!»

- دېدى ئۇ.

- مەن تۆگەمنى يىتتۈرۈۋەتتىم، ئى ئاللا، - دېدىم خورسىنىپ.

- ئادەمنىڭ مۈلكى چەكسىز، تۆگەمڭگە قارا، ئۇمۇ سېنىڭ مۈلكۈڭ، مۇراسىمغا چىرايلىق كىيىنىپ بارغىن.

ئۆيۈم نەبىيلەر خۇمارىغا ۋاسىل بولغان تۇر تېغىغا ئوخشاپ قالدى.

دېرىزىدىن قارىدىم، ئاسمان شۇنچە تىنىق بولۇپ، قارىغانسېرى يۈكسىلىپ باراتتى. بىر توپ تاش ئالما دەرىخى نۇرلارنى بەكلا ياخشى كۆرسە كېرەك، ھەر بىر نوتىسى بىردىن يۇلتۇزنى كۆزلەپ بويىنىنى سوزغانىدى.

2

ئۈستىباشلىرى قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن بىر ئادەم جەننەتنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. پەرىشتە سورىدى:

- توختا، نېمە ئادەمسەن؟

- كۆرمىدىڭمۇ، نائەھلىلەر مېنى شۇنداق قىلىشتى. مەن ھېچكىمگە ئازار بەرمىگەن بەندىمەن، ئۆمرۈمنى ئېتىكاپتا ئۆتكۈزدۈم. پانىي دۇنيا ناھەقچىلىق بىلەن تولغان. بىر نائەھلى ماڭا ئازار قىلدى، ماڭا بىھۇدە تىغ ئۇردى. پارچە قىساسنىڭ ئۆزى ئاللاغىلا خاس دەپ مەن باقىي دۇنيانىڭ شەپقىتىنى سېغىنىپ كەلدىم.

- توختا، سەن ئۇنىڭغا تىغ تەڭلىدىڭمۇ؟

- ياق.

- ئۇنى تىللىدىڭمۇ؟

- ياق.

ھومايدىڭمۇ؟

- ياق.

- ئىچىڭدە پىكىر قىلدىڭمۇ؟

- ياق.

- ئارقاڭغا يان، سەن دوزاخ بەندىسى ئىكەنسەن.

- ماڭا ئۇۋال بولدى، ئاللا ماڭا ھەر ئىككى دۇنياسىنى نېسى قىلدى.

- ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە نېسى بوپتۇ - ۋىجدان قېنىڭغا نېسى، پەرمان ئېسىڭگە نېسى. جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا.

3

كۈن ئەۋەتتىم مەن ساڭا،
ئاينى ئەۋەتتىم مەن ساڭا.
كۈنمۇ ياندى، ئايمۇ ياندى،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

ئاخىرى خېتىمنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزۈم باردىم، زېمىننىڭ چېكىگە كەلگەندە، دۇپدۈگىلەك قۇياش قىزىرىپ چىقىۋاتاتتى.

- ئەي، قۇياش...

- بولدى، بەس. سەن ھەممىدىن بۇرۇن ئويغانغان تۇنجى ئادەمسەن. قۇياشنى قوغلىغان ئادەمنىڭ ئۆزى قۇياش.

قۇياشنىڭ يۈزىدە كۆيمەي ياشىرىپ تۇرغان بىر ئىنشانى كۆرۈپ قالدىم، ئىنشا بەئەينى ئۆگزىگە ياماشقان ھەشقىپىچەكتەك ياپيېشىل كۆرۈندى:

ئىككى دۇنيا ئىلمىگە كامىل بىر كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، جەننەت ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

پەرىشتە سورىدى:

- ئى بەندە، توختا، سەن ئالدى بىلەن جەننەتكە كىرىشتىكى سالاھىيىتىڭنى ئېيتىپ بەرگىن.

- ياق، سەن ئالدى بىلەن بۇ يەرنىڭ راستىنلا جەننەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگىن، ئۇ، پانىي دۇنيادىكى شور پېشانىلەرنىڭ ئىنتىزارلىقىدىن پۈتكەن ساي ئەمەستۇ.

پەرىشتە تېخى جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەستىن، دەرۋازا ئىچىدىن بىر ئاۋاز كەلدى:

- ئۇنى كىرگۈزۈۋەت، ئۇ، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئادەم ئىكەن.

4

ئويغىنىپ كەتتىم، ئۆزۈمنى مىشەكتەك ھېس قىلدىم، قارىغاندا، ئېتىلىپ بولغان بولسام كېرەك. روھ ئوقىغا ئوخشاش ئۆزى تەگكەن يېرىدە ئىز قالدۇرماي قالمايدۇ.

تەن - مىشەك، روھ - ئوق، مىشەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئوقتۇر.

ناشتىغا تۇتۇش قىلدىم، دېرىزەم ئۇدۇلىدىكى قۇياش ھېلىقى ئەۋلىيالارنىڭ ئىنشاسى پۈتۈلگەن قۇياشنىڭ ئۆزى ئىدى.

قايناقسۇنى ئۆزۈن قايناتتىم، ئۇ تېخىمۇ قاينىشى كېرەك. زىياپەتتە ۋولقان يۇتۇۋالغىنىمدىمۇ چىرايىمنى پۈرۈشتۈرمەسلىكىم كېرەك. مەن ئۇنى قۇيغىنىمدا ھەممە نەرسە ئېرىپ كەتتى.


قايناقسۇغا قېنىمدىن بىر تامچە قوشتۇم - دە، ئۇ مېنى تونۇدى، گۇپپىدە ئىچىۋەتتىم.

رەسسام: ئەكبەر ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتابى
www.uyghurkitap.com



# تەبىئەت، جەمئىيەت، شېئىرىيەت

## ـ ئابدۇقادىر جالالىددىن بىلەن سۆھبەت

دولقۇن ئەلى، ئوسمان قاۋۇل

سوئال: ئابدۇقادىر جالالىددىن، سىزدە ئەدەبىي ھەۋەسنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئامىللار قايسى؟ قىسقىچەسۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: مەن بۇنىڭغا ئەقلىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئۇنى - بۇنى دېيىشىم مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ دەل جاۋاب بولالىشىغا ھۆددە قىلالمايمەن. ئاز - تولا ئەقلىمگە كەلگەندە قارىسام، كىشىلەر ھەدەپ بىر - بىرىنى ئۇرۇۋاتقان ۋە جازالاۋاتقانىكەن، ئاقكۆڭۈل، يۇۋاش ئانام ۋە ھامماملار ئازار يەۋاتقانىكەن، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتىم. ئەمما ھەمىشە مېنى يۇشۇرۇن ۋەھىمە ئورىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام مەن تۇغۇلۇپ يەتتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئانامنىڭ ھىمايىدا چوڭ بولدۇم. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى تازا بېسىق بولغاندا ئۆيدە يالغۇز قالاتتىم. بۇ ئەھۋال مېنى غەمكىن، خىيالچان بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ھەممە نەرسە ماڭا پەرىشان، غەلىتە كۆرۈنەتتى. ھايات ماڭا خورسىنىۋاتقان قىياپەتتە ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن بۇنداق تۇيغۇدىن ھازىرمۇ تېخى قۇتۇلغىنىم يوق. شۇڭا، ھەر قېتىم يالغۇزلۇق ھېس قىلسام، شېئىر يازغۇم كېلىدۇ. مېنىڭچە، بىر پارچە شېئىر ناھايىتى مول ئارقا كۆرۈنۈشنى يوشۇرۇپ تۇرغان تاسادىپىيلىك.

سوئال: شېئىرىيەتتىكى تىل ئامىللىرى ھەققىدە قانداق ئۆزگىچە قارىشىڭىز بار؟

جاۋاب: ھەر بىر شېئىر ئايرىم بىر لۇغەت، شۇنداقلا بۇ لۇغەت تولۇقلاش، تۈزىتىلىش ئاساسىدا قايتا - قايتا نەشىر قىلىنىغان لۇغەت. بۇ لۇغەتتىكى سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتىنى لۇغەت تۈزگۈچى ئەمەس، بەلكى لۇغەتتىن پايدىلانغۇچى ئۆزى بېرىدۇ. شېئىر بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى گوياكى تىل مەۋجۇت ئەمەس، شېئىر ئۆزى تۇغۇلۇش بىلەن بىرگە تىلىنىمۇ تۇغىدۇ. سۆزلەر يېڭى بىر تەرتىپ ئىچىدە يېڭى بىر ھاياتقا كۆز ئاچىدۇ ۋە بۇرۇنقى بىر مەنىسىنى ئۇنتۇيدۇ. شېئىردىكى سۆزلەر ئۆزىگە خاس بىر يۆنىلىش بويىچە كېڭىيىدۇ؛ بىرسۆز يەنە بىر سۆزنىڭ ھەرىكىتىگە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سوئال: «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «توزغاق» ناملىق شېئىرىڭىز شېئىرىي ئىجادىيىتىڭىزدە سالماقلىق ئورۇن تۇتىدىغان، شۇنداقلا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان ئەسەرلىرىڭىزنىڭ بىرى. بۇ شېئىرنى ئىجاد قىلىش جەريانىڭىز ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بەرسىڭىز.

جاۋاب: مەن بۇ شېئىرنى 1989 - يىلى چاغان ئاخشىمىدا يازغانىدىم. بۇ، مەن ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىن شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كەلگەنگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىدى. يېڭى خىزمەت ئورنۇمدا ماڭا تېخى ياتاق بېرىلمىگەچكە، قايسى دوستۇمنىڭ ياتىقىدا ياكى ئۆيىدە كۈن كەچ بولسا، شۇ يەردە قونۇپ قالاتتىم. تۇرمۇشۇم ئىنتايىن تەرتىپسىز، روھىم چۈشكۈن ئىدى. مەن ئۈرۈمچىدە ئۆزۈمنى خۇددى ئەينەك قاچا ئىچىدىكى بېلىقتەك ھېس قىلاتتىم. تەبىئەتتە كىشىلەرگە جۇملىدىن ماڭا تەۋە نەرسىلەر مەڭگۈ يوقالغاندەك پەرىشان بولاتتىم. پوجاڭزا ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي پارتلاپ تۇرغان چاغان كېچىسىدە ئۆزۈمنى تولىمۇ يېگانە سەزدىم ۋە ئاشۇ شېئىرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى شۇ كېچىدە يېزىپ تۈگەتتىم. مەن ئۆزۈمچە شۇ چاغدا شەھەر

كىرىزىسى ۋە ئادەم كىرىزىسى ئىچىدە ھېردىنىبىر پېرسوناژ ئىدىم. بۇ غايەت ئەۋرىشىم توردىن ھەر قانچە قىلىپمۇ قۇتۇلالمىدىم. قېنى سەن سەھرا، دېدىم ۋە شامال تەگكەن توغاقتەك چېچىلدىم.

سوئال: يېڭىچە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە سىز بەلگىلىك ئۇتۇققا ئېرىشىپ، شېئىرىيىتىمىزدە داۋالغۇش پەيدا قىلغانلار ئارىسىدا تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشتىڭىز. بۇ خىل ئىزدىنىش خاراكتېرلىك شېئىرلار ھەققىدە خاس چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟ چۈنكى سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىڭىز بىر قەدەر مۇكەممەل. بىزچە بۇنىڭ بۇ ھەقتە مەيدانغا كەلگەن بەزى ئورۇنسىز چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بۇنىڭ پايدىسى بار.

جاۋاب: شېئىرىيەتتە مۇتلەق قاراش بولمايدۇ، مۇتلەقلىق پەقەتلا سىياسەتنىڭ ئارزۇسى. شۇڭا، سەنئەت ساھەسىدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئامىللارنىڭ بەلگىلىك يەكلەشكە ئۇچرىشى ئىنتايىن نورمال ئىش. شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھەقىقىتىنى تاڭماسلىقى، رەت قىلىشقا ئۇچرىسا ھەسرەتلەنمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، شېئىرىيەتمۇ بىر خىل ئىبادەت شەكلى بولۇپ، مەجبۇرلاش ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئەسلىدە يېڭى شېئىرىيەت، كونا شېئىرىيەت دېگەن گەپلەر پەقەتلا نەزەرىيە ساھەسىدىكى راتسىئونالىزىملىق ئۇقۇملار. مەن تارىختىكى ھەممە شېئىرنى ئوخشاشلا شېئىر دەپ قارايمەن. بىر پارچە ئەسەر شېئىر بولۇش لاياقىتىگە ئېرىشسە، ئۇ، خالىغان بىر زامانغا مەنسۇپ بولالايدۇ. شېئىرىيىتىمىزدىكى ئىزدەنمە شېئىرلار ئاساسەن تەپەككۇر جەھەتتىكى ئەندىزىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. شېئىرىيەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش بەكلا زۆرۈر ئىدى. بۇ زۆرۈرىيەت ياشلارنىڭ سەزگۈسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، نەۋائىي روھى قەلبلەرنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

شېئىرىيەت تەرەققىياتى شەكىل تەجرىبىسىنىڭ دەۋر قىلىشىدۇر. «گۇڭگا شېئىرلار» ئاشۇ خىل تەجرىبىنىڭ تەۋەككۈلچە روياپقا چىقىشى. بۇنى رەت قىلغانلار شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىدىكى مەنتىقىنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىيەتتىكى «سىياسىي» ئورنىنى ئاساس قىلىپ رەت قىلدى، دەپ چۈشىنىمەن. چۈشىنىلمەسلىك شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى ماھىيەت ئەمەس، ئارىلىقتىكى ماھىيەت.

سوئال: سىز «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان بىر تۈركۈم ماقالىلىرىڭىزدا مىللەتنىڭ روھىدىكى رەزىللىكلەرنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى پىسخىك ئۇسۇلدا ئېچىپ بەردىڭىز. بۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئىجادىيىتىڭىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، دەپ قارامسىز؟

جاۋاب: مەن باشتا ئەنە ئۇنداق بەلگىلىۋالمىغان، بەزى نەرسىلەرنى يازغاندىن كېيىن، قاراپ باقسام ئۇلار ھەقىقەتەن ئىجادىيىتىمنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولامدۇ، كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. مەن مېنى قىستىغان نەرسىلەرنى يازىمەن. شۇ ئارقىلىق ئارام تاپىمەن.

سوئال: قايسى ئەسەرلىرىڭىزنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ قارايسىز؟ قايسى ئەسەرلىرىڭىز خاس ئۇسلۇبىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ؟ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى سىزنى باشتىن ئاخىر قوللاپ كەلدى، بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

جاۋاب: مەن ھازىرغىچە ئۇسلۇبنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قىزىقمىدىم. بەزىلەر قەلەم پېشا ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ، دەيدۇ. ئەگەر ئۇسلۇبقا تەبىر بېرىش كېرەك دېيىلسە، مەن ئۇنى ھال دەپ چۈشىنىمەن. سىز «مۇۋەپپەقىيەت» دەپ قالدىڭىز. مەن ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىمنى كىشىلەرنىڭ تاۋىغا قاراپ ئۆلچىمەيمەن. ماڭا شېئىرلىرىمنىڭ نۇرغۇنلىرى قەدىرلىك تۇيۇلىدۇ. مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە قويغان تەلپىم ئاشۇنداق.

ئەدەبىيات جامائەتنى ھېچقاچان ئادەمگە بىردەك تەلەپ قويغان ئەمەس، پوزىتسىيىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بۇنى ئويلاش بىئاراملىق كەلتۈرىدۇ. مەن ئادەم بولغاندىكىن، سەنئەتتىكى ئىش - ئەمەللىرىم ھامان مەنە قۇتۇپلىرىنىڭ بىرەر بۇرجىغا چۈشمەي قالمايدۇ.

سوئال: سىز ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولىغا قانداق قارايسىز؟ بولۇپمۇ ھەممە ئادەم پۇلنىڭ كويىغا چۈشكەن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بۇ مەسىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئەدەبىياتنىڭ قاتلىمى كۆپ بولىدۇ. مەن شېئىرىيەتنى مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئېستېتىك ساپاسىنىڭ بىشارىتى، دەپ قارايمەن. ئەدەبىيات ھەقىقىي چۈشىنىلگەن ئەلدە سىياسەت ئادەملەرنى ئەمەس، بەلكى ھەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزى سورايدۇ.

ئەدەبىيات ئوڭاي يەتكىلى بولىدىغان مەنزىل ئەمەس، ئۇنىڭ يوللىرى نۇرغۇن جەسەت ۋە بىمارلار بىلەن قاپلىنىپ كېتىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىياتىمىز چوڭ ئۆتكەلگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ ياكى ئەدەبىياتىمىز ئۆز شەيدالىرىنىڭ ئىمانىدىن ئىمتىھان ئېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيدىغانلار ئاز بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ نەتىجىسىنى بۇ ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى سۈپىتى بىلەن كۆرىمىز.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىمۇ ئەدەبىيات چوقۇم ئۆزىگە ئوخشىشى كېرەك. مىللەتنى تەربىيىلەش نۇقۇللا ئەدەبىياتنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئەمەس، ئىجتىمائىي پەن تارماقلىرىمۇ كىشىلەرنى تەربىيىلەش رولىنى ئۆتەپ قالماسلىقى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ گەپ بىزنىڭ سەۋىيە مۇھىتىمىزغا قارىتىلغان.

سوئال: ئاتالمىش شېئىرىيەتنىڭ كۈرسى چۈشۈپ كەتتى، دېيىلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە شائىرلار زادى قانداق قىلىشى كېرەك؟ شائىر بۇنداق شارائىتتا شېئىرىيەتتىن ۋاز كېچىپ ماقالە ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرالامدۇ؟

جاۋاب: ھازىر شېئىرىيەتنىڭ كۈرسى چۈشۈۋاتامدۇ ياكى ئادەمنىڭ كۈرسى چۈشۈۋاتامدۇ، بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېيىش تەس. ئادەم كۆپەيمەكتە، مۇھىت بۇزۇلماقتا، ياشاش ۋە قوغدىنىش بارغانسېرى جىددىي مەسىلىگە ئايلانماقتا. تۇرمۇش رېتىمى تېزلەشتى، بوشلۇق ئازايدى، ئادەملەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋاستىلىق

يوسۇندا بولدى. كىشىلەر تەبىئەتنى سېغىنىپ، سۇلياۋدىن دەل - دەرەخ ۋە گۈللەرنى ياساشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىرى، كىشىلەر ئۆزى ھەققىدە تۈزۈك بىر ئويلىنىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. شېئىر بىلەن ئىجتىمائىي ئادەملەر بىر - بىرىدىن قېيداشتى. بۇ ئەھۋال بىزدەك دېھقان مىللەتنىڭ شائىرلىرىدىمۇ ئەكس ئەتمەي قالمىدى. شائىرلىرىمىز سۈيى پەسلەپ تارىيىۋاتقان كۆلدىكى بېلىقتەك كىچىك ئويماندا تىقىلىپ ياشايدۇ، بۇ ئويمان دەل ئۈرۈمچى. يىراق سەھرالار ئۆزىنى ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرىدىن تىڭشايدىغان بولدى. بۇنى تەھلىل قىلىپ، ماقالىلەرنى يېزىش كېرەك. لېكىن شېئىر بىلەن ماقالە بەربىر ئوخشىمايدۇ.

سوئال: سىزچە، ھازىر شېئىرىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ھالقىلىق نۇقسانلار قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىۋاتىدۇ؟

جاۋاب: شېئىرلىرىمىز زىيادە غەمكىن، بۇ غەمكىنلىكتە ئادەمنىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈپ يەتكەندىكى جەڭگىۋارلىق يوق. ئۇرۇش مەيدانىدىكى باھادىرلاردىمۇ غەمكىن بولۇپ قالىدىغان چاغلار بولىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ غەمكىن چىرايىدا مۇستەھكەم، چىڭ مۇسكۇل بار، چارە ئىزدەۋاتقان ئىرادە بار.

نۇرغۇن شېئىرلارنىڭ رېتىمى سۇنئىي (ئىجتىمائىي) كىلاپان بىلەن سوققان يۈرەكتىن دېرەك بېرىدۇ، ئىنساننىڭ تۇغما ياۋايى كۈچىگە ئىچكىرىلەش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، شېئىرلار تۈيغۇ جەھەتتىكى مۇستەقىللىقتا تويۇنمىغان. يەنىلا شېئىرىيىتىمىزدە ئۇقۇملىشىش ھادىسىسى ئېغىر.

بىز تېخى كومپيۇتېر، توڭلاتقۇ، تېلېۋىزور، پويىز، زاۋۇتلارنىڭ زاپچاسلىرى ئىچىگە بەدىئىي دىت قانىتى بىلەن شۇڭغۇپ كىرەلمىدۇق. مەنىۋى ھاياتىمىز سانائەت دۇنياسىنى ئىستېمال قىلىشقا ئۈلگۈرمىدى. بىز يەنىلا ئېتىز - ئېرىق جىلۋىلىرى ئىچىدە تۈيغۇمىزنى گوللاپ يۈردۇق. بۇ جەھەتتە مەنمۇ كىرىزىس ھېس قىلىمەن.

سوئال: نۆۋەتتە ئەدەبىياتىمىزدا يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر ئىنتايىن ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك، چەت ئەلنىڭ يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئەسەرلىرى بولسا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن تازا ئالقىشقا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ، بۇ خىل ھادىسىگە قارىتا تونۇشىڭىز قانداق؟

جاۋاب: كىشىلەر قىتئەلەر ئارىلاپ ھەممە يەرگە ئۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ خاس غورۇرىغا لايىق بوشلۇقنى تېپىپ ياشىيالايدۇ. لېكىن بىزدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قەشقەرلىك بىر ستودېنت ئۈرۈمچىگە كەلسە، تالاي مىللىي قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ مۇساپىرلىق ھېس قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ يىغلايدۇ. بۇمۇ مېنىڭ يۇرتۇمغۇ دېيەلمەيدۇ. دېمەك، بىزدە مەھەللىۋى ئاڭ دۇنياۋى ئاڭدىن خېلىلا ئۈستۈن. بۇ بىزدىكى مەنىۋى قىياپەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەكسى. سەنئەتتىمۇ بىزنىڭ تۈيغۇمىز چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن ئۆزى ھەرىكەت قىلىدىغان بوشلۇقنى دېگەندەك تاپالماي تەمتىرەپ قالىدۇ.

سوئال: بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز زېمىنىمىزدا تىرىشىشتىن باشقا يەنە چەت ئەلنىڭ يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە ئەسەرلىرى كۆپرەك تونۇشتۇرۇلسىكەن، دەپ قارايمىز، سىز بۇ جەھەتتە خېلى ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتىسىز، بۇ ھەقتىكى پوزىتسىيىڭىز قانداق؟

جاۋاب: بىز باشقىلارنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتە ئەجدادلىرىمىزنى دورىيالمىدۇق. ئەمەلىيەتتە، ھازىر بەكلا كېچىكىپ كەتتۇق. مەن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تۈزۈك ئىش قىلغىنىم يوق، مەندە پەقەت ئىخلاسلا بار. جۇڭگو شارائىتىدا، توغرا تەكلىپ ۋە مەسلىھەتلەر كۈچلۈك نوپۇز بىلەن قوشۇلۇپ ئوتتۇرىغا چىقمىسا، ئۇنى تىڭشايدىغان ئادەم بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈندۇ ئىش ئاقمىغان ئەلدە «ئەۋلىيا» تولا بولىدىكەن. باشقىلار تەھلىل قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنى ئىزاھلاشمۇ بەسىي مۇشكۇل.

سوئال: ئەدەبىياتتىكى ئۆلۈك سىمۋوللاشتۇرۇش (مەسىلەن، ئالايلۇق، قاراڭغۇ تۈن - «زۇلمەت» نىڭ، بورانقۇش «ئىنقىلاب» نىڭ، يۇلتۇز - «ئۈمىد» نىڭ دېگەندەك) نى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقىنى بوغىدىغان ئامىل، شۇنداقلا شەيئىلەرگە قىلىنغان ھاقارەت، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلالماسلىقىنىڭ ئۆزى ئەدەبىياتتىكى بىرخىل ئېچىنىشلىق ئەھۋال، دەپ قارىغۇچىلار بار. سىز بۇ ھەقتىكى تونۇشىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

جاۋاب: مەن بۇ ھەقتە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى ھەققىدىكى «تارىخنىڭ بەدىئىي سۈرىتى» ناملىق ئوبزورۇمدا ئازراق توختالغان (بۇ ئوبزور ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. مۇھەررىردىن). مەن ئۆز كۆز قارىشىمنىڭ مۇپەسسەل ئىدىيە ئەمەس، بەلكى مەلۇم پىكىرنىڭ يىپ ئۇچى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئوقۇرمەنلەر ئېرىنمىسە، ئاشۇ ماقالىغا نەزەر قىلسا بولىدۇ.

سوئال: سىز ئەدەبىيات ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىڭىزنى بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ ماقالە ئارقىلىق ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتىسىز. سىز پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ سۆھبەت شەكلىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: بۇ ئالدى بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق پىكىر شەكلى بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، سوئال جاۋابقا قارىغاندا ئاكتىپلىق خۇسۇسىيەتكە باي بولىدۇ. مەن سوئال سورىغۇچىنى جاۋاب بەرگۈچىدىن مول چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايمەن، شۇنداقلا سوئال جاۋابقا نىسبەتەن ھامان ئاكتىپ. تارىختىكى ئىدىئولوگىيە شەكىللىرىنى ئەسلىگەندە، سوقرات، ئەپلاتونلارنىڭ جاھانشۇمۇل ئىدىيىلىرى سۆھبەت شەكلى تەرىقىسىدە قالدۇرۇلغان. بولۇپمۇ سوقرات ئۆز ئىدىيىسىنى ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويماي، ئۆزى ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىدىيىنى باشقىلارنى جاۋاب بەرگۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈنكى زامان گېگانت ئەدىبلىرىدىن گارسىيە. ماركوزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى سوئالنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن.

بىزدىمۇ سوئال سوراش پېشۋالىرى كۆپلەپ بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغ پەلسەپىنىڭ تومۇرىدا ئېقىپ تۇرغىنى سوئال، سوئال، يەنە سوئال (M1)

ئەدىبلەردىن



ھېكمەتلەر

## ئابدۇللا قاھھار ھېكمەتلىرىدىن

▲ گېزىت - ژۇرنال چىقىرىش ئىجادىيىتى- بىر خىل ئالىيجاناب ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، ئۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىغا سېلىنىدىغان داستىخاندۇر. شۇڭا بۇ داستىخان ھالال ۋە پاك بولۇشى كېرەك.

▲ بىر گول پارىخورنى تۇتۇشقا قارىغاندا يىگىرمىدەك ئوچار ئوغرىنى تۇتۇش ئاسانراق. چۈنكى ئوغرىلىققا ئۇچرىغان ئادەم: «ئوغرىنى تۇتۇڭلار!» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئەمما پارا بەرگەن كىشى: «داد، پارىخورنى تۇتۇڭلار!» دېمەيدۇ - دە.

▲ خەلقنىڭ كۆزى باغلانغان، قولىقىغا قوغۇشۇن قويۇلغان، قانچىكى نادانلىقتا قالدۇرۇلغان چاغدىلا ئاندىن تەقدىرنىڭ ھۆكمى ئۆلۈمدەك ھەق، دېگەن ئەقىدىنى ئۇنىڭ زېھنىگە سىڭدۇرۇش ئاسانراق بولىدۇ.

▲ بەدىنىڭدە پىلنىڭ كۈچى، چۈمۈلىنىڭ غەيرىتى بولسۇن.

▲ ئۆز خوتۇنىنى ئالدىغان ئادەم ئانىسىغىمۇ راست گەپ قىلمايدۇ.

▲ بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەمنى شىلىۋېلىش - ئۆلۈكنىڭ كېپەنلىكىنى يېشىپ ئېلىش بىلەن باراۋەر.

▲ خەلق پارىخور رەھبەرنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىدۇ. لېكىن بۇ رەھبەر بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمەت ئۈستىلى بولغاچقا، تۈكۈرۈك پارىخورنىڭ يۈزىگە يېتىپ بارالماي، ئەشۇ تەۋەرۈك ئۈستەلگە چۈشىدۇ.

▲ ھەقىقەتەن پارىخوردىكى قولاي شارائىت ھېچبىر ئوغرىدا يوق.

▲ پادىشاھ «سەن» دېگەن كىشىنى پۈتكۈل مەملىكەت «سىز» دەيدۇ.

▲ رەھبەر گالغا بېرىلدىمۇ، ئابرويىدىن ئايرىلغىنى شۇ.

▲ تالانت ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك دۈشمەن «ئاپىرىن» دېگەن سۆزدۇر.

▲ بىرەر ئارزۇسى بولمىغان، بىرەر نەرسىگە ئىنتىلمىگەن ئادەمنىڭ مۈشۈكتىن نېمە پەرقى بار؟

▲ بىر مەرتىۋەيالغانچىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋەيالغانچىلىق قىلماسلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ - ھېچكىم!

▲ ھەقىقەت قانچىكى كۆپ قارشىلىققا ئۇچرىسا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن شۇنچە چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

▲ بىز يازغۇچىلار، ژۇرنالىستلار، رادىئو خادىملىرى - ھەممىمىز بىر غايىنىڭ قەلەمداشلىرىمىز. بىزنىڭ تۈپ مەقسىدىمىز كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى بىپەرۋالىق، ئېتىبارسىزلىق، يالغانچىلىق، رىياكارلىق ۋە ماختانچاقلىققا ئوخشاش مەرەزلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتۇر. بۇ ھال بىزنىڭ زىممىمىزگەناھايىتى چوڭ مەسئۇلىيەتنى يۈكلەيدۇ. ھەر بىرىمىز شۇ مەسئۇلىيەتنى قانچىلىك چوڭقۇر ھېس قىلساق، ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى شۇ قەدەر

ئۇنۇملۇك بولىدۇ.

▲ پۇل دېگەن ئۆلگۈرنىڭ چىشى بولغاندا ئىدى، ئۇزىنى يەۋەتكەن بولاتتى. چىشى بولمىغاچقا ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى يەپ، ۋىجدانىنى يوقىتىۋەتتى.

▲ ياش بالىنىڭ قوۋۋىتى ئىككى پۇتىدا بولىدۇ - مېڭىپ هارمايدۇ؛ يىگىتنىڭ قوۋۋىتى بېلىدە بولىدۇ - مېهنەت قىلىپ چارچىمايدۇ؛ قېرىلارنىڭ قوۋۋىتى قەيەردە بولىدۇ؟ - دىلىدا بولىدۇ. هېچكىم بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان غەمگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

▲ كىچىك بالا يىقىلسا، ئەتراپتا هېچكىم بولمىسا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ. بىرەر مېهرىبان كىشى كۆرۈپ قالسا، شۇ ئادەمگەيىغلاپ بېرىدۇ.

▲ يالغۇزلۇقنىڭ ئۆزى بىر تۇتقۇنلۇقتۇر.

▲ ئادەم، ئاددىي نەرسىلەرنى بىلىشكە مۆرەككەپ يول بىلەن ئېرىشىدۇ.

▲ توخۇمۇ پەقەت ئۆگەنگەن جايىدا تۇخۇم تۇغىدۇ.

▲ ياش بالىنىڭ تىلى هەر قانداق كۆڭۈلنى ئېرىتىدۇ.

▲ ئاتا - ئانىسى ئەركە ئۆستۇرگەن بالا، كۆپىنچە شەخسىيەتچى كېلىدۇ.

▲ ئۆز قەدرىنى بىلىپ، ئۆزىنى تۇتقان خوتۇنغا هەر قانداق ئەر كىشى يامان كۆز بىلەن قاراشقا پېتىنالماس.

▲ تەشەببۇس ئەركەكتىن بولۇش كېرەك، بولبۇلنىڭمۇ ئەركىكى سايرايدۇ.

خوتۇن كىشىنى قانچىكى قاتتىق تۇتسىڭىز، شۇنچە غەپلەتتە قېلىشىڭىزنى پايلايدۇ.

▲ ئېرى كۆنلىمەيدىغان خوتۇننىڭ هاياتى گۆش - مايسىز سۇيۇق ئاشقا ئوخشايدۇ.

▲ ئەر كىشى قانداق چاغدا كوچىغا چىقىپ كېتىدۇ؟

- ئۆيدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەندە!

▲ گەپ قانچىكى مەنىلىك بولسا، شۇنچە قىسقا بولىدۇ.

▲ كۆپىنچە ئائىلىلەردە بالىلار ئۆز ئانا تىلىنى مۇتلەق بىلمەيدۇ! ئەپسۇسكى، بۇ پاجىئە ئاتا - ئانىلارنى قىلچىمۇ تەشۋىشكە سالمايدۇ.

▲ كوچا تەرتىپىنى بۇزغان ئادەملەرگە ساقچى پۇشتەك چالىدۇ - يۇ، نېمە ئۈچۈن بىر پۈتۈن تىلنى بۇزۇۋاتقان ئادەملەرگە هېچكىم پۇشتەك چالمايدۇ؟

▲ ئەدەبىياتقا ئوغرى مۇشۇكتەك تۇگۈنۈكتىن چۈشىدىغانلارمۇ بولىدۇ.

▲ هەقىقىي يازغۇچى ئۆز ئىجادىيەتلىرىدىن هېچقاچان قانائەتلەنمەيدۇ، قانائەت هاسىل قىلغان كۈنى، مېنىڭچە، يامان هالەتتە قېرىغان لەقۋا قېرىغا ئايلىنىدۇ.

▲ يازغۇچىنى هېچكىم كۆتۈرمەيدۇ، ئۇنى ياخشى يازغان ئەسەرلىرى كۆتۈرىدۇ. كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىنى بۇنداق يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەي قالىدۇ.

▲ ئوقۇرمەنلەر ئەسىرىمىزنى قىزىقىپ، زوق بىلەن ئوقۇمايدىكەن، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئوبرازلار ئارقىلىق قوبۇل قىلمايدىكەن، مەقسىتىمىز قەغەزدەقالىۋېرىدۇ.

▲ هەجۋى ئەسەر يازغۇچىلار جىسمانىي ئاجىزلىق ۋە نېرۋا كېسەللىرى ئۇستىدىن ئەمەس، بەلكى سوتسىيال جاراهەتلەرئۇستىدىن كۈلۈشى كېرەك.

▲ بەزى يازغۇچىلارغا، ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن پۇلسىز قۇلاق كېرەك. بۇ قۇلاق ئۇنىڭ خوتۇنىدۇر.

▲ ئۇزاقتىن ئېتىلغان تاش قاتتىق تېگىدۇ.

▲ باش تۈزۈلسە، ئاياق تىنىم تاپىدۇ.

▲ دۈشمەن ئاتقان تاشتىن دوست ئاتقان پاختا قاتتىق تېگىدۇ.

▲ بۆرە قېرىسا ئىتقا كۈلكە بولىدۇ.

▲ كىشەن ئالتۇندىن بولسىمۇ بەربىر كىشەن!

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلهەمىد ياقۇپى

## «قۇم باسقان شەهەر»

▲ دانىشمەن ئېيتقاندەك: سۆزنى ئېغىزدىن چىققىچە ئادەم باشقۇرىدۇ، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆزئادەمنى باشقۇرىدۇ.

▲ هەر قانداق پادىشاهنىڭ تەختى پارتلاشقا تەييار تۇرغان ۋۇلقاننىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

▲ دۇنيادا شاه ئوردىلىرىدىنمۇ سىرلىق ئورۇن بولمىسا كېرەك. ئۇ يەردە هەر كۈنى، هەر سائەتتە ئاجايىپ ئويۇنلارئوينىلىپ، قىزىق ئىشلار سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. كېيىن تارىخچىلاريۇز بەرگەن بۇ سىرلىق ۋەقەلەر توغرىسىدا تارىخ پۈتۈشىدۇ. لېكىن، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما خاتىرىلەرنىڭ زادى قانچىلىكى راست!؟... بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. قانلىق جەڭلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، غەلىبە قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن يېزىلغان تارىخلارنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئۆزىنى بىزەپ كۆرسىتىدىغان سەهىپىلەرنى قالدۇرۇپ ياكى تولۇقلاپ يازدۇرۇپ، جىنايەت ئىزلىرىنىڭ هەممىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىشىدۇ. تارىخنىڭ يېزىلغان قىسىملىرىدىن تېخى يېزىلمىغان ياكى يېزىپ ئۆچۈرۈلگەن قىسىملىرى چىنراق بولىدۇ.

▲ شاهلاردىن شاپائەت كۈتۈش ئەخمەقلەرنىڭ ئىشى. هۆكۈمرانلار ئۆز سىرىنى بىلگۈچىلەرنى هەممىدىن بۇرۇنراق كۆزدىن يوقىتىدۇ.

## روماندىن هېكمەتلەر

▲ بەزى هۆكۈمرانلار گەپنى ئاز قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دانالىقىدىن ئەمەس، هەيۋىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئۇنچىقماسلىق ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكىنى، ساۋاتسىزلىقىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. ئۆلۈك نېمىشقا سۆزلىمەيدۇ؟ چۈنكى ئۇ سۆزلىمەيدۇ.

▲ ئاللا ئەگ يېقىن بەندىلىرىنىڭ بېشىغا ئەگ مۇشكۇل كۈنلەرنى سېلىپ سىنايدۇ. ئۇنىڭ داۋاسىنى يەنە ياراتقان ئىگەم ئويلىمىغان بىركۈنى، خىلمۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن يەتكۈزىدۇ.

▲ بۇ ئالەمدىكى ئىشلار ئېقىن سۇدەك بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر ۋەقەنىڭ داۋامى هامان ئىككىنچى بىر ۋەقەنىڭ بېشى بولۇپ چىقىدۇ.

▲ ئادەملەرنى هەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغىنى مەددالار سورۇنى ئىدى. شۇ زامانلاردا نۇرغۇن ئۆلىمالارچىقىپ، ئىلىم - پەن هەققىدەئاجايىپ كىتابلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئاز بولغاچقا، يەنىلا بۇ دۇنيانى ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلار بىلەن رەڭ بېرىپ كۆرسىتىدىغان غەلىتە رىۋايەتلەر، ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر هەققىدىكى توقۇلمىلارنىڭ بازىرى ئەگ ئىتتىك ئىدى. قانداقتۇ يەجۇج - مەجۇج، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، قىرىق بىر خىلغا ئۆزگىرەلەيدىغان جادۇگەرلەر،

www.uyghurkitap.com

سىرلىق كۆيىقاپ، جىن - شاياتۇنلار توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى بىلەن مەدداھلار كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ تالڭ قالدۇراتتى.

▲ شاھ ئوردىسى ئۆزىنىڭ مەڭگۈگە سۈكۈتكە چۆكۈپ تۇرىدىغان ئېگىز تاملىرى، قوش - قوش دەرۋازا، رەڭدار راۋاقلار، نەقىشلىك تۈۋرۈكلىرى بىلەن كىشىگە تولىمۇ سىرلىق ۋە سەلتەنەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ پۈتۈن پىتنە - پاسات، ئازارچىلىق ۋە ۋەھىمىگە تولغان ماكان.

▲ ئوردىدىكى ھەر بىر ئايلىنىش، ھەر بىر ئىشىكلەر ئالدىدا قاراۋۇللار ئېغىر قوراللىرىنى شاراقشىتىپ، سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. قاراڭغۇ بۆلمىلەردە كۆزلىرى ياشانغىرىغان تارىخچىلار شاھنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى، تەڭداشسىز قۇدرىتى، رەھىمدىللىكى، ئادالەتپەرۋەرلىكى ھەققىدىكى مەدھىيىلەر بىلەن تولغان قېلىن كىتابلارنى يېزىشاتتى. خىزمەتچى خادىملار شاھ ئولتۇرغان خاس ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئېھتىيات ۋە تەشۋىش بىلەن يېنىك قەدەم ئېلىپ ئاياق - بۇياقا ئۆتۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ھالى ئوخلاپ ياتقان يولۋاسنىڭ يېنىدىن ئۆتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان بىچارىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى جان قايغۇسىدا ئۇلارنى ھەر قەدەمدە سۈر ۋەتەر بېسىپ تۇراتتى. ئەمەلدارلار بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشاتتى. بۇ يەردە ھەر بىر قەدەمنى ئوردىنىڭ چەكلەش قائىدە - نىزاملىرى ئىچىدە ئېھتىيات بىلەن بېسىش، ھەر بىر ئېغىز سۆزنى سالماقلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى. شاھنىڭ ئالدىغا كىرگەن چاغدىكى تۈگىمەس تەكەللۇپ ۋە ئېگىلىپ تۇرۇشلار ۋەزىرلەرنى ھارغۇزۇپ سارالڭ قىلىپ قوياي دەيتتى. ئۇلارنىڭ ھالى كىشىگە ئالتۇن قەپەس ئىچىدىكى بىچارە قۇشلارنى ئەسلىتەتتى. ئوردىدىكى ئەمەلدارلارغا قارىغاندا توپىلىق سەھرا يولىدا كېتىپ بارغان يولۇچى ئەركىنرەك، ئىسسىق چايخانىدا ئاچچىق چاي دەملەپ ئىچىپ ئولتۇرغان مەدىكار ئازادىرەك ئىدى. بۇ يەردە (ئوردىدا. مۇھەررىردىن) چىن يۈرەكتىن چىقىدىغان قاتتىق كۈلكىلەر، ساپ ۋىجداننىڭ ئەيىبلىشىدىن پەيدا بولىدىغان ۋىللىدە قىزىرىشلار، ئىنساننىڭ سەمىمىي سۆز ۋە تەبەسسۇملىرى كەم ئىدى.

▲ ياراتقان ئىگەم پادىشاھلارغا ھەممە نېمىنى بەرگەندەك قىلسىمۇ، يەنە ئۇلاردا كۆپ نەرسىلەر يېتىشمەيتتى. ئۇلاردا تۆمۈرچىنىڭ بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاپ كېتىدىغان تاتلىق ئۇيقۇسى كەم ئىدى. شاھ قاتمۇ قات كۆرپە، پەر ياستۇقلار ئۈستىدە يېتىپمۇ ئاچچىق تولغىناتتى. جاي - جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ ھېلىدىن - ھېلىغا بولۇپ تۇرىدىغان ئىسيانلىرى، يەرلىك بەگلەرنىڭ كۆچىيىپ كېتىشى، ۋەزىرلەرنىڭ خىيانەتكارلىقى، سەركەردىلەرنىڭ ئاشباشتاقلىقى ئۇنى ئارامسىزلاندۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا ئاپتاپلىق سەھرا يولىدا كېتىپ بارغان مۇساپىر، سۇنۇق ئارىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق دېھقان غەمسىزرەك ئىدى. شاھنىڭ ھەرىمىدە يۈزلەپ كېنىزەكلەر ساقلىناتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاددىي دېھقان ئېرىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان خوتۇنلارچىلىك ۋاپادارلىرىنى تاپماق تەس ئىدى.

«نېمىشقا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرى ماڭا قارىمايدۇ!» دەپ ھەسرەت چېكەتتى شاھ كېچىلىرى. بۇ - دۇنيادىكى ھەممە پادىشاھلارنىڭ ئورتاق ھەسرىتى ئىدى. لېكىن، بۇ ئارمانغا ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى شاھلارنىڭ ھېچقايسىسى يېتەلمىگەن، كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھېچقايسىسىمۇ بۇ ئارزۇغا يېتەلمەيدۇ. مۇبادا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرىنىڭ دۇنياغا بىر كۆزى خوجا بولۇش مەقسىتى ئىشقا ئاشقان تەقدىردىمۇ يەنە ئۇنىڭ ھەسرىتى تۈگىمەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ نەق خۇدانىڭ كۆزى بولۇپ باققۇسى كېلىدۇ...

شاھلىق تەختتە چۆكۈپ ئولتۇرغان شاھ كۆزىنى ئېچىپ، نەزەرىنى ئىككىنچى بىر تەرەپكە - ئوردىنىڭ ئىلىم - ھېكمەتتە دانا ھېسابلانغان ئالىملىرى تەرەپكە ئاغدۇردى. ئۆلىمالارنى سۈرباستى. بۇ ھېكمەت ئىگىلىرى شاھنىڭ نەزەرىدە پەقەت بىلىمدىنلا پايدىلىنىشقا بولىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئەڭ خەتەرلىك ئادەملەر ئىدى. «كىم بىلىدۇ؟ - دەپ گۇمان بىلەن ئويلىناتتى شاھ، - بۇ ئەبلەخلەرنىڭ يوغان كىتابلارنى باش كۆتۈرمەي ئوقۇشى بەلكىم مېنىڭ ھاكىمىيىتىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈندۇر. ھەرھالدا ئېھتىيات قىلماق لازىم...!» شۇڭا بۇ ئۆلىمالارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئارقىسىدا بىر قانچە جاسۇس، ھەر بىر جاسۇسنىڭ كەينىدە يەنە بىر قانچە پايلاقچى بار ئىدى.

▲ ھەر نەرسە چېكىدىن ئاشقاندا ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولىدۇ.

▲ ئەمەل نازلىق خوتۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇ، گۈزەل ۋە ۋاپاسىز كېلىدۇ. ئۇ، ھېچكىمگە - ھەتتا شاھلارغىمۇ مەڭگۈ باقىۋەندە ئەمەس. ئۇ، قولغا كېلىدۇ، يەنە قولدىن كېتىدۇ. ئەمەل تۇتقۇچى بۇ ھەقىقەتنى تەختنىڭ ئېگىز پەلەمپەيلىرىدىن دومىلاپ چۈشكەندىلا ئاندىن چۈشىنىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا قىلغانلىقىغا ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ كېچىككەن بولىدۇ.

▲ بەزىدە تۇرمۇشتىكى ئىشلار كىتابلارغا يېزىلىدۇ. بەزىدە كىتابتىكى ئىشلار تۇرمۇشتىمۇ يۈز بېرىدۇ...

▲ باغلاقتا تۇرغان ئىت تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كېتىدۇ، قەپەستە تۇرغان قۇش ئەركىنلىككە ھەممىدىن بەك تەشنا بولىدۇ.

▲ چۆل ئادەملىرىنىڭ مىجەزىمۇ سۇسىز جەزىرىلەردە كۆكلەپ تۇرغان ئاشۇ تىكەنلىك ئوتلارنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. راھەتلىك باغلار، شەھەرنىڭ سالقىن سارايلىرىدا يېتىلىپ ئاپتاپ كۆرمىگەن لەشتەك ئاق چىرايلارنى بۇ يەردە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. چۆل ئادەملىرىنىڭ چىرايى قۇياشتا چاقناپ، مىستەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆڭۈپ ئاشۇ قۇملارنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قالغان. قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزىق تەپتى، ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغان چۆل شامالىلىرى جاھىللىق، قوپاللىق، مەردانىلىك، ساددىلىقتەك خىسلەتلەرنى ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

▲ كىمىكى كارامەت يۈز بەرگەن يەردە ئۇشۇقچە ھايال بولىدىكەن، ئۇنى پالاكەت باسىدۇ!

▲ ئەگەر تەقدىرنىڭ بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇسى كەلسە، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تاسادىپىيلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ.

---

مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ شۇ ناملىق رومانىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: دىلئارام قۇربان (ئوقۇغۇچى) (M1)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تورى



# قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان

ئىمىن تۇرسۇن

## كىرىشمە

### 1. مەدەنىيەت توغرىسىدا چۈشىنىك

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسى ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۇ ئاتالغۇ «روناق تاپقان»، «ئاڭ - پىكرى ئېچىلغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان توپ سۆز «مەددەن» دىن تۈرلەنگەن؛ بۇ سۆزنىڭ ئاساسىدا شەكىللەنگەن «مدينە» (مەدىنە) سۆزى «شەھەر»، «مەركىزى شەھەر» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ سۈپەت شەكلى «مدنى» (مەدەنىي) بولسا، «شەھەرلىك»، «مەدەنىيەتلىك» مەنىلىرىنى، شۇنىڭدەك «كۆچمەن»، «بەدەۋى» نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە «تۇراقلىق»، «ئولتۇراقلاشقان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچىدە بولسا، «مەدەنى» سۆزى «جىنائى» نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە «خەلق ئىشلىرى»، «جامائەت دەۋاگەرلىك ئىشلىرى» نى ئىگىلىتىدىغان قانۇن ئاتالغۇسىدۇر (مەسىلەن، «قانۇن مدنى» - جامائەت قانۇنى، «دىمو ى مدنى» - جامائەت ھەق تەلەپ قانۇنى، «الخق المدنى» خەلق ھوقۇقى ۋە باشقىلار). لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بۇ سۆز ئاساسىي مەنىسى بىلەنلا چەكلىنىپ، «مەدەنىيەت» ۋە ئۇنىڭ سۈپەت شەكلى «مەدەنىي»، سۈپەتداش شەكلى «مەدەنىيلىك» تەرزىدىلا قوللىنىلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا ۋە ياۋروپا تىللىرىدىمۇ

**مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن**

«مەدەنىيەت» نىڭ سۆزلۈك مەنىسى يۇقىرىدىكى چۈشەنچىلەرگە ياندىشىدۇ. خەنزۇ تىلىدا «文化» (ۋېنخۇا)، «文明» (ۋېنمىڭ) دېگەن ئىككى سۆز بار، ئىككىلا سۆز «文» (ۋېن - نەقىش، بارماقتىكى ئەت سىزىقلىرى، يېزىق، ئەدەب - ئۇدۇم، پاساھەت، مۇلكىي [ھەربىي سۆزىنىڭ مۇقابىلى] ) دىن تۈرلەنگەن. بۇ ئىككى سۆزدىن «ۋېنمىڭ» تۆت خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ: 1. پەقەت «مەدەنىيەت» نىلا بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت دېگەندەك)؛ 2. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە «ياۋايىلىق» ياكى «ۋەھشىيلىك» نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە تەرەققىيات ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، مەدەنىي ياكى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت، مەدەنىيەتلىك دەۋر دېگەندەك)؛ 3. «يېڭىلىق»، «جەدىدلىك»، «يېڭىچە» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرگەن (مەسىلەن، بالدۇرقى چاغلاردا، زامانىۋى تىياتىر يېڭى پەيدا بولغاندا، دراما تىياتىرىنى «مەدەنىي ئويۇن» - ۋېنمىڭ شى، يېڭىچە تويىنى «مەدەنىي توي» دەپ ئاتىغان)؛ 4. «مەرىپەتلىك»، «ئەدەبلىك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «ۋېنخۇا» سۆزى ئاساسەن «مەدەنىيەت» نى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، «ئاددىي ساۋات»، «بىلىم - سەۋىيە» ۋە «ئەدەب ئۆگىنىش» يەنى «تەسىرلەندۈرۈش» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

ياۋروپا تىللىرىدىمۇ Civlization (سىۋىلىزاتسىيە)، Culture (كۇلتۇر) دېگەن ئىككى ئاتالغۇ بار، ئىككىلا ئاتالغۇ «مەدەنىيەت» كە دائىر ئۇقۇملارنى ئاڭلىتىدۇ. «سىۋىلىزاتسىيە» ھەر بىر ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي فورماتسىيىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتتا ئېرىشكەن دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، «مەدەنىيەت»، «مەدەنىيلىك» دېگەنگە توغرا كېلىدۇ (مەسىلەن، قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى، ياۋايىلىق بىلەن مەدەنىيلىك دېگەندەك). بۇ ئاتالغۇ «روناق تاپقان»، «تەرەققىي قىلغان»، «مەدەنىيلەشكەن» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان Civil (سىۋىل) سۆزىدىن تۈرلەنگەن. Culture (كۇلتۇر) سۆزى بولسا «تېرىقچىلىق»، «ھەيدەش - ئېكىش»، «تېرىلغۇ - زىرائەت» دېگەن تۈپ مەنىسىدىن كېڭىيىپ، «مەرىپەت»، «ئاڭ - بىلىم»، «تەربىيە - پەرۋىش» دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئاڭلىتىدىغان بولغان؛ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى داۋامىدا بۇ سۆز «مەدەنىي»، «مەدەنىيەت»، «مەلۇمات» (مەدەنىي سەۋىيە) ئۇقۇمىنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولغان (مەسىلەن، «كېۋەز تېرىش»، «ئورمان ئۆستۈرۈش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەندە، كۇلتۇرېد — Cultured، كۇلتىۋاتېد — Cultivated شەكىللىرىدە كېلىدۇ؛ «مەدەنىيەت»، «مەدەنىيەتلىك»، «مەلۇماتلىق» ئۇقۇملىرىنى ئاڭلاتقاندا كۇلتۇرال — Cultural، كۇلتۇر — Culture شەكىللىرىدە كېلىدۇ.

لۇغەت كىتابلىرىدا «مەدەنىيەت» نىڭ تەبىرى مۇنداق يېزىلغان: كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا يارىتىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى دېمەكتۇر؛ تار مەنىدە ئېيتقاندا، «مەدەنىيەت» جەمئىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ كەلگەن تۈزۈم ۋە تەشكىلىي ئاپپاراتلار دېمەكتۇر. بۇ تەبىرلەرگە قارىغاندا، مەدەنىيەت - بىر تارىخىي ھادىسە، ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ مەدەنىيىتى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بىللە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. «مەدەنىيەت» ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە بولسا، مەلۇم جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىنكاسىدۇر؛ شۇنداقلا مەلۇم جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرى ئىچىدە «سوتسىئولوگىيىنىڭ ئاتىسى» ھەم «ئانتروپولوگىيىنىڭ ئاتىسى» دەپ نام ئالغان تېلىيور (Edward B. Tylor) 1877 - يىلى يازغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» (Primitir Culture) دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەدەنىيەت - بىلىم، ئېتىقاد، سەنئەت، قانۇن، ئەخلاق، ئادەتلەرنى ۋە شۇنىڭدەك جەمئىيەت ئەزاسى ئېرىشىدىغان ھەر قانداق ئىقتىدارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

ئامېرىكا ئوخىئوشتات ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور چېن جۇڭپىڭ 1982 - يىلى 3 - ئايدا، ۋۇخەن سوتسىئولوگىيە تەتقىقاتى كۇرسىدا بەرگەن مەخسۇس ئىلمىي دوكلاتىدا، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ھەققىدە كەڭ توختىلىپ، مۇنۇ مەزمۇنلارنى بايان قىلغان:

1. مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى پەرقلەر بەدەن تۈزۈلۈش پەرقلىرىنى بىلدۈرمەيدۇ؛ 2. مەدەنىيەت بىر جەمئىيەتكە يەنى جامائەتكە ئورتاق بولىدۇ، مەدەنىيەت ئاممىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدۇر ۋە ئاممىنىڭ ئورتاق ئىلكىدە بولىدۇ؛ 3. مەدەنىيەت ئادەتتە تىمسالچان (سىمۋوللۇق) بولىدۇ: بىرىنچىدىن، مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى تىلدۇر، ئىككىنچىدىن، ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىرى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن رەڭلەرگە بەرگەن مەنىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ؛ 4. مەدەنىيەت ئۇيغۇنلىنىشچان بولىدۇ، چۈنكى مەدەنىيەت كىشىلەرگە قانداق ياشاشنى ۋە ھاياتنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتىپ بېرىدۇ،

مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى ساقلاشتىكى بىردىنبىر قورالى؛ 5. مەدەنىيەت يىغىندى (بىر پۈتۈنلۈككە مۇجەسسەملەشتۈرگۈچى) بولىدۇ. بىلىم، ئېتىقاد، سەنئەت، قانۇن، ئەخلاق ۋە ئادەتلەر بىر - بىرىگە تاسادىپىي باغلىق بولۇپ قالمايدۇ. مەلۇم ئېتىقاد، ئادەتتە مەلۇم بىلىم بىلەن ماسلىشىدۇ، بىر خىل ئېتىقاد كۆپىنچە بىر خىل سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. مەلۇم ئېتىقاد مەلۇم قانۇن - تۈزۈم بىلەن ھىمايە قىلىنىدۇ. ئۆرپ - ئادەتمۇ ھەر خىل قانۇن - تۈزۈمنىڭ تەسىرىدە ھەر خىللىشىدۇ.

مەدەنىيەت تارىخى - ئىنسانىيەت تارىخى دېمەكتۇر. «ئىنسان پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ تارىخىمىز باشلانغان» (ف. ئېنگىلس). بىرەر مىللەت ياكى جەمئىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن خىلمۇ خىل پەنلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئارخېئولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيىگە، ئاندىن سوتسىئولوگىيىگە، مىللەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىققا تايىنىمىز. مەسىلەن، مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئارقىلىق بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۆتكەن تارىخلىرىنىڭ ئاساسىي ھالقىلىرىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ؛ تىل ۋە فولكلور ماتېرىياللىرى ئارقىلىق بىرەر خەلقنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنى ئېنىقلاش مۇمكىن. گېرمانىيىلىك تىلشۇناس، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ياكوب گىرىم (1785 - 1863) شۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ تىلىمىز شۇنداقلا بىزنىڭ تارىخىمىزدۇر»، «مىللەتلەرنىڭ ھالەتلىرىگە دائىر سۆڭەك، قورال ۋە قەبرىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بولغان بىر دەلىل بار، ئۇ - تىلدۇر».

ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتلىك بولغان ئانتروپولوگىيىنى ئالساق، بۇ پەن ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن: بىرى، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى، يەنە بىرى، بەدەن ئانتروپولوگىيىسى. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى (*Culturalanthropology*) نىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەدەنىيەتلەردىكى پەرقلەر ۋە ئوخشاشلىقلار، ھەم ئۇ پەرق ۋە ئوخشاشلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىشتۇر. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىن بارا - بارا ئىجتىمائىيەت ئانتروپولوگىيىسى (*Socialanthropology*) ئايرىلىپ چىققان. بۇ پەن كۆپىنچە مىللەتشۇناسلىققا دائىر تەتقىقاتنى ئاساس قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بولسا، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن بىللە، تىلشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنى نۇقتا قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتى (يەر يۈزىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر)نى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئانتروپولوگلىرىنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقىنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى پەرقلەر نۇقتىسىدىن ئاساسەن ئوۋچىلىق جەمئىيىتى، كۆچمەنلىك جەمئىيىتى، فېئوداللىق جەمئىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەدەنىيەتتىنلا ئىبارەت بولۇپ كەلدى. ھالبۇكى، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا ئاساسەن، پولېئانتولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتچىلىرى بەدەۋىلەردە ھەتتا ياۋا يىلاردىمۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ مەدەنىيەتلەر بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. شۇڭا مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىقتىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنىڭ چوڭ چېگرىسىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ مۇتلەقلەشتۈرگىلى بولمايدىغان بولدى.

مەدەنىيەتنىڭ قايسى جەمئىيەتكە ۋە قايسى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئاۋۋال «مەدەنىيەت قاتلىمى» (ياكى «مەدەنىيەت قەۋىتى») پەرقلەندۈرۈلىدۇ. «مەدەنىيەت قاتلىمى» ئارخېئولوگىيە ئاتالغۇسى بولۇپ، قەدىمكى زامان ئىنسانلىرىنىڭ قالدۇرغان پائالىيەت ئىزلىرى، قالدۇق ئەشيالىرى ۋە ئورگانىك ماددىلاردىن شەكىللەنگەن دۆۋە (يىغىلما) قاتلىمىدۇر. ھەر بىر قاتلام (قەۋەت) مەلۇم دەۋرنى بىلدۈرىدۇ. خەلق ئاممىسى ئىچىدە «يەتتە قات ئاسمان» (ئىسلامدىن ئىلگىرى «توققۇز قات يەر»، «توققۇز قات ئاسمان») دېگەن چۈشەنچىمۇ ھەرگىز خىيالىي چۈشەنچە ئەمەس. مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى نەرسىلەرگە ۋە قاتمۇ قات بېسىلىش مۇناسىۋەتلىرىگە قاراپ، ئىنسانىيەت پائالىيەت ئىزلىرىنىڭ ھەر قاتلىمىدىكى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى ۋە مۇناسىپ دەۋرىنى بەلگىلەشكە بولىدۇ.

مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى بولىدۇ. ئىجتىمائىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىي ئىزچىللىقىنىڭ ئاساسىدۇر.

مەدەنىيەت بىر خىل بولمايدۇ، ھەر بولىدۇ. يەر يۈزىنىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ياشاپ ئىز قالدۇرغان ئىنسانلار ھەر خىل بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىنسانلار تۈرلۈك مىللەتلەرگە ئايرىلىشتىن ئىلگىرى مەلۇم جۇغراپىيىلىك زونىلاردا ياشىغان قەۋملەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە مەلۇم ئورتاقلىقلىرى بولسىمۇ، لېكىن مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، مەدەنىيەت مىللىي خۇسۇسىيەت بىلەن تۈسلەنگەن. مىللىي تۈسنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن مىللىي ئەنئەنە شەكىللەنگەن. شۇڭا، جۇغراپىيىلىك بىرلىك،

ھاكىمىيەت بىرلىكى سەۋىيىسىدە مەلۇم ئەل - مەملىكەتنىڭ مەدەنىيىتى بولغىنىدەك، مىللىي تۈسلىنىش سەۋىيىسىدە مەلۇم مىللەتنىڭ خاس مەدەنىيىتىمۇ بولىدۇ. ھەتتا ئىدىئولوگىيە مەنىسى جەھەتتىن بولسا، بىر مىللەتنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي تۈزۈم سەۋىيىسىدىمۇ بىر مىللەتنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيىتى بولۇشى مۇمكىن. بۇلار بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەكسىچە تەقەززا قىلىدۇ.

## 2. ئىرق ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەت

«ئىرق» نىڭ سۆزلۈك مەنىسى «يىلتىز»، «تۈپ»، «ئاساس»، «نېگىز» دېگەنلىك بولۇپ، ئىستېمال جەھەتتە «قانداشلىق»، «نەسىلداشلىق» ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدۇ.

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ خېلى ئۇزاق جەريانىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىسىدا، ئىنسانلار تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى ھازىرقى زاماندىكى شەكىلگە كەلگەن. يەنى، كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا، ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى تەن تۈزۈلۈش تىپى شەكىللىنىش بىلەن بىللە، زونال گۇرۇھ (دائىرەۋى توپ) لار شەكىللەنگەن. ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئىي شارائىتلار ۋە جاي - جايلاردا ئايرىلىپ تۇرۇش ئەھۋاللىرى ئىنسانلار ئارىسىدا ئىرقنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. زونال گۇرۇھلار بارا - بارا ئىرقىي جەھەتتىن پەرقلىنىشكە باشلىغان. دېمەك، ئىرق - تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتە مەلۇم ئورتاق ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ئىنسانلار توپى. بۇ ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەر ئىنسانلارنىڭ تېرىلىرىنىڭ رەڭگى، چاچلىرىلىرىنىڭ تىپى ۋە تۈسلىرى، كۆزلىرى، بۇرۇنلىرى ۋە بوي تۇرقى، لەۋلىرى (قېلىن - يۇپقىلىقى) ھەم ئىككىلەمچى تۈك سىستېمىسىنىڭ راۋاجلىنىش دەرىجىسى، شۇنىڭدەك قان گۇرۇپپىلىرى قاتارلىق بەلگىلەردىن ئىبارەت. بۇ ئالاھىدىلىكلەر مەلۇم زوندا، تەبىئىي مۇھىتتا ئۇزاق مۇددەت ئۇيغۇنلىشىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئادەتتە، پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار «يېڭى ئادەم» باسقۇچىغا كەلگەندە ئۈچ چوڭ ئىرققا بۆلۈنگەن دېيىلىدۇ: 1. نېگرىد (نېگىر ئاۋستراليە ئىرقى)، بۇ ئىرق ئاساسەن ئافرىقا ۋە ئاۋستراليە قىتئەلىرىدە؛ 2. ياۋروپىد (ياۋروپا ئىرقى)، بۇ ئىرق ئاساسەن ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ھىندىستاندا؛ 3. موڭغۇلىد (موڭغۇل ئىرقى)، بۇ ئىرق ئاساسەن جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا، بۇ ئىرققا مەنسۇپ قەۋملەردىن بىر قىسمى ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارغان ئىندىيانلاردۇر.

ئىرقلار تۇرق ۋە قان گۇرۇپپىلىرى جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىق بولسىمۇ، ئىرقلارنىڭ بىر - بىرىدىن كەسكىن ئايرىلىدىغان مۇتلەق چەك - چېگرىسى يوق، بەلكى ئىرقلار پەيدىنپەي ئۆتكۈنچى ھالەتتە بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھال دۇنيادىكى ئىرقلار بىئولوگىيىلىك جەھەتتىن بىر خىل مەخلۇققا مەنسۇپ ۋە ئەجدادى ئورتاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىرقىي بۆلۈنۈشتە، ئىنسانلار ئەت رەڭگىگە قاراپ سېرىق جىنس، قارا جىنس، ئاق جىنس ۋە قوڭۇر جىنس دەپمۇ بۆلۈنىدۇ.

«يېڭى ئادەم» باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە 100 مىڭ يىلنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىنسانلار ئانتروپولوگىيىلىك جەھەتتىن ئۈچ ئاساسىي ئىرققا ئايرىلغان، دەپ ھېسابلانسىمۇ، بۇ ئىرقلار زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ۋە چوڭ كۆچۈشلەر جەريانىدا بارا - بارا بىر - بىرىگە سىڭىشكەن ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئارىلىق ئىرقلار، مۇرەككەپ ئىرقلار مەيدانغا كەلگەن. ھازىر مەلۇم بولغان مىللەتلەر ۋە قەۋملەر تارىختىن ئىلگىرىكى قانچە مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ھەر خىل ئىرقلارنىڭ قېتىلىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەسىلەن، گېرمانلار ئالتە خىل ئىرقنىڭ قېتىلىشىدىن تەركىب تاپقان. ھالبۇكى، خەلق ۋە ئىرق پۈتۈنلەي يەككە - يېگانە ھالدا ساپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ چاققىچە ئومۇمەن تۈركىي خەلقلەرنى موڭغۇلىد ئىرقى دەپ ھېسابلاش چۈشەنچىسى ئالغا سۈرۈلگەن. لېكىن ئانتروپولوگلار ھازىر تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ چوڭ بىر بۆلىكىنى ئۈچ چوڭ ئىرق (نېگرىد، ياۋروپىد، موڭغۇلىد) ئائىلىسى ئىچىدە ياۋروپىد ئائىلىسىگە مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش بويىچە، ياۋروپىد ئائىلىسىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدە پىگمېنتى ئازراق بولغان روشەن چاچلىق ۋە روشەن تەنلىك تېتو - نوردىكۇس (*teuto — nordicuc*)، دالو - نوردىكۇس (*dalo — nordicus*) ۋە شەرقىي بالتىق ئىرقلىرى؛ ئوتتۇرا بۆلىكىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكىرىسىگىچە سوزۇلغان بۆلىكىدە - قوڭۇر تۈسلۈك دىنارىد (*dinarid*)، ئالپىن (*alpin*) ۋە تۇراند (*turand*) ئىرقلىرى؛ جەنۇبىي بۆلىكىدە - قارا چاچلىق، قېنىق قوڭۇر تەنلىك ۋە قارا كۆزلۈك مېدىتېرران (*mediterran*)، تاۋرىد (*taurid*) ۋە ئىندىد (*indid*) ئىرقلىرىغا بۆلۈنگەن.

تېتو - نوردىكۇس - شىمالىي ئاراللىقلار، دالو - نوردىكۇس - شىمالىي دالا - تۈزلەڭلىكلەر، دىنارىد - ئويمانلىقلار (دەريا بويىدىكىلەر)، ئالپىن - تاغلىقلار، تۇراند - ئورال - ئالتايلىقلار يەنى تۇرانلىقلار، مېدىتېرران - ئىچكىرىسىدىكى-

لەر يەنى دېڭىزدىن يىراقتىكىلەر، تاۋرىد ـ قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي بويىدىكىلەر يەنى قىرىملىقلار، ئىندىد ـ ھىندىلار دېگەنلىك بولىدۇ. بالتىقلىق ئالپىن، دىنارىد ۋە تۇراند ئىرقلار براخىكېفال (*brahikefal* — قىسقا باش، يەنى يۇمىلاقراق باش)، باشقىلىرى دولىخو كېفال (*dolihokefal* ـ ئۇزۇنچاق باش يەنى سوقۇچاق باش) ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈرلۈك ئىرقلار ئىچىدە كۆپرەك مۇنازىرە قىلىنىۋاتقىنى تۇراند ئىرقى بولۇپ، بۇ خېلى مۇرەككەپ ئىرقتۇر. ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرىدىن بەزىلىرى (مەسىلەن، بارتۇس *Bartucz* ۋە بۇنىڭغا ماسلىشىپ لاسلو رازونى *Laszlo Rasonyi*) نىڭ ئىنچىكە تەتقىقات ئاساسىدا كەلگەن خۇلاسىلىرى بويىچە بولغاندا، تۇراند ئىرقىنىڭ ئەڭ كۆپ سوماتىك (بەدەن) خۇسۇسىيەتلىرى بار. تۈركىي خەلقلەردە موڭغۇلوئىد ئىرقىغا خاس ئىزلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوتتۇرا بوي (ئەرلەر ئومۇمەن 166 ـ 167 س م) كېلىدۇ، ئۇلاردا ئېگىز بويلۇقلار كۆپ ئەمەس. جۇغى چىرايلىق (كېلىشكەن) ۋە چاققان، بېشى ئاساسەن يۇمىلاق، مەڭزى ئېگىز ئەمەس، يۈزى ئومۇمەن كەڭرەك ۋە ياپىلاقراق بولىدۇ، نوقۇل موڭغۇلوئىدلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ، بەلكى ياۋروپىدلەرنىڭكىگە يېقىن كېلىدۇ. بۇرنى بىر ئاز كىچىك، تۈزرەك ياكى سەل كالتەككىنە بولۇپ، دىنارىد ئىرقىنىڭ قىر بۇرنىغا ياكى ئەرمەندلەرنىڭ ئىنچىكە قىر بۇرنىغا ئوخشىمايدۇ. پاناقلار ۋە بۇرۇن قاناتلىرى قېلىن ۋە كېرىمەكلەر ئاز ئۇچرايدۇ. قاش كېمىرىنى تەشكىل قىلغان سۆڭەكلىرى ماسلاشقان. كۆزچانىقى تارراق ۋە سەل كىچىكرەك بولۇپ، موڭغۇلوئىدلەرنىڭ قاپاقلىرىدەك قاتسىز ئەمەس؛ كۆزنىڭ ئىچ چانىقى تاش چانىقىغا ماس ھالدا ئىچكىرىرەك (كۆزى سەل چوڭقۇرراق)، ئومۇمەن كىچىكرەك قارا كۆز ۋە قوي كۆز بولۇپ، ئويناق، چاقناق كېلىدۇ (بۇ، ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ). ياڭاق (زاڭاق) سۆڭىكى ياپياڭ ئەمەس، ئىڭەكلىرىمۇ ئۇچلۇق ئەمەس. يۈزىدىكى بۇرۇن ـ لەۋ سىزىقى تىرەنرەك (*Sulcusnasolagialis*). ئاغزى كىچىكرەك، لەۋلىرى قېلىن ئەمەس، تارراق ۋە تەكشى (يەنى دولداي كالپۇك ئەمەس). قۇلاقلىرى كىچىك ۋە پېتىق (سالپاڭ ياكى دولداي قۇلاق ئەمەس). چېنى (ئۈستىنكى تەن) كىچىك، ئەمما قۇۋۋەتلىك، دىنارىد ئىرقىنىڭكىدەك ئېگىز ـ سوزۇنچاق ئەمەس، پاچاقلىرى شادا پاچاقمۇ ئەمەس، دىغماقمۇ ئەمەس. بەدەندىكى تۈكلەر قىسقىراق بولۇپ، ياۋروپىدلارنىڭكىگە يېقىنراق كېلىدۇ، لېكىن ھەددىدىن تاشقىرى قويۇق ئەمەس. چاچلىرى قېنىق قوڭۇر ۋە قارا ھەم قويۇقراق؛ بۇرۇت ـ ساقاللىرى قارا ۋە ئوتتۇرىچە سىيرەكرەك كېلىدۇ، بومبا ساقال ياكى چاڭگا ساقاللار كۆپ ئەمەس. تۇراندلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان خەلق ئۇيغۇرلاردۇر. ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ تارالغان ئورۇنلىرى ناھايىتى كەڭ ۋە بىر قانچە زونىلارغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىرقىي خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئۆزگىچە ۋە مۇرەككەپرەكتۇر.

تۇراندلارنىڭ ئانا يۇرتلىرى قەدىمكى ئىندۇ ـ گېرمانلارنىڭ ئانا يۇرتلىرىنىڭ نېرىسى (ئېنىقراقى شەرقىدە ۋە شىمالىدا) بولۇپ، ياۋروپىدلار بىلەن قوشنا ھەم قېتىش ـ قوراش ياشىغانلىقى ئۈچۈن، تۇراندلاردا بۇرۇنقى تۈركلۈك سوتسىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەر بىلەن بىللە ئىندۇ ـ گېرمانلىق سوتسىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرمۇ بار. لېكىن ئۇلارنىڭ گىنىتىك باغلىنىشلىرى توغرىسىدا كەسكىن ھۆكۈم قىلىش تەس.

مەلۇم زونىدا رەڭمۇرەڭ ئىرقىي خۇسۇسىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئۇچرايدۇ. ھېچقانداق تۈپتىن ئۆزگەرمەس ئىرقىي ئالاھىدىلىك بولمايدۇ. ئېرقىي ئالاھىدىلىك تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ساپ ئىرقمۇ مەۋجۇت ئەمەس؛ ئىرقلارنى پەس ئىرق ۋە ئېسىل ئىرق دەپ ئايرىش ئۇچىغا چىققان سەپسەتىدۇر. بەدەن ـ جىسمانىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەر داۋامىدا تەبىئىي مۇھىت، ئارىلاش نىكاھلىنىش ۋە باشقا تەبىئىي ـ ئىجتىمائىي شارائىتلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئىرقىي ئالاھىدىلىك بىلەن فىزىئولوگىيىلىك ھالەت، مېڭىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە تۈزۈلمىسى، نېرۋا سىستېمىسى ۋە يۇقىرى مەنىۋى پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئورتاقچىلىقى يوق. ئىرقىي ئالاھىدىلىك ئادەملەرنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ھېچقانداق رول ئوينىمايدۇ.

ئالاھىدە كۆرسىتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە بار، يەنى ئىرق بىلەن قەۋم (مىللەت) بىر ئۇقۇمدا بولمىغىنىدەك، ئىرق بىلەن تىل ئۇقۇملىرىمۇ بىر ـ بىرىگە باغلىق بولمايدۇ. ھەر خىل ئىرققا مەنسۇپ بولغان قەۋملەر بىر خىل تىلدا سۆزلىشىشى، بىر ئىرققا مەنسۇپ قەۋملەر بىر نەچچە خىل تىلدا سۆزلىشىشى مۇمكىن. تىل تۇغقانچىلىقى ئىرق تۇغقانچىلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ھازىرقى تىل سىستېمىلىرىمۇ ئىرقىي مۇناسىۋەتلەرگە قاراپ ئەمەس، بەلكى تىللارنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ۋە تاشقى قانۇنىيەتلىرىگە قاراپ بۆلۈنگەن. تىل بىلەن تەپەككۇر ئۇزاق قەدىمكى دەۋردە پەيدا بولغان. ماركس: «تىل مەلۇم بىر كوللېكتىپنىڭ مەھسۇلى» دېگەن. شۇڭا، تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدە

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇنلىغان دەۋرلەر داۋامىدا يارىتىلغان. ھەر دىنلا پەيدا بولغان ياكى ھەر دىنلا يوقايدىغان تىل يوق.

ئىنسانلار ئۆزلىرى قورال ياسىيالايدىغان بولغىلى 3 مىليون يىلدىن ئاشتى. ئەمما، بۇ 3 مىليون يىلدىن 2 مىليون 990 مىڭ يىلىنى ئۆۋچىلىق تۇرمۇشى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئىنسانلار قەدىمكى ئادەملەر ۋە يېڭى ياكى زامانىۋى ئادەملەر دېگەن ئىككى چوڭ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. ئىنسانلار كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىلا قەدىمكى ئادەملەر باسقۇچىغا ئۆتكەن. ئارخېئولوگلار قەدىمكى ئادەملەر (پولېئونتروپ) دەۋرىنى موئۇستېر دەۋرى، قەدىمكى ئادەملەر ياراتقان مەدەنىيەتنى موئۇستېر مەدەنىيىتى دەپ ئاتىغان. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزلىرىنىمۇ تەتقىقاتچىلار «موئۇستېر مەدەنىيىتى» تىپىدىكى مەدەنىيەت دەپ ھېسابلىغاچقا، كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا تەئەللۇق مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپلا «موئۇستېر مەدەنىيىتى» دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغان. مەملىكىتىمىزدە مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدىغان مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن «خېتاۋ مەدەنىيىتى»، «دىڭسۇڭ مەدەنىيىتى»، پامىر ئېتىكىدىكى جىرغال مەدەنىيەت ئىزى، تەڭرىتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىدىكى بوغاز دەرياسى بويىدىن تېپىلغان «ئاتۇش ئادىمى» - ئەنە شۇ «موئۇستېر مەدەنىيىتى» تىپىگە كىرىدىغان مەدەنىيەت ئىزلىرىدۇر. موئۇستېر مەدەنىيىتى دەۋرى بۈگۈندىن 200 - 100 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى ئادەملەر دەۋرى مۇز ئېقىنىنىڭ باشلانغان دەۋرى بولۇپ، يەر يۈزىدە ھاۋارايى سوۋۇشقا باشلىغان. قەدىمكى ئادەملەر ئۇزاققىچە غارلاردا ياشاپ، نىسپىي ھالدا تۇراقلىق ھاياتقا كۆچكەن. پېتىراپ يۈرگەن توپلار تۇراقلىقراق گۇرۇھلارغا ئايرىلغان. مۇشۇ دەۋردە ئوتنى ئىلىگدىگەن، ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىمۇ زورايغان. مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ، ئىنسانلار گۇرۇھىدا قارا - قويۇق جۈپلىشىش مەلۇم دەرىجىدە چەكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى بىخلانغان.

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، مۇز - ئېقىنلار بارا - بارا تارتىلىپ، ھاۋارايى ئىللىشقا باشلىغان. ئىنسانلار غارلاردىلا ئەمەس، تۈزلەڭلەردىمۇ ياشاپ ياكى باشقا جايلارغا كۆچۈپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى كېڭەيگەن. مۇز - ئېقىنلارنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىمىغان رايونلار، مەسىلەن، شىمالىي ئافرىقا، پەلەستىن، ئىراق، كىچىك ئاسىيا، كاۋكاز، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن ئالتاي، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە تورۇمساي (تەكلىماكان) بويلىرى قاتارلىق رايونلاردا ئىنسانلار چېدىر تىكىپ ياكى ئاددىي ئۆيلەر ياساپ، تۇراقسىز ئۆۋچىلىق، يىغىمچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن.

ئاندىن ئىنسانلار «يېڭى ئادەملەر» ياكى «ئەقىللىق ئادەملەر» باسقۇچىغا ئۆتكەن. «يېڭى ئادەملەر» گېئوخرونىكا بويىچە، يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى ئىنسانلاردىن تارتىپ، ھازىرقى زامانغىچە بولغان ئىنسانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋرگە ئائىت ئىنسانلارنىڭ تاش قاتمىلىرىنى ئارخېئولوگلار تېپىلغان جاينىڭ نامى بويىچە «كرو - ماگنون ئادەملىرى» دەپ ئاتىغان. كرو - ماگنون ئادەملىرى تاش قوراللارنى ۋە سۆڭەك قوراللارنى سىپتا ئىشلىيەلەيدىغان، رەسىم سىزىشقا، ئويمىكارلىققا ۋە سەنئەتكە قىزىقىدىغان بولغان. تولىراق دەريا - ۋادا بويلىرىدا ياشاپ بېلىقچىلىق، ئۆۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئارخېئولوگلار كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تېپىندىلار (ئاساسەن ياۋروپادا تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار) غا تايىنىپ، بۇ باسقۇچقا ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەتنى «ئورىنياك مەدەنىيىتى»، «سولىيۇترې مەدەنىيىتى» ۋە «ماگدالىن مەدەنىيىتى» دېگەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن. ئالىملارنىڭ پىكرىچە، ئورىنياك مەدەنىيىتى موئۇستېر مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاسىتە تەرەققىياتىدۇر. بۇ دەۋردە، خىلمۇ خىل، ئەپچىل ئويمىكارلىق قوراللىرى پەيدا بولغان. سولىيۇترې دەۋرىدە، تاش قوراللارنى ئىشلەش تېخنىكىسى بالدۇرقىدىن تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ماگدالىن دەۋرىدە بولسا، سۆڭەك ۋە مۈڭگۈزلەردىن ئىشلەنگەن قوراللار ئىلگىرىكىدىن كۆپەيگەن ۋە تېخىمۇ سىپتىلەشكەن.

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ياكى «يېڭى ئادەملەر» باسقۇچىدا، ئىپتىدائىي گۇرۇھلار ئۇرۇقلارغا ئايلانغان. ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى (كوممۇنىسى) جەمئىيەتنىڭ تۈپ بىرلىكى بولۇپ قالغان. ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى قويۇقلاشتۇرغان. ئۇرۇقلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۇرۇقلار ئارا قۇدىلىشىش بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدار.

بۇ باسقۇچتا، ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەممە قىتئەلەرگە دېگۈدەك قەدىمى يەتكەن. بۈگۈندىن 20 مىڭ يىل ئىلگىرى (سولىيۇترې - ماگدالىن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا) ھەتتا سىبىرىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسىملىرىدا ئىنسانلار

www.uyghurkitap.com

ياشىغان. ھەتتا ئىنسانلار مۇز تۇتۇپ كەتكەن برىنگوف بوغۇزى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىگە بارغان.

كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ئادەتتە ئوقيانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئايرىلىدۇ. ياۋروپادا بولسا، بۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى» ئازىل ـ تاردىن» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇ باسقۇچتا، سىپتە تاش قوراللار ئومۇملاشقان. شۇڭا، ئوتتۇرا تاش قورالىلار مەدەنىيىتى سىپتە تاش قورال مەدەنىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇڭگودا سىپتە تاش قورالىلار چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمى (ئاڭئاڭ جىلغىسىدىن تېپىلغان ئىز ۋەكىللىك قىلىدۇ) دا، غەربىي شىمالدا ئاساسەن شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە كۆپلەپ تېپىلدى. مەسىلەن، ئالتاي تەۋەسىدە كېمىرشىك، تامغىلىق تاش ئىزلىرى، تەڭرىتاغ بويلىرىدا، قۇمۇل (ئارا تۈرك، بارىكۆل، يەتتە قۇدۇق)، تۇرپان (پىچان، توقسۇن)، ئۈرۈمچى (توپئاتار يەنى بوغدا، ئۈلانباي، مورى، گۇچۇڭ، قۇتۇبى)، ئىلى (غۇلجا، نىلقا، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، چاپچال)، قارا شەھەر ـ خوتۇنسۇمۇل (قارا مۇدۇن، چوقۇ، تاشىدەڭ، چۇمباغ)، تارىم بويلىرىدا (لوپنۇر، چەرچەن، خوتەن ـ گۇما، ئاقسۇ ـ كۇچا، پامىر ـ ئوپال) سىپتە تاش قوراللار، شۇنىڭدەك ساپال بۇيۇملار كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ تېپىندىلەرنىڭ ئىشلىنىش ئۇسۇللىرى، شەكىللىرىنى تەھلىل قىلغاندا، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قاراسۇق، تاغار يادىكارلىقلىرىغا، شۇنىڭدەك گەنسۇ ـ چىڭخەيلەردىكى ياڭشاۋ، شاجىڭ مەدەنىيەتلىرىگە، پەرغانە ۋادىسىدىن تېپىلغان چۇست يادىكارلىقلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ رايونلاردا سىپتە تاش قوراللار ۋە ساپال بۇيۇملار بىلەن بىللە نۇرغۇنلىغان برونزا ـ مىس قوراللار تېپىلغانلىقى، بۇ رايونلاردا ياشىغان ئاھالىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىكى ئوخشاشلىق بۇ كەڭ زونىلاردا مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېقىن مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ دەۋردە، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى چوڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن: يىغىمچىلىقتىن ئىپتىدائىي دېھقانچىلىققا ئۆتكەن، ئوۋچىلىقمۇ بارا ـ بارا ئىپتىدائىي چارۋىچىلىققا ئۆتكەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000 ـ يىللاردىن كېيىن، دېھقانچىلىق جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي شىمالدا، ياۋروپادا بولسا 3000 ـ يىللاردا ۋە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنرەك تەرەققىي قىلغان. قۇمۇل بالاللىق (شېرىنزى) دىن تېپىلغان ۋە

بۇنىڭدىن 6000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ ھېسابلانغان كومزەك بۇغداي، شۇنىڭدەك چەرچەن ـ نىيىلەردىن تېپىلغان تېرىق بۇ جايلاردا ياشىغان ئاھالىنىڭ دېھقانچىلىق باسقۇچىدا ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ دەۋردە، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدا، جۈملىدىن يارىش (جۇڭغارىيە) يازىقىدا، ياۋروپانىڭ شەرقىي قىسمىدا كالا ئۆگىتىلگەن، يەنە شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادا ئات ئەڭ ئاۋۋال كۆندۈرۈلگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن ئاتلىق چوپان مەدەنىيىتى يارىتىلغان. ئىپتىدائىي ئورمانچىلىق پەيدا بولغان.

بۇ دەۋردە، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى گۈللىنىپ، ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئورتاق تۇرالغۇسى ۋە ئورتاق زېمىنلىرى بولغان. ئۇرۇق ئاھالىسىنىڭ نوپۇسى كۆپەيگەندىن كېيىن، ئانا جەمەت ئۇرۇقىدىن بالا ئۇرۇق ئايرىلىپ چىققان. بۇلار بىرلىشىپ قېرىنداش ئۇرۇقنى تەشكىل قىلغان. تۇغقانچىلىقى بولغان بىر قانچە قېرىنداش ئۇرۇقلار بىرلىشىپ قەبىلىنى تەشكىل قىلغان. قەبىلە مەلۇم زېمىنگە ۋە ئالاھىدە نامغا ئىگە بولغان. شۇنىڭدەك بىر خىل تىل ۋە دىنىي ئۇقۇم بىلەن بىر ـ بىرىگە باغلانغان.

يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، جۈملىدىن مېتال قوراللارنى ئىشلىتىشكە كۆچكەندە، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئانىلىق تۈزۈمىدىن ئاتىلىق تۈزۈمگە ئۆتكەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا، ئىنسانلار تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يەنە بىر بالداق يۇكسەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق نىگىزلىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تارماققا ئايلانغان. لېكىن جۇغراپىيىلىك شارائىتلار پەرقلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن قەبىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشلىرى ئىككى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان: بىر يۆنىلىش بويىچە ناھايىتى نۇرغۇن چارۋا مالغا ئىگە بولغان چارۋىچى قەبىلىلەر شەكىللەنگەن، بۇنداق قەبىلىلەردە دېھقانچىلىق كەمرەك تەرەققىي قىلغان. يەنە بىر يۆنىلىش بويىچە، سۇغىرىش ئاساسىدا زىرائەت تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەر شەكىللەنگەن. مۇنداق قەبىلىلەردە چارۋىچىلىق ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىقتىسادىي پائالىيەت بولغان.

ئاسىيانىڭ شەرقى ۋە غەربىدە ـ يېشىل ئۆگۈر (خۇاڭخې) نىڭ شىمالى ۋە ئوردوس، كۆكنۇر، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە ئالتاي بويلىرى، ماۋەرە ـ ئۇننەھر (ئامۇ بىلەن سىر دەريا ئارىلىقى)، دەجلى ـ فرات دەريالىرى، ھىند ـ گانگا دەريالىرى، دون

ۋە دنىپىر دەريالىرىدىكى كەڭ زونىلاردا ناھايىتى گويدان يايلاقلار بار ئىدى. بۇ جايلاردا ياشىغان قەبىلىلەردە چارۋىچىلىق بەك تەرەققىي قىلغان. سىبىرىيىدە خاكاس - مىنۇسىنسكىي ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار چارۋىچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قاراسۇق مەدەنىيىتى كۆچمەن چارۋىچىلىقتا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاندرونوۋو مەدەنىيىتى ئاماچلاپ تېرىلىدىغان دېھقانچىلىق بىلەن ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىقنىڭ بىرلەشكەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، ئادەملەر غارلاردا، سۇنئىي ياسالغان كېمىرلەردە، كەپە - كۇلبىلەردە، بەزى جايلاردا ياغاچ، توپا ۋە تاش بىلەن ياسالغان مۇرەككەپرەك بىنالاردا ياشىغان. تورالغۇ شەكىللىرى كۆپىنچە جۇغراپىيىلىك شارائىتلارغا باغلىق بولغان. ئوتتۇرا شەرقتە، مېسوپوتامىيە (بابىل - ئاسورىيە)، مىسىر ۋە يۇنانلاردا كۆپىنچە تاش قۇرۇلمىلىق بىنالار، شەرقتە ياغاچ - توپا قۇرۇلمىلىق بىنالار تەرەققىي قىلغان. بارا - بارا قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش كۆپەيگەندىن كېيىن، قوغدىنىش ئېھتىياجى بىلەن سۇ ئۈستى بىنالىرى، كىچىك قورغانلارنى ياساش ئەۋج ئالغان. تەبىئىي توسۇقلىرى بار يار - قىيالارنىڭ چوققايغان يەرلىرىگە قورغان ياساش، تەبىئىي توسۇقلىرى بولمىغان يەرلەردە سۇنئىي توسۇقلار ياساش (خەندەك قېزىش ياكى سېپىل سوقۇش) كۆپەيگەن.

### 3. چۈشەنچە

**كونا تاش قورال دەۋرى - پالېئولىت دەۋرى**

بۇ، گرېكچە *Paleos* (كونا، قەدىمكى) ۋە *Litos* (تاش) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان ئاتالغۇ. بۇ دەۋر يەنە ئالدىنقى (دەسلەپكى)، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى (ئاخىرقى) دېگەن ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىغا بۆلۈنگەن.

**يېڭى تاش قورال دەۋرى - نېئولىت دەۋرى**

بۇ، گرېكچە *neos* (يېڭى) ۋە *litos* (تاش) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان ئاتالغۇ.

**سېپتە تاش قورال دەۋرى**

كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئۆتۈشتىكى ئارىلىق باسقۇچ.

**يېڭىلىنىش دەۋرى**

گېئولوگىيىلىك دەۋرلەرنىڭ ئاخىرقىسى - كاينو زونىنىڭ كېيىنكى يېرىمى بولغان تۆتىنچى ئېرانىڭ دەسلەپكى باسقۇچى. بۇ دەۋردىكى جاندارلار (ئورگانىزملار) نىڭ قىياپەتلىرى يېڭىلىنىپ، 95% تىن كۆپرەكى ھازىرقىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

**تۆتىنچى ئېرا**

گېئوخرونىك تارىخنىڭ ئاخىرقى ئېراسى. ۋاقتى ئىلگىرىكى 600 مىڭ يىلدىن 1 مىليون يىلغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئېرانىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، يەر يۈزى (تولىراق يۇقىرى كەڭلىكتىكى توغرا كەلگەن رايونلار) نى مۇز قاپلىغان؛ گېئو - تىندۇرمىلاردىن ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن تۇغقانچىلىقى بولغان ئىنسان ئەجدادى («بېيجىڭ ئادىمى»، «نېئاندېرتال ئادىمى» ۋە باشقىلار) نىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەك پارچىلىرى ھەمدە تاش قورال دەۋرى (كونا تاش قورال دەۋرى) گە ئائىت كەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى تېپىلغان.

**«بېيجىڭ ئادىمى»**

مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ تاش قاتمىسى، «جۇڭگو مايمۇنسىمان ئادىمى» (*sinanthropus*) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، «ئۆرە يۈرەر مايمۇنسىمان ئادەم» (*pithecanthropus*) نىڭ خېلى تەرەققىي تاپقان ۋەكىلى. بېيجىڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 54 كىلومېتر نېرىسىدىكى جوكودىيەن كەنتىنىڭ لۇڭگۇشەن ئۆڭكۈرىدىن (1927 - 1937 - يىللىرى) تېپىلغان. بۇنىڭدىن 500 مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆڭكۈرلەردە ياشىغان ئىنسان ئەجدادلىرىدىن بىرى. «جۇڭگو مايمۇنسىمان ئادىمى» نىڭ باش قىسمى ۋە پۇتلىرىدا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان.

**«نېئاندېرتال ئادىمى»**

كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، «قەدىمكى ئادەم» باسقۇچىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ تاش قاتمىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. 1856 - يىلى گېرمانىيىنىڭ دۇسسېلدورف ۋىلايىتىدە، نېئاندېرت دەريا ۋادىسىغا يېقىن ئۆڭكۈردىن تېپىلغان قەدىمكى ئادەمنىڭ تاش قاتمىسى.

**قەدىمكى ئادەم**

«مايمۇنسىمان ئادەم» (*pithecanthropus*) بىلەن «يېڭى ئادەم» ئارىلىقىدىكى ئىنسان. بۇنىڭدىن 200 - 100 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان. گېئوخرونىكىدىكى «يېڭىلىنىش دەۋرى» گە توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچى - مۇئۇستېر دەۋرى (*Mousterian period*) گە تەئەللۇق. ئىنسانلارنىڭ مەزكۇر تەرەققىيات باسقۇچىنى نېئاندېرتال باسقۇچى دەپمۇ ئاتايدۇ. قەدىمكى ئادەمنىڭ تەن تۈزۈلۈشىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر شۇكى، مېڭە ھەجمى چوڭ، لېكىن مېڭىنىڭ تۈزۈلۈشىدە بىر مۇنچە ئىپتىدائىي خۇسۇسىيەتلەر ساقلانغان. قاش سىرتلىقى راۋاج تاپقان؛ ماڭلىيى يانتۇراق، پاتتىڭى بۆرتۈپ چىققان، يۈزى ئۇزۇن، كۆز چانقى تۆرۈك - يوغان ۋە ئىككى كۆز ئارىلىقى كەڭ. بۇرنى پاناق، ئىككى قانىتى كېرىمەك. بۇ ھالەتلەر ئادەمسىمان مايمۇندىن خېلى يۇقىرى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ئادەم باسقۇچىغا ئائىت تاش

قاتمىلار ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىدە كۆپلەپ تېپىلغان. ئانتروپولوگلار قەدىمكى ئادەملەرنى بىر قانچە تۈرگە بۆلگەن. 1. نېئاندېرتال ئادىمى - ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئاسىيانىڭ كۆپ جايلىرىغا تارقالغان. جۇڭگودا تېپىلغانلىرى: گۇاڭدۇڭدىن مابا ئادىمى، شەنشىدىن دىڭسۇڭ ئادىمى، ئىچكى موڭغۇلدىن خېتاۋ ئادىمى، خۇبېيدىن چاڭياڭ ئادىمى. ئۆزبېكىستان، قىرىم، كاۋكاز ۋە لىتۋېيىلەردىنمۇ كېيىنى - كەينىدىن تېپىلغان. 2. زىمبابۋېۋى ئادىمى (بالدۇر «رودېسىيە ئادىمى» دەپ ئاتالغان) - ئافرىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تارقالغان. 3. سولو ئادىمى («ئاندون ئادىمى» دەپمۇ ئاتالغان) - ھىندونېزىيىنىڭ ياۋاي ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى سولو (solo) دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىدىن تېپىلغان. 4. قەمەر ئادىمى - پەلەستىننىڭ قەمەر تېغىدىكى ئەت - تابىن ۋە ئەس - سىفۇر ئۆڭكۈرلىرىدىن تېپىلغان.

### «يېڭى ئادەم»

يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا ئائىت ئىنساننىڭ تاش قاتمىسى. «يېڭى ئادەم» (*Neoanthropus*) «ئەقىللىق ئادەم» (*Homosapicus*) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «يېڭى ئادەم» بولسا «كرو - ماگنون ئادىمى» دىن تارتىپ ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 100 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان. يېڭى ئادەمنىڭ مۇكەممەل تاش قاتمىسى 1868 - يىلى ئاۋۋال فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كرو - ماگنون (*cro — Magnon*) تېغىدىكى ئۆڭكۈردىن تېپىلغان. شۇڭا ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇ باسقۇچى كرو - ماگنون ئادىمى باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ئۆزۈنچاق، ماڭلىيى ئۆرە، قاش سىرتلىقى تەكشىرەك (ئېگىز ئەمەس)، يۈزى كەڭ، كۆز چانىقى ئويراق ھەم قىسقىراق، بۇرنى تارراق. مېڭە ھەجمى چوڭ؛ بويى ئېگىز، پۇت - قوللىرىنىڭ ئىلىك بوشلۇقى يوغانراق. بۇ ئالامەتلەر ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭكىگە يېقىن كېلىدۇ. تاش ۋە سۆڭەك قوراللارنى نەپىس ئىشلىيەلەيدىغان، رەسىم سىزىش ۋە ئويمىكارلىق سەنئىتىگە قىزىقىدىغان بولغان.

### موئۇستېر مەدەنىيىتى

بۇ، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مەدەنىيەت (*Mousterian Cultur*). ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىزى فرانسىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋېزىل دەرياسىنىڭ بويىدا موئۇستېر دېگەن يەردىن تېپىلغان. موئۇستېر مەدەنىيىتى تىپىگە كىرىدىغان ئىزلاردىن جۇڭگودا: «خېتاۋ مەدەنىيىتى» - ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى يېكىجو ئايمىقى ئۇشىن قوسغۇسىدىكى سارى ئۇسۇ (سېرىق سۇ) دەرياسىنىڭ ئېقىنىدىكى گىرانتتىن قاتلىمىدىن (1922 - يىلى ۋە 1956 - يىلى) تېپىلغان ئىنسان سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى (بۇ «خېتاۋ ئادىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). دىڭسۇڭ مەدەنىيىتى - سەنشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدا، فېنخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى شاڭفېن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى دىڭسۇڭ كەنتىدىن (1954 - يىلى ۋە 1976 - يىلى) تېپىلغان ئىنسان سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى (بۇ دىڭسۇڭ ئادىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

### ئورىنياك مەدەنىيىتى

ئارخېئولوگلار ياۋروپادا تېپىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا دائىر مەدەنىيەتنى ئورىنياك مەدەنىيىتى (*Aurignacian Cultur*)، سولىيۇترې مەدەنىيىتى (*Soluteran Cultur*)، ماگدالېن مەدەنىيىتى (*Magdalean Cultur*) دېگەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن. ئورىنياك مەدەنىيىتى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئورىنياك (*Aurignac*) دېگەن يەردىكى ئۆڭكۈردىن (1868 - يىلى) تېپىلغان تاش قورال مەدەنىيىتىدۇر. بۇ باسقۇچتا، ھەر خىل يېڭى شەكىلدىكى كېسىش - يونۇش قوراللىرى (تاش پىچاق)، ئۇچلۇق قوراللار ۋە قىرىش - شۇلۇش قوراللىرى، بولۇپمۇ كىچىك - ئەپلىك ۋە كۆپ شەكىللىك ئويۇش قوراللىرى (ئۆي سىرتى شەكلىدە، قۇش تۇمشۇقى شەكلىدە) پەيدا بولغان. ئۆڭكۈر تاملىرىغا چېكىلگەن رەسىملەر، پىل چىشلىرىدىن ياسالغان ئايال ھەيكەللىرى، شۇنىڭدەك قۇلۇلە چاناقلىرى ۋە بېلىق ئومۇرتقىلىرىدىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلغان. فرانسىيە ئالىملىرى دەسلەپكى تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن، بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار كرو - ماگنون ئادەملىرى دەپ ئېنىقلىغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاتۇشنىڭ بوغاز دەرياسى قىرغىقىدىن (1981 - يىلى) قەدىمكى ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى تېپىلدى. بۇمۇ «ئورىنياك مەدەنىيىتى» تىپىگە كىرىدۇ.

### سولىيۇترې مەدەنىيىتى

ئاۋۋال فرانسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى لىئون (*Lyon*) شەھىرىنىڭ يېنىدا سولىيۇترې (*Solutre*) دېگەن يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى سولىيۇترې مەدەنىيىتى (*SoluteranCultur*) دەپ ئاتالغان. تىپىك تاش قوراللار دالچىن يوپۇرمىقى شەكلىدىكى چوڭ - كىچىك قوراللار بولۇپ، چېقىن تاش بىلەن ئىككى ياندىن كېسىش ئارقىلىق ياسالغان.

### ماگدالېن مەدەنىيىتى

فرانسىيىنىڭ ماگدالېنا (*Magdalena*) دېگەن يېرىدىن تېپىلغان تاش قوراللارغا ئاساسەن،

ماگدالېن مەدەنىيىتى (*Magdalena Cultur*) دەپ ئاتالغان. كۆپرەك ئۆچرىغان تاش قوراللار قىرىش - يونۇش قوراللىرى، ئويمىكارلىق قوراللىرى، بىگىز ۋە تاش ياپراقلار؛ سۆڭەك - مۆڭگۈزلەردىن ئىشلەش تېخنىكىسى يۇكسەلگەن. شۇنىڭدەك نەيزە قاتارلىق قوراللار ئىشلەنگەن. رەسساملىق ۋە ئويمىكارلىق راۋاجلانغان.

**مارتا مەدەنىيىتى**

سىبىرىيىدە ئىركۇتسكىيغا يېقىن مارتا دېگەن يەردىن كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئۆڭكۈر - كېمىرلەر تېپىلغان. بۇ ئۆڭكۈر - كېمىرلەرنىڭ ئۆگزىلىرى گويا بادرا ۋە شاخ - شۇمبىلار يېپىلىپ، ئۈستىگە هايۋان تېرىلىرى سېلىنغان ۋە قوۋزاق - توپا ياتقۇزۇلغاندەك. بۇنداق ئۆڭكۈر - كېمىرلەر تۇرالغولۇق هاياتنىڭ بىخلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**ياڭشياۋ مەدەنىيىتى**

بۇ، جۇڭگودىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەتلەردىن بىر خىلى. خېنەننىڭ يىچىشى دېگەن يېرىدىكى ياڭشياۋ كەنتىدىن (1921 - يىلى) بايقالغان. يېشىل ئۆگۈر (خۇاڭخې) نىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ۋادىسىدىن ئاساسەن سۈركەپ ئىشلەنگەن تاش قوراللار (كۆپىنچە پىچاق، پالتا، كەكە، سومبە) ۋە نەپىس ئىشلەنگەن سۆڭەك قوراللار كۆپ تېپىلغان. دائىمىي ئىشلىتىلىدىغان ساپال قاچىلار ئاساسەن سىلىق ئىشلەنگەن قىزىل ساپال ۋە قوم ئارىلاشتۇرۇلغان قوڭۇر ساپالدىن ئىبارەت. سىلىق قىزىل ساپاللارغا گېئومېترىك نەقىشلەر ياكى هايۋانات شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ دەۋردىكى ئىقتىسادىي هاياتتا دېهقانچىلىق ئاساس، بېلىقچىلىق - ئوۋچىلىق قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە كىرگەن. بۇ يەردىكى تېپىندىلار كۆپىنچە رەڭلىك ساپال بولغىنى ئۈچۈن، ساپال مەدەنىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000 - 3000 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

**ماجياخۇمدىنى مەدەنىيىتى**

بۇ، جۇڭگودىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا مەنسۇپ مەدەنىيەتلەردىن بىر خىلى. گەنسۇنىڭ لىڭتاۋ ناهىيىسىدىكى ماجيا خۇمدىنىدىن (1923 - يىلى) تېپىلغان. بۇ مەدەنىيەت ئىزى گەنسۇنىڭ تاۋخې، داشيا دەريالىرى ۋە چىڭخەينىڭ خۇاڭشۇي دەرياسى ۋادىلىرىغا تارقالغان. ئىشلەپچىقىرىشتا دېهقانچىلىق ئاساسىي ئورۇن تۇتقان. تاش قوراللار ۋە سۆڭەك قوراللار، ساپال قوراللار ئىشلىتىلگەن؛ ساپالغا قارا نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. نەقىش نۇسخىلىرى ياڭشياۋ مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ رەڭلىك ساپاللارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرى 3000 - 2000 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ؛ بۇ مەدەنىيەتمۇ «گەنسۇدىكى ياڭشياۋ مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغانىدى.

**ئاندرونوۋو مەدەنىيىتى**

بۇ، سىبىرىيىدە كراسنو يارسكىي كرايىنىڭ ئاكىنىسكىي رايونىنىڭ جەنۇبى (شەرقىي مېرىدىئان 90 گرادۇس يېنىدا، شىمالىي پاراللېل 55 - 56 گرادۇس ئارىلىق) دا تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى. 1914 - يىلى بۇ جايدىن برونزا مەدەنىيىتى تېپىلغان. بۇ مەدەنىيەت شۇ يەرگە يېقىن كېلىدىغان يەنسەي دەرياسىدىن تارتىپ غەربكە قاراپ ئۇرالغىچە يېيىلغان.

**قاراسۇق مەدەنىيىتى**

بۇ، سىبىرىيىنىڭ غەربىي جەنۇبى (شەرقىي مېرىدىئان 77 - 82 گرادۇس، شىمالىي پاراللېل 53 - 55 گرادۇس ئارىلىق ) دا تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى. قاراسۇق شۇ جايدىكى دەريانىڭ نامى، بۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى شەهەرمۇ قاراسۇق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەريانىڭ ۋادىسىدىن تېپىلغان برونزا مەدەنىيىتى يەنسەيدىن تارتىپ غەربكە قاراپ ئالتاي ۋە قاراغاندا رايونلىرىغىچە يېيىلغان.

**تاغار مەدەنىيىتى**

بۇ، سىبىرىيىدە مىنۇسىنسكىي رايونىغا يېقىن تاغار ئارىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى، بۇ ئىز تېپىلغان يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەدەنىيەت. يەنى دەسلەپكى تۆمۈر دەۋرى مەدەنىيىتى هېسابلىنىدۇ. ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا سۇغىرىپ تېرىلىدىغان دېهقانچىلىق ئاساسىي ئورۇن تۇتقان، بەزى جايلىرىدا چارۋىچىلىق ئاساسىي ئىگىلىك ۋاستىسى بولغان. ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8 - 2 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت تىپى جەهەتتىن «سكىف مەدەنىيىتى» (ساكا - تىگرا مەدەنىيىتى) گە ئوخشاپ كېتىدۇ.

## I باب. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى ۋە ياشىغان ماكانلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىنى ۋە ئۇسۇش، مۇناسىۋەتلىشىپ - سىڭىشىش هەم ئاۋۇش - غولداش نەتىجىسىدە ئۇيۇشقان ئېتنىك تەركىبلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلەرگە، تارىخىي - يازما مەنبەلەرگە، هەم تارىخىي - سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا بىنائەن

www.uyghurkitap.com

ئىككى بۆلەككە، يەنى تەڭرىتاغنى مەركەز قىلغان هالدا شىمالىي بۆلەك، جەنۇبىي بۆلەك دەپ ئايرىش مۇمكىن. شىمالىي بۆلەككە كىرىدىغان قەدىمكى قەۋملەر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا، بايقالدىن تاكى كاسپىيغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا ياشىغان قەۋملەردۇر؛ جەنۇبىي بۆلەككە كىرىدىغان قەدىمكى قەۋملەر تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىدا، تارىم بويلىرىدا، كۆكنۇردىن كۆكئارت - قارا قۇرۇمغىچە بولغان ئاسىيانىڭ كىندىك زونىسىدا ياشىغان قەۋملەردۇر. بۇ ئىككى بۆلەككە كىرگەن قەدىمكى قەۋملەردىن بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە تېگى - تەكتىنى تەشكىل قىلسا، بەزىلىرى ۋاسىتىلىك تېگى - تەكتى هېسابلىنىدۇ. مۇنداق كەڭرى زېمىندا ئارىلاش - قوراش ياشاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى تەشكىل قىلغان ئەلۋان - تۈرلۈك ئۇرۇق - قەبىلە، ئۇلۇس - ئىلەتلەر هەر زامان، هەر ماكاندا، ئۆزلىرى قويغان ۋە قوشنىلىرى ياكى سالنامىچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان خىلمۇ خىل ناملار بىلەن ئاتالغان. گاهىدا بىر ئۇلۇس - قەۋمنىڭ نامى بىر قانچە خىل ئاتىلىپ قالغان.

قەدىمكى زامانلاردا «قەبىلىنىڭ نامى كۆپىنچە تاسادىپىي پەيدا بولغان، ئاڭلىق تاللاپ قويۇلمىغانىدى. قەبىلىنىڭ ئۆزى ئۆزىگە بەرگەن نامى باشقىچە بولغان هالدا، قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن مەزكۇر قەبىلىگە بېرىلگەن نام بارا - بارا شۇ قەبىلىنىڭ دائىمىي نامى بولۇپ قالاتتى. بۇنداق هادىسىلەر كۆپ بولۇپ تۇراتتى» (ف. ئېنگېلس).

## 1. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئېتنىك تەركىبلەر

### A. دى - دىلى - دىڭلىن

تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي ئېتنىك قەۋملىرى قەدىمكى زامانلاردا «قىزىل دى»، «دى»، «دىلى»، «گاۋجۇ - دىڭلىن» دېگەن ناملار بىلەن قەيت قىلىنغان. بۇ ناملار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ياكى غەرب سالنامىچىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان ناملار ياكى ئۆز ناملىرىنىڭ قىسقارتىلمىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

بەزى تارىخىي كىتابلاردا، شاڭ دەۋرىنىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 18 - 11 - ئەسىرلەر) دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا «دەنلۆ» دېگەن نام قەيت قىلىنغان. كېيىن بۇ نام «دىيەنلىيەن» دەپمۇ يېزىلغان. يەن دەۋرىدە ياشىغان ئەدىب ياللۇغ جۇرنىڭ ئىزاهلىشىچە، «دىيەنلىيەن» - «دىڭلىن» نىڭ ئوقۇلۇشى بولۇپ، «دىلى» بىلەن ئاهاڭداش ئىكەن. دېمەك، «دىلى» قىسقارتىلىپ «دى» دەپ ئاتالغان؛ «دىڭلىن» بولسا «دىلى» دىن كېلىپ چىققان.

«ئۇ زامانلاردا چىن، جىن بەگلىكلىرى چېگرا مەملىكەتلىرى ئىدى. جىن بېگى ۋېنگوڭنىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 636 - 625 - يىللار) ۋاقتىدا، رۇڭ - دىلار غەربىي دەريا بويى بىلەن لو ئارىلىقىدا ماكانلاشقان، بۇلار قىزىل دى، ئاق دى دەپ ئاتالغان».

دىلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ («جۇنچيۇ ئۈچ تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە) ئاساسەن ئۈچ خىلغا بۆلۈنگەن. بىرى - قىزىل دىلار، بىرى - ئاق دىلار، يەنە بىرى - ئاۋام دىلار. «قىزىل دى» دېيىلگەنلەر موڭغۇل ئوتلاقلىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان دىلارنى، «ئاق دى» دېيىلگەنلەر ئوتلاقنىڭ شەرقىگە جايلاشقان دىلارنى كۆرسىتىدۇ كېرەك. ئاق دىلار ئاساسەن هازىرقى شەنشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېگىز تۈزلەڭلىكتە هەم جىن بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان. سەنشى، خېبېيلەرنىڭ شىمال، شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىمۇ هەر خىل رۇڭ - دىلار ياشىغان. بۇلار ئاق دى ۋە قىزىل دىلارنىڭ دائىرىسىگە كىرمەي («جۇنچيۇ» ۋە «نوم تەزكىرىلىرى» دە بايان قىلىنىشىچە) «ئاۋام دىلار» دەپ ئاتالغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 670 - 660 - يىللىرىدىكى هادىسىلەردە دىلارنىڭ چوڭ بىر بۆلۈكى «سۇبان» (ئېهتىمال «سۇپار / سۇۋار») دەپ ئاتالغان؛ يەنە بىر قىسمى «ليۇخۇ»، ئۈچىنچى بىر قىسمى «تۇك - سىن» دەپ ئاتالغان.

«لۇڭ (هازىرقى گەنسۇ) نىڭ غەربىي قىسمىدا ميەنجۇ، چۈەنرۇڭ، دەييۈەن رۇڭلىرى بار ئىدى. ئۇلار هەر قايسى جىلغىلارغا تارقالغان، ئۆز بەگلىرى بار. كۆپىنچە يىغىلغانلىرىدا ئۇرۇق - ئايماقلىرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ، لېكىن هالەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ».

خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ شىمالى ۋە يۇقىرى بويلىرىدا ياشىغان نۇرغۇن شىمالىي دى قەبىلىلىرىدىن بىر قىسمى كۆچمەنچىلىك هالىتىدە ياشىغان. چۇنچيۇ زامانىسىدا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 770 - 476 - يىللار) رۇڭ - دىلار ئارىلىشىپ ماكانلاشقان. بىر قىسمى چېدىرلىق ئايماقلار دېيىلگەن. بىر قىسمى كۆچمەنچىلىكتىن ئولتۇراقلاشقان. بەزىلىرى خۇددى خۇاشيالەردەك شەهەر - قورغانلاردا ياشىغان. شىمالىي دى قەبىلىلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرى ياشىغان ماكانلىرىغا قاراپ پەرقلىق بولغان. شىمالىي دىلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى خۇاشيانىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ تەسىرى بىلەن خېلى يۈكسەلگەن، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا شيانىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ شىمالىي دىلارنىڭ تەسىرى سىڭگەن.

شىمالىي دىلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداق يېزىلىدۇ: جىن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا (مىلادىدىن ئىلگىرى 7 -

ئەسىردە) لىن - خۇ - لۇفەن؛ يەن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا شەرقىي خۇ - تاغ رۇڭلىرى بار ئىدى؛ شۇ زامانىڭ ئادەملىرى مەزكۇر رۇڭلارنى «خۇ» دەپ ئاتىدى. جىن ۋە يەن بەگلىكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى شىمالدىكى قەۋملەرنىڭ نەسلىدىن ھېسابلىنىدۇ. بىر چاغلاردا ئاتىلىپ قالغان نام مىڭ يىللارغىچە داۋام قىلىۋەرگەن. شىمالىي دىلارنىڭ «خۇ» (غۇز) دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭدىن باشلانغان.

ئۈرۈشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8 - 5 - ئەسىرلەر) دە شىمالىي دىلار «لىن خۇ» ۋە «لۇفەن» دېگەنناملار بىلەن ئىككى ئۇلۇس گورۇھىنى تەشكىل قىلغان. بۇ چاغدىكى «لىن خۇ» لار خېتاۋ (خۇاڭخې قولتۇقى) دا، لۇفەن ئۇلۇسى جىن بەگلىكى (ھازىرقى سەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەگلىك) نىڭ غەربىدە ياشىغان. «لىن - خۇ» دېگەن نام ئۈرۈشقاق پادىشاھلىقلار ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەر خەت ئالاقىلىرىدا قىسقارتىپ ئاتىغان نامدۇر. ئەسلى نامى «دەنلىن» ياكى «دەنلەن» ئىدى. دېمەك «لىن خۇ» - «دەنلىن خۇ» لىرىنىڭ قىسقارتىلمىسى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «دى، دىلى، دەنلەن، دەنلۇ، دەنلىن» دېگەنناملار - مەلۇم قەۋملەر گورۇھىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى.

مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى دىڭلىنلار قەدىمكى زاماندىكى دىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى، دىلار (ياكى دىلىلار) قىزىل دىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى تارىخىي ماتېرىياللار ئىسپاتلايدۇ. بەزى تارىخچىلار «قىزىل دىلار سىبىر ئويمانلىقىدىن جەنۇبقا كەلگەن ئۇلۇس» دەپ قارايدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي يازما مەنبەلەرمۇ يىن - شاڭ دەۋرلىرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 14 - 11 - ئەسىرلەر) دە ۋە جۇنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 11 - 9 - ئەسىرلەر) دا شىمالدىكى ئورۇق - ئايماقلاردىن جەنۇبقا كەلگەنلىرىمۇ، خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىن يەنىمۇ شىمالغا كەتكەنلىرىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 12 - 7 - ئەسىرلەردە، مىس دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى زور تۈركۈم شىمالىي قەبىلىلەر شىمالغا سۈرۈلۈپ، جەنۇبىي سىبىرىيىگە كۆچكەن؛ شىمالىي دىلارمۇ جەنۇب تەرەپكە كۆچۈپ بىر قانچە بەگلىكنى قۇرغان. قىزىل، ئاق ۋە ئاۋام دىلار ئارىلاش - قوراش بولۇپ «توققۇز دى» دەپمۇ ئاتالغان.

دىلى ياكى دىڭلىنلار زامانلارنىڭ ئوتتۇشى بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنگەن. بۇلار ئىرقىي - جىنس جەھەتتىن نوقۇل بىر ئىرققا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. بالدۇر شىمالىي دىڭلىنلار (يەنى شەرقىي دىڭلىنلار) غا موڭغۇلوئىدلىق ئامىللار سىڭگەن بولسا، كۆپ جەھەتتىن ياۋرو پېئىد ھېسابلانغان غەربىي دىڭلىنلار بىلەن قوشۇلۇش نەتىجىسىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8 - 3 - ئەسىرلەردە، شەرقىي دىڭلىنلارنىڭ موڭغۇلوئىدلىق ئالامەتلىرى ئازلاپ، ياۋروپېئىدلىق ئالامەتلىرى كۆپەيگەن.

ھون ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە، دىڭلىنلار مەزكۇر ئىمپېرىيىگە قارام بەگلىك ئىدى. ھون قوشۇنلىرى تەركىبىدە دىڭلىن قوشۇنىمۇ بار ئىدى. غەربىي خەن دەۋرىدە، ھون ئىمپېرىيىسى تارىمنىڭ غەربىي جەنۇبىغا كېڭەيگەندە، 100 مىڭ كىشىلىك دىڭلىن قوشۇنى ئۇدۇن (خوتەن) تەرەپكە كېلىپ، شۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالغان. ھون ئىمپېرىيىسىدە دىڭلىنلار ئاساسىي ۋە كۈچلۈك بەگلىكلەردىن بىرى ئىدى. دىڭلىنلار نۇرغۇن ئورۇق - ئايماقلاردىن تەركىب تاپقان ۋە ناھايىتى كەڭرى زېمىنغا تارقالغان. ھەتتا دىڭلىن قەبىلىلىرى ھون قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن (ئوغۇز، ئونغۇز، ئوتىغۇز، سارۇغۇلار ئەسلىدە دىڭلىن قەبىلىلىرى ئىدى). مەسىلەن، بايقال - ئالتاي زونىلىرىدىن باشقا، قانغۇي (كاڭجۇ) نىڭ شىمالىدا، ئويسۇننىڭ غەربىدە ياشايدىغان دىڭلىنلار بار ئىدى (قانغۇي - ھازىرقى بالقاش كۆلى بىلەن ئارال كۆلى ئارىلىقىدىكى زېمىندا ئۆتكەن مەملىكەت؛ ئويسۇنە - ئىلى ۋادىسىنىڭ غەربىدە ۋە ئىسسىق كۆل بويىدا ياشىغان قەۋم).

**B. گاۋجۈي - دىڭلىن، تېلې**

مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى (جۇملىدىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى) ۋە موڭغۇل يايلىقىدىن ئىبارەت كەڭرى زېمىندا ياشىغان ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇپ، بالدۇر «دى»، «دىلى»، كېيىن «دىڭلىن» دەپ يازغان. مىلادىدىن كېيىن بۇ قەۋملەر «چىلى»، «سىلى»، «تېلې» دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، ئۈچ خانلىقتىن بىرى - ۋېي خانلىقى زامانىسى (مىلادى 220 - 265 - يىللىرى) دا گاۋجۈي - دىڭلىن دەپ ئاتالغان ئۇلۇس قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتالغان بولسا، بۇلارنى شىمالدىكى قەۋملەر سىلى دەپ، شىيا قەۋملىرى گاۋجۈي - دىڭلىن دەپ ئاتىغان. «ھارۋىلىرى يوغان ھەم ئېگىز، گۇگۇسۇنلىرى كۆپ بولغاچقا، «گاۋجۈي (ئېگىز ھارۋىلىقلار)» ياكى «ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىن» دەپ ئاتالغان. گاۋجۈيلەر ئەسلىدە: دى / تىك، ئۇيغۇر، قور / قورلۇق، قوبىق / قومىق، قۇزغۇر، ئىجكىن دېيىلگەن ئالتە

www.uyghurkitap.com

قەۋمدىن تەركىب تاپقان. كېيىن بۇلار غولداپ چىپارلۇ (ياپارلۇ) ، تۈرك، ئىگدەر، دالان، ياۋغار، دابغان، ئارۇم، مويۇن، ئىمۇر، بۆكدۇرا، قىرغۇي، يورىسۋار دېگەن 12 قەۋمگە يەتكەن. بۇ قەۋملەر ئۇزۇن زامانغىچە بىرلا ئۇلۇس تەركىبىدە تۇرۇۋەرمىگەن. تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ ياكى بۇ ئۇلۇس تەركىبىگە ئۆتۈپ تۇرغان. لېكىن بىر ئۇلۇستىكى ئەسلى قەۋملەر كۆپىنچە مۇقىمراق بولغان. گاۋجۇيلەر تەڭرىتاغ - ئالتاي ئارىلىقلىرىدىن كېچىپ، غەربكە - كۆكتارتتىن ھالقىپ پەرغانە ۋادىسىغىمۇ تارالغان. خەنزۇچىدا «يەندا» دېيىلگەن (ئەجەملەر «ئابدال» - كۆچكۈنلەر دەپ ئاتىغان، ياۋروپالىقلار «ئېفتا - لىت» دەپ ئاتىغان) مەملىكەت «گاۋجۇيلەرنىڭ باشقا نەسلىدىن بولۇپ، غەربىي دىياردا قانغۇي، ئۇدۇن، سۇغراق، ئارساك ۋە باشقا 30 نەچچە ئۇششاق مەملىكەت شۇنىڭغا قارايدۇ».

يارىش (جۇڭغارىيە) يازىقىدا قالغان گاۋجۇي قەبىلىلىرى كېيىن «تېلې» دېگەن نام بىلەن سەھنىگە چىققان. شىمالىي خانلىقلار تارىخى (جۇملىدىن «سۇينامە») دا قەيت قىلىنىشىچە، بۇ زاماندا «تېلې» دەپ ئاتالغان مۇرەككەپ ئۇلۇسقا («ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا گەۋدىسى بولغان ئۇلۇسقا») كىرگەن قەۋملەرنىڭ ناملىرى ۋە تارقالغان رايونلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

«تېلېلەر» توققۇز رايونغا تارقالغان 40 نەچچە قەبىلە ئىدى. شۇڭا تارىخنامىلەردە: «قەبىلە - ئايماقلىرى بەك كۆپ بولۇپ، غەربىي كۆلنىڭ بويىدىن باشلاپ، تاغ - ئېدىر، تۇزلەڭلەردە بىر - بىرىدىن ئۈزۈلمەي كەڭ تارقالغان» دەپ يېزىلغان.

شەرقتە بايقالنىڭ جەنۇبىدىن سانىغاندا، تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالى (ئورخۇن دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى بازىلىرى) دىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان زونىدا بۇغۇ، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرغۇ، ئىسكەر (ئىزگىل) ، قۇن، قورلۇغ - سىر، تۈرك، بۆكدۇرالار ياشىغان. بۇلار توققۇز تېلې دەپ ئاتالغان ۋە بۇلاردىن تولىسى ئالتاي ئەتراپىدا، ئىرتىش - ئۇلۇنغۇل (ئۇلۇنگۇر) ۋادىلىرىدا ياشىغان كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئىدى. ئالتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئىككىئۆكۆز بويلىرىدا بولۇچ، ئىزگىل، سۇۋار، ناچىق، يونىغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا، بۇ رايوننىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىر - تەردۇس (سىر بىلەن تەردۇس - ئىككى قەۋمدىن تەركىب تاپقان ئىلەت) ياشايتتى. بۇلار دەسلەپتە قارا ئىرتىش ۋە ئۇلۇنغول بويلىرىدا ياشىغان.

قۇمۇلنىڭ غەربىدە، يەنجىنىڭ شىمالىدا چارۇق، ئاق تاغ (تەڭرىتاغ) نى بويلاپ سوزۇلغان رايوندا كېپىك (قۇبىق ~ قۇمىق) ، بورا ~ بۆرە، ئوغۇر (ئوغۇرقۇن) ، چىكىل، قىرغۇز قەبىلىلىرى ياشىغانىدى. بۇ رايوندىن غەربكە قاراپ يۇزلەنگەندە، بالقاش - ئىسسىق كۆل بويلىرىدىن باشلاپ چېلىر، سۇپان (ئىسبان) ، داچى (تالچى) قەبىلىلىرى ياشايتتى. قاڭلى - قاڭغۇي ئېلىنىڭ شىمالىدا، ئادىل (ئىدىل يەنى ۋولگا) بويلىرىدا ئاز (ئادىز) ، ياۋۇز قەبىلىلىرىگە قوشنا بولغان خەزەر، بۇلغار، پىچىنەك، چوقاي، قابىس (بۇلار ئارالنىڭ غەربىدە، ئىنجۇ ئۆكۈز بويىدا) ، قاچىرسۇق، بايغىردا قەبىلىلىرى؛ دېڭىز (خەزەر يەنى كاسپى) نىڭ شەرقىدە ھەم غەربىدە سارۇ ئۇرغۇر، ساكسىن (ئىدىلنىڭ ئاياغ ئېقىمى بويىدا) ، مۇكشە قەبىلىلىرى؛ پۇرۇمنىڭ شەرقىدە ئىنكۇ، ئالان، باشقىر، قۇترىغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى؛ مانا مۇشۇ مەزكۇر غەربىي قەبىلىلەرمۇ تېلېلەردىن ھېسابلىناتتى. تېلېلەر سۇي دەۋرىگىچە (مىلادى 581 - 613) بايقالنىڭ جەنۇبىدىن تۇغلا ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى يەنسەينىڭ يۇقىرى ۋادىسىدا، ئاندىن غەربكە سوزۇلۇپ ئالتاي بويلىرى، يارىش يازىقى (جۇڭغار تۇزلەڭلىكى) - تەڭرىتاغنىڭ بويلىرىدا، ئارال كۆلى ھەم ئىدىل (ۋولگا) ۋادىلىرى بولۇپ، ناھايىتى كەڭ زېمىنغا تارقالغان ۋە ئەنە شۇ يۇزلىگەن قەۋم - قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى تېلې دەپ ئاتالغان. كېيىنكى چاغلاردا «تۈرك» دەپ ئاتالغانلار ئەسلىدە دېگلىن ياكى تېلې قەۋملىرىدىن ئىدى.

### C. قەدىمكى غەربىي ئېتنىڭ تەركىبلەر

يۇنان - روما تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىدىل ۋە خەزەر (ھىركانىيە) نىڭ شەرقىدىن تاكى سېر (جۇڭگو) چېگرىلىرىغا قەدەر سوزۇلغان كەڭرى زونىدا ياشىغان قەۋملەرنى بىر - بىرلەپ ساناپ كۆرسەتكەن. لېكىن، بۇ قەۋم - قەبىلىلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە جۇغراپىيى ناملار يۇنان ياكى روماتىللىرىنىڭ فونتىكىسى بويىچە يېزىلغان.

يۇنان تارىخچىلىرىدىن سترابون، پتولېمې، لاتىن ئاپتورلىرىدىن پىلىنىئوس مېلئې بىلەن پومپونىئوس مېلائې ۋە باشقىلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە مۇنداق قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى ئۇچرايدۇ: *Oxiazioi* (ئوخازىئوي) - ئوغۇز، *Pasiak* (*Pesik* ~ *Pesitik*) - پېچېنەك، *Dahae* (*De*) - داغار، *Camac* - قامىق، *Coman* - قومان، *Camar* - قامار ~ قومار، *Kumith* - كۇمىد، *Cam* - قاڭ ~ كام، *Kotier* (*Kasir*) - قەزەر، *Carat*- قارات، *Khun* - قۇن، *Sabir* - سابىر (سۇبار، سۇۋار) ، *Borsusk* - بورسۇق، *Avarin* - ئاۋار، *Amar* - ئامار ~ يامار. بۇ قەبىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغانلىقى ئېنىق. مەزكۇر قەبىلىلەر بىلەن بىر قاتاردا، ئازىغارت - *Askart*

، جايىق (يايىق) ـ *Daikh* شەكلىدە، ئۇيغۇر ـ *Oykhard* ، قاز ـ *Kasia* ، تۈرك ـ *Turcae* ۋە *Nurcae* شەكىللىرىدە يېزىلغان.

قەدىمكى زاماندىكى بۇ قەۋم ـ قەبىلىلەر دائىم دېڭىزدەك بىر يەردىلا تۇرۇۋەرمىگەن. مىلادىدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىدىل ـ ئۇرال، ئىنچۇ ـ خەزەر بويلىرىدا ياشىغان قەبىلىلەردىن بىر مۇنچىسى شەرققە ۋە شەرقىي جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن. غەرب ئاپتورلىرى ئارال كۆلىدىن كۆكئارت ئېگىزلىكىگىچە ھەتتا غەربىي سىبىرگىچە بولغان زېمىندا كەڭ تارقالغان قەۋم ـ قەبىلىلەرنى «ساكا» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. بەزى ئاپتورلار «سىكىف» ياكى «سىكىت» دەپ ئاتىغان. بۇلار ياشىغان رايوننى «ئىمائۇس تېغى» (ئۇرال) نى چېگرا قىلغان ھالدا ئىككى رايونغا بۆلۈپ، غەربىنى «ئىچكى سىكىف ئىمائۇس تېغى»، شەرقىنى «تاشقى سىكىف ئىمائۇس تېغى» دەپ ئاتىغان. دېمەك، ئۇرالنىڭ شەرقىي «تاشقى سىكىفىيە» دەپ ئاتالغان. پتولېمي (مىلادى 2 ـ ئەسىردە ياشىغان، *CL. Ptoleme* ) دىن ئىلگىرى ياشىغان ھېرودوت «ھىركانىيە» (خەزەر ـ يەنى كاسپىي) دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «سىكىت» ياكى «ساكا تارگىتائوس» ( *Saka — targitaos*) ، ئارال كۆلىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى «ساكا تېگراخۇدا» (*Saka — tegrahKuda*) دېگەن نام بىلەن يازغان. دېمەك خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان دېگلىن ياكى تېلېنى «سىكىت» ياكى «ساكا» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدەك خەنزۇچە تارىخىي مەنبە (مەسىلەن، «بۇددا شەجەرىسى ھەققىدە» دېگەن كىتابتا ئىزاھلىنىشىچە، «خەننامە» نىڭ غەربىي دىيار تەزكىرىسى» ) دە دېيىلگەن ساكلار ئەسلىدە يۇڭ جەمەت (فەمىلە) لىك رۇڭلاردۇر؛ بۇلارنىڭ ئەجدادى دۇنخۇاڭدا ياشايتتى. يۆچىلەر قوغلىۋېتىپ، ئۇ يېقىنغا كۆچۈپ كەتكەن؛ ساكالار تارقىلىپ بىر نەچچە ئەلگە بۆلۈنگەن، سۇغرات (سۇلې ـ قەشقەر) نىڭ غەربىي شىمالى، شۇدۇن، سىند تەۋەلىرىدىكى قەۋملەر قەدىمكى ساكالار نەسلىدىندۇر. ئىلى ۋادىسىدىمۇ باشقا قەۋملەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان ساكالار بولغان.

## 2. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئېتنىك تەركىبلەر

كۆكنۇردىن كۆكئارتقىچە بولغان كەڭرى رايوندا، ئېنىقراق ئېيتقاندا، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدا، تارىم بويلىرىدا، كۆكئارت ـ قارا قۇرۇمنىڭ شەرقىدىن تاكى قۇرۇق تاغ ئارقىلىق كۆكنۇرغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ياشىغان قەدىمكى قەۋملەر نام ـ نەسەپ ۋە ئىرق ـ ئېتنوگېنىز جەھەتلىرىدىن ھەر خىل بايان قىلىنماقتا. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمكى تارىم ئاھالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىيەت.

### A. ئې ۋۇ، جۇشى

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق يېزىلىشىچە، ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ـ ياقا، تېرىم يايلىقى ۋە قۇرۇق تاغنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان «ئې ۋۇ» (阿恶) دېگەن قەۋم بولۇپ، بۇلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە، ھونلارنىڭ بېسىمى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شەرقىغە، يەنى توپئاتار (بوغدا) نىڭ شىمالى ـ شەرقى بىلەن باركۆل ئارىلىقىغا كۆچۈپ بارغان. بۇلار «چۇشى» قارىمىقىدىكى قەۋملەردىن بولۇپ، ئۆز ئالدىغا بېگى بار ئىدى. بۇلار قەدىمكى يۇنان ئاپتورلىرى ئىسمىنى ئاتىغان «ئوغۇر» (*Oechor*) لار بولسا كېرەك. پتولېمېينىڭ «جۇغراپىيە» كىتابىدا، لوپنور رايونىدا ئۇلۇغ ئىگدۇن ئېلى بارلىقى، بۇ ئەلنىڭ قوشنىسى دامناي (*Damnae*) ۋە پىئادداي ئەللىرىنىڭ(*Piaddae*) زېمىنلىرى ئويقۇرداس دەرياسىغىچە بارىدىغانلىقى، بۇ دەريا بويىدا ئويقۇرداس ئېلى بارلىقى بايان قىلىنغان.

تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي ھەم توپئاتار (بوغدا) ئېتەكلىرى (ھازىرقى تۇرپان، گۇچۇڭ، فۇكاڭ ۋە ئۈرۈمچى رايونى) دە «جۇشى» (تولۇق نامى «گۇيەن ـ جۇشى» ) دېگەن ئەل ياشىغان، بۇلارمۇ ئەسلىدە دى / دىلى قەۋملىرىدىن ئىدى. «گۇيەن ـ جۇشى» مەزكۇر ئەل نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى بولۇپ، «قويار قوش» ياكى «قوش قويار» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. بۇ ئەل كۆچكەندە ياكى جەڭگە ئاتلانغاندا «قوش» (بىر جۈپ ئۆكۈز) نى ئالدىغا سېلىپ ماڭاتتى. قوش چۆككەن يەردە بارگاھ قۇراتتى. شۇڭا، بۇ ئەل «قوش قويار» دەپ ئاتالغان. گاھىد قىسقارتىپ «گۇش» (قوش) دېيىش ئومۇملاشقان (بەزى تەتقىقاتچىلار كېيىنكى «قوچۇ» ئەنە شۇ «قوش» نىڭ ئۆزگەرمىسىدۇر دەپ ھېسابلايدۇ) . «لياڭنامە» نىڭ «ياتلار» بابىدا يېزىلىشىچە، كۆكئارتنىڭ غەربىگە ۋە شەرقىگە جايلاشقان «خۇز ئېلى» مۇ «جۇشى (قوش) » لارنىڭ باشقا نەسلىدىن «ئىكەن» . «خۇزئېلى ... ئەتراپىدىكى پارس، يىپان، كابىل، يەنجى، كۇچا، سۇغراق، قۇم، ئۇدۇن، چىپان ئەللىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان» ئىكەن.

### B. يۇسى، يۆجى، دى ـ چياڭ

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي، ئېنىقراقى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالە توغرىسىدا بەزى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلەرگە ئاساسلىنىپ، تەتقىقاتچىلار تۆرلۈك قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىرقىي خاسلىقىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئېتنوگېنىزلىق خاسلىقىنى ئېنىقلاش مۇھىم. ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تارىم ئويمانلىقىدا ياشايدۇ. بۇ يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياشىغان يەرلىك مەدەنىي ئاھالە ئىلگىرى مەيلى شەرقتىن كەلگەن بولسۇن ياكى غەربتىن كەلگەن بولسۇن، ئۇلار نۇرغۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ، بالدۇرقى ھەر خىل ئاتالغان نام ـ ئەماللىرى ئۆزگىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىگە ئايلانغان. بۇ ـ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت.

بۇ ھەقتە، ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىرىغا مۇراجىئەت قىلايلى. ئۇيغۇر تارىخچىسى جەن بوزەن ئەپەندى خەنزۇچە رىۋايەتلەرگە ئاساسەن مۇنداق مۇھاكىمە قىلغان: خۇاڭدىدىن تارتىپ ياۋ، شۇن، يۈلەر ( مىلادىدىن ئىلگىرى 2550 ـ 2179 ـ يىللاردا) غەربىي خان ئانا بىلەن باردى ـ كەلدى، سوۋغا ـ سالام قىلىشىپ تۇرغان. قەدىمكى غەربىي خان ئانىنىڭ ئېلى تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

بۇ ماكاندا ياشىغان ئاھالىدىن خەنزۇچە قەدىمكى يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنغىنى «يۈجى» (روزى) بىلەن «دى ـ چياڭلار» دۇر.

«يۈجى» نىڭ نامى خەنزۇچىدە قەدىمكى زامانلاردا يۇيسى، يۇيجىژ، يۇسى دېگەن ھەر خىل خەتلەر بىلەن يېزىلغان. «گۇەنزى كىتابى» دا يېزىلىشىچە، يۇيسى ئېلى قاشتاش چىقىدىغان يەر، جۇ سۇلالىسىغا 7 مىڭ 800 چاقىرىم كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قارا قۇرۇم تېغى توغرىسىدىمۇ بايان قىلىنغان. دېمەك، بۇ ئەلنىڭ ياشىغان يېرى تەكلىماكاننىڭ غەربىي جەنۇبى ـ خوتەن تەرەپلىرى بولۇشى ئېنىق. چۇنچيۇ زامانىسى (مىلادىدىن ئىلگىرى 770 ـ 476 ـ يىللار) دا تارىم ئويمانلىقىدىكى قەۋملەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مەلۇم بولغىنى يۇيسىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى قەدىمكى زاماندا ئوردۇس، جۇڭخيۇەن، گەنسۇ تەرەپلەردە ياشىغان. ئۇلار غەربكە سۈرۈلۈپ تارىم ئويمانلىقىغا كۆچكەن. «گۇەنزى» نىڭ «كىچىك ۋىلايەت بابى» دا: «غەربتە كۆچمە قۇم غەربىدىكى يۇيلەر» دەپ يېزىلغان. چۇنچيۇ دەۋرىدە بۇلار «يۈجى» دېگەن نام بىلەن ئىچكى رايونلارغا مەلۇم بولغان. خەن دەۋرىدە «يۈجىژ» (رۇجژ) دەپ ئاتالغان.

يۈچىلەردىن بىر قىسمى كۆكئارتتىن ئېشىپ ئافغان ـ ئىران تەرەپلىرىگىچە جايلاشقان. مەزكۇر يۇسىلەر بىلەن بىللە تارىم ئويمانلىقىغا شەرقتىن كەلگەن قەدىمكى قەۋملەردىن «دى ـ چياڭلار» بار. «ۋېي مۇختەسەرنامىسى» نىڭ «غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە: «دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى رايوننىڭ جەنۇبىي تېغىدا، چارقىلىقنىڭ غەربىدىن كۆكئارتقىچە بولغان نەچچە مىڭ يول كېلىدىغان ئارىلىقتا، يۈسىلەر نەسلى، بوستان چياڭلىرى، ئاق ئاتلىق، سېرىق ئۆكۈزلۈك چياڭلار» دەپ ئاتالغان نۇرغۇن قەۋم ـ قەبىلىلەر ياشىغان.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى يەرلىك ئاھالىنى ياۋروپالىق ئاپتورلار لار *sar* (*Ser*) دەپ ئاتىغان. بۇ ئېھتىمال «چياڭ» نىڭ شۇ زاماندىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى بولسا كېرەك. مىرەندىن تېپىلغان تىبەتچە ھۆججەتلەردە *Nob — chenr* دېگەن نام ئۇچرايدۇ. بۇ «نوب ـ سار» دېگەنلىك بولۇپ، «سارلارنىڭ سەردارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. «دى ـ چياڭلار» غەربىي رۇڭلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ياۋروپا ئاپتورلىرى *Dahae — Syr* دەپ ئاتىغان.

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ تەركىبىدە غەربتىن كەلگەن «ساكا» لارمۇ بار.

«ساكلار شاھى جەنۇبتا كەشمىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ساكلار تارقاق ئىدى. بىر قانچە مەملىكەت بولۇپ كەتكەن. سۇلېنىڭ غەربىي شىمالىدىن ھۇشۇن، سىندۇ تەۋەلىرى ساكلاردىن ھېسابلىناتتى» . ( «ساكلار ئەسلىدە گيۇن جەمەتلىك رۇڭلاردۇر . . . ئۇلۇغ يۈچى مەملىكىتى بالدۇر ساكلار پادىشاھىنىڭ زېمىنى ئىدى» ؛ « . . . يۈچىلەر يىراققا كەتتى، داۋان ئېلىدىن ئۆتۈپ، غەربتە داخانى بويسۇندۇردى» ) .

يۈچىلەر مىلادىدىن كېيىن، توخار دېگەن نام بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقىدۇ. ياۋروپا ئالىملىرى يۈچى بىلەن توخار ئەسلىدە بىر خەلقنىڭ باشقا ـ باشقا ئاتىلىشىدۇر دەيدۇ. شۇنىڭدەك *Tokhara* دېيىلگەنلەر ھەقىقەتتە خەنزۇچە تارىختا يۈچى دېيىلگەنلەرگە، يۇنان ئاپتورلىرىنىڭ *Thagoura* (*Thogara*) دەپ ئاتىغىنىغا توغرا كېلىدۇ. ھەممە «يۈچىلەر تۈرك جىنسىدىن» دېگەن قاراشنى ئالغا سۈرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەۋملەرنىڭ تىللىرى ئالتاي ـ ئورال تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللار ئىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ سىستېما بىر قانچە قولغا بۆلۈنگەن. بەزى قەۋملەر (مەسىلەن، كۆكئارتنىڭ غەربىگە كەتكەن قەۋملەر) نىڭ ئەسلى ئاناتىلى ئۆزگىرىپ، ئىران ـ يۇنان تىللىرى بىلەن ئالماشقان. دىنىي مۇناسىۋەت بىلەن بەزى قەۋملەرنىڭ تىللىرىغا ھىندۇ ـ سانسكرت تىلىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر سىڭگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەركىبى بولغان بەزى قەۋملەر، ھەتتا تارىخچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ «ئانا گەۋدىسى» ھېسابلىغان تېلېلەرنىڭ قىرىق نەچچە قەۋمىدىن بىر مۇنچىسى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئايرىم ئىلەت ياكى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىكنىڭ تەركىبى ئالۋان ـ تۈرلۈك قەۋملەردىن تەشكىل قىلىنغان. يەنى دى (دىلى، دىڭلىن)، تېلې، ساكا، گاۋجۈي، ئېۋۇ، يۇيسى (يۈچى)، دى ـ

چىۋاڭ ۋە باشقىلار. مىلادى 6 - ئەسىردە «ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەن چوڭ قاغانلىق بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققان ۋاقىتتىكى بۇ مۇرەككەپ مىللەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قەبىلە - ئۇلۇسلىرى ھەققىدە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

### 3. قەۋملەرنىڭ ناملىرى توغرىسىدىكى مۇتالىئە

يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان قەۋم - قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى ئاساسەن خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ئىدېئوگرافىك خەتلەر بىلەن يېزىلغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. قەدىمكى زاماندا بۇنداق خەتلەرنىڭ تەلەپپۇزى ھازىرقىدىن پەرقلىنىدۇ. يۇنان - لاتىن، رىم، ئىران ئاپتورلىرىمۇ ئۆز تىللىرىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە، بۇ ناملارنىڭ ئاھاڭ تەرجىملىرىنى بەرگەن ياكى قەدىمكى قەۋملەرنىڭ ياشىغان جايلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ياكى تۇرقى - سىياقى ھەم كىيىم - كېچەكلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرىگە قاراپ نام بەرگەن. شۇڭا، بۇ ناملارنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى ئىنچىكىلەپ ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا دائىر يازما مەنبەلەر كەمچىل بولغاچقا، قەتئىي جەزملەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يوق. پەقەت بەزى يىپ ئۇچلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قىياسى پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن. بۇ ساھەدە بىزدىن مۇقەددەم ئىش كۆرگەن ئالىملارمۇ شۇنداق قىلغان.

#### دى - دىلى ~ دىڭلىن

ناھايىتى ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەگلىكلەر ۋە قەۋملەر غەرب تەرەپتىكى قەۋملەرنى «رۇڭ» ياكى «غەربىي رۇڭ» دەپ ئاتىغان. بۇ ھەرپنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى *nzong* (نجوڭ) / *Żom* بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «قورال - ياراغ»، «سۇ - قوشۇن» (ئەسكەر) دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇ قەۋملەر «تۇغ - ئەلەم» كۆتۈرۈپ يۈرۈش قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، «سوق - سوقاق»، (تسوگ) (رۇڭ) يەنى «ئۇرۇشقاق»، «قورال ئىشلەتكەك» دەپ ئاتىغان ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تۇغ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئورۇڭ» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك.

بەزى تەتقىقاتچىلار «دى ~ دىلى» - «تىل» دىن كېلىپ چىققان. «تىل» قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدا «دەريا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «دىلى» - «تىل - لىك» (دەريالىق، دەريا بويىدا ياشىغۇچىلار) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان دەپ قارايدۇ؛ قەدىمكى زاماندا «دىلىلار» نىڭ غەربىي بۆلىكى ئورال دەرياسى بويىدا ياشىغان، ئورال دەرياسىنى «ئىدىل» (قىسقارتىپ «تىل») دەيدۇ دېگەن قىياسنى ئالغا سۈرىدۇ.

«دى» نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى *tig* (ياكى «تىك») بولۇپ، خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى، دى - دىڭلى ياكى دىڭلىننىڭ قىسقارتىلمىسى. «دىڭلى» نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى *dig — liek* يەنى «تىگرىك»، «دىڭلىن» نىڭ ئوقۇلۇشى *tik — liem* يەنى «تىكرەم» / «تىكرەك» بولۇپ، ھەممىسى شىمال ۋە غەربتىكى خەلقنىڭ ئۆزلىرى ئاتايدىغان ياكى قوشنىلىرى ئاتىغان نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى ئېھتىمال.

#### گاۋجوي، تېلې

گاۋجوي (گاۋچې) ھەققىدە تارىخ كىتابلىرىدا، «ئېگىز - چوڭ ھارۋا» (گۇگۇسۇنلىرى كۆپ ھارۋا - دىققەت: ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى كۆتەك يەنى پۈتۈي تاختايلىق چاق ئىدى) دەپ تەبىر بەرگەن. دېمەك، دىڭلىنلارنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلەتكەن قاتناش قورالىغا قاراپ ئۇلارغا «ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ نام قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. رۇس ئالىملىرىدىن بېرنىشتامنىڭ قىياسىچە، «گاۋجوي - گاۋگوي يەنى گاۋگۇر / ئوغۇرنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەن. چۈنكى «گاۋ - جوي» نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى *Ke'u— ki* ياكى *go — gi* ، يۇ «غو - غىر / ئوغىر» غا يېقىن كېلىدىكەن. بۇ بىر خىل تەسەۋۋۇر. ئەمما شۇ نەرسە روشەنكى، ئالتاي تىللىرى (جۈملىدىن ئۇيغۇر، مانجۇ تىللىرى) دا «ھارۋا» نى بىلدۈرىدىغان «توخرى» سۆزى شۇ رايون (كۇسان ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن) دا ياشىغان «ئابدال - گاۋگوي» ئۇلۇسىغا نام بولۇپ قالغان. بۇ سۆز ھىندۇ - ياۋروپا تىللىرىدا «توخار» بولۇپ ئۆزلەشكەن. قوچۇ - كۇچا ئەللىرى بۇددا نوملىرىنى بىۋاسىتە «ئەنەتكەك» (ئۇيغۇرلار ھىندۇلارنى ئەنەتكەك دەيتتى) تىلىدىن ئەمەس، ئۆزلىرىگە نەسەبداش (تەگ تىلى تۈركىي) بولغان توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلغانلىقىمۇ، توخرى (توخار) خەلقى گاۋگوي نەسلىدىن ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

«تېلې» - بۇ نام توغرىسىدىمۇ ھەر خىل قىياسلار بار. بۇ بىر مۇرەككەپ ئۇلۇس. 6 - ئەسىرگىچە «تۈرۈك / تۈرك» لەر مەزكۇر ئۇلۇس تەركىبىدە ئىدى. كۆك تۈركلەر تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، تېلېلەر تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ، تۈرلۈك قەۋم - ئۇلۇسلار ئۆز ناملىرى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتتى. لېكىن تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى سۈپىتىدە ياشىدى. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى «توققۇز تۆلەس» نى ئېھتىمال «توققۇز تېلې» بولسا كېرەك دېگەن قاراش بار. بەزى ئالىملار (مەسىلەن، فېڭ جىياشېڭ) «تېلې» - «تۈرك» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن قىياسنى بايان قىلغان. «تېلې» نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى *diak — liek* يەنى «تەك - رەك» / تېگرەك 〉 تىگاراك. بۇ نام ياكى شۇ ئۇلۇسنىڭ ئۆزى قويغان نامى ياكى قوشنا قەۋملەر

www.uyghurkitap.com

قويغان نام بولسا كېرەك. ھىرودوت باشلىق يۇنان - رىم ئاپتورلىرى خەزەر (كاسپىي) نىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ *targitaos* دېسە، ئارال كۆلىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى *saka— tegrakhuda* دەپ ئاتىغان. تېگرا خۇدانى ئىبرانى تىلىدا *togharma* دەپ يازغان. *togharma* «تارگىتا» ياكى «تېگارا» ۋە ياكى «تېلې» (تېگاراك) قا يېقىن بولسۇن، بۇناملار «تېلې» (تېگاراك) قا يېقىن كېلىدۇ. «تىگرا» نى ھىند - ياۋروپا تىللىرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، تىگرا - يوغان، زور، كۈچلۈك مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئۇلۇس ئۆزلىرى قويغان ياكى قوشنا قەۋملەر تەرىپىدىن قويۇلغان نام دەپ قىياس قىلىنسا، تۈركىي تىلىدا «تىغىراق» («باتۇر»، «غەيرەتلىك») دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ سۆز زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈرلۈك تىللاردا ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنغان (مەسىلەن، ئىبرانى تىلىدا توغارما، ئىران تىلىدا تاگار / تاغار). قەدىمكى ھىندۇ تىلىدا «دوگار» بولسا «زور، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» مەنىلىرىنى، «تاگرا» بولسا «يوغان، زەبەر دەست، كۈچتۈڭگۈر» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قىياسلارنى خۇلاسىلىغاندا، «دىڭلىن» ياكى «تېلې» بولسۇن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تىغراق» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن پىكىر مەلۇم دەرىجىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق دېيىشكە بولىدۇ. «دىڭلىن» ياكى «تېلې» ھەرگىز «تۇرا» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئەمەس. «تۇرا» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قورغان - پوتەي» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

## ساكا


خەزەر (ھىركانىيە يەنى كاسپىي) دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى قەدىمكى زامان ياۋروپا تارىخچىلىرى «ساكا» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنى ئاپتورلار ئۆز مىللىي تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە، بەزىلىرى «ساكا» / «سكىت» (*Sacae*) ياكى (*Scyt*) ۋە بەزىلىرى «سكىف» (*Scytha*) دەپ يازغان. پەقەت ھىرودوت «ساكا» دەپ يازغان. «سكىت» بىلەن «سكىف» بىر سۆزدۇر. يۇنان تىلىدا «سكىف» ـ تاغ مەنىسىنى بىلدۈرسە كېرەك. چۈنكى يۇنان تىلىدا «سكىف ئالان» دېگىنى «تاغ ئالانلىرى» (ياكى تاغلىق ئالانلار)، «ئائورس ئالان» دېگىنى «قەلئە - قورغان ئالانلىرى» دېگەنلىكتۇر. «ساكا» دەپ ئاتالغان بۇ خەلق بۇرۇنقى زاماندا ئورال تېغى ئېتەكلىرىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىي تىلىدا «تاغ ئېتىكى» دېگەن مەننى بىلدۈرىدىغان «ساقا» سۆزى ئۇلارغا نام بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم. ئۇ زامانلاردا قەۋم - قەبىلىلەرگە كۆپىنچە ئۆزلىرى ياشىغان جايلار (جىلغا، دەريا بويلىرى) مىللىي نام بولۇپ قالاتتى.

## يۇيسى، يۈسى (يۈچى / رۇتزى)

خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغان بۇ نام - خەلق نامىدۇر، شۇنداقلا بۇ خەلق ئۆزى قويغان ياكى قوشنىلىرى قويغان نامدۇر. تارىم ئويمانلىقىغا شەرقتىن كەلگەن قەۋم يۇيسى ئىدى. يۇيسى (禺 氏) ئەڭ قەدىمكى يېزىلىشى بولۇپ، بۇ *'gu — ci* دەپ ئوقۇلىدۇ. مىلادىدىن تەخمىنەن 3 ـ 4 ئەسىر بۇرۇن بۇ خەلق «يۈسى (يۈچى / رۇ ـ تزى) دەپ يېزىلىدىغان بولغان. بۇ خەلق ئاساسەن قۇلان تېغى (گەنسۇدا) ۋە كۆكنۇر بويلىرى ھەم قۇرۇق تاغنىڭ شەرقىدە ياشايتتى. يۈجى (月 氏) مۇ تەلەپپۇز بويىچە تەرجىمە قىلىنغان نام. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا *yue— zhi* دەپ ئوقۇلىدۇ. قەدىمكى زاماندا بولسا، تەخمىنەن يېر - تسى، يور - جى، ئىۋەتجى، ئەتجى دەپ ئوقۇلاتتى. «يۈ» خېتى مىلادىدىن كېيىن *ngiwo* ـ نگو دەپ ئوقۇلغان. ئىران تىلىدىكى «ئاگوز» نى خەنزۇچە «ئايۈ» (ئايۈخۇن) دەپ يازغان. تۈركىي قەبىلىلەردىن «چۇگۇل / چىگىل» نى «چۇيۈ»، يەرنامى «كۇنگۇس» نى «كوڭيۈ» دەپ يازغان. دېمەك، «يۈ» خېتى *gil, gÓz, gÓt, Kūs* دەپ ئوقۇلغان. «يۇيسى» ياكى «يۈجى» نىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ: 1. يۇيسى ـ گۇز (ئۆكۈزنىڭ قىسقارتىلمىسى) بولۇپ، كېيىن ئوغۇز / غۇز ئاتالغان خەلقنىڭ نامى. «گۇيسى» ياكى «گۇيزى» (كۇچا) دېگەن ناممۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان، دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. 2. «يۈچى» - بىر خىل قىياستا «گۇز» / «ئۆگۇز» يەنى «ئوغۇز» بولۇپ، «يۇيسى» نىڭ كېيىنكى ئاتىلىشى؛ ئىككىنچى خىل قاراشتا «يۇرتەچى» ـ كۆچۈپ يۈرگۈچى، كەزگۈچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ شۇنىڭدەك «يورتچى» دەپ ئوقۇلىدىغان بولسا، سۆرۈلۈپ يۈرگۈچى، ئاستا يۈرگۈچى مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

رۇەن - رۇەن ياكى رو - رولار بولسا ئاۋارلاردۇر.

ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى - تىغراق (تىغار، تەگرە، تۇركۇ)، قويار قوش (ياكى قوچى قوريار)، ئوغۇرقۇن (ئوغۇر كىشىلىرى) بايقال - ئېدىل، ئالتاي بويلىرىدىكى كەڭ يايلاقتا ۋە يارىش يازىقى (جوڭغارىيە) ئويمانلىقىدا ياشىغان؛ ئېتنىك مەنبەلەردىن يەنە بىرى - گۇز (ئۆگۇز)، «كۆچ» «يورتچى»، تىك - سار، ئاۋارلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا، تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ قەۋم - قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن «توققۇز ئۇيغۇر» ياكى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتالغان. (M1)



# ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىق

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ شانۇ - شەۋكەتلىك مەدەنىيەتلىك تارىخىنى يارىتىشتا يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپلا قالماي، بەلكى ئىلىم - پەن تەتقىقاتىغا ئىخچمۇ بەكرەك تايانغان. مەسىلەن، ئەجدادلىرىمىز كالېندار (تەقۋىم) چىلىقنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆگىنىپ، بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەتقىقاتلار بىلەن ئەمەلىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغانىدى.

فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە پەيلاسوپ، ئالىملىرىمىزنىڭ تەبىئەت دىئالېكتىكىسى ھەققىدىكى «تۆت تادۇ» (تۆت زات - تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋا) قاراشلىرى ۋە ئۇلاردىن كۆپ ئىلگىرىكى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئانىمىزملىق ① ۋە دېئىزملىق ② ئەڭ ساددا قاراشلىرىنىڭ داۋامى ھەم راۋاجىدىن قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز ئىخچى يېزىق قوللانمىغان ھەم ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ھاياتىدا ياشاۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى) نى ئىختىرا قىلغان. يۇقىرىقىدەك قاراشلار قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش، تۇپراققا چوقۇنۇش، سۇ ۋە ھاۋاغا چوقۇنۇش ئېتىقادلىرىدا ھەم مىللىي تىبابەتتىكى ئەم - ئىرىم ئەنئەنىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. زېرەك - ئەقىللىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىسىدە، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر تۆت زات (ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق) تىن يارىتىلغان، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆمۈر سۈرۈشى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتا مۇناسىۋەتلىك، دېگەن قاراش گەۋدىلەنگەن. ئۇلار مۇشۇ قاراش بويىچە ئاسماننى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتىغا پاناھ بولغۇچى كۆك گۇمبەز، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادىنى «كۆكتەڭرى» ئوبرازىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. كۆككە بولغان ئېتىقاد «كۈن تەڭرىسى» گە مەركەزلەشكەن ھالدا يۇلتۇز، بۇلۇت، شامال، يامغۇر، قار، چاقماق قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىگە بولغان ئېتىقادىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەقىدىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى ئەنە شۇ «نۆت زات» قارىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى تەبىئەت قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان كالېندار (تەقۋىم) چىلىق قاراشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. نەتىجىدە ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئاسمان جىسىملىرى ۋە پەسىللەر جۈملىدىن كالېندار توغرىسىدىكى كۆپلىگەن چۈشەنچىلەر ھەم بىلىملەرنى توپلىغان. ئۇلار كۈن بىلەن تۈننىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، كۈن، ئاي، پەسىللەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ، ئايلىنىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى (كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە پلانېتلار) دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. كۈننىڭ شەرقتىن چىقىپ غەربكە ئولتۇرۇشى، ئاينىڭ تۇغۇلۇشى، زورىيىشى ۋە ئاخىرىدا يوقىلىپ قايتىدىن يېڭىلىنىشى، پلانېتلار ۋە سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرى ھەم تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئۆزگىرىشلىرى، ئۇلارنىڭ كائىناتقا بولغان تەسىرى قاتارلىقلارنى ئۇزاق ئەسىرلىك تەكرار ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاددىي كۆز بىلەن كۆزىتىپ، پلانېتلارنىڭ بۇرجلىق ۋاقتى (يىللىق ھەرىكەت دەۋرى) نى مەلۇم ئېنىقلىق دەرىجىسى بىلەن ھېسابلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

نەتىجىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى) بارلىققا كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى) ياكى ئېپتىدائىي يىلنامە - ئىقلىمغا قاراپ چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ۋاقتىنى بەلگىلەيدىغان تەبىئىي كالېندارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ③. بۇنداق تەبىئىي كالېندار (تېخى يېزىق ئىجاد قىلىنمىغان ۋاقىتتىكى كالېندار) ئەينى ۋاقىتتا كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا (شىنجاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن، «يەرنىڭ توڭى ئېرىيدىغان ئاي»، «ياۋا غاز ئۇچۇپ كېلىدىغان ئاي»، «ئۆرۈك چېچەكلەيدىغان ئاي»، «كاككۇك سايرايدىغان ئاي»، «كەلكۈن كېلىدىغان ئاي»، «ئورما ئورىدىغان ئاي»، «دەرەخ يوپۇرمىقى چۈشىدىغان ئاي»، «سوغۇق بولىدىغان ئاي»... ۋەھاكازا دەيدىغان تەبىئىي كالېندارنى قوللىنىش ئادىتى ئەنە شۇ زامانلاردىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ساقىندىسى، دېيىش مۇمكىن.

ئەجدادلىرىمىز يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى) يەنى تەبىئىي كالېندارنى ئىختىرا قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ كالېندار بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزگىللىرىنى بەلگىلىگەن ھەمدە كېيىنكى مىلادىيە، ھىجرىيە، قەمەرىيە، شەمسىيە كالېندارلىرى جۈملىدىن دېھقانلار كالېندارى دەپ ئاتالغان مۆچەللىك كالېندارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغانىدى.

ئەجدادلىرىمىز يەنە «يۇلتۇز كالېندارى» نى ئىختىرا قىلىش جەريانىدا ئاساسىي پلانېتلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن قۇياشنى مەركەز قىلغان پلانېتلارنىڭ سۈپەتلىرىنى پەرقلىق ھالدا تەرىپلىگەن ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە خاس ناملار بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن، ھەم ئاسترونومىيىلىك، ھەم مېترولوگىيىلىك مەنىگە ئىگە بولغان ئۈركەر يۇلتۇزىنى «ÜLKar» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىن كېچىسى يول يۈرگەندە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاس سۈپىتىدە پايدىلانغان. «يۇلتۇزلار كالېندارى» دىكى مەزگىل ئۆزگىرىشىنىمۇ ئۈركەر يۇلتۇزىغىلا قاراپ بەلگىلىگەن. ئەجدادلىرىمىز «ئۈركەر يۇلتۇزى» نىڭ زورىيىشى بىلەن ھاۋارايى ئۆزگىرىدۇ، دەپ قارىغان. ئەگەر «ئۈركەر يۇلتۇزى» ئايغا يېقىنلاشسا شۇ ئايدا بوران - چاپقۇن ئاز بولىدۇ؛ ئۇ (ئۈكەر) يەرگە يېقىنلاشسا بۇ كۆكلەم (باھار) نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى؛ ئەگەر ئۈركەر سۇغا يېقىنلاشسا يامغۇر كۆپ بولىدۇ؛ قۇرغاق يەرگە يېقىنلاشسا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، بوران - چاپقۇن كۆپ بولىدۇ؛ ئۈركەر تاغۇ - تاشلارغا يېقىنلاشسا پىژ - پىژ ئىسسىق بولىدۇ، قاراپ قارىغان ④. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز يۇلتۇزلار كالېندارى يەنى تەبىئىي كالېنداردىن ئەنە شۇنداق پايدىلانغان.

ئۇيغۇرلار قايسى ۋاقىتلاردىن باشلاپ رەسمىي يېزىق كالېندارىنى قوللانغان؟ ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قوللانغان دەۋرى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدە خىلمۇ خىل بەس - مۇنازىرە، بولۇۋاتقان ھەم ئېنىق پىكىر بىرلىككە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، يازما كالېندارنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى ھەققىدە كونكرېت جاۋاب بېرىشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىنى تىل تارىخچىلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

پروفېسسور خۇڭ شىڭفاڭنىڭ قەدىمكى خوتەن (ساك) يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا قارىغاندا، خوتەندە خېلى بۇرۇنلا يازما كالېندار قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئۇلار بىر يىلنى 12 ئايغا بۆلگەن ۋە ئەتىيازنى تۆت ئاي، يازنى ئىككى ئاي، كۈزنى ئىككى ئاي، قىشنى تۆت ئاي دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن يېزىقىدىكى

يېزىلىشى مۇنداق بولغان ⑤ :

| قەدىمكى خوتەن تىلىدا | ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا |
| --- | --- |
| Gvataji | 1 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| Kaja | 2 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| hamariji | 3 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| simjsimja | 4 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| hamayaji | 5 - ئاي (ياز ئېيى) |
| raruya | 6 - ئاي (ياز ئېيى) |
| tumraja | 7 - ئاي (كۈز ئېيى) |
| brakhaysda | 8 - ئاي (كۈز ئېيى) |
| mutcaci | 9 - ئاي (قىش ئېيى) |
| munamja | 10 - ئاي (قىش ئېيى) |
| skarhvara | 11 - ئاي (قىش ئېيى) |
| rrahaja | 12 - ئاي (قىش ئېيى) |

يېزىقشۇناسلار ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى ماددىي پاكىتلارغا ئاساسەن، قەدىمكى خوتەن ئاھالىلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ قارۇشتى ۋە براھمى يېزىقلىرىنى قوللانغان ⑥، مىلادى 3 - ئەسىرلەر (بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق) دىن باشلاپ سانسكرت (ئارىيان تىلىدا «بېزەلگەن» دېگەن مەنىدە) يېزىقىنى قوللانغان ⑦، دېگەن كۆز قاراشنى ئىسپاتلىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەدىمكى خوتەندە مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلاپ رەسمىي يېزىق كالېندارى قوللانغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

ياۋروپا ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىسىدىن تېپىۋالغان (ئانچە تولۇق بولمىغان) كالېندار پارچىسىغا ئاساسەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان گېرمانىيىلىك تۈركولوگ موللېر، بۇ كالېندارنىڭ يېزىقىنى: «پامىرنىڭ غەربىدىكى تۈركلەر (ئۇيغۇرلار دېمەكچى) نىڭ سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان سوغدى تىلىدا يېزىلغان» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ كالېنداردا يېزىلغان كۈنلەرگە سوغدى تىلىدا يەتتە كۈننىڭ نامى بېرىلىپ، ئاندىن كېيىن خەنزۇچە ئون سىكىلنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە ئاخىرىدا سوغدى يېزىقىدا موچەل يېزىلىپ تۈركچە تەرجىمە قىلىنغان. ياغاچ، ئوت، توپا، مەدەن، سۇدىن ئىبارەت ئاناسىر خەمسە (بەش ماددا) نىڭ ئىسمى خەنزۇچىدىن سوغدىچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان ⑧. شۇنىسى ھەممىگە مەلۇمكى، خەنزۇلاردا كۈن ئىسىملىرىنى ھايۋانلار ئىسىملىرى بىلەن ئاتاش ئادەت بولماي، بەلكى 12 بۇرج بىلەن ئاتىلىدۇ. كۈن ئىسىملىرىنى ھايۋانلار ئىسمى بىلەن ئاتاش پەقەت تۈركىي (كېيىنچە موڭغۇل) مىللەتلىرىگە خاس بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى مانىزىمچىلارنىڭ سوغدى يېزىقى قوللانغان چاغلىرىدا بۇ كالېندارنى تۈزۈپ ئىشلەتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. مەزكۇر كالېنداردا 12 بۇرج ئون خەتلىك سىكىل بىلەن بېرىلمەستىن، مۆچەل بىلەن بېرىلىپ، سوغدى يېزىقىدا 12 ھايۋان ئىسمىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ، تۈركلەرنىڭ كۈنلەرنى ئاتاش ئۇسۇلىدۇر.

فويوخوەنىنىڭ «ئەڭ بالدۇرقى جۇڭگو مەتبەئە بۇيۇمى» («تارىخ ئوقۇتۇشى» 1 - جىلد 4 - ساندا) دېگەن ماقالىسىدىن بىلىشىمىزچە، ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئاۋرېل. ستەيىن تۇرپاندىن نەچچە ئون باغلام تارىخىي ۋەسىقىلەر (مەتبەئە بۇيۇملىرىمۇ خېلى كۆپ) نى تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپاننىڭ ئۆزىدە مەتبەئە ھەرپلىرى بىلەن بېسىلغان: «34 - يىلى... ئائىلىسىدە غالجىر ئىت بار، ئۆتكۈنچىلەر ئېھتىيات قىلىشى لازىم...» دېگەن يىلنامە ۋە كالېندارغا ئالاقىدار ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلغان. تارىخچىلار ئىدىقۇتنىڭ 34 - يىلىنى مىلادى 594 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. يېقىندا ئارخېئولوگلار تۇرپاندا مىلادى 422 - يىللىرىدىن باشلاپ سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى تۈرك - ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ⑨. يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسەن، تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادى 4 -، 5 - ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا رەسمىي يېزىق كالېندارى قوللانغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى (مىلادىدىن ئىلگىرى) ئۆز (ئۇيغۇرلارنىڭ) ئەنئەنىسى بويىچە ئاۋۋال يۇلتۇز كالېندارى (تەبىئىي كالېندار)، ئۇنىڭدىن كېيىن مۆچەل كالېندارى قوللانغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق شەرقشۇناس فون. گاباين «قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلار كالېندار (تەقۋىم) سىستېمىسى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن، ئىختىرا قىلغان» دەپ يازسا، قازاقىستاننىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر كالېندارىنى كۆپ تەتقىق قىلغان ئالىمى مىكباي ئىسھاقباييېۋ «قازاقنىڭ قەدىمكى كالېندارى» ناملىق كىتابىدا: «مۆچەل ھېسابى (كالېندارى) تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن ئوتتۇرا ئەسىردا باشقا مىللەتلەرگە تارقالغان. ياپونىيە ۋە باشقا شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى مۆچەل ھېسابى (ئۇيغۇر كالېندارى) نى جۇڭگودىن

ئۆگەنگەن. موڭغۇللاردا بولسا، مىلادى 1027 - يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلىشقا باشلىغان بولسا كېرەك» ⑩ دەپ يازىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەزەلدىن تۇپ ئاھالىسى بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلار يىپەك يولى سودىسىدا ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينىغان. شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى جۇڭگو، ھىندىستان، ئەرەبىستان، ئىران ۋە ۋىزانتىيە قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مەملىكەتلەر ئارىسىدا قاتناپ يۈرۈپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت - سودا ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ مۆچەل ھېسابىدىكى ئەنئەنىۋى كالېندارنىڭ مۇجەسسەملىشىشى ۋە تەكامۇللىشىشىغا زور ئىجابىي تەسىرلەرنىمۇ كۆرسەتكەن. مەسىلەن، مىلادىنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ مۆچەل ھېسابى ئاساسىدىكى ئەنئەنىۋى كالېندارى غەرب ئەللىرىگە تارقىلىشقا باشلىغان بولسا، جۇڭگوغىمۇ شۇ زامانلاردىلا تارقىلىشقا باشلىغان. تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ 6 - يىلى (مىلادى 718 - يىلى) تاڭ ئوردىسىدا قەلەمكەش ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەۋاتقان تۈرك (ياكى ئۇيغۇر) ئالىمى گائۇتاماسىد خورتىغاغا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان (ئۇيغۇرلاردىن ئۆگىنىۋالغان) ھىندىلارنىڭ كالېندارىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىشقا بۇيرىغان ⑪.

مىلادى 732 - يىلى ۋاپات بولغان كۆلتېكىننىڭ قەبرىسىدىكى مەڭگۈ تاشتا يىللارنىڭ موچەل ھېسابى بىلەن خاتىرىلىنىشى مۆچەل سىستېمىسىنىڭ ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇندىن بۇيان قوللىنىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا يۇلتۇزچىلار (تەقۋىمچىلەر) غا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئالاھىدە تەكىتلىنىش بىلەن بىللە: «يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ھېساباتى يۇلتۇزچىلاردا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلساڭ خاتا قىلمايسەن» دېيىلىدۇ. بۇ، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىلا كالېندارچىلىق ئىلمىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنىڭ، يىل، ئاي، كۈن ھېسابىنى ئېنىق قىلىدىغانلىقىنىڭ ۋە بۇ ساھەگە قەدىمدىن تارتىپلا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمدە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار يىل ھېسابىنى بىلىشتە سەۋەنلىشىپ قالغان. ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەرنىڭ سەۋەنلىكىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن كالېندار ئۈستىدە كۆپ ئويلانغان ھەمدە بىر مەزگىل ئەمەلىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاخىرى 12 مۆچەل كالېندارى ۋە يىل تەرتىپىنى ئىجرا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ، غازىكەن دېگەن شاھنىڭ تەشەببۇسى ۋە باشلامچىلىقى بىلەن ئېچىلغان مەخسۇس قۇرۇلتايدا ماقۇللىنىپ رەسمىيلەشتۈرۈلگەن ⑫. بۇ تارىخىي ۋەقە ئەلۋەتتە قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ناھايىتى بۇرۇنقى ۋەقەدۇر.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 - توم 449 - بېتىدە يۇقىرىدىكى خەلق رىۋايىتىنى تارىخىي رىۋايەت ئاساسىدا ئىزاھلاپ كۆرسەتكەن. يەنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ «بارس» (يولۋاس) ماددىسىدا (1 - توم 449 - بەتتە) ئۇيغۇرلارنىڭ كالېندارى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«بارس - يولۋاس تۈرك خەلقلىرىدىكى 12 مۆچەلدىن بىرىنىڭ نامى. تۈركلەر 12 ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، 12 يىلغا ئات قويغان. ئۇلار باللارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى (دەۋر قىلىشى) بىلەن ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق: تۈرك خەلقلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەك بوپتۇ، لېكىن ئۇ ئۇرۇشنىڭ بولغان يىلىدا سەۋەنلىشىپ قاپتۇ. بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن خان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: ‹بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا، بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى. بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ، ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن›، دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان. بۇ، ناھايىتى چوڭ بىر دەريا. خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىر مۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان. بۇلاردىن 12 خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئۆتكەن ھەر بىر ھايۋاننىڭ ئىسمى بىر يىلغا ئات بولۇپ قالغان. بۇ ھايۋانلاردىن بىرىنچىسى ‹چاشقان›، ئىمىش. دەسلەپ بۇ ھايۋان

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن يىلنىڭ بېشى بۇ ئات بىلەن ئېلىنىپ ‹چاشقان يىلى› دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن رەت تەرتىپى بىلەن ئۆتكەن ھايۋانلارنىڭ ئاتلىرى يىللارغا بېرىلىپتۇ.

مۇچەل

| قەدىمكى ئاتىلىشى | ھازىرقى ئاتىلىشى |
|---|---|
| چاشقان يىلى | چاشقان يىلى |
| ئۇي يىلى | كالا يىلى |
| بارس يىلى | يولۋاس يىلى |
| تاۋشقان يىلى | توشقان يىلى |
| نىك يىلى | لەھەڭ يىلى |
| يىلان يىلى | يىلان يىلى |
| يۇند يىلى | ئات يىلى |
| قوي يىلى | قوي يىلى |
| بىچىن يىلى | مايمۇن يىلى |
| تاقاغۇ يىلى | توخۇ يىلى |
| ئىت يىلى | ئىت يىلى |
| توڭگۇز يىلى | توڭگۇز يىلى |

يىلنىڭ سانى توڭگۇزغا كەلگەندە قايتىپ يەنە ‹چاشقان يىلى› دىن باشلىنىدۇ.

ئايلارنىڭ ئاتلىرىغا كەلسەك، شەھەرلەردە ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەبچە ئاي ئاتلىرى قوللىنىلاتتى. كۆچمەنچى بولغان غەيرىي مۇسۇلمان تۈركلەر يىلنى تۆت مەۋسۇمگە بۆلۈپ ئات قويۇشقان. ھەر ئۈچ ئاينىڭ ئىبتى باردۇر. يىلنىڭ ئۆتۈشى بۇنىڭ بىلەن بىلىنىدۇ. يىلنىڭ باش مەۋسۇمى بولغان نەۋرۇز كېيىنكى باش ئەتىياز ‹ئوغلاق ئاي› دېيىلىدۇ. چۈنكى بۇ مەۋسۇمدە ئوغلاق چوڭىيىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ‹ئۇلۇغ ئاي› دېيىلىدۇ. بۇ مەۋسۇم ياز ئوتتۇرىسى بولغاچقا، يەر يۈزىدە نېمەت مول‌لىشىدۇ، ھايۋانلار چوڭىيىدۇ، سۈت كۆپىيىدۇ، ھايات باياشات بولىدۇ. . . »

مەھمۇد قەشقەرى دەلىللىگەن بۇ كالېندارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغانلىقى، ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىقنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر كالېندارچىلىقى توغرىسىدا بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن ئۇنىڭدىن باشقا خاتىرىلەردىن يەنە مەشھۇر تۈركولوگ رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ 1937 - يىلى گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى «مۇھىم خاتىرىلىرى» نىڭ «تۇرپان تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى مەجمۇئەسى» 7 - جىلدىدا ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كالېندارچىلىقى ۋە ئاسترونومىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن يازما ھەم ترانسكرىپسىيىلىك ماتېرىياللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللاردا، ئۇيغۇرلاردا ئەينى زاماندا ئۆز دەۋرىگە خاس مۇكەممەل كالېندار بولغانلىقى، ھەم بۇنداق كالېندارنى ئاۋۋال ھىندىلار، ئاندىن خەنزۇلار تەرجىمە قىلدۇرۇپ قوللانغانلىقىنى ئىسپات ئەتكەن ⑬.

دېمەك، ئۇيغۇرلار كۆپ ئەسىرلىك ياشاش شارائىتى، جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، ئۇزاق ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىدىن توپلىغان مول بىلىمى ۋە ھەر خىل زۆرۈرىيەتلەر سەۋەبىدىن تەبىئىي كالېندار (يېزىقسىز كالېندار) - يۇلتۇزلار كالېندارى، مۇچەل كالېندارى ۋە يازما كالېندار قاتارلىقلارنى كەشپ قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

ئۇيغۇرلار خۇددى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆرسىتىلگەندەك، بىر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر بىر پەسىلنى بىر نام بىلەن ئاتىغان. تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا پەسىلنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن. ئۇلار سۇ تۇتىدىغان يەرگە چەمبەر سىزىپ، ئوتتۇرىغا ياغاچ تىكلەپ، ياغاچ سايىسىنىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسەن، يەرگە سۇ قۇيۇش ۋاقتىنى بەلگىلىگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار يەنە قىش پەسلىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىبارە بىلەن بايان قىلغان: «ئاي قوتانلايدۇ، غاز ماڭىدۇ، سوغۇق بولىدۇ. ئاي ئاق قوتانلىسا قار - يامغۇر ياغىدۇ. ئاي قىزىل قوتانلىسا، ھاۋا ئېچىلىدۇ». ئاينىڭ قوتانلىشى ھازىرقى زامان پەنىدە «گالو» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇياش نۇرى ئاي يۈزىنى يورۇتىدۇ. ئاينىڭ نۇرى ئاي جىسمىغا ئۇدۇل كەلگەندە يۇقىرى بوشلۇقتىكى كرىستاللىق بۇلۇتلارغا چۈشۈپ نۇر كەينىگە قايتىپ، دائىرە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەر شارىدا شۇ رايون ئىچىدە قار ياكى يامغۇر ياغىدىغانلىقى ئىلمىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان ⑭.

خەلق ئارىسىدىكى تەقۋىمچى (كالېندارچى) مۇنەججىملەرنىڭ ھېسابىچە، ئۈكەر يۇلتۇزى يەردە 40 كۈن ياتىدۇ، بۇ، يىلنىڭ تازا ئىسسىق مەزگىلى بولۇپ «40 كۈن چىللە» دېيىلىدۇ، مۇشۇ 40 كۈن ئۆتۈپ ئۈكەر قايتا كۆتۈرۈلگەندە ئۆسۈملۈك دان تۇتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۈكەر يۇلتۇزىنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللاردىۋانى» دا مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: «جەڭلەردە <Ulkar qarik> دېيىلىدىغان بىر ھىيلە بار: ئەسكەرلەر ھەر تەرەپتىن توپ - توپى بىلەن يىغىلىدۇ؛ بىر توپى ئىلگىرىلەش بىلەن باشقىلىرىمۇ ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

سۈگدىشىپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ھىيلە قوللىنىلغاندا، يېگىلىش بەك ئاز بولىدۇ» ( «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- توم، 129 -بەت).

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى دەۋرلەردىلا يىل بىلەن كالېندار ئاشۇ ئۈكەر يۇلتۇزىغا قاراپ رەتلەنگەن. ئۈكەرنىڭ چوڭقىيىشى بىلەن ھاۋا رايى ئۆزگىرىدۇ، «ئۈكەر يەرگە چۈشمەي يەر قىزىمايدۇ» دەپ قارىغان. ئۇلار ماي (5 - ئاي) نىڭ ئاخىرى بىلەن ئىيۇن (6 - ئاي) نىڭ بېشىدا ئۈكەر يۇلتۇزى كۆرۈنمىگەن مەزگىلنى «ئۈكەر يەرگە چۈشتى» دەپ ھېسابلىغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئورنىدىن مىدىرلىمايدىغان قۇتۇپ يۇلتۇزىنى «تۆمۈر قوزۇق» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. كېچىلىرى يول يۈرگەندە ۋە ھەربىي يۈرۈشلەردە ئاشۇ «تۆمۈر قوزۇق» قا قاراپ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنى بەلگىلىگەن. «تۆمۈر قوزۇق» نىڭ يېنىدىكى ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىنى «بېلىق يۇلتۇز» ۋە «قوزا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ «بېلىق» - قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، «قوزا» - باھارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى، دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۆزىنىڭ رەڭگى بىلەن بىر تامچە قانغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ مارس يۇلتۇز تۈركۈمىگە «يەتتە تىكەن» («يەتتە قاراقچى» ياكى «قارا قۇش») دەپ نام بېرىپ، ئۇكۆرۈنگەندە بالايى - ئاپەت ياغىدۇ، دەپ قارىغان. خەلق ئارىسىدا «يەتتە تىكەن» يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ يەنە «چۆمۈچ يۇلتۇزى»، «چوڭ ئېيىق يۇلتۇزى» دېگەن ناملىرىمۇ بار.

ئۇيغۇر خەلقى يەنە ھەممىدىن روشەن ھەم چىرايلىق ۋېنېرا يۇلتۇزىنى «چولپان» دەپ ئاتاپ، ئۇنى خۇشاللىق ۋە بەخت خاراكتېرىستىكىسى بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن. ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان زوھەل (ساتۇرىن) يۇلتۇزى تۈركۈمىنى «ئاقار يۇلتۇز»، «تارازا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا باشقىچە ئەھمىيەت بەرگەن. چىللە (ئىيۇل) نىڭ ئاخىرى «تارازا يۇلتۇز» نىڭ كۆرۈنۈش مەزگىلى بولۇپ، ئۇ، ياز ئىسسىقىنىڭ قايتىشقا باشلىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. تەقۋىمچى (كالېندارچى) مۇنەججىملەر بۇ يۇلتۇزنىڭ چىقىشىغا قاراپ: «تارازا تۇغسا تاڭ سالقىنى، بۇغداي، ئارپا پىشىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىشقان. ئۇلار يەنە ئاتارۇت (مېركۇرى) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «سۈمبىلە» («بۇغداي بېشى») دەپ ئاتاپ، «سۈمبىلە» تۇغقاندىن كېيىن ياز ئاياغلىشىدۇ، دەپ قارىغان. خەلق ئارىسىدىكى «سۈمبىلە يېمى قىشنىڭ غېمى»، «سۈمبۈلدا سۇ سال، مىزاندا تېرى، مىزاندا تېرىمىساڭ قوي نېرى» دېگەنگە ئوخشاش تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئاشۇ يۇلتۇز كالېندارىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خەلقىمىز يەنە مۇشتەرى (يۇپىتېر) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئوت يۇلتۇزى» (م. قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «باقىر سوقىم» دەپ ئاتىغان. 1- توم، 53 - بەت) دەپ ئاتاپ، ئۇنى پالاكەت ۋە مالامەتكە سىمۋول قىلغان. زوھەل يۇلتۇز تۈركۈمىنى «تۇپراق يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنى نىسپىي ياخشىلىق، نىسبىي خۇشاللىققا سىمۋول قىلغان. ئاتارۇت يۇلتۇز تۈركۈمىنى «سۇ يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئىقبال - پاراغەتكە سىمۋول قىلغان ۋە باشقىلار ⑮.

ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە خەلق ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان «يۇلتۇز پالى» (يۇلتۇزلارنىڭ خاسىيىتىگە ئاساسلانغان پالچىلىق، رەمباللىق) يۇلتۇز كالېندارىنىڭ يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلىرىگە تەدبىقلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز بىر گەۋدىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئاسمان بوشلۇقىدا ھەرىكەت قىلىدىغان «تەڭرى» لەردۇر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «كۈن تەڭرىسى» كۆك تەڭرىلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭى بولۇپ، «كۈن تەڭرىسى» دىن كېيىنكى ئىككىنچى تەڭرى - «ئاي تەڭرى» سىدۇر.

بۇ ھەقتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۆك تەڭرى» لىرى ھەققىدە ياراتقان تۆۋەندىكى بىر رىۋايىتى بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ:

كۈن تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرى ئوتتۇرىسىدا «ئۆلگىن» ناملىق بىر تەڭرى ياشارمىش، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە (بەزى رىۋايەتلەردە توققۇز) توسۇق بار ئىكەن. بۇ توسۇقلار ئەركەك شامان (قام) لار كەلگەندە ئېچىلىدىكەن. بەشىنچى توسۇق تۆمۈر قوزۇق (ئالتۇن قوزۇق) يۇلتۇزىغا تۇتىشىدىكەن. كۆكتىن تۆكۈلىدىغان رەھمەت يامغۇرلىرى «ئۆلگىن» نىڭ ئاغزىدىن ئاققان شالا ئىكەن. ئۇنىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار ئىكەن. ئوغۇللىرىنىڭ نامى قارشىت، بۇغراخان، يېشىلخان، بۇرچاخان، قاراقۇش (قارتال)، بەختىخان، ئەركانىم بولۇپ، ئۇلارمۇ كۆكتە تۇرىدىكەن. «ئۆلگىن» نىڭ خىزمىتىدە يەنە باشقا روھلارمۇ بار ئىكەن. بۇلاردىن يورۇق، شولا، قار قاتارلىقلار بولۇپ، يورۇق ئىنسانلار بىلەن «ئۆلگىن» ئارىسىدىكى «ئالاقىچى ئىكەن»⑯. بۇ رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان «يەتتە توسۇق» خەلق

چۈشەنچىسىكى «يەتتە پەلەك» - يەتتە قات ئاسمان چۈشەنچىسىنى، «ئۈلكىن» نىڭ يەتتە ئوغلىنىڭ نامى يەتتە سەييارە ياكى يەتتە پلانېتىنىڭ نامىنى ئىنكاس قىلغان. شۇنداق قىلىپ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز قىياسىغا ۋە ئەمەلىي كۆزىتىش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئاسماندىكى يەتتە سەييارىنى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. مەسىلەن، سەكەنتىر (ساتورىن) نى بەخت يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى قارشىت)؛

ئوڭاي (يۇپىتېر) نى مەئىشەت يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى قاراقۇش، قارتال)؛

كورۇد (مارس، مىرىخ) نى غەزەپ يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى بۇغراخان)؛

سەۋىت (زۆھرە، ناخىت، ۋېنىرا) نى خۇشاللىق يۇلتۇزى (خەلق ئىچىدىكى نامى يېشىلخان)؛

ئارزۇ (ئاتارۇد - مىركورىي) نى تىلەك يۇلتۇزى (خەلق ئىچىدىكى قەدىمكى نامى بۇرچاخان)؛

يەشق (كۇن، شەمس) نى يورۇقلۇق يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى ئەركانىم)؛

يالچىق (ئاي - قەمەر) نى ئاشىق يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى بەختىخان) دەپ ئاتىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنىغا قاراپ مۇنداق گورۇپپىلاشتۇرغان:

يەر بىلەن ئاي شارى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق - 1 - پەلەك.

ئاي شارى بىلەن مىركورىي ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق - 2 - پەلەك.

مىركورىي بىلەن ۋېنىرا ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق - 3 - پەلەك.

ۋېنىرا بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق - 4 - پەلەك.

كۇن بىلەن مارس ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق - 5 - پەلەك.

مارس بىلەن يۇپىتېر ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق - 6 - پەلەك.

يۇپىتېر بىلەن ساتورىن ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق - 7 - پەلەك.

شۇنداق قىلىپ، يەتتە قات ئاسمان چۈشەنچىسى مۇشۇنىڭدىن كەلگەن ⑰.

ئومۇمەن ئالغاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز يۇلتۇز كالېندارى (تەبىئىي كالېندار ياكى يېزىقسىز كالېندار) ۋە ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ناھايىتى كۆپ توپلىغان. ئاسماندىكى بارلىق جىسىملار ئوخشىمىغان ئوربىتىنى بويلاپ، يەرنى ئەگىپ ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى، قۇياش بارلىق پلانېتلار ئىچىدە ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقىرىدىغان بىردىنبىر «ئاسمان تەڭرىسى» بولۇپ، يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئاي قۇياشتىن يورۇقلۇق ئالغۇچى، يەرگە ھەممىدىن يېقىن تۇرىدىغان «يەرنىڭ ھەمراھى» ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكۈزگەن.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج بايانىدا»ناملىق 5 - بابىدا شېئىرىي يول بىلەن يەتتە يۇلتۇز (يەتتە پلانېتا) نىڭ سۈپىتى مۇنداق يېزىلغان:

128 كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بىزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك
(خەۋەرچى، چارلىغۇچى).

129 كىشىگە يورۇقلۇق بېرۇر بەزىسى،
يول يۈتسە كۆرسىتۇر يەنە قانچىسى.

130 بەزىسى ئېگىزدە، بەزىسى تۆۋەن،
غۇۋادۇر بەزىسى، بەزىسى روشەن.

131 بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجتا قالۇر.

132 ئىككى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي،
قالۇر بىر بۇرجتا ئۇ دەل 12 ئاي.

133 ئۈچىنچى كورۇددۇر غەزەپتە يۇرۇر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

134 تۆتىنچى قۇياشتۇر يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

135 بەشىنچى سەۋىتتۇر، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

136 ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كېلۇر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا، تىلەككە يېتۇر.

137 بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرۇر،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولۇر.

يۇقىرىقى بېيىتلاردا يەتتە يۇلتۇز (يەتتە پلانېتا) نىڭ نامى، ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنى، يۇلتۇزلارنىڭ بىر - بىرىدىن يىراق - يېقىنلىقى، پلانېتلارنىڭ ھەر بىر بۇرجتىكى ۋاقتى، ھالىتى ۋە تەبىئىي كالېندارلىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلارنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يەتتە يۇلتۇز ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلەر ۋە يۇلتۇز كالېندارى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئاساسەن ئوخشاشلىق بار

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز ⑱.

بىز يەنە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج بايانىدا» دېگەن بابىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە خېلى مۇكەممەل ئاسترونومىيە ۋە كالېندار (تەقۋىم) چىلىق چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىكەنلىكى، ھەتتا ئاسمان جىسىملىرىغا ئۆز تىلىدا (ئۇيغۇرچە) ئات قويغانلىقى، ئۇيغۇر كالېندارى بويىچە يىل، پەسىل، ئاي ۋە كۈنلەرنى توغرا ئايرىغانلىقى ۋە «تۆت تادۇ»، «12 بۇرج» بويىچە گورۇپپىلاشتۇرغانلىقى ناھايىتى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار يۇلتۇز كالېندارى (يىزنىقسىز كالېندار) ۋە ئاسترونومىيە جەھەتتىكى مول تەجرىبىسىگە ئاساسەن، يەتتە سەييارىغا ئۇلارنىڭ سىرتقى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆز تىلىدا (ئۇيغۇرچە) نام بەرگەن. مەسىلەن، ساتۇرنىغا سەكەنتىر - باقىر سوقۇم (بۇنى بەخت يۇلتۇزى دەپ قارىغان)، يۇپېتىرغا ئوكاي قارا قاش ئىرانتىر (بۇنى مەئىشەت يۇلتۇزى دەپ قارىغان)، مارسقا كورۇد (بۇنى غەزەپ يۇلتۇزى دەپ قارىغان)، قۇياشقا يەشىق، ۋېنېراغا سەۋىت (بۇنى خۇشاللىق يۇلتۇزى دەپ قارىغان)، مېركورىيغا ئارزۇ (بۇنى تىلەك يۇلتۇز دەپ قارىغان)، ئاي شارىغا يالچىق (بۇنى ئاشىق يۇلتۇزى دەپ قارىغان) . . . ۋەھاكازالار. بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر كالېندارىدىكى 12 ئايغا ۋەكىللىك قىلىدىغان 12 بۇرجقىمۇ ئۆز تىلىدا (ئۇيغۇرچە) ئىسىم قويغان. مەسىلەن،

| ئۇيغۇرچە | | ئەرەبچە |
|---|---|---|
| 1. قوزى | (1 - ئاي) | ھەمەل |
| 2. ئۇي | (2 - ئاي) | سەۋر |
| 3. ئارەندىز | (3 - ئاي) | جەۋزا |
| 4. قۇچىق | (4 - ئاي) | سەراتان |
| 5. بارس | (5 - ئاي) | ئارسلان |
| 6. بۇغداي بېشى | (6 - ئاي) | سۇمبۇل |
| 7. ئۇلكۇ | (7 - ئاي) | مىزان |
| 8. چايان | (8 - ئاي) | ئەقرەب |
| 9. يا | (9 - ئاي) | قەۋس |
| 10. ئوغلاق | (10 - ئاي) | جەدى |
| 11. كۈنەك | (11 - ئاي) | جەددى |
| 12. بالىق | (12 - ئاي) | ھۇت |

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 138 -، 140 -، 141 -، 142 -، 143 -، 144 -، 145 -، 146 - بېيىتلىرىدە 12 بۇرج ۋە يۇلتۇز كالېندارى ئۈستىدە توختالغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ قۇياشنىڭ ھەر قايسى بۇرجلاردا تەخمىنەن بىر ئايچە بولىدىغانلىقىنى ۋە بىر پەسىلدە ئۈچ بۇرجدىن ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق يازغان:

143 ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.

بۇنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇلتۇز كالېندارىغا ئاساسەن تەھلىل قىلغاندا: I قوزى (ھەمەل)، ئۇي (سەۋر)، بېلىق (ھۇد) سۇغا تەۋە؛ II ئارەندىز (جەۋزا)، قۇچىق (سەرەتان)، ئارسلان (ئەسەد) ھاۋاغا تەۋە؛ III بۇغداي بېشى (سۇمبۇل)، چايان (ئەقرەب)، ئۇلكۇ (مىزان) ئوتقا تەۋە؛ IV يا (قەۋس)، ئوغلاق (جەدى)، كۈنەك (دەلۋە) تۇپراققا تەۋەدۇر ⑲.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا داڭلىق، ئالەمشۇمۇل، مەشھۇر قامۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ دۇنيادا تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى قامۇسنىڭ ئاپتورلىرى -مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپلار پىشقان تەقۋىمچى (كالېندارچى) لەر ئىدى.

مەسىلەن، يۇسۇپ خاس ھاجىپ 12 بۇرج بويىچە قۇياشنىڭ ھەر بىر بۇرجتا تەخمىنەن بىر ئاي توختايدىغانلىقى، بىر پەسىلدە ئۈچ بۇرجدىن ئۆتىدىغانلىقى ئارقىلىق پەسىللەرنى كالېندار قائىدىسىگە چۈشۈرۈپ ھېسابلىغان. شۇنداق قىلىپ، تۆت گورۇپپىغا يەنى تۆت پەسىلگە ئايرىغان. ئالىمنىڭ ھېسابى بويىچە، ھەر ئاي 30 كۈن، بىر يىل 12 ئاي، پۈتۈن يىل جەمئىي 360 كۈن بولغان. كەبىسە يىل ئارتۇق ئاي دەپ ئايرىلمىغان. ھەر ئۈچ ئاي - 90 كۈن بىر پەسىل بولۇپ، بىر يىل تۆت پەسىلگە ئايرىلغان. ھازىرقى ئۇيغۇر يىلنامىسى (كالېندارى) دا ئاساسەن مۇشۇ كالېندار قوللىنىلىپ كەلمەكتە. بۇ يىلنامە (كالېندار) يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ توغرا ئەقلىي خۇلاسىسى، ئۇزاق مۇددەت كۈزىتىشى ۋە كالېندار (تەقۋىم) چىلىقتا بولغان ماھىرلىقىدىن كەلگەن. بۇ ناھايىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك كۆز قاراش. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ئىلمىي دەلىللەشكە مۇمكىن بولمىغاچقا، پەقەت كەم پاكىتلارنى قىياس ئارقىلىقلا تولۇقلاشقا، رېئال بوش يىل ۋە پەسىللەرنى ساپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىقلا تولدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن قالتىس چوڭ ئىش، ئۇيغۇر كالېندارچىلىقىدىكى چوڭ سەكرەش ھەم غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئۇلۇغ كەشپىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا، دۇشياۋيۈەن «ئۇيغۇر ئاسترونو-

مىيىسى ۋە دۇنيا قۇياش مەركەز تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى - يۈسۈپ خاس ھاجىپ» دېگەن ماقالىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كالېندارچىلىقتىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتىگە قايىل بولغان ھالدا: «قەدىمكى زامان بابىل كالېندارىدا بىر يىل 12 ئايغا ئايرىلغان. چوڭ ئايلار 30 كۈن، كىچىك ئايلار 29 كۈن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئاي 29.5 كۈندىن بولغان. بىر يىل 12 ئاي - 358 كۈن بولغان.

ھازىر خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىۋاتقان كالېنداردا بىر يىل 12 ئايغا ئايرىلغان، چوڭ ئايلار 31 كۈن، كىچىك ئايلار 30 كۈن، كەبىسە يىلى 2 - ئاي 28 كۈن بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا بىر يىل 365 كۈن بولىدۇ. بابىل كالېندارىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر كالېندارى ئىلمىي ھەم ئىلغار. ھازىر خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان كالېندار (يىلنامە) دىن بەش كۈنلا پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تالانتى ۋە دانالىقىغا كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ» [20] دەپ يازىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە گۈللەنگەن كالېندار (تەقۋىم) چىلىق ئىلمى جۈملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شانلىق ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن كالېندارچىلىقتا دائىر قىممەتلىك بايانلار قاراخانىيلار سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا دەۋردىن دەۋرگە ئۆتۈپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلدى. موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى (مىلادى 1279 - 1368 - يىللار) دەۋرىدە، مەدەنىيەتلىك دەپ ھېسابلانغان زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان كالېندار (تەقۋىم) چىلىق ۋە ئاسترونومىيىلىك بىلىملەر بىلەن مەشھۇر ئاتالدى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 48 - جىلد «ئىلمىي نۇجۇم تەپسىراتى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 90 - جىلد «ئەمەلدارلار رويخېتى»، ۋاڭ شيەن، شاڭ چىڭگۇڭلار يازغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، سەركاتىب نازارىتى تەزكىرىسى» ۋە شۈي يۈبىڭ يازغان «جىجىڭ توپلىمى» قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادى 1260 - يىلى قۇبلايخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئەينى چاغدىكى ئۇستۇنبالىق (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلدىكى دۇلۇن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ پايتەختى ئىدى) تا ئىسلام رەسەتخانىسىنى تەسىس قىلدۇرغان ھەمدە ئۇيغۇر تەقۋىمچى، ئاسترونوم جامالىددىننى بۇئىسلام رەسەتخانىسىنىڭ مۇئەككىلى قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ رەسەتخانا غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر تەقۋىمچىلەر (كالېندارچىلار) ۋە ئاسترونوملار ھەر خىل كۆزىتىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي مەشغۇلات ئورنىغا ئايلانغان. كېيىن بۇ جايدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يەنە ئىككى ئوردىدا مۇسۇلمانلار رەسەتخانىسى تەسىس قىلىنغان. بۇ رەسەتخانىلاردا ئۇيغۇر تەقۋىمچىلىرى (كالېندارچىلىرى) مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان مەخسۇس تەقۋىمچىلىك ئورگىنىمۇ قۇرۇلغانىدى [21]. ئەينى ۋاقىتتا بۇ رەسەتخانىلاردا ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان، ھەم مەخسۇس كالېندار ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان ئۇيغۇر تەقۋىمچىلەر خېلى كۆپ بولغان. بۇلارغا ۋەكالىتەن بىز مەشھۇر تەقۋىمچى جامالىددىننىڭ ئالاھىدە زور تۆھپىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ.

جامالىددىن كۆپ تەرەپلىمە يېتىشكەن، چوڭقۇر بىلىمگە ۋە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئالىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، ئاسترونومىيە ۋە ھاۋارايى ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يۈەن سۇلالىسىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن سۇڭ، جىن سۇلالىلىرىنىڭ كونا كالېندارى بىلەن ھاۋارايى، مەۋسۇملارنىڭ ماس كەلمەيۋاتقانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن جىيۈەن 4 - يىلى (مىلادى 1267 - يىلى) ئۇ مۇسۇلمانلار كالېندارىغا ئاساسەن «بۈيۈك كالېندار» نى تۈزۈپ چىققان.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئوردا سۇڭ سۇلالىسى تەقۋىمچىلىرى بىلەن جىن سۇلالىسى تەقۋىمچىلىرىنىڭ كالېندارلىرىنى شۇ پېتىلا ئىشلىتىشكە يارلىق چۈشۈرگەنىدى. ئۇگداي خان ۋاقتىدا «زەپەر قۇچقان ئات يىلى تۈزۈلگەن كالېندار» نى تۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى يولغا قويمىغانىدى. جامالىددىن تۈزگەن «بۈيۈك كالېندار» بولسا جاكارلىنىپ، رەسمىي يولغا قويۇلغانىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 52 - جىلد «تەقۋىم تەپسىراتى» دا بۇ ھەقتە ئېنىق خاتىرىلەر بار. ئۇنىڭدا: «جىيۈەن 4 - يىلى، غەربىي يۇرتلۇق جامالىددىن ‹بۈيۈك كالېندار›، تۈزدىلەر، كېرەملىك قۇبلايخان بۇ كالېندارنى يولغا قويۇشقا يارلىق چۈشۈردىلەر. شۇنىڭ بىلەن بۇ كالېندار ئارقا - ئارقىدىن ئاۋام ئىچىگە تارقاپ، دىنىي پائالىيەتلەرمۇ ئۇشبۇ كالېندار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدىلەر...» دېيىلگەن.

جىيۈەن 13 - يىلى (مىلادى 1276 - يىلى) قۇبلايخان شۈي خېڭ، گو شۇجىڭ قاتارلىقلارغا كالېندار ئىشلەشنى تاپشۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار جامالىددىننىڭ يېتەكلىشى ۋە ئۇ تۈزگەن كالېنداردىن پايدىلىنىپ، جىيۈەن 17 - يىلى

(مىلادى 1280 - يىلى) قىشلىقى ئاران بىر كالېندارنى تۈزۈپ پۈتتۈرگەن. ئۇنى تولۇقلاپ تۈزۈش ئاساسىدا ئۇنىڭغا «مەۋسۇم كالېندارى» دەپ ئىسىم قويۇلۇپ، ئاندىن تارقىتىلغان. جىيۇەن 20 - يىلىغا كەلگەندە بۇ چىبەن ئىسىملىك بىرى ئالدىنقىلارنىڭ ئەمگىكىدىن ۋە كالېندار تۈزۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، «لى يى» كالېندارىنى تۈزۈپ چىققانىدى. جامالىددىن تۈزگەن «بۈيۈك كالېندار» ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ «مەۋسۇم كالېندارى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتا 15 يىل ئۆتكەن. جامالىددىن تۈزگەن كالېندار مانا شۇ 15 يىل جەريانىدا دۆلەت كالېندارى سۈپىتىدە ھەر قايسى جايلارغا تارقىتىلىپ، ئومۇمىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئورتاق كالېندارغا ئايلانغان. «بۈيۈك كالېندار» دىن كېيىن يەنە ئىككى كالېندار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما جامالىددىن تۈزگەن بۇ كالېندار ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان، بەلكى داۋاملىق بېسىپ تارقىتىلغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 94 - جىلد «ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى» نىڭ 2 - قىسمىدا كۆرسىتىلىشىچە، خانبالىقتا مەخسۇس كالېندار بېسىپ ساتىدىغان باسمىخانا قۇرۇلغان بولۇپ، تيەنلى تونجى يىلى (مىلادى 1328 - يىلى) مۇسۇلمانلار كالېندارىدىن 5257 نى بېسىپ ساتقان. ھەر بىر كالېندارنىڭ باھاسى 50 سەر جۇڭتۇڭ پۇلىغا توغرا كەلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇسۇلمانلار كالېندارى دېگىنىمىز - ئەرەبلەرنىڭ كالېندارى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ، شەمسىيە كالېندارى بىلەن قەمەرىيە كالېندارىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدى: شەمسىيە كالېندارى بولسا، ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا پەسىللەرنى ئايرىش ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلەتتى. شەمسىيە كالېندارى بويىچە قۇياشنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىشىنى 365 كۈن ھېسابلايتتى. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە، ئاينىڭ 12 قېتىم تولغىنىغا ئاساسەن 12 ئاي ھېسابلايتتى.

قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەزەلدىن تۈپ ئاھالىسى بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان مول بىلىملىرىگە ئاساسەن، يۇلتۇز كالېندارى، مۇچەللىك كالېندار ۋە باشقا تۈرلۈك كالېندارلارنى ئىختىرا قىلىپ، دۇنيا كالېندارچىلىق ئىلمىغا غايەت زور تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. لېكىن سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىنكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى، بولۇپمۇ چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىكلىرى ھەم جاھالەت كۈچلىرىنىڭ توسقۇنلۇقلىرى بىلەن كالېندارچىلىقىمىزدىكى كۆپ ئەسىرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز ۋەيران قىلىندى.

رەسسام: ئەكبەر پەيزۇللا

## ئىزاھلار ۋە پايدىلانغان مەنبەلەر


① ئانىمىزم - تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنەلمىگەنلىكتىن يۈز بەرگەن ئىپتىدائىي تەبىئەت كۆز قارىشى.
② دېئىزم - قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قارىشى. بۇ، تەبىئەتنىڭ ئۆزى تەڭرى دېگەن ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغان.
③، ④ ئابدۇكېرىم راھمان: «قۇتادغۇبىلىك داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىر قىسىم ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق 5 - سان.
⑤ خەنزۇچە: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 1 - سان.
⑥، ⑦ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑧ سەمەت دۇگايلى: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىللىق 2 - سان.
⑨ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز».
⑩ نىغمەت ياقۇپ: «مۇچەللىك كالېندار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىللىق 1 - سان.
⑪ سەمەت دۇگايلى: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان».
⑫, ⑬ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1985 - يىللىق 12 - سان.
⑭ ئابدۇرەھىم ھاشىم: «قۇتادغۇبىلىكتىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلارنىڭ تارىخىي يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق 6 - سان.
⑮ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1985 - يىللىق 12 - سان.
⑯ ئابدۇكېرىم راھمان: «قۇتادغۇبىلىك داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىر قىسىم ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى».
⑰ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1985 - يىللىق 12 - سان.
⑱ ئابدۇكېرىم راھمان: «قۇتادغۇبىلىك داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىرقىسىم ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى».
⑲ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1985 - يىللىق 12 - سان.
⑳ دۇشياۋيۈەن: «ئۇيغۇر ئاسترونومىيىسى ۋە دۇنيا قۇياش مەركەز تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى - يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق 5 - سان (ئۇيغۇرچە).
㉑ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1985 - يىللىق 1 - سان.

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ باش مۇھەررىرى

(M2)

# تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە



نىياز قاھار

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكى توپان بالاسىدىن كېيىن ئىنسانىيەت ۋارۋارلىق دەۋرى، مەدەنىيەت دەۋرى، ئېلېكتر دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى قاتارلىق دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈنكى گېن دەۋرى، دېڭىز - ئوكيان دەۋرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئىنسانىي ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن تىترەتمەكتە.

دەرۋەقە، تۈنۈگۈن كىشىلەر قالدۇرغان ئىزلار، قايسىبىر پەيلاسوپ - دانىشمەنلەرنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى، قايسىبىر روھانىي - سوپىستلارنىڭ نالىلىرى، ھەممىنى يالماپ يۇتىدىغان دەھشىتى بىلەن ئۇ قىتئەدىن بۇ قىتئەگە ئاتلاپ ھۆركىرىگەن شىر يۈرەك شەخسلىرىمىزنىڭ بارلىق قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە، تارىخقا ئايلاندى. بىز تۇرۇۋاتقان يەر شارى يەنە تۈرلۈك قىسمەت، ئاجايىپ - غارايىپ كارامەتلەرنى ئۆز قوينىغا سىغدۇرۇپ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋەردى. ئىنسان ئوخشاشلا ئالەمنىڭ خان تاجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مانا بۈگۈنكى دەقىقىلەرگە ئۇلاشتى. كېلىڭ، بىز بۈگۈنكى ئېگىز - ئېگىز ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەردىن، تىقما - تىقما ئادەملەر توپىدىن، يىلاندەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان تېز سۈرئەتلىك ئاسفالىت يوللاردىن، كۆكنىڭ قەرىنى ئېككىلەنمەيلا يېرىۋاتقان پولات لاچىنلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قەدىمىي كارۋان ئىزلىرىنى ئاقتۇرۇپ تاپايلى ۋە ئۇنى بويلاپ تەپەككۇرىمىزدە قېتىپ قالغان بەزى تۈگۈنلەرنى يېشىپ، ئاشۇ ئىزنالاردا سەلتەنەت سۈرگەن ئالەمشۇمۇل روھ

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

ئىگىلىرىنى چاقىرايلى، ئۇلار بىزگە دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەرسۇن...

1

«ئەمدى مەن ماڭىمەن، ئۆلۈمگە قاراپ ماڭىمەن. سىلەر داۋاملىق ياشاۋېرىسىلەر، ئارىمىزدا كىمنىڭ ئەڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، پەقەت ئىلاھلا بىلىدۇ» (سوقرات).

بىر ھەقىقىي دانا ياكى قەھرىمانغا مەن شۇنداق تەبىر بېرىمەن، ئۇ، زۇلمەت كېچىنى يورۇتقۇچى مەشئەل ياكى قايتا پارلىغان تولۇنئايدۇر. ئۇ قانداق ئۆلۈشىدىن قەتئىينەزەر كىشىلەر ئارىسىدا، ئادالەت - ھەقىقەت ئار تېخى ھايات...

ھەئە، ئۆلۈم، بىشارەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىدىغان، ھىدايەت تېپىش يولىغا باشلىيالايدىغان بىردىنبىر ماياك. ئۆلۈمگە مەغرۇر قارىغان ئادەم ئىنسانىي كامىللىققا يېقىنلىشىۋاتقان ئادەم!

ئويلاڭچۇ، قايسىبىر چىن ئاقىل ئوردا - ساراي، ئالتۇن - كۈمۈشلەر ئىچىدە ھەقىقەت ئۈنچىلىرىنى سۈزۈپ ئالالىغان؟ ئابدۇلھەسەن ھەرەكانى: «يەر يۈزىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك دەيمىز، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك. يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى بىز ئۆلۈك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار تىرىك» دېگەن ئاقىلانە سۆزى بىلەن بىزنىڭ يۇقىرىقى ئېيتقانلىرىمىزنى دەلىللىيەلمەسمۇ؟

ئويغىنىش، ھەقىقەتكە ئۇندەش ناھايىتى مۇشكۈل. پەقەت ئۆزىنى تەڭرىگە بېغىشلىغان، ئۆز - ئۆزىنى تونۇپ، بېشىدىكى تاجنى، ئۈستىدىكى تون - لىباسلارنى مەسخىرە قىلىپ: «سەن مەن ئەمەسسەن، مەن مەندۇرمەن» دېيەلىگەن، ياكى پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بارلىق ئىمتىياز - مەرتىۋىلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، شاھنى ئۆزىگە ئوخشاش

www.uyghurkitap.com

قەلەندەر ھالىتىدە تەپەككۇر قىلالىغان ۋە: «ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئىنسان» دېگەن ئىدىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش روھىغا ئىگە ئادەملا مەڭگۈ يىقىلماس تۈغ بولالايدىغان ئادەمدۇر. شۇنداقلا ئۇ: «ئۆلۈم ھەممىتىدە بارلىق مالامەتلەردىن خالاس بولۇش - مەن ئۇچۇن خاسىيەتلىك بىر ئىش» (سوقرات) دەپ ئېيتالايدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقىي مۇشكۇلات ئۆلۈمدىن قانداق قۇتۇلۇش ئەمەس، بەلكى گۇمراھلىقتىن قانداق ساقلىنىشتۇر. گۇمراھلىق (روھىي ۋەيرانچىلىق) دىن ساقلىنىش - ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشتىنمۇ مۇشكۇل... گۇمراھلىق ئادەمنى ئۆلۈمگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۆلتۈرىدۇ» (سوقرات).

2

قارالڭ، ئەسىرلەر بويى چۆلدەرەپ قالغان، تارىخ بورانلىرىدا سۇۋاقلىرى چۇشۇپ ئېستېتىك ئىقتىداردىن بارغانسېرى تۆۋەنلەپ قەدىرسىز قىلىنىۋاتقان مىڭئۆي غارلىرىدىن، چەكسىز قۇم بارخانلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغان شەھەر - قەلئە خارابىلىرىدىن، دالىلاردا بويۇن قىسىپ قالغان بالباللار ھەم مەڭگۈ تاشلاردىن، قايسىبىر تاغ چوققىسىدا ئۈزۈندىن - ئۈزۈن سۆكۈتكە چۆمگەن بۆرىنىڭ ئۈزۈك - ئۈزۈك تىنىشلىرىدىن، ناھايىتى يىراقتىن گويا ئالۋۇنغا ئوخشاش كۆرۈنۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەردە، ئاتلىقلار-نىڭ دەھشەت بىلەن نەرە تارتىپ دۈپۈرلەپ كېلىشى، تۈغ - ئەلەملەرنىڭ ھەيۋەت بىلەن جەۋلان قىلىشلىرىدىن ئۆزىمىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرەلەيمىزغۇ؟!

شۇنداق، روھىي تراگېدىيىگە تويۇنغان راھىبلارنىڭ پاساھەتلىك دۇردانە سۆزلىرى، ئاخۇنلارنىڭ ۋەزخانلىقلىرى، ئەمىر - مەرۇپلىرى، تەڭرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇشقا ئىنتىلگەن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ نالە - پىغانلىرى، ئالەمنى قايتىدىن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرى، قولى ئۆمۈرۋايەت قىلىچ دەستىسىدىن چۈشمىگەن سىياسىئون، قەھرىمانلارنىڭ قەھرى - غەزىپىمۇ ئوخشاشلا ئۈزۈلمەس ئېقىن بولۇپ قەدىمى تەگكەنلىكى جايلارنى سۇغۇرۇپ ماڭدى. ئۇندا مۇھەببەت ۋە نەپرەت تامغىسى خېلىلا قېنىق ئىدى. ئويلاڭچۇ، ئەگەر ئاشۇ تارماق ۋە غول ئېقىنلاردىن ئۇلارنىڭ روھىيەت ئۇنچىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، بۇ روھ جۇغلانمىسى (مەدەنىيەت) دىن سىرت يەنە نېمىلەر تېپىش مۇمكىن؟ ئۇلارنىڭ قېنىدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن تۇرلۇك تۇمەن «مەنىۋى جانلىقلار» يەنە قانداق يوسۇنلاردا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ؟

3

بىرىڭچۇ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن چەكسىز ئاقلىق (بالىلىق روھ) قا ئىنتىلىۋاتقان ئاشۇ ئىلاھسىمان ئىنسانلارقېشىغا. ئۇلاردىن: «بىز كىم؟» دەپ سوراڭ. ئۇلار:

ئايا سىزجان تىكىپ ھەمىشە ئىزدەيسىز ئىلاھنى،
ئۇنى ئىزدەش ھاجەت ئەمەس، ئىلاھى سىز -
ئىلاھى سىز.
(جالالىددىن رۇمى)

دەپ جاۋاب بېرىشى چوقۇم. نىھايەت، روھ بارلىق ئىنسان ۋە بارلىق ئىنسانىيەت تەپەككۇرى ئىپادىسىدە زامان ۋە ماكان شەكلىدە ئۈزۈلمەس تارىخىي ئېقىن بولۇپ، ھەر خىل يوللار بىلەن گاھ بېرىكىپ، گاھ پارچىلىنىپ كەلمەكتە. بۇ جەرياندىكى روھىي جۇغلىنىش (مەدەنىيەت) يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار بىلەن مۇئەييەن سۇبلىزاتسىيىلىك سىستېما باسقۇچىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئېڭىدىكى روھىي جۇغلانما جەۋھىرى «تەڭرى» نى يارىتىش بىلەن كۇپايىلەندى.

«ئۆز روھىي دۇنيايىڭنى بىلىش ۋە ئىگىلەش، بىر چاغلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ يەر يۈزىنى ئىشغال قىلغىنىدىنمۇ مۇشكۇلرەك، لېكىن، ھەممىدىن مۇشكۇلى كېيىن كېلىدۇ. ھەممىنى ئۇقسەن. ئەمما دۇنيادىكى تەلۋىلەرگە قاراپ، ئۇنى زەررىچە بولسىمۇ ئۆزگەرتىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ. قىيىندىن قىيىن مەسىلە مۇشۇ!» (جالالىددىن رۇمى). دېمەك، روھ ئۆزىمىز دېمەكتۇر. ئۆزىمىز روھ، يەنى تەن شەكلى، روھىمىز مەزمۇن. قاچانكى بۇ روھنى يوقىتىپ قويىدىكەنمىز، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىنمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەس، ئېغىزدىكى تۇكۇرۇكچىلىك قەدرى يوق بولۇپ ياشايمىز، خالاس. مانا بۇ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ۋەيران قىلىش، روھىمىزنى نابۇت قىلىش دېمەكتۇر.

شۇنداق، روھ بىرىنچى ۋەتەن!

4

بۇ قويۇنغا گۈزەل ئەپسانىلەرمۇ، كىشىنى ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرىدىغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ، شۇنداقلا پاجىئەلىك ھېكايەتلەرمۇ مۇجەسسەملەنگەن. ئەپسۇس، تۈنۈگۈنكى ئەپسانە بىلەن رىۋايەت بۈگۈننىڭ داستىخىنىدا «چاندىغان» بولۇپ قالدى. ئەمدى كىشىلەر بۆرىنىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلاشلىرىدىن زوقلانمايدىغان، قىرىلار كۆككە چوقۇنمايدىغان، باللار مومايلارنىڭ چۆچەكلىرىگە زەڭ سالمايدىغان، ئەرلەر دوپپا كەيمەيدىغان، ئاياللار ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويمايدىغان بولدى. بەلكىم زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك قۇدرىتى كىشىلەرنىڭ روھىدىن بۆرىنى، قىرىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تەڭرىنى، ئەرلەرنىڭ بېشىدىن دوپپىنى، ئاياللارنىڭ ھۆسنىدىن ئۇزۇن - ئۇزۇن چاچلارنى يۇلۇپ ئېلىپ تاشلىۋېتىشىمۇ مىللىي ئۆزلۈكتىن ياتلىشىشنىڭ بىر تۈرلۈك سەۋەبى بولسا كېرەك.

ماددىي مەئىشەت كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۆزلۈكسىز چىرماپ، ئۇلارنى زامانىۋى قوراللار ئالدىدا ئامالسىز قىلىپ قويغاندا كىمدۇر بىرى: «مىلتىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەردلىكنى كۆتۈرۈۋەتتى» دەپ ھەسرەت چەككەندى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تويۇپ قالغان ئايرىم كىشىلەر دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا باشقىچە تەپەككۇر قىلدى. ئۇلار:

- ياق، بىزنىڭ روھىمىز بۇ ئەمەس. بىزگە ئۆزىمىزنىڭ روھى كېرەك، - دەپ چۇرقىراشتى. بۇ ئاخىرىدا كىشىلەرنى قەدىمىي ئاسار - ئەتىقىلەر ئىچىدە ئۆزىنى ئىزدەش، يىلتىزىنى تېپىش دولقۇنىغا غەرق قىلىۋەتتى. تارىخچىلار، پەيلاسوپلار باشقىدىن جانلاندى. كىشىلەر ئەمدى زامانىۋىلىقنىلا ئەمەس، ئەنئەنە، مىللىي روھقىمۇ نەزەرىنى ئاغدۇرىدىغان، ئەھمىيەت بېرىدىغان

بولدى.

ھەئە، «ئۆزىنى تونۇغان خۇدانى تونۇيدۇ!»

5

كېلىڭ، بىز ئەمدى ئىنسانىيەتكە بايراقدار بولغان، ھەم بولۇۋاتقان، ھەم بولۇشقا ئىنتىلىۋاتقان، ئۆزىمىزگىمۇ ئورتاق بولغان مەشھۇر كىشىلىرىمىز توغرىسىدا ئىككى كەلىمە سۆز قىلىپ باقايلى.

كىمدۇر بىرى: «بىر ئالىم پەقەت ئالىم بولۇش ئۈچۈنلا كۈرەش قىلسا، ئۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقتۇر» دېگەندەك قىلغانىدى.

راست، ئېينشتېين ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتى بىلەن ئىنسانىيەتكە كارامەت مۆجىزىلەرنى يارىتىپ بەردى. بۇ بۈيۈك ئالىم ئۆزىنىڭ ئاغدۇرۇلماس نەزەرىيىسى «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» بىلەن كىشىلەرنىڭ قولىغا كۈچلۈك قورال تۇتقۇزدى. ئۇ، بۇ قورالنىڭ كۈچىنى كۆرگەندىن كېيىنلا قاتتىق ئازابلاندى.

دەرۋەقە، ئۇ، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىگە ھەم ئاپەت (بۇنىڭ تەمىنى بىرىنچى بولۇپ تېتىغۇچىلار ياپونلار ئىدى) ھەم ئامەت ئېلىپ كەلدى. بەلكىم شۇ چاغدىن باشلاپ ئېينشتېين ئۆزى ھەققىدە، ئادەملەر ھەققىدە ئاجايىپ خىياللارنى قىلغاندۇ. شۇڭا ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى: «ئەگەر ماڭا قايتا تۇغۇلۇش پۇرسىتى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن يايمىچىلىق كەسپىنى تاللىۋالغان بولاتتىم» دەيدۇ. ئويلاڭ، يېرىم ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە گەرچە ئېينشتېيندەك بۈيۈك ئىشلارنى قىلالىغان ئالىملىرىمىز تېخى روياپقا چىقمىغان بولسىمۇ، شۇنىڭغا ئىنتىلىۋاتقان ئالىملار ئىچىدە پەقەت ئالىم بولۇش ئىستىكىدە ئالىم بولغان ۋە ياكى كۆرۈشىۋاتقان ئادەملەر ئازمۇ ياكى كۆپمۇ؟ ئالىملارلا ئەمەس، ئۆز ئىچىمىزدە پەقەت شائىر بولۇش ئۈچۈنلا، باشلىق پەقەت ياخشى باشلىق بولۇش ئۈچۈنلا، ئوقۇغۇچى پەقەت ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇش ئۈچۈنلا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئۆزىنىڭ تېنىنىڭ ئېھتىياجى، تۇرمۇشىنىڭ موھتاجى ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىۋاتقان ئادەملىرىمىز ئازمۇ ياكى كۆپمۇ؟ «كۆڭۈلنى تازىلىماق، ھاجەتخانا تازىلاشتىنمۇ قىيىن» دەپتىكەن جالالىددىن رۇمى.

«ئېيتىش كېرەككى، ئادەم مەيلى تۇغۇلما قابىل ياكى ساھىبجامال بولسۇن، مەيلى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىئون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىقتىساد ياكى ئىلىم - پەن، سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن ئۇنىڭ كامالەت ياكى مەئىشەت دەرىجىسى، شەخسىي ئىززىتى ۋە رىقابەت كۈچى، بەختى ۋە تەقدىر -قىسمەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ شەخسىي ئىرادىسى ياكى مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ھالقىپ - قاڭقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئۇ تەۋە ئېتنىك تۈركۈمنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن).

6

ئېھتىمال، چىڭگىزخاننىڭ ۋالىداپ تۇرغان قىلىچلىرىدا، ناپالىيوننىڭ قارا مىلتىقلىرىنىڭ ستوۋوللىرىدا، گېتلىرنىڭ توپ - زەمبىرەك، تانكىلىرىدا مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى قارا كۈچنى ئەقلىمىز ۋە تۇيغۇمىز بىلەن تونۇپ يەتكىنىمىزدە، ئۇنىڭغا قارشى ھاسىل بولغان قايناملاردىن، بىرىنچى خىل روھ جۇغلانمىسى (بىرىنچى خىل مەدەنىيەت) نىڭ ھامان مەجبۇرلاش، زورلۇق ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىككىنچى خىل روھىي جۇغلانما (ئىككىنچى خىل مەدەنىيەت) نى بويسۇندۇرغىلى، تاڭغىلى، يوقىتىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ياكى ئىككىنچى خىل روھىي جۇغلانما ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئۆز روھىنى مەجبۇرىي تاڭغاندىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىمىز مۈمكىن. ئەلۋەتتە، ئىككىنچى خىل روھىي جۇغلانما قۇرۇلغان جەريانى ئۇزۇن، پۇختا ھەم مۇستەھكەم روھىي جۇغلىنىش ئاساسىغا ئىگە بولغان بولىدۇ...

خاتىمە

ئۆلۈم - مەردانە ئۆلۈم - بۈيۈك روھنىڭ يۈكسەك ئىپادىسى!...

دالىلاردىكى «غېرىب» بالبال، مەڭگۈ تاش، ئاخىرەتلىكى پۈتۈۋاتقان مىڭئۆي، شەھەر - قەلئە خارابىلىرى، قىياتاش رەسىملىرى... ئۆزىمىزدىن ساقىغان نۇر، روھىي نۇر!

روھىي گۇمراھلىق ھەم قايتا ئويلىنىش.

بۈگۈنكى روھسىزلىق ۋە روھىي ئىزدىنىش.

تۈنۈگۈنكى، ھازىرقى ۋە كەللىك روھىي بايراقدارلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى روھىي پاجىئە.

ھەقىقەت!...

كېلىڭ، خاس روھىي جۇغلانما (خاس مەدەنىيەت) دىن ئىبارەت غايەت زور مەنىۋى چەمبىرەك ئىچىدىن ئۆز روھىيىتىمىزنى تارىختىكى روھىي جۇغلانمىمىزغا تەدبىقلاپ، ئۆزىمىزگە سوئال قويايلى:

زامان - زامانلار ئۆتۈپ بىز بۈگۈنكى كۈندە نېمىگە ئېرىشتۇق؟ نېمىلەرنى يوقاتتۇق؟ بىزنى تۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئەنئەنىۋى روھىي جۇغلانمىدا قانچىلىك ئۆزگىرىش، قانداق ھاسىلات بىلەن بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق؟ بىزگە يەنە «توپان بالاسى» ھاجەتمۇ ياكى بىز ئۇنى قايتا تاپماقچىمۇ؟

كەلگۈسى ھەم رەھىمدىل، ھەم تولىمۇ شەپقەتسىز، ھەم بىر دىنبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى. بەلكىم ئۇ ئىنسانىيەتكە جۈملىدىن بىزگىمۇ «ئوڭ كۆزى» بىلەن تىكىلىۋاتقاندۇ ۋە ياكى تارىخنىڭ چاقىدا يەنچىلىپ كۈكۈم - تالقان بولۇشقا يۈزلىنىۋاتقان روھ ئىگىلىرىگە ئارقىسىنى قىلىشقا ھازىرلىنىۋاتقاندۇ...

ھەئە، «ھەر بىر مەھرۇملۇقتا - مۇيەسسەرلىك، ھەر بىر مۇيەسسەرلىكتە - مەھرۇملۇق. ئۇ ئەنە شۇ كۈرەشتە گۆھەردىن ئايرىلدى.» (جالالىددىن رۇمى)

رەسسام: ئەكبەر ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 94 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

www.uyghurkitap.com



# ئەپەككۇر ۋە مىللەت روھى

ئىبراھىم ئەمەت

مەندەك بىر ھەۋەسكار قەلەمكەشكە نىسبەتەن بۇنداق زور تېما ئۈستىدە سۆزلەش بالىلىق، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ ھەقتە ئۆزۈڭدىن بىرى تولا ئويلاپ، ئۆزۈمچە بەزىبىر پىكىرلەرگە «ھامىلە» بولغان بولسامۇ، كالتە پەملىك بىلەن قەلەم تارتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. ئەمما ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، بولۇپمۇ شىپقاپ كېلىۋاتقان 21 - ئەسىر مېنى قاراملىق بىلەن بۇ توغرىدا ئويلىغانلىرىمنى جامائەتچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشقا قىستاپ، ھېچ ئارام بەرمىدى. كەلگۈسىگە بولغان زور ئۈمىد ئارىلاشقان بىر خىل كىرىزىس تۇيغۇسى ۋەجىدىنمىكىن، بۇ يىلنىڭ ھارپا ئاخشىمىنى ئىنتايىن تىت - تىتلىق ۋە بىئاراملىقتا ئۆتكۈزدۈم. ئاز - تولا ئەقىل ئىگىسى بولمىغىنىمدا، مەنمۇ ھۇش - كاللىسىنى يوقاتقان سانسىزلىغان قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاش قاۋاقخانىلاردا ياكى ئۆيۈمدە هاراقكەش دوستلىرىم بىلەن ئۆلپەتلىشىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋالغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆمۈر مۇساپەمدىن بىر يىل قىسقىراپ، گۆرگە بىر قەدەم يېقىنلاشقانلىقىمنى تەبرىكلەپ قانغىچە ھاراق ئىچىۋالغان بولاتتىم. ئەمما مەن ئۇنداق قىلمىدىم. بۇ قانداقتۇ ئۆز شەخسىيىتىمدىن ئەمەس. ئۆلۈم ئىنسان ئۈچۈن مۇقەررەر قانۇنىيەت. مەن يېڭى يىلنى قارشى ئالاي ياكى ئالماي، ھايات مۇساپەم ئاخىرلاشقان ھامان بەرىبىر ئۆلىمەن. كاللامدا يېڭى ئەسىرگە مىللەتنىڭ قانداق قىياپەت بىلەن كىرىشىدىن ئىبارەت گادىرماچ سوئال ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاچقا، بۇ يېڭى يىلنى قارشى ئالغۇم كەلمىدى. راستىنى ئېيتسام، بىز يېڭى ئەسىرگە كىرىش تەييارلىقىنى قىلىپ بولالمىغاندۇق. ئەگەر تارىخ چاقىنى بىر نەچچە يىل توختىتىپ قويۇشقا مۇمكىن بولغىنىدا ئىدى، ئۆزىمىزنى ئاز - تولا تۈزەشتۈرۈۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن بولار ئىدۇق. ئەپسۇس، بۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز قۇرۇق قول، ئاندىن تۇغما يالىڭاچ ھالەتتە يېڭى ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاشقا مەجبۇرمىز.

تارىخ رەھىمسىز ھالدا، تەرەققىي قىلغانلارنى ئالدىغا سىلىپ، ئارقىدا قالغانلارنى كەينىگە تاشلاپ، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەندە، قۇرۇق قول ۋە يالىڭاچ بولساقمۇ، 20 - ئەسىر ئۈستىدە ئاز - تولا خۇلاسە قىلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى بولسىمۇ يېڭى ئەسىرگە قولتۇقلاپ كىرىش زۆرۈر.

20 - ئەسىر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ پارلاق ۋە ئەڭ قانلىق 100 يىل بولدى. بۇ ئەسىردىكى 130 قېتىملىق زور ئۇرۇشتا 100 مىليون ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسا، بۇ 100 يىلدا يەنە ئىنسانىيەت پەن - تېخنىكا ۋە ماددىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر تارىختىكى ھەر قانداق بىر دەۋردىن ئېشىپ كەتتى.

1876 - يىلى ئامېرىكا «بوستون گېزىتى» ئاۋازنى ئېلېكتر سىمى ئارقىلىق يەتكۈزۈش (تېلېفون) نى «ھېچقانداق ئەمەلىي قىممىتى يوق ئىجادىيەت» دەپ قارىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە تېلېفون نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئومۇملىشىپ، ئالاقە - ئۇچۇرنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى.

يېزا ئىگىلىك ۋە مېدىتسىنا جەھەتتىكى تەرەققىيات، ئاچارچىلىققا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنىڭ ئۇزىرىشىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ 100 يىلدا ماشىنا ئات - ئۇلاغ ۋە ھارۋىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، قاتناش - ترانسپورت زامانىۋىلاشقاچقا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سانائەتلىشىشى مىسلىسىز زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىنسانىيەت ئېلېكترونلۇق مېڭىنى كەشپ قىلدى ۋە ئايغا چىقتى. سۈنئىي ھەمراھنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەتنى ئۇچۇر دەۋرىگە باشلاپ كىردى. رادىئو قوبۇللىغۇچ ۋە تېلېۋىزور ئۇچۇر دەۋرىگە غايەت زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇرۇنقى مەنبەئەلىك ئاخبارات (يېزىق) تىن ئاۋازغا ۋە سۈرئەتكە تەرەققىي قىلدى. ئۆتمۈشتە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ئاخباراتنى كونترول قىلىش ئارقىلىق خەلقنى دۇنيادىن، ۋەزىيەتتىن بىخەۋەر ھالدا نادان قالدۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئالاقىلىشىش، ئۇچۇر سۈنئىي ھەمراھى رادىئو دولقۇنىنى دۇنيانىڭ ھەر قانداق بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان بولدى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى دۇنيا تۈزۈلمىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىنسانىيەت

ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى يېتىش يولىدا يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، غايەت زور ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئاتوم بومبىسىنى كەشىپ قىلدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا پەقەت ئامېرىكىلا يادرو تېخنىكىسىغا ئىگە بولغان بولسا، نۆۋەتتە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، روسىيە، فرانسىيە ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت بەش دۆلەتتىلا 50 مىڭ دانە يادرو قورالى ساقلانماقتا. بۇ قوراللارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ۋەيران قىلىش كۈچى ئەينى چاغدا ناگاساكى ۋە خىروسىما ئاراللىرىغا تاشلانغان ئاتوم بومبىسىنىڭ قۇدرىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

دېمەك، 20 - ئەسىر ئىنسانىيەت تەپەككۇر جەھەتتىن مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان بىر دەۋر بولدى. ئۆتكەنكى ئەسىرلەردە ئىنسانىيەت ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان نەرسىلەر بۇ 100 يىلدا رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي، تېخنىكىۋى، سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى رىقابەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئېنىق. شۇ سەۋەبتىن 20 - ئەسىر تەرەققىيات دەۋرى بولغان بولسا، 21 - ئەسىرنىڭ رىقابەت دەۋرى بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، تارىم مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ جاھاندىن بىغەم ھالدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە خاس بولغان تەپەككۇر، يىرتىق تۇماق، ئېشەك ھارۋا، نامراتلىق، ئىقتىدارسىزلىق بىلەن، رىقابەت دەۋرى بولغان 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇشى (قويۇش ئالدىدا تۇرۇشى) ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنى تەشۋىشكە سالماي قالامدۇ؟

مەن دەل مۇشۇ ۋەسۋەسە تۈپەيلىدىن بارلىق ئەندىشە ۋە جۈرئەتسىزلىكنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان ۋۇجۇدۇمنى ئارامسىزلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى قارامىلىق بىلەن جامائەتچىلىككە دەپ بېقىشنى لايىق تاپتىم.

* * *

ھەممىگە ئايانكى، ئىنسانىيەت ئۆزىنى (تەپەككۇر قىلالايدىغانلىقىنى) تونۇپ يەتكەندىن باشلاپ، قەبىلە بىلەن قەبىلە، مىللەت بىلەن مىللەت، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ۋە بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشلار ئەڭ ئاۋۋال ئەقىل - پاراسەت رىقابىتى بولۇپ كەلدى. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تېخنىكىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ قورالى قىلىپ كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۇنى بىر مۇكەممەل سىستېمىغا ياكى پەن - تېخنىكىغا ئايلاندۇرالىغان مىللەت، ھامان تەپەككۇرى بىخ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان مىللەتتىن ئۈستۈن (ھۆكۈمران) ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. تەپەككۇرى تەرەققىي قىلغان مىللەت ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا ئۆزىنى بارغانچە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھىيلە - تەدبىرگە ئۇستا، يىراقنى ئويلايدىغان، مەنپەئەت قارىشى ئېنىق بولغان، سىياسىي ئاقىۋەتلەرنى تولۇق كۆرۈپ پېتەلەيدىغان مىللەتكە ئايلانسا، تەپەككۇرى تەرەققىي قىلمىغان مىللەت تەبىئەتتىن يارالغان پېتى، تەبىئەتكە ئىنتايىن يېقىن ھالدىكى ساددا ۋە ئىپتىدائىيلىقىنى ساقلاپ قالدى. تەپەككۇردىكى بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق تۈپەيلى دۇنيادا ئېزىش - ئېزىلىش، بويسۇندۇرۇش - بويسۇندۇرۇلۇش ۋە مۇستەملىكە بارلىققا كەلدى. ئەگەر ئەقىل - پاراسەت ئۈستۈن ئورۇندا تۇرمىغان بولسا، ۋەھشىي ھەم كۈچتۈڭگۈر سانىلىدىغان ئافرىقا نېگىرلىرى تۆمۈر كىشەنلەر بىلەن ھايۋانغا ئوخشاش بىر - بىرىگە چېتىلىپ، پايانسىز ئوكيانلاردا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، قامچا - تاياق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ، ئۆز يۇرتىدىن يىراق بولغان ئەللەردە باھا تالاشتۇرۇپ سېتىلمىغان بولاتتى. ئوخشاشلا، ئەقىلدىن ئىبارەت ئەڭ ئۆتكۈر ۋە خەتەرلىك ئىنسان تەبىئىيتى بولمىغان بولسا، مۇستەملىكە ۋە زېمىن ئۈچۈن سانسىزلىغان قان تۆكۈشلەر، ھازىرقى زاماندىكى ھەربىي تەييارلىقلار، زوراۋانلىقلار، يادرو ھازىرلىقلىرى مۇسابىقىلىرى مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى.

ئەقىل (تەپەككۇر) ئىنسانىيەتنى ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگە باشلاپ كىردى. ئىنسانلار توپ - توپ بولۇپ ئورمانلاردا خام گۆشلەرنى يەپ، ئەۋرەتلىرىنى دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ يۈرگەن زامانلاردا ئىسمى نامەلۇم بولغان ھېلىقى دانىشمەن چاقماق تاشتىن ئوتنى ئىجاد قىلىپ، گۆشنى پىشۇرۇپ يېيىش تېخىمۇ تاتلىق بولىدىغانلىقى، يالىڭاچ يۈرگەندىن كۆرە ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى يېپىنىۋالسا ئىسسىق بولىدىغانلىقى، ئۆڭكۈردە ياشىغاندىن كۆرە، ياغاچ - تاشلاردىن ئۆي ياساپ ئولتۇرسا قولاي بولىدىغانلىقىنى بايقىمىغان ۋە تەشەببۇس قىلمىغان بولسا، ئىنسانىيەت تېخىمۇ كېچىكىپ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان بولاتتى. دېمەك، ئەقىل (تەپەككۇر) نىڭ دەقىقىلىق چاقناپ ئۆچۈشى تارىخنى نەچچە يۈز يىل ئالدىغا سۈرۈۋەتتى. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇزاق مەزگىللىك تارىخ سەپىرىدە تارىم ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە كاتتا تۆھپىلەرنى قوشتى ھەمدە شۇ مەدەنىيەتنى ئاپىرىدە قىلىش جەريانىدا ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇرىغا نۇرغۇنلىغان سىرلىق سوئاللارنى قالدۇرۇپ كەتتى. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن سۇئېن، ھىدىن، ئاۋرېل. ستەيىن. . . گە ئوخشاش ئالىم - ئېكسپېدىتسىيە- چىلەر ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، بۇ رايونغا كۆپ قېتىم تەۋەككۈل قىلىپ كىردى. خوش، تارىخ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەپەككۇرى قايسى ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدۇق؟

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، بىزدە تېخى دەۋرگە ماس كېلىدىغان تەپەككۇر شەكىللەنمىدى. تەپەككۇر قانداقتۇر قولۇڭدىكى ناننىڭ تونۇردا پىشىپ چىققانلىقىنى، ياكى بولمىسا توخۇنىڭ تۇخۇم تۇغالايدىغانلىقىنى بىلەلىگەنلىك

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى جاھاننىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىش، دۇنيانى، ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەش، شۇنىڭغا لايىق بولغان تەدبىر ۋە ئىدىيە بولۇش دېمەكتۇر.

بىز ئاپتاپقا قاقلىنىپ، پو ئېتىشنى لايىق تاپتۇق، ئەمما باللارنى قانداق تەربىيلەشنى بىلمىدۇق. باشقىلارنى ماختاشنى بىلدۇقۇ، ئىچكى جەھەتتىن بىر پۈتۈن كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالمىدۇق.

20 - ئەسىر بىز ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا تەرەققىيات دەۋرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما بىزدە رىقابەتتىن، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن كۆرە ئۆز ئارا شەخسىي ئۆچمەنلىك ئەۋج ئالدى. تەقدىرىمىزدىن قايغۇرۇشتىن كۆرە، ھەسەتخورلۇق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. بىزدە پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، مىللەتنىڭ ئاق قاتلىمىنى، تەپەككۇرنى ساغلاملىق ۋە يۈكسەكلىككە باشلايدىغان تەپەككۇر ئىگىلىرى بەكلا كەم بولدى. ئۇنداقلار چىققان تەقدىردىمۇ يېتەرلىك قوللاش ۋە مەدەتكە ئېرىشەلمەي، خۇددى چەكسىز كەتكەن ئورمانلىقتىكى ئەڭ ئېگىز ۋە ئەڭ يوغان دەرەخ يالغۇز قېلىپ، ياغاچ كەسكۈچىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ يارامىلىق تاختاي ماتېرىيالى بولۇپ كەتكەندەك ئاقىۋەتكە قالدى. قورسىقىنى ئاران تويغۇزۇپ كېلىۋاتقان دېھقانلاردىن يۈكسەك تەپەككۇر تەلەپ قىلىش - دونكىخوتچە خام خىيال. ھەمدە ئۇلاردىن ئۇنداق تەپەككۇرنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئورنىمۇ يوق. مېنىڭچە، مىللەت تەپەككۇرىنىڭ يىلتىزىنى مىللەتنىڭ جەۋھىرى بولغان زىيالىيلاردىن ئىزدەش لازىم. بىزدە دەل زىيالىيلارنىڭ تەپەككۇرى دەۋرگە ماسلىشىپ ماڭالمىغانلىقى ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇرىدا چېكىنىش بولدى - 11 - ئەسىردە قارا چىراغ ئاستىدا «قۇتادغۇبىلىك» بارلىققا كەلگەن بولسا، زىيالىيلار قورساق تويغۇزۇشنى، سورۇننىڭ تۆرىنى تالىشىشنى بىلىپ، مىللەتنىڭ ھالىغا كۆڭۈل بۆلمىگىنى، خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت قارىشى تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن، پەن - تېخنىكا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە بىزدە ساۋاتسىزلىق باش كۆتۈرمەكتە. خەلق ئۆزۈن مەزگىللىك ئىچكى ئۇرۇش، سىياسىي داۋالغۇش، تەبىئىي ئاپەت، خورلاپاتلىق ئاسارىتىدە تۇرۇپمۇ ھاياتقا بولغان چەكسىز ئۈمىدۋارلىقى بىلەن «12 مۇقام» نى بىزگە قالدۇرغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئېسىل مىراس رېستورانلاردىكى ھاراقتىن بۇرۇن چېلىنىدىغان ئىشتەي نەغمىسى بولۇپ قالدى. مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ تەپەككۇر جەھەتتە ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قانچىلىك ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى دەلىللەشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

بىز جەمئىيەتكە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئالىي مەكتەپ دىپلومىغا ئېرىشىپ زىيالىي ئاتالغان نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ ھاراقكەش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇلار نېمىشقا ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ؟ چۈنكى بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان زىيالىيلىرىمىزدا غايە ۋە ئېتىقاد سۇس، كىرزىس تۇيغۇسى، ۋەتەن، مىللەت تۇقۇمى كەمچىل بولغاچقا، مەكتەپتە ئوقۇشنى، خىزمەت قىلىشنى قورساق تويغۇزۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە قونىدىغان چىۋىندىن نېمە پەرقى؟

بۇنىڭدىن يەتمىش نەچچە يىل ئىلگىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت، ئەقىل - تەپەككۇردا خەقتىن كۆپ ئارقىدا قالغانلىقىنى: «ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۇزەر سۇدا، مىنىشكە يوق قوتۇر ئېشەك، ياياق قالغانمىز باردۇر» دەپ نادامەت بىلەن خەلققە مۇراجىئەت قىلدىيۇ، بۇ سادا زۇلمەت قاراڭغۇدا چېقىلغان چاقماقتەك، شائىرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئۆچتى. كىملەر شۇنىڭدىن كېيىن ئېشەك ھارۋا (قوتۇر ئېشەك) بىلەن ئايروپىلان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ روشەن سېلىشتۇرمىغا دىققەت قىلىپ باقتى؟ يەنە قايسىبىر ۋەتەنپەرۋەر زات يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ھەققىدە لىللا گەپ قىلىپ باقتى؟ بۇنداق ئاقىل - ئويغاقلار بىزدە بەك ئاز. شۇڭلاشقا خەلق نادانلىقتا قېلىۋەردى. شۇڭا بىز مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىدىكى زەئىپلىكنى، تەپەككۇرىمىزدىكى قاتمال ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى، ئېڭىمىزدىكى قالاقلىقنى زىيالىيلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى ۋە تەپەككۇرىدىكى نامراتلىقىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز.

* * *

بىزنىڭ تەپەككۇر جەھەتتىكى چېكىنىشىمىز - مىللەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئەجەللىك مەسىلىدۇر. تەپەككۇرى ساغلام بولمىغان مىللەتنىڭ روھىيىتىنىڭ ساغلام بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. روھ ماھىيەتتە بىر مىللەتنىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل. بىز يېڭى ئەسىرگە كىرىشتىن ئىلگىرى ھېچ بولمىغاندا باشقىلار بىلەن باراۋەر يارىتىلغان 1500 گىرام ئېغىرلىقتىكى مېڭىمىزنى ئىشلىتىپ، كاللىمىزنى بىر قېتىم سىلكىۋېتىشىمىزنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىمۇ ئېنىق ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىز ئۈچۈن نۆۋەتتىكى بىر نەچچە يىلدا ئەڭ مۇھىم بولغىنى، باشقىلارغا يېتىشۋالىمەن دەپ تۆمۈرچىلەرنى يىغىۋېلىپ ئايروپىلان ياساش ئەمەس، ئىلمىي تەپەككۇر ئارقىلىق مىللەتنىڭ روھىيىتىنى پاكلاشتۇرۇش، تەپەككۇرنى غىدىقلاش. ئەگەر بۇ نۇقتا ئورۇنلانمايدىكەن كەلگۈسى جەمئىيەتتىن بىزگە ئورۇن تەگمەسلىكى ئېنىق. خۇدا تەبىئەتنى ئىدارە قىلىش ۋە بويسۇندۇرۇش ھوقۇقىنى ھەر قانداق بىر مىللەتكە بەخشەندە قىلىۋەتكىنى يوق. تەبىئەت ئۆزىنى بويسۇندۇرۇشقا قۇدرىتى يېتىدىغان خەلقلەر ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق تاللاش مەۋجۇت ئەمەس. تارىختا ئۆزلۈكسىز شاللىنىۋېتىش بولغانلىقى ئۈچۈنلا تارىخ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن!

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تورمە باشقۇرۇش ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ خادىمى (M1)



# توغرا، ئۆزىمىز يول تاپايلى

ئادىل ئابدۇرېھىم

«شۇنچە كەڭ داۋاندا يولۋاس يالغۇز ماڭمىلا ئۈچرامتى» ، بۇ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى «ۋۇسۇڭ» دىكى ھەققانىيەتچى، خەلقچىل قەھرىمان ۋۇسۇڭنىڭ سۆزى. ئاڭلىماققا بۇ گەپ نىسبەتەن قاراملىق سانىلىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى بۇ گەپكە ئىشنىڭ ھېچقانداق يامان تەرىپىنى ئويلىمىغان قارىغۇلارچە ئالدىراڭغۇلۇق سىڭىپ كەتكەن. ئەمما يەنە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، چىڭغىز ئايتماتوپنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «چوڭ يۈرەكلىك بىلەن تەۋەككۈلچىلىكنىڭ ئانىسى بىر» . ئۈستەڭدە كۆۋرۈك بولمىسا، ئۆتۈش ئۈچۈن يا سۇغا كىرىش كېرەك، يا ئاتلاش كېرەك. بۇنىڭغا دادىللىق بولمىسا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە ھەر قانداق ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يامان تەرىپىمۇ بولىدۇ. ھالبۇكى، يۈرەكلىك قەدەم ئالغاندىلا ئاندىن ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. تېڭىرقاش بىلەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. دادىللىق بىلەن ئىلگىرىلەش بولماي تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش مۇمكىن ئەمەس.

بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان سەۋەنلىكلىرىمىز يات ئادەم ئالدىدىكى كىچىك بالىدەك يېتىرقىشىمىز- دىن، ھەي، زادى قانداق بولار، دەپ جۈرئەت بىلەن قەدەم ئالالمايدىغان تېڭىرقىشىمىزدىن، تەۋەككۈلچىلىكنى قاراملىق دەپ بىلىدىغان زىيادە ئېھتىياتچان - قورقۇنچاقلىقىمىزدىن، تۈنۈگۈننى مىڭ قېتىملاپ ئەسلىسەكمۇ، ئەتىنى ئويلاپ قويمايدىغان بىپەرۋالىقىمىزدىن، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، يىراقنى نەزەر. سالمايدىغان بىخۇتلۇقىمىزدىن، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىمىزنىڭ كەملىكىدىن، ھەم ئالدىدىراق كېتىۋاتقانلار ھەققىدە تاپمىغان گېپىمىز قالمايدىغان پىتنىخورلۇقىمىزدىن سادىر بولۇپ كەلدى.

ئارمانىمىز تولا، دەرمانىمىز يوق؛ زارىمىز تولا، زورىمىز يوق؛ ئىلگىرىلەش پۇرستى تولا، تىرىشچانلىق يوق؛ يېشىمىزغا قوشۇلىۋاتقان يېڭى ياشقا قارىغاندا، بىزدە بولۇۋاتقان يېڭىلىنىش ئىنتايىن ئاز. شۇنچە ئوبدان پۇرسەت ئاسان قولغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە بىزنىڭ تاپقان يېڭىچىرەك ئۇسۇللىرىمىز، يوللىرىمىز زادى قانچىلىك؟

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 6 - سانىنىڭ ئارقا مۇقاۋىسىغا بېرىلگەن «ئۆزىمىز يول تاپايلى» ناملىق بەدىئىي سۈرەت - نۆۋەتتە مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئېلان قىلىنىۋاتقان فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى ئىچىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىپ چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان، ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىكىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان نادىر ئەسەر. فوتوگراف ئادىل ئىسمائىل بۇ ئەسەرنى روياپقا چىقىرىشتا ئىنتايىن كۆپ ئىزدەنگەن. بولۇپمۇ بەدىئىي سۈرەتچىلىكىمىز ھازىرقىدەك «ھەۋەس» ، «نەزەر» ، «يىراقتا نەزەر» ، «خىيال» ، «ئۇيغۇر قىزى» ، «تاجىك قىزى» ، «قىش» ، «باھار» ، «ھۈنەرۋەن» قاتارلىقلار بىلەن ئۆزۈندىن بېرى

## ئەسەر ۋە ھاسىلات

يېڭىلانماي رامكىلىشىپ قالغان، كۆپ بولغاندىمۇ ئون نەچچە خىللا ماۋزۇنىڭ مۇھاسىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيۋاتقان؛ شۇنچە جانلىق ۋە كۆپ خىل ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۇيغۇر تىلىدا ئاشۇ نەچچە تاللا سۆزدىن باشقا فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىگە ماۋزۇ قىلىپ تاللىغۇدەك يېڭى گەپ قالمىغاندەك، بىر ماۋزۇ نەچچە ئون ھەتتا يۈز قېتىملاپ تەكرار ئىشلىتىلىپ، مەززىسى قالمىسىمۇ يەنىلا شۇ شەكىل، شۇ مەزمۇن ۋە شۇ ماۋزۇدىن نېرى كېتەلمەيۋاتقان؛ ئۆيدە چۈشكەن سۈرەتلەرنىمۇ بەدىئىي سۈرەت دەپ ئېلان قىلىپ، بەدىئىي سۈرەتلەرنىڭ سۈپىتى ئادەم نومۇس قىلغۇدەك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان؛ ئېلان قىلىنىۋاتقان سان جەھەتتىكى كۆپلۈككە نىسبەتەن: ماۋزۇ سۈرەت ئەجەب ياخشى تارتىلىپتۇ، ماۋزۇسىمۇ يېڭىچىلا، مەزمۇنچۇ تېخى، دەپ قالغۇدەك بىرەر پارچە بەدىئىي سۈرەتنى ئۇچرىتىشلا ئەمەس، ھەتتا ئىزدەپ تېپىشمۇ بەسى مۇشكۇل بولۇپ قېلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا «ئۆزىمىز يول تاپايلى» غا ئوخشاش بىر نادىر ئەسەرنىڭ بىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى مېنى چوڭقۇر سۆيۈندۈردى، شۇنداقلا بەدىئىي سۈرەتچىلىكىمىزدە مۇنداقمۇ ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدىكەنغۇ، دېگەن تونۇشقا كەلتۈردى.

ئادىل ئىسمائىل ئۆزىمۇ ئىلگىرى «ھەۋەس»، «قىزىقىش» دېگەنگە ئوخشاش كونا ماۋزۇلارنى كۆپ قېتىم ئىشلىتىپ باققان فوتوگراف. ئەمما مانا ھازىر بولسا، ناھايىتى زور جۈرئەت بىلەن خۇددى قەپەس يېرىپ چىققان يولۋاستەكلا يېڭىچە قىياپەت بىلەن نامايان بولدى. بۇ ھەرگىزمۇ مۇنداقلا بىر تاساددىپىيلىق ئەمەس، بەلكى كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيەتلىك سىناقنىڭ ۋە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ نەتىجىسى؛ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەتكە نىسبەتەن تەلەپىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپ خىللىشىۋاتقانلىقى ۋە چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى؛ ھەر قانداق بىر مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ كىشىلەرگە چوڭقۇر ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىشتىن باشقا يەنە خەلقنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنىڭمۇ بارلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى؛ بىر مىللەت مەدەنىيەت قاتلىمىغا نىسبەتەن قاتمال كونا رامكىلار ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ، نۆۋەتتىكى رېئاللىق ئالدىدا جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان روھىي ئامىلنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى؛ ھەر قانداق بىر سەنئەتكارغا نىسبەتەن ئۆزى ياراتقان ئەسەرنىڭ ئۆز دەۋرى ۋە مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان كۆپ قاتلاملىق بەدىئىي ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەن بولۇشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت كەسكىن تەلەپنىڭ ھەر ۋاقىت قويۇلۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى؛ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ شۇ مىللەت ۋە شۇ دەۋر ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ئورتاق ساداسىنى ياڭرىتىپ، ئۆز مىللىي تۇپرىقىغا يىلتىز تارتقان بىر خۇش پۇراقلىق گۈل بولۇشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت تەلەپنى چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى؛ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ دەۋرگە، بۈگۈنگە، يېڭىلىق يارىتىشقا ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە يۈزلىنىشكە، شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىنى يېڭىلاشقا، مۇھىمى نېمىنى يېڭىلاش لازىملىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ، ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە ۋە تەكىتلەشكە تېگىشلىك ياخشى باشلىنىش.

تۈن پەردىسى يىرتىلىپ تاڭ شەپىقى كۆتۈرۈلۈۋاتقان، ئالتۇن رەڭ نۇرلار چېچىلىپ ئەتراپنى يورۇتۇشقا باشلىغان، يەر يۈزىنى قاپلاپ تۇرغان ئاپئاق قارلار تېخى تولۇق تارقاپ بولالمىغان تۈن قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئاخىرقى تەسىرىدە سەل قارامتۇل كۆرۈنۈپ تۇرغان، تەبىئەت ئويغىنىپ بىر كۈنلۈك ھاياتلىق ئەمدىلا باشلانغان چاغ. قولاقچىلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، سومكىلىرىنى ئاسقان ئىككى ئۆسمۈر باشقىلار مېڭىپ قالدۇرغان ئىزنى بويلاپ ئەمەس، بەلكى ھېچقانداق ئىز چۈشمىگەن جاي بىلەن ھوشۇقلىرىغىچە قار كېچىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ھازىرنىڭ ئىز باسارلىرى، كەلگۈسىنىڭ خوجايىنلىرى، قۇرغۇچىلىرى. مىللەتنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكى ۋە ۋەتەننىڭ كەلگۈسى پەقەت ئاشۇنداق جۈرئەت ۋە جاسارەت ئىگىلىرى ئارقىلىقلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ماڭغان ئىزىدىن بىزدىكى تېگىرقاش ۋە ئىككىلىنىشلەرنىڭ ئىپادىلىرى ئاز - تولا سېزىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار يەنىلا يېڭىدىن يول ئېچىپ ماڭغان؛ ئۆزىنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك يولىنى تېپىپ، پەستىن ئېگىزگە قاراپ ۋە يىراققا نەزەر تاشلىغان ھالدا دادىل قەدەملەر بىلەن قەددىنى تىك تۇتۇپ ماڭغان؛ تەبىئەت بىلەن تەڭ ئويغىنىپ، تاڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ، قۇياش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋالغان. بۇ، ھەر ۋاقىت مەدھىيىلەشكە ۋە قەدىرلەشكە تېگىشلىك جۈرئەت، دادىللىق - جاسارەت.

سەھەردە تۇرۇپ مەكتەپكە ماڭغان، ئىشنى باشتىنلا دادىللىق بىلەن يېڭىچە باشلىغان ئاشۇ غۇنچىلار بىزگە قانچىلىك ئۈمىدلەرنى بەخش ئېتىدۇ - ھە!

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۈن: «زېمىندا ئەسلىدە يول يوق ئىدى، ماڭىدىغانلار كۆپەيگەنسېرى يول پەيدا بولغان» دەپ كۆرسەتكەنىدەك، يول - ماڭغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى، يەنە كېلىپ ئەڭ دەسلەپ خۇددى ئادىل ئىسمائىل

www.uyghurkitap.com

ياراتقان ئۆسمۈر قەھرىمانلاردەك دادىل جۈرئەت ئىگىلىرى تەرىپىدىن ئېچىلغان. ئەمما يەنە شۇنى كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ماڭىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن پەيدا بولغان يول، يەنە ماڭىدىغانلارنىڭ ئازىيىشى بىلەن يوقاپ كېتىدۇ. ماڭىدىغانلار ئازىيىپ تۈگەپ كەتسە، چوقۇمكى ئىلگىرىكىلەر بىزگە قالدۇرغان تەييار يولمۇ يوقاپ كېتىدۇ، ئەجدادلارنىڭ ئىزلىرىمۇ ئۆچۈپ كېتىدۇ. شۇڭا كىم نېمە دېسە شۇنىڭغا ئەگەشمەي ئۆزىمىزنىڭ يولىمىزدا مېڭىشىمىز، ھېلىقى ئىككى ئۆسمۈر ئەزىمەتتەك «ئۆزىمىز يول تېپىشىمىز»، ئۆزىمىز يول ئېچىشىمىز كېرەك.

يۇلتۇزلار نىشاننى كۆرسىتىپ بېرەلىسىمۇ، نىشاننى تاللىغۇچى يەنىلا ئۆزىمىز. شۇنداقكەن، ئۆز مەنزىلىمىزگە بارىدىغان يولنى ئۆزىمىز ئاچمىساق كىم كېلىپ بىزگە يول ياساپ بېرىدۇ؟ يەنە كېلىپ تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس!

يول ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن ھامان ئوچۇق. بىز ئۇيغۇرلاردا: «سۆز قوغلىغان دەردكە يولۇقار، يول قوغلىغان خەزىنىگە» دېگەن گەپ بار. يول قوغلاش كېرەك. ئەمما يول قوغلاش ئۈچۈن يەنە نېمە كېرەك؟ پەقەت تۈگىمىزنار بولغاندىلا ئاندىن يۈكىمىز يولدا قالمايدۇ. «باغقا كىرگەن ئالما كۆرەر، چۆلدە قالغان سالما». بۇ تىل دۇردانىلىرى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇكى، پەقەت تېگىشلىك يولنى تېپىپ ۋە ئېچىپ ماڭالىغاندىلا ئاندىن مەنزىلىمىزگە يېتەلەيمىز. باغقا بارىدىغان يولنى بىلسەك ئالما كۆرىمىز، يولنى تېپىپ ماڭالماي چۆلدە قالساق، كۆرىدىغىنىمىز سالما ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولىدۇ. يېغى تۈگىگەن چىنچىراغتەك پىلدىرلاپ - پىلدىرلاپ ئاخىرى ئۆچۈپ قالماسلىق، بەلكى چولپان يۇلتۇزدەك پارلاپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولۇش ئۈچۈن، مۇشكۇلنى يېڭىپ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. بىزدە ھەممىلا ئىشتا ئەمەلىي تىرىشچانلىق، ھەر قانداق ئىشقا تەۋەككۇل قىلالايدىغان جۈرئەت، بوشاشماي ئىلگىرىلەيدىغان غەيرەت ۋە چىدام بىلەن دادىل ئىزدىنىدىغان شىجائەتلا بولىدىكەن ھامان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەي قالمايمىز. ھەر قانداق يول ئوڭۇشلۇق - تۈپتۈز بولمايدۇ، ئۇنىڭغا چىدام كېرەك؛ ھەر قانداق ئىش مەغلۇبىيەتسىز بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۈمىدۋارلىق كېرەك؛ ھەر قانداق ئىشنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنۈپ تۇرمايدۇ، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلالايدىغان جۈرئەت، تېگىرقاش ۋە يېتىرقاشتىن خالىي ھالدىكى دادىل ئىزدىنىش روھى بولۇشى كېرەك. ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش گەرچە بىر سەكرەپلا يېتىۋالغىلى بولىدىغان تار ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇزلۇكسىز تىرىشىشلا بولىدىكەن، زەپەر دەرۋازىسى ھامانە ئوچۇق.

دەۋر نېمىگە چاقىرىۋاتىدۇ؟ بىزدە ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەر قانچىلىك، ئۇنى تۈگىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بىزدە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەردىن نېمىلەر كەم؟ پۈتكۈل مىللەت ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئاڭ قاتلىمى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان 21 - ئەسىر بىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟ بىز تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكىدەك بىرەر يېڭىلىق يارىتىپ ئاندىن ئەسىر ھالقىيمىزمۇ ياكى ئەجدادلىرىمىز نەچچە ئەسىر ئىلگىرى پالانى كىتابنى يازغان، ئېشەككە مىنىپ پۈكۈنى يەرلەرنى ئايلانغان، دەپ ياراشمىغان غادىيىش بىلەن بۇرنىمىزغا قولىمىزنى سىلىپلا كېتىۋېرىمىزمۇ؟ مەسىلە ئۆزىمىزدە بولغانىكەن، ئۆزىمىز ھەل قىلىشىمىز، ۋاقىتنىڭ ھەممىسىنى ئويلىنىشقا سەرپ قىلىۋەتمەي ئەمەلىي ئىلگىرىلەش يولىنى تېپىشىمىز كېرەك. كونا بىلەن يېڭى ئوتتۇرىسىدىكى تېگىرقاشلىرىمىزدىن قۇتۇلۇپ يېڭىچە يول ئېچىشىمىز، ئۆزىمىزدە، ئۆز - ئۆزىمىزنى يېڭىلاپ، زامانغا لايىق قىلىپ قايتىدىن قۇراشتۇرالايدىغان جۈرئەت ۋە دادىل روھنى يېتىلدۈرۈپ، پۈتكۈل مىللەت ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان پەرزەنتلەرگە بولغان تەربىيىدە ھازىرقى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ۋە دەۋرنىڭ تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى يول تېپىپ ماڭالايدىغان جۈرئەت ۋە قابىلىيەتكە ئىگە قىلىشىمىز، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان جۈرئەت ۋە قۇدرەتكە ئىگە قىلىپ يېتىلدۈرۈپ، كەلگۈسى تەقدىرىمىزنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. بۇ - ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزدىن باشلاپ مېڭىشىمىزغا تېگىشلىك يول.

يول شۇنداق نەرسە، ماڭساق كېڭىيىدىغان، ماڭمىساق يوقايدىغان؛ ماڭغانسېرى يول تاپىدىغان، ماڭمىغانسېرى مېڭىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان. شۇڭا، بىز ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن دادىل ئىزدىنىپ، ئۆز يولىمىزنى ئۆزىمىز تېپىپ - ئۆزىمىز ئاچايلى، جاھان ئالدىدا يۈزىمىزنى يورۇق قىلغۇدەك نەتىجە يارىتىپ يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى. مانا بۇ ھەقىقىي يول تېپىش!

---

ئاپتور: مەكتەپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دىكتورى

(M2)

www.uyghurkitap.com



# بىزدىكى ئەبگاللىق

تەكلىماكانى

## مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىك

ئۆزىگە خوجا بولمىغان ئادەم مەڭگۇ قۇللۇقتا ئۆتىدۇ
ـ گيوتى

ئەگەر قەدىمكى شىجائەت مىجەز، جەسۇر تەبىئەت، ئۆزىنىڭ رىزقىنى ئۆزى تېپىپ يېيەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ نىمە گېپى بولسا ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي يۈرەكلىك دېيەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئىقبال تىزگىنىنى ھەمىشە ئۆز قولىدا تۇتۇپ ماڭالايدىغان، ئۆز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق بىر ئىشتا، بىرەر مۇشكۇلچىلىككە دۇچ كەلسە، ئۇنى ھەر ئامال بىلەن يېڭىپ، ئۆزىگە نۇسرەت يولىنى ئاچالايدىغان جەڭگىۋار بىر مىللەت بارا - بارا ئايىنىپ، ھالا بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆز زامانىسىدىكىنىڭ ئەكسىچە بىر قەۋمگە ئايلىنىپ قالسا، بۇنى «بۇ - دارۋىن ئەپەندى ئېيتقان ھېلىقى تەبىئي تاللىنىشنىڭ چەندىكى مەھسۇلىدۇر، خالاس» دەپ شۇكرى قىلىش، «ئەلھەكمۇلىللاھ، تەقدىر شۇنداق» دەپ تەن بېرىش كېرەكمۇ ياكى باشقا ئىلاجمۇ بارمۇ؟ مېنىڭچە، ئەگەر، «ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ تۈپ پەرقى ئاڭدا» دېگەن يەكۈن ئىلمىي ۋە توغرا بولىدىغانلا بولسا، بۇ ئاڭ ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىك بىلەن ياشاشقا ئۆزلۈكسىز ئىنتىلىش ئېڭىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھالبۇكى، ئالىمادىس پاسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ھەر قانداق بىر قەۋمدە ئەگەر مۇشۇ خىل ئاڭلا مەۋجۇت بولىدىكەن، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ھەر قانداق نۇقسانىنى، ھەتتا خاراكتېر، تەبىئەت ۋە مىجەزدىكى نۇقسانلارنىمۇ تۈزىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى گىگانت قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشى ھامان مۇمكىن. بۇنىڭدا ئۆزىدىكى نۇقسانىنى تونۇش ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىش بىرىنچى ھەمدە غەلىبە كاپالىتى ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر بولغان مۇھىم قەدەمدۇر.

كۆنسېرى يىمىرىلىۋاتقان مىللىي ئاڭ ۋە ئېتىقاد كىرىزىسى بىزدىكى ئىرادىسىز، بېلى بوش ئەبگاللارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ھامان بىچارىلىك ۋە مىسكىنلىكنى چىللاپ تۇرىدىغان ئۇسال خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. ئۇ بولسىمۇ، مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىكتۇر.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە يامراۋاتقان بۇ ناكەس ئىللەت ۋە ئۇنىڭ كاساپىتى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

**بىرىنچى، باشلىق نىمە دىسە، «خوش، غوجام» دەپلا تۇرىدىغان قۇلچىلىق.**

مەھكۇم مىجەز ئادەملەر خوجايىنىغا قۇلچىلىق بىلدۈرۈپ جىم تۇرۇشنى خاتالاشماسلىقنىڭ كاپالىتى، قولىدىكى تۆمۈر تاۋاق بىلەن كۆتىدىكى پىستانلىق ئورۇندۇقنى مەڭگۇ ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەپچىل چارىسى، دەپ

# ئەينەك

قارايدۇ. ئۇلار قۇلچىلىقتا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، يۇقىرى ئۇنىڭغا ھوقۇق بەرسىمۇ يەنىلا بەربىر؛ ئەلڭ ئەرزىمەس ئۇششاق بىر ئىشنىمۇ يولىيورۇق سورىماي قىلالمايدۇ؛ خىزمەت تەقسىماتى پىرىنسىپى ۋە ھوقۇق دائىرىسى نىزامى بويىچە ئايرىپ بېرىلگەن ئېنىق ھالدىكى ئۆزىگە تەئەللۇق ئىشنىمۇ يۈرەكلىك ئىشلىيەلمەيدۇ؛ ھەتتا ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن نېنىنىمۇ باشلىق: «يە!» دېمىگىچە يېيەلمەيدۇ.

مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىكنىڭ كاساپىتىدىن مۇتلەق قۇلچىلىقنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بۇ خىلدىكى ئادەملەر ئەمەلىيەتتە ھېچبىر مەسىلىنىڭ ئادالەت بىلەن ھەل قىلىنىشىغا يار-يۆلەك بولالمايدۇ. ئەكسىچە، مەسىلىنى سۇنئىي ھالدا چېگىشلەشتۈرۈپ، يۇقىرىغىمۇ، تۆۋەنگىمۇ، ھەممە تەرەپكە ئوخشاش پايدىسىز بولغان قاتمال ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ.

**ئىككىنچى، يەرگە قاراپ ھۆكۈمەتكە، ئاسمانغا بېقىپ خۇدايىمغا ھەممىنى دۆڭگەپلا يۈرىدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىك.**

مەھكۇم مىجەزلىك بىزدىكى ئەبگالارنى شۇ دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغانكى، ئۇلار ئىجتىمائىي ھاياتتا ھېچقانداق بىر مەسئۇلىيەتكە ئىگىدارچىلىق قىلمايدۇ ۋە قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ لۇغىتىدە «ھۆكۈمەت» ئىلاھمۇ ياكى بىرەر ئادەممۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ئاسماندا ئۇچىۋاتقان ئايروپىلاننى كۆرسە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ: «ماۋۇ ھۆكۈمەتنىڭ يامانلىقىنى قاراڭ، نەچچە تونىنا تۆمۈرنى ئاسماندا قۇشتەك ئۇچۇرۇپ يۈرگىنىنى دېمەمدىغان» دەيدۇ. ئەگەر بىراۋ: «مەينەت سۇ ۋە يۇندىلارنى شەھەرنىڭ كوچىسىغا ۋە ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە تۆكۈش زاماندىن قالدى. شۇڭا، دەرھال تۇتۇش قىلىپ ئەۋرەز (يەر ئاستى سۇ يولى) قۇرۇلۇشىنى بىنا قىلىش دەۋرىنىڭ تەلىپى بولۇپ قالدى» دېسە، ئۇلار: «ھەي، سەن نېمە غەم قىلىسەن، شۇنچىۋالا چوڭ شەھەرنى چۆرگىلىتىۋاتقان ھۆكۈمەت بۇنى ئويلىماي قالامدۇ؟!» دەيدۇ. ئۇلارنىڭچە، ئاسماندىكى ھاۋامۇ ھۆكۈمەتنىڭ، زېمىندىكى سۇمۇ ھۆكۈمەتنىڭ، بۇ شەھەرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ، ئاۋۇ يېزىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ، ئۇلارنى گۈللەندۈرۈش ياكى خارابلاشتۇرۇش پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى. ئۇلارنىڭ ئۆزى بولسا، بەجايىكى «ھۆكۈمەت» قانداق ئىشلەتسە بولىۋېرىدىغان سايىنىڭ تېشى.

«ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ» - بۇ جۈملە بىزدىكى مەھكۇم مىجەزلىك ئەبگالارنىڭ مەسئۇلىيەتنى دۆڭگەش شوئارى. بۇ ئەبگالار مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇماي، ھاياتنى ئەھمىيەتلىك ۋە راھەت-پاراغەتلىك ئۆتكۈزۈشكە كېرەكلىك ئىلىم پەن ۋە ھۈنەر-سەنئەتلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەي، رىقابەتلىك ئەمگەك مەيدانلىرىغا بېرىپ تەر ئاققۇزۇپ ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ، تۇرمۇشى

باشقىلارنىڭكىدىن نامرات، كۆرگەن كۈنى باشقىلارغا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە گۇسال، ئېرىشكىنى باشقىلارنىڭكىدىن ئاز بولۇپ قالسا، «خۇدايىم بىزگە بەرمىدى» دەپ ئاللادىن ئاغرىنىدۇ. ئەگەر بىراۋ بۇ ئەبگالارنىڭ بىرەرسىگە: «سەنمۇ ھاياتىڭدا مۇئەييەن مەسئۇلىيەتنى زىممەڭگە ئېلىپ، باشقىلارغا ئوخشاش ئىجتىھات بىلەن ئىشلە» دېسە، ئۇ، ھېچبىر خىيالىدا يوق ھالدا «ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. كۈنىمىزنىڭ مۇشۇنچىلىك بولۇشى پۈتۈنلەي ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بولۇۋاتىدۇ. شۈكرى-قانائەت قىلىپ تۇرساق، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى خۇدايىم بىزنىڭ ھال-كۈنىمىزنىمۇ ياخشىلاپ قويىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھالدا كىشىلەر تالىشىشنى ئارتۇقچە ھېسابلاپ: «ھەي، ئىنسان! ئىشلىمىسەڭ، ئۆزۈڭ ھىممەت (تىرىشچانلىق) كۆرسەتمىسەڭ، ھالىڭ قانداق ياخشىلىنىدۇ؟!» دەپ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى ئىسلام تەلىماتلىرى ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ «ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ»، «ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللەدۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزلەر بار-دە!

بىز ئىسلام بىلىملىرى بويىچە مۇنازىرىلىشىشكىمۇ تەييارمىزكى، مەيلى «ئاللاسەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە» دېگەن سۆز بولسۇن ۋە مەيلى «ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ» دېگەن ئۇزۇندە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن قاراتمىلىق ئاساسىدا ئېيتىلغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنى ھۇرۇنلۇق ۋە يالغۇزلۇق-لىقنىڭ دەستىكى قىلىپ، كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىشكە، بولۇپمۇ ئۇلارنى ئۆزلىرىدىكى ئومۇمىي خەلق، پۈتكۈل مىللەت ۋە ئەھلى جامائەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئالدىدا ھېچقانداق بىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدىغان ۋە ئالغىلى ئۇنىمايدىغان مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىك نۇقسانىنى ياپىدىغان سەترە ئەۋرەت قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتتە، بىر ئىنسان ئۆزى دۇنياغا تۆرەلگەن ئاشۇ سائەتتىن تارتىپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ھەرگىزمۇ ئۆزى ئايرىمچە بىر پائالىيەت بىرلىكى بولالمايدۇ، بەلكى ئۇ پەقەت مۇئەييەن بىر ئائىلە، بەلگىلىك بىر تەشكىل ۋە مەلۇم بىر مىللەت-قەۋمنىڭ ئىجتىمائىي توپىغا تەئەللۇق بىر ئەزا بولالايدۇ، خالاس. ھەر قانداق ئىنسان ئەمەلىيەتتە ئۆزى قاتناشقان ئاشۇ ئىنسانلار توپى ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ بىر ھۈجەيرىسى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسان بەدىنىدىكى ھەر قايسى ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس خىزمىتى ۋە ئېنىق ھالەتتىكى مەسئۇلىيىتى بولغىنىدەك، مۇئەييەن قەۋمگە خاس ھەر بىر ئادەمنىڭمۇ شۇ قەۋم ئالدىدا مەڭگۈ باش تارتىپ بولماس خىزمەت

www.uyghurkitap.com

مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەت ئۇچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزى تەئەللۇق ئاشۇ قەۋمىنىڭ بۈگۈنى، ئەتىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى ئۇچۇن غەمخورلۇق ئەمگەك قىلىش، ئومۇمغا تالىق ھەممە ماددىي ۋە مەنىۋى كۆرەشلەرگە تولۇق قاتنىشىشتىن ئىبارەت. روشەنكى، قايسى قەۋم ئەزالىرىدا مۇشۇ خىل ئاڭ ئومۇملىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇلىدىكەن، شۇ قەۋمنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈستۈن، مەدەنىي مەئىشەت دەرىجىسى يۇكسەك بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئۇلارنىڭ زامانىۋى ماددىي پاراغەتتىن ۋە دۇنياۋى مەدەنىي ھالاۋەتتىن نېسىۋىسىمۇ بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، باشقا قەۋمدىكى خەلققە ئوخشاش ئورتاق مەنپەئەت ئەقىدىسى ئاساسىدا بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئىشلەش، تەر ئاققۇزۇش، ئىزدىنىپ ئىجاد قىلىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە ئۆزىنى ئاللاغا بىۋاسىتە قارايدىغان ئايرىم بىرلىك قىلىپ پەدەزلەپ، «سەۋر» نىڭ سايىسىدا سۇنايلىنىپ يېتىپ، نەتىجىدە ھال - كۈنى باشقىلارنىڭكىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىق دەرىجىدە ئۇسال بولۇپ قالسا، بۇنى ئۆزىنىڭ ئىش - ئەمگەكتىكى ھۇرۇنلۇقى ۋە ئۆز بۇرچىغا بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن كۆرمەي: «ئاللا بىزگە بەرمىدى» دېيىش ئەمەلىيەتتە خۇدايىمغا قىلىنغان ئاشكارا تۆھمەتتۇر، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە ناھايىتىمۇ ئۇچۇق ۋە تولىمۇ كەسكىن قىلىپ: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» (ئىننەللاھە، لا: يۇغەييىرۇمە: بىقەۋمىن ھەتتا يۇغەييىرۇ: مە: بىئەنفۇ سىھىم) دېگەن (قاراڭ: «قۇرئان كەرىم» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى) 251 - بەت، تۆۋەندىن 10 - قۇر. ئىككى ھەرەمنىڭ خىزمەتكارى پادىشاھ فەھدىنىڭ قۇرئان كەرىم بېسىش مەتبەسى. مەدىنە مۇنەۋۋەر، ھىجرىيە 1413 - يىلى نەشرى).

دېمەك، ئاداققى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ رېئال ئۇسال ئەھۋالىنى باشقا بىر ئادەم كېلىپ ھېچبىر سەۋەبسىز ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ناچار ھالىتىنىمۇ باشقا بىر مىللەت بىكاردىن - بىكارغا، ھېچبىر بەدەلسىز ۋە تۆلەمسىز ياخشىلاپ قويمايدۇ. ھالبۇكى، بىزدىكى مەھكۇم مىجەز ئەبگالارنىڭ ئۆز ھالىنى ئۆزگەرتىش ۋە ياخشىلاشتىكى مەسئۇلىيىتىنى بىردەم ئۇنىڭغا، يەنە بىردەم بۇنىڭغا دۆڭگەپ يۈرۈشى چىندىن لەنەتكە لايىق. زامان ئەخلەتخانىسىغا مۇناسىپ بۇ خىل نۇقساندىن ئىبرەت ئالغاي باشقا خالايىق.

**ئۈچىنچى، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تېگىدە يېتىپ تۇرۇپ مانتا يەيمەن، دەيدىغان بىپەرۋالىق.**

پەقەت خوجايىنلىق ئېڭى ۋە خوجىدارلىق تۇيغۇسى بار ئادەملا ئۆزىگىمۇ، ئائىلىسىگىمۇ، يۇرتىغىمۇ، ۋەتىنىگىمۇ ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ۋەتەنىنىڭ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئەڭ ئۇششاق بىر ئىشىغىمۇ «بۇ ئىش ماڭىمۇ مۇناسىۋەتلىك» دەپ قارايدۇ. ئۆز خەلقىنىڭ ئىقبالىغا تالىق ھەر قانداق بىر ھەرىكەتكە «بۇ مېنىڭمۇ ئۆز ئىشىم» دەپ ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. مىڭ ئەپسۇس، مەھكۇم مىجەزلىك بىلەن مەزلۇم تەبىئەتلىك بىزدىكى ئەبگالارنىڭ ۋۇجۇدىنى قاچان چۇلغىۋالدى، شۇندىن بۇيانەت، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆزىنىڭ زېمىنى، ئۆزىنىڭ يۇرتى ۋە ئۆزىنىڭ شەھىرىگە بولغان خوجايىنلىق تۇيغۇسى قۇرۇپ ئۆلگەن. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن يەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش مۇھىتىنى ئاسراش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئېڭى بەرباتلىق قەبرىسىگە چوڭقۇر كۆمۈلگەن.

دەرىخا، بۇلار قانداق ئادەمدۇ، يا مېڭىسىدە تارىخ ئۇقۇمى يوق، يا كۆڭلىدە غايە، پىلان پۈتۈمى يوق. بىزغۇ مۇشۇنداق يېرىم - ياتا ياشاپ ئۆتۈپ كېتەرمىز، ئاندىن كېيىن بىزنىڭ بالىلىرىمىزچۇ، ئويلاپمۇ قويمايدۇ - ھە!

**تۆتىنچى، قورقاقلىق ۋە يۈرەكسىزلىك.**

قول دېگەندە يۈرەك، شىجائەت ۋە جاسارەت بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ماددىي تۇرمۇشتا پەقەت ۋە پەقەت خوجايىنىنىڭ قولىغا قاراقلىق. مەنىۋى تۇرمۇشتا بولسا، خوجايىنىنىڭ ئېغىزىنى ماراقلىق. ئۇ، خوجايىن نېمىنى يە دېسە، شۇنى يەيدۇ. ئۇ، خوجايىنى نېمىنى دە دېسە، شۇنى دەيدۇ. بىزدىكى مەھكۇم مىجەز ۋە مەزلۇم تەبىئەت ئەبگالار دەل مۇشۇ ھالغا قېلىقلىق.

ھازىرقى دۇنيادا، دېموكراتىيە ئەڭ تۆۋەن پەللىدە ئىجرا بولۇۋاتقان ئەللەردىمۇ ھەر قانداق پۇقرا مۇشتىنى ئىشقا سالماي، ھوشىنى ئىشقا سالسا، يەنى ھە دېگەندىلا كۆكرەپ، مۇشت كۆتۈرۈپ چىقماي، ئەقىل - ھوشىنى ئىشقا سېلىپ، قانۇن بەلگىلىگەن ھوقۇق ماددىلىرى بويىچە ئۆز پىكىر - تەلەپلىرىنى پاكىتلىق، ئاساسلىق قىلىپ قەلەم بىلەن يازسا، خۇدا بەرگەن ئېغىز بىلەن سۆزلىسە - ئېيتسا، ھېچكىم ئۇنى ئەكىرىپلا ئېتىپ تاشلىمايدۇ. بىراق زامان تەرەققىي قىلغىنى، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ۋە دېموكراتىيە سەۋىيىسى يۇكسەلگىنى بىلەن، بىزدىكى ئەبگالارنىڭ ئىدىيىسى، دۇنيا قارشى تېخىچىلا ئاشۇ 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى شىڭ شىسەي زامانىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا توختاپ قېلىقلىق. شۇڭا، ئۇلار بىر ئىنسان سۈپىتى بىلەن ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغان ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەپ سۆز قىلىشتىنمۇ ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. ئەڭ ناكەس يېرى، خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە تالىق مەسىلە مۇزاكىرىگە قويۇلغان مەجلىسلەردە بېشىنى ئىچىگە

تىقىۋېلىپ، خەلقنىڭ ئاھ - زارىنى، ئارزۇ - ئارمىنىنى بىلدۈرۈپ ئىككى ئېغىز گەپمۇ قىلالمايدۇ. مەسىلە قارارىدىن كۆتۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش باسقۇچىغا كەلگەندە بولسا، مەزلۇملارچە بۇ بۇلۇڭدا «كۇس - كۇس»، ئۇ بۇرجەكتە «كوت - كوت» قىلىپ، غىڭشىپ ھارمايدۇ.

**بەشىنچى، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك.**

بىزدىكى ئەبگالار بىر - بىرىگە مۇتلەق ئىشەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆز قاراش، مەيدان، ئارزۇ - ئارمان ۋە تۇرمۇش نىشانى جەھەتلەردە ئوپئوخشاش بولغانلىرىمۇ بىر تەشكىلگە ئۇيۇشالمايدۇ. بىرسى قوپۇپ، ئادىل مەيداندا تۇرۇپ ھەقىقەت ئۈچۈن سۆزلىسە، باشقىلىرى دەرھال كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمدەم ۋە دەرقەمتە بولۇپ تۇرۇشالمايدۇ. بىر كوچىدا، بىر بىنادا ياشاپ، بىر ئىدارىدە ئىشلەپ يۈرۈشۈپ، ئۇچراشقاندا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ: «ئەسسالام» نى چىرايلىق دېيىشكەن بىلەن، «ئاغزىدا كۈلكە - چاقچاق، يېڭىدە خەنجەر - پىچاق» دېگەندەك، بىر - بىرىگە زىنھار ئىشەنمەيدۇ. نەتىجىدە، بىرلىك بولمىغان چېچىلاڭغۇلۇق دەستىدىن خەلقنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن ئەڭ ئەقەللىي ئارزۇ - تىلەكلىرىمۇ مۇراد پەللىسىگە يېتەلمەي، مۇقامنىڭ مۇڭ - زارىنى بېيىتىپ، تەكلىماكان قۇم بارخانلىرىغا كۆمۈلۈپ قېلىۋېرىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى تۇغما خاراكتېرى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاينىپ مەھكۇم مىجەز ۋە مەزلۇم تەبىئەت بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئاپىرىدە بولغان نىجىس ئىللەت!

مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىك ئىللىتىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك زىيىنى شۇكى، ئۇ، ئىنساننىڭ مەدەنىي ھاياتتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، تۇرمۇشتا ئەمگەك بىلەن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىك تۇرۇپ ياشاش روھىنى يوقىتىۋېتىدۇ. نورمال ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي باراۋەرلىك تۇيغۇسىنىمۇ قويماي قۇرۇتۇۋېتىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ، ئادەمنى ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدىمۇ خەقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان جەمئىيەت داشقىلىغا، ماددىي تۇرمۇشتا ئەمەلىيەتتىكى گاداي، مەنىۋى تۇرمۇشتا سېپى ئۆزىدىن مالاي بولغان قاقشالنىڭ قاقشىلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

تارىخىي ساۋاقلىق بىلىگ شۇكى، جەسۇر مىللىي خاراكتېر بولسا، ھەر قانداق قەۋمنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر مىللەت بولۇپ تۇرالىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنىۋى دەسمىي. بۇ دەسمىدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەت ئەمەلىيەتتە زامانىۋى مىللەت بولۇش سالاھىيىتىنى يوقاتقان مىللەت، يوقىلىش يولىدا بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان مىللەت سانىلىدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر ئۇيغۇر 21 - ئەسىردە دۇنيادىكى مىللەتلەر دەپتىرىدىن چۈشۈپ قالىدىغان مىللەت بولۇپ قېلىشنى خالىمايدىكەن، بۇ ھالدا ئۆزىنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئاينىشىغا، مىجەز جەھەتتىكى بۇزۇلۇشىغا جىددىي قارشى ۋە ئۇنى جەزمەن ۋاقتىدا ئوڭشىۋېلىشى لازىم.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر ئۆزىدىكى ھەر قانداق ئىللەتنى، شۇ جۈملىدىن مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىك ئىللىتىنىمۇ تۈزىتىشكە، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا قادىر مىللەت. چۈنكى ئۇنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئىللەتلەر زەخمىتىدىن تېخى پۈتۈنلەي يۇقۇملىنىپ، روھىي تۈۋرۈكى نۇقسانلار دەستىدىن تېخى پۈتۈنلەي چىرىپ كاردىن چىققىنى يوق. ئۇيغۇردا تېخى يۈكسەك غايىلىك، قەتئىي ئىرادىلىك، پىداكار نىيەتلىك ئوغلانلار بار. ئۇلار لاپ ئۇرمايدۇ، پەقەت ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خەلقى ئالەمگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى دان - دانە قىلىپ جاكارلايدۇ:

بىزمۇ ئادەم! بىزمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا تېنىدە ھالال گۆشى، مېڭىسىدە نورمال ھوشى، ۋۇجۇدىدا ساپ ۋە ئىسسىق قېنى، پۈت - قولىدا بىجىرىم ۋە تېتىك جېنى بار ئادەم! ھالبۇكى، باشقىلار قىلالىغاننى بىزمۇ جەزمەن قىلالايمىز، بەلكى باشقىلاردىن ياخشىراق ئەپلەشتۈرۈپ قىلالايمىز.

ئەمدى، سەنچۇ، بولغىنىڭ مۇشۇمۇ ياكى ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم بولسىمۇ، ئادەمدەك ياشاشنى خالامسەن، ئويلان، ئەبگا!

1996 - يىل 10 - ماي، بېيجىڭ؛ 1996 - يىل 15 - نويابىر، قاھىرە

# مەرىپەتسىزلىك ۋە پەزىلەتسىزلىك

سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى تاپ!
- ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى

بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر جەھەتتە ئالدىن مېڭىۋاتقان ئىلغار مىللەتلەر مەرىپەت بىلەن پەزىلەتنى ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەكلىك ئاسمىنىدا مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەتلىك پەرۋاز قىلدۇرىدىغان تەڭداشسىز ئىككى قانات دەپ بىلمەكتە. چۈنكى مەرىپەت ھازىرقى زامان سائادەت

www.uyghurkitap.com



خەزىنىسى دەرۋازىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى بولسا، پەزىلەت بوگۈنكى دەۋر مەدەنىيەت يولىنىڭ يورۇتقۇچىسى ۋە نۇرچاچقۇچىسى بولماقتا.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەرىپەت (ياكى مەرىپەتلىك بولۇش) ئاددىي ھالدىكى مائارىپ كۆرۈش ۋە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ شاھادەتنامە ئېلىشنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئۇ تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانغا مائارىپ ئارقىلىق، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئارقىلىق، شۇنداقلا رېئال ھايات پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزلەشكەن مەدەنىي يېتىلگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى، پەزىلەتكە كەلسەك، ئۇ، ئىنسانغا ئۆزلەشكەن مەرىپەتتىن تۆرىلىدىغان، مەرىپەت ئارقىلىق ۋايىغا يېتىدىغان يۈكسەك ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچىمى، شۇنداقلا مەرىپەت كۆزلىگەن غايىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان، مەرىپەت ئىگىسىنى ئۇتتۇق - نۇسرەتكە يېتەكلەيدىغان كاپالەت مىزانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەرىپەت پەزىلەتنىڭ ئاساسى. پەزىلەت بولسا، مەرىپەتنىڭ ساپا تارازىسى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇم قازاندۇرغۇچىسىدۇر. بىر مەدەنىي ئىنساندا مەرىپەت بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى يەنە ئاشۇ مەرىپەتكە مۇناسىپ بولغان پەزىلەتمۇ بولۇشى شەرت. پەزىلەت پەقەت مەرىپەتلىك ئىنساندىلا بولىدۇ. مەرىپەتسىز ئادەمدە بولسا، پەزىلەت بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا پەقەت ئادەتلا بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئادەت چاھار پاي - ھايۋاندىمۇ بولىدىغان تۇغما خۇسۇسىيەتتۇر. پەزىلەت بولسا، مەرىپەتتىن تۇغۇلىدىغان مەدەنىي ئىنسانلىق شەرەپ بەلگىسىدۇر.

ئىستېمال قىممىتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەرىپەت كۆمۈكلۈك خەزىنىگە ئەمەس، بەلكى ئېجتىھات سۈيى بىلەن كۆكلەپ تۇرىدىغان دەرەخقە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، مەرىپەتنى ئۆز مەۋسۇمىدە بىخلاندۇرۇپ ۋە ئۇنى بەرق ئۇرغۇزۇپ كۆكلىتىپ تۇرىدىغان نەرسە دەل پەزىلەتتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت پەزىلەتلىك ئىنسانلا ئۆز ئېگىدىكى مەرىپەتنى ئەمەلىيەت مەيدانىدا راۋۇرۇس گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆز مىللىتىگە، ئۆز خەلقىگە، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە چەندىكىمدەك بەھرە يەتكۈزەلەيدۇ.

ئى، ئەزىز قېرىنداشىم، ھازىرقى زامان ئىلغار مىللەتلىرىنىڭ بەس -- بەستە مائارىپ ئىنقىلابى قوزغاپ، مۇناسىپ ھالدىكى پەزىلەتكە ئىگە مەرىپەتلىك ئالىملاردىن تەشكىل تاپقان كەڭ كۆلەملىك ۋە مۇنتىزىم زىيالىيلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈرۈشكە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە!

لىللاھ مەيداندا تۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئۆز پەيتىدە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغان مىللەت ياكى مائارىپ ئىنقىلابى قوزغاپ، ئۆز ئېلىدە مەرىپەت ئېكىنزارلىقىنى بەرپا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقمىغان مىللەتمۇ ئەمەس. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 -، 30 -، 40 - يىللىرىدىكى «مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى» ئەمەلىيەتتىكى مائارىپ ئىنقىلابى بولۇپ، شۇ مەزگىلدە ئابدۇقادىر داموللا، مۇھەممەد ئەلى تەۋفىق، مەھمۇد مۇھىدى ... دەك ئۆزى مەكتەپ ئېچىپ، ئۆزى بالا يىغىپ، ئۆزى دەرس سۆزلەيدىغان مائارىپ سەركەردىلىرى مەيدانغا چىققان؛ مۇھەممەدئەلى تەۋفىق ئەپەندى باش بولۇپ ئوقۇغان مائارىپ مارشى - «ئىزچىلار ناخشىسى» نىڭ ساداسى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پۈتكۈل يېزا - قىشلاقلىرىنى قاپلىغان؛ ئابدۇخالىق ئابدۇرەھمان ئۇيغۇرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق مەرىپەت جەڭچىلىرى پۈتكۈل ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ يېڭىچە مەدەنىيەت - مائارىپنى تەشۋىق قىلغان، ھەممە ئامال - چارىلار بىلەن، ھەتتا ئەزىز جېنى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن پىداكارلىق كۆرسەتكەن. ئەمما ئۇلار پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئاۋاز قوشۇش ۋە قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئاخىرىدا ئەسەبىي جاھىلىيەت كۈچلىرى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىۋېتىلگەن.

جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسەن شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلاردا زامانىۋى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار كۆپەيدى. ھازىرقى زامان ئىلىم - پەنى بويىچە بىلىم ئېلىپ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانى 30 - ۋە 40 - يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا، كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى. بۇ - ئەمەلىيەت. بىراق سان - سېفىرنىلا كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتمەي، سۈپەت - ساپا ئۆلچىمىنى تارازا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئومۇمىيەت جەھەتتىنمۇ، خاسلىق تەرەپتىنمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تارازىلاپ كۆرىدىغان بولساق، مائارىپ كۆرۈپ، شۇ مائارىپنى ئۆزلەشتۈرگەن، ئىلىم قۇرۇلمىسى مەھكەم، ئەخلاق تۈزۈلمىسى مۇستەھكەم دېيىلگەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىز بىلەن زاماندىش ياشاۋاتقان ئىلغار مىللەتلەرنىڭ شۇ ئۆلچەكتىكى زىيالىيلىرىغا قارىغاندا، ئاسمان - زېمىن پەرقلىق دەرىجىدە تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى، ئەدناسى ئۇيغۇردا تېخى مۇناسىپ پەزىلەتكە ئىگە ھەقىقىي مەرىپەتلىك ئالىملاردىن تەشكىل تاپقان زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ زامانغا لايىق كۆلەمدە شەكىللەنمىگەنلىكىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلىمىز.

دەرۋەقە، بىر قەۋمدە مۇگەييەن بىر خىل ئىلىم بويىچە بىلىملىك بولغان ئالىملارنىڭ جىق ياكى ئاز بولۇشى ھېچقانچە گەپ ئەمەس. بىراق بىر مىللەتتە، ئىلىم ئالدىدا ھەممە ئادەمنى باباراۋەر كۆرىدىغان، ئورتاق ئىستەك، ئورتاق غايە نۇقتىسىدا تۇرۇپ بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلىشىدىغان مەرىپەتلىك ۋە پەزىلەتلىك ئالىملار قوشۇنىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى بولسا، شۇ مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ساپاسىغا تالىق بولغان بىر مۇھىم ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش، ئەلۋەتتە.

ھېكايەت، جۇڭگودا، نۆۋەتتىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلىم - پەن بويىچە مەزمۇت قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، دۇنيانى ھەيران - ھەسلىكتە قالدۇرۇۋاتقان «863 پىلانى» دەيدىغان بىر پىلان بار. بۇ پىلان ئەسلىدە جۇڭگودىكى نەچچە ئون ئاتاقلىق ئالىمنىڭ بىرلىشىپ دېڭ شياۋپىڭغا خەت يېزىشى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1986 - يىلى مارتتا «بۇ پىلان تەخىرسىز ئىجرا قىلىنسۇن» دەپ تەستىق سېلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ يەردىكى ئالتۇنغا تېگىشكىلى بولمايدىغان بىباھالىق شۇكى، نەچچە ئون ئالىم بىر مۇددىئا، بىر غەرەز ۋە بىر ئارمان ئاساسىدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرالىغان؛ بىر بۈيۈك ئىستەك ئۈچۈن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، كۆڭۈلدىكى ئوخشاش ئارزۇ ھەققىدە كەڭ - كۇشادە سۆزلىشەلىگەن؛ بىر ئۇلۇغ مەقسەت ئاساسىدا بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ئورتاق پىكىرلىرىنى بىر قەغەز ئۈستىگە بىرلىكتە يازالىغان. مانا بۇ، مەرىپەتنىڭ گۆھەر مىسال سەمەرىسى!

ئەمما بىزدىكى ئەھۋالاردا ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە!

ئالدى بىلەن، مەيلى خاس ئىلىم بويىچە بولسۇن، ۋە مەيلى ئومۇمىي بىلىملەر بويىچە بولسۇن، زاغرا تىل بىلەن ئېيتقاندا قورسىقىدا ھەقىقىي ئۈممىچى بار، تۈزۈكرەك بىر نېمە بىلىدىغان ئالىملار سان - سالماق جەھەتتىن بەكلا ئاز. ئالىم ئاز بولغىنىغا باقماي بارلىرى بىر - بىرىدىن داغىۋاز. ھەر قانداق بىر ئالىمنىڭ ئالدىغا بارساڭ، گېپىنى خۇلاسىلاپ، «باشقىلارنىڭ ھەممىسى سامان قورساق، مەنلا يالغۇز بىلىمەن» دېگەن پىكىرنى ئىما بىلەن ساڭا بىلدۈرىدۇ. قانداقلىكى بىر ئۆلىمانىڭ ھوزۇرىدا بولساڭ، گەپ ئايلاندۇرۇپ كېلىپ: «باشقىلارنىڭ ھەممىسى باتىلغا شېرىك، ئاللا تەلىماتىنى مەنلا پىششىق بىلىمەن» دېگەن يەكۈنگە سېنى ئىزاھات بىلەن كۆندۈرىدۇ. بويداش ئالىملار خۇددى يەككە دېھقانغا ئوخشاش ھەر قايسىسى ئۆز ئېتىزىدا يېگانە ئىشلىگىنى ئىشلىگەن، ئىلىم يولىدا بىر - بىرىنى قوللاشمايدۇ. قوللاشمايدۇلا ئەمەس، ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ بىر ئىلىم سورۇنىدا ئولتۇرۇپ ئوبدانراق گەپلەشمەيدۇ. ياش ئالىملار پېشقەدەم ئالىملاردىن سايىۋەن تاللايدۇ. پېشقەدەم ئالىملار بولسا، ياش ئالىملار ئىچىدىن يانتاياق خىللايدۇ. ئۇ يەردە ئىككى توك - توك، بۇ يەردە تۆت سوك - سوك مەزھەپ بولىشىۋالغان. بىرلىرىنىڭ ئىش - ئەمگىكىنى ئىككىنچى بىرلىرى قەستەن ۋە قەتئىي ياراتمايدۇ. تەتقىقات دېسە، كونا كىتابلارنى ئېزىپ ئىچىش دەپ بىلىدۇ. ھەممەيلەن «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» نى سۆزلەشكە ئامراق: ئۆتمۇش، ئۆتۈپ كەتكەن رەھمەتلىكلەر ھەققىدە، ئەجدادلارنىڭ بۈيۈكلۈكى توغرىسىدا سۆز بولسا، گەپ تالىشىپ ھاياجاندىن يىغلىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. رېئاللىق ھەققىدە، ئەۋلادلارنىڭ بۈگۈنى ۋە ئىستىقبالى، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا بولسا، بۇ ئەڭ مۇھىم - نەق ئېمىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تىكىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. بەش - ئون ئالىم بىر يەردە ئولتۇرۇپ، قانلىق كۈرەشلەر بەدىلىگە كەلگەن مۇبارەك ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، كوللېكتىپ پىكىر لايىھىسى تۈزۈپ، ئۇنى يۇقىرىدىكى ئىش باشقۇرغۇچى ۋەلىيلەرگە يەتكۈزۈش دېگەنلەر بولسا، ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ.

ئاندىن زالىم ئالىملار كۆپ. خاتالىقنى، تەتۈرلۈكنى ئۇنىڭ خاتالىق ۋە تەتۈرلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى «زالىم ئالىم» دەيمىز. مەھەللىۋاز-لىق، يۇرتۋازلىق ۋە تەپرىقىچىلىق بىزدەكساندا ئاز، قېرىنداشلىق ئورنىدا ياشاۋاتقان مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەجايىكى مەرەزنىڭ ئۆزى. بۇنى ئالدى بىلەن ئوقۇغانلار، مائارىپ كۆرگەنلەر، ئالىملار ئەڭ بىلىدۇ. بىراق ئالىملار ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، مەھەللىۋازلىقنى باشلاپ قىلىدۇ: ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر ستودېنت خىزمەت ئىزدەپ كەلسە، ئالدى بىلەن: «سىز قەيەرلىك؟» دەپ سورايدۇ. يۇرتداش بولسا، تىكىلىپ قارايدۇ؛ يۇرتداش بولمىسا دەرھال بېشىنى بۇرايدۇ. مەنمەنلىك، يېگانىلىكنى قوغلىشىش مەرىپەت بىلەن ئويۇشقان مەدەنىي بىر گەۋدە ھاسىل قىلىشنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. بۇنى ئالىملار بەك بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەمىشە: «يېگانىلىق بىر ئاللاغا خاستۇر» دەپ باشقىلارغا تەنبىھ بېرىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلىۋاتقان ئىشى: «مەنلا ئالىم بولسام، باشقىلار ماڭا ئەبەدىي تالىپ بولسا» دېگەننى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ھېكايەت، بىر

www.uyghurkitap.com

پېشقەدەم ئالىم كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. مەزكۇر ئالىمغا بۇرۇندىنلا چوقۇنىدىغان ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان بىر ياش زىيالىي ئىھتىرام بىلەن ئالىمنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ كەپتۇ. ئەپسۇسكى، بۇ يوقلاپ كەلگۈچىنىڭ: «ئەسسالام!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان كېسەل ئالىم دەرھال يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ يېتىۋاپتۇ. يوقلاپ كەلگۈچى ھەر قانچە ئىززەت - ئىكرام كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئالىم بىر نەزەرمۇ ئىلتىپات قىلماپتۇ. ئاخىرىدا، كېسەل ئالىمنى بېقىۋاتقان ھەمراھ كىشى ئۆزرە بىلەن يوقلاپ كەلگۈچىنى كېسەلخانىدىن چىقىپ كېتىشكە تەۋسىيە قىپتۇ ۋە ئۇنى ئىشىكنىڭ سىرتىغا ئۇزىتىپ چىقىپ: «سىز يازغان ھېلىقى پالانى ئادەممۇ ئۇيغۇردىن چىققان بۈيۈك ئالىم، دېگەن ماقالىڭىزنى ئالىم تونۇغۇن كۆردى» دەپتۇ. ئاللاھۇ ئەكبەر! مەسىلە ئايدىڭ بولدىكى، مەزكۇر مۆتىۋەر ئالىم يەنە بىر ئادەمنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ماختاشقا ئۆلسىمۇ رازى بولمايدىكەن. ۋەھالەنكى، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنىڭ بىرلا ئەمەس، بەلكى بىر تۈركۈم داھىيلارنىڭ شەخسىيەتسىز ھەمكارلىقى بولغاندىلا ۋە بىرلا ئەمەس، بەلكى توپ - توپ ئالىملارنىڭ «مەن» دېگەن ئۇقۇمنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر گەۋدىگە «بىز» بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىلىقلا ئاندىن ئۇتۇقلۇق يۇرۇشىدىغانلىقىنى بىزنىڭ ئالىملىرىمىز بىلمىسە ئىدى، كاشكى!

يەنە دېسەك، پالەچ ئالىملار تولا. ئېغىزىدا شەھەر ئالىدىغان، «ئۇنداق قىلىش كېرەك، مۇنداق قىلىش لازىم» دەپ ئېغىزىدا قۇرۇق داۋراڭلا سالىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئۆزى پائالىيەت قىلمايدىغان، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مىسال كەلتۈرەلمەيدىغان ئالىمنى «پالەچ ئالىم» دەيمىز. پالەچ ئالىملار ئەڭ ھەسەتخور ۋە چايان مىجەز كېلىدۇ. كىم ئەمەلىيەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئىلىم ساھەسىدە يېڭىلا باش كۆتۈرسە، ئۇلار مەزكۇرنى تونۇمىسىمۇ قالايمىقان سۆزلەپ، زىيىنىغا باھالاپ، دەرھال تونجۇقتۇرۇۋېتىشكە ۋە ئۇنى يوقىتا چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار بىر نەرسە بىلمەيدۇ ئەمەس، ئانچە - مۇنچە بىلىدۇ. ئۇلار ئاز - تولا بىر نېمە بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا سورۇن تاپسىلا كاسىلداپ، تۆت ئادەمنى ئېغىزىغا قارىتالايدۇ. بىراق يېرىم چېلەك سۇ بەكرەك شالاخشىغاندەك، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىكى گېپى ھەممىدىن چوڭ، چەكلىك بىلىمى بىلەن چەكسىز لاپ ئاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى ئېغىزىدا دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلەيدىغان ئەمەلىيەتچى ئالىملار. ئۇلار پەزىلەتسىزلىكتە زالىم ئالىملار بىلەن دوست تارتىشىپ، پىتنە - پاسات ئارقىلىق ئەمەلىيەتچى، پائالىيەتچى ئالىملارنىڭ ئالدىنى ئويۇپ، كەينىنى كولاپ تۇرغاچ، ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدە تا شۇ كۈنگىچە ئەجدادلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغۇدەك، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ئىنتىلدۈرگۈدەك سەرخىل ئالىملار قوشۇنى شەكىللىنەلمەيۋاتىدۇ.

ئىلىم ئەھلى ئىچىدىكى بۇ خىل ئەمەلىيەتتىكى مەرىپەتسىزلىك ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى پەزىلەتسىزلىكنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانغا ماس قەدەمدىكى مەدەنىيەت ساپاسى ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ۋىجدانغا ئۇنداش يولى بىلەن ئالىملىرىمىز ئىچىدىكى جىددىي نۇقسانلارنى ئىمكان بار تېز پۇرسەتتە تۈزىتىش لازىم.

ئىجىل - ئىناق بولۇپ، ئۆمۈر بويى ئۆز ئارا ھەمدەم بولۇشۇپ بىر دىل، بىر نىيەت بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىش ھەر قانداق بىر ئالىم ئۈچۈن باش پەزىلەت. ئىناقسىزلىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى خاراكتېرى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئەبگالىقنىڭ مەھسۇلى. ئەسلىدە ئۇيۇشقاق ئۇيغۇر ئەجدادتىن تۆرەلگەن تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشقاق ئۇيغۇر بولۇپ ياشاش نومۇس! بۇ زاكوننىڭ ھەقىقىتىگە چوڭقۇر چۆككەن ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن ئالىملار بىزدە يوق ئەمەس. ئالايلۇق، تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن ئابدۇكېرىم خوجايوپنى. ھېكايەت، ئەقىدىلىك خەلق شائىرى، پەزىلەتلىك جامائەت ئەربابى مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپ قەدىمىي ئۇيغۇر شەھىرى ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر ئىدى. ئەل سۆيەر شائىر، تالانتلىق تەرجىمىشۇناس ئالىم مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجايوپ بولسا، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولغان قۇمۇللۇق ئۇيغۇر ئىدى. تېيىپجان ئېلىيوپ كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغان، باشتىن - ئاياغ ئۇيغۇر مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان زات ئىدى. ئابدۇكېرىم خوجايوپ بولسا، قۇمۇلدا دۇنياغا كۆز ئاچقان، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى جيۇچۇەن، نەنجىڭلەردە ئالغان، دەسلەپكى شېئىر - قوشاقلىرىنى خەنزۇچە توقۇپ چوڭ بولغان كىشى ئىدى. تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتىدۇكى، ئۇلار پەقەت مەرىپەتلىك ۋە پەزىلەتلىك زاتلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئورتاق ئىستەك بىلەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە تەرجىمىشۇناسلىقى ساھەسىدە ئۆمۈر بويى ئەقىدىداش سەپداش، ھەمنەپەس يولداش ۋە ئارزۇلۇق قولداش بولۇپ ئۆتكەن. ئۆز زامانىدا، تېيىپجان ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئابدۇكېرىم خوجايوپقا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تونۇتقان ۋە ئۇنى دوستانە يېتەكلەپ ئۆز ئانا تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا ئۆگەتكەن بولسا، ئابدۇكېرىم خوجايوپ تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى

«خەلق گېزىتى» قاتارلىق جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق گېزىتلىرىدە ئېلان قىلدۇرۇپ، تېيىپجاننى جۇڭگوغا ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقان. شۇنداق قىلىپ، تېيىپجان تونۇلدى، ئابدۇكېرىم ئۇنتۇلدىمۇ؟ ياق! ئۇنىڭ مۇنداق ئەقىدىۋازلىقى ۋە مۇنداق ئالىيجانابلىقى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى ئىشغال قىلدى. شۇندىن بۇيانەت ئۇيغۇر خەلقى تېيىپجان ئېلىيوپنى ئابدۇكېرىم خوجايوپ دېگەن مۇبارەك نام بىلەن بىللە زىكرى قىلىدىغان بولدىكى، مانا بۇ - نەق پەزىلەتنىڭ نەتىجىسى!

خەلق ئۆز ناخشىلىرىدا: «ئالىملار ئالەمنىڭ، ئىنساننىڭ جېنى، ئالىمنىڭ يەيدىغىنى خەلقىنىڭ غېمى» دەپ تەرىپلەيدۇ. مېنىڭچە بۇ، خەلقىنىڭ ئالىملارنى ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا شۇنداقلا بىر ماختاپ قويغىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ چىن قەلبىدىن ئالىملارغا بەرگەن تەبىرى ۋە باھاسى. ئالىمى يوق مىللەت - مىللەت ئەمەس. خەلقىنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان ئالىم - ئالىم ئەمەس. بىراق، خەلقىنىڭ غېمى ئۇنداق بىرلا ئالىم يەپ تۈگىتەلەيدىغان غەممۇ ئەمەس. شۇڭا، خەلقىنىڭ ئۆز ئالىمىدىن ئېھتىرام بىلەن ئالىدىغان بىرىنچى ئىمتىھانى «ئىناقلىق پەزىلىتى بارمۇ - يوق؟» دېگەندىن ئىبارەت. خەلقىنىڭ غېمىنى يېيىش، خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش يولىدا ئۆز ئارا بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلىشىپ، بىر - بىرىنى قوللىشىپ، بىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئىككىنچىسى تولۇقلاپ، ئىككىنچىسىنىڭ خاتاسىنى ئۈچىنچىسى توغرىلاپ ماڭىدىغان پەزىلەتلىك ئالىملارنى خەلق بەك تونۇيدۇ ۋە ئۇلارنى ئەۋلىيا كەبى ھۆرمەتلەيدۇ، ئەبەدىي سۆيىدۇ!

ئېغىزدا دېگەننى ئۆز قولى بىلەن قىلىپ كۆرسىتەلەيدىغان ئەمەلىيەتچان، ئىش - ھەرىكەتتە باشچى، پائالىيەتچان ۋە كۈرەشچان بولۇش بىر ئالىم ئۈچۈن بۈيۈك پەزىلەت. ئالىمنىڭ قىممىتى ئاداققي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قانداق دەبدەبىلىك گەپلەرنى قىلغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانداق پايدىلىق پائالىيەتلەرنى قىلغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھېكايەت، بۈيۈك بۇۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي ئىبنى غىياسىددىن بەش ئەسىرنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنى سۆيۈندۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ ئالىم. ئۇ، ھايات ۋاقتىدا ئىشىكنى تاقاپ ئولتۇرۇپ كىتابلا يېزىپ، ۋاپاتىدىن كېيىن ئاندىن خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان زات ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئەقىل يېشىغا يېتىپ، ئىلمىي ئەمگەك ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئىشتىراك قىلغىنىدىن باشلاپلا خەلقىنىڭ ئاپىرىنلىق قايىللىقى، سۆيۈنگەن كۆڭۈللەرنىڭ بىردەكلا مايىللىقىغا مۇيەسسەر بولغان ئەجداد ئىدى. ھىرات ئۇيغۇرلىرى شۇنداقلا پۈتكۈل خوراسان خەلقى ئالىم نەۋائىيغا شۇ دەرىجىدە ئىخلاس قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر قەدەم، ھەر بىر ھەرىكىتىدىن ئۈلگە ئېلىشنى شۇ دەرىجىدە شەرەپ بىلەتتىكى، بىر قېتىم نەۋائىينىڭ چىشى ئاغرىپ قېلىپ، بوغۇزى بىلەن قوشۇپ ئىششىپ كەتكەنلىكتىن، كوچىغا چىققاندا ياغلىق بىلەن بويۇن - بوغۇزىنى تېڭىۋالسا، ئەتىسىدىن باشلاپ ھىرات ئاياللىرى شۇ تەرىقىدە بويىنىغا ياغلىق چېگىۋېلىشنى مودا قىلىۋالغان. نېمە ئۈچۈن خەلق نەۋائىينى دوراشقا ۋە ئۇنى ئۈلگە قىلىشقا شۇ دەرىجىدە ئامراق؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ زاتىنىڭ ئەزەلدىن ئەبەتكە تىلى بىلەن دىلى ماس، گېپىدىن ھەرىكىتى ئايرىلماس بولۇپ، ئىلمىي ھاياتىنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلىرى بويىچە ئوخشاشلا ئەمەلىيەتچان ۋە پائالىيەتچان بولغانلىقىدا. خەلق بىلىدۇ، نەۋائىي ئۆز زامانىسىدا ئادەتتىكى ھەر قانداق بىر پۇقراغا ئوخشاشلا قولىغا قورال ئېلىپ، ھىراتنى قوغداش جېڭىگە قاتناشقان. ئۇ، ئاستىرابادقا ھاكىم بولغاندىمۇ، ئوردىدا ئەمىر بولغاندىمۇ ئوخشاشلا تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھاكىمىيەتنى ئادىل سورىغان. كۆتۈپخانا قاتارلىق مەرىپەت ئەسلىھەلىرىنى بىنا قىلغاندىمۇ، ئالىملارنى تەشكىللەپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئەنجۇمەن تۈزگەندىمۇ ئوخشاشلا ھەمىشە ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىگەن، ھامان ئۆزى پائالىيەتنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرغان. شۇڭا، ئۆز ۋاقتىدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پۈتكۈل ئۆمۈر پائالىيىتى ھۆرمەت بىلەن «ھايات بېغى» دەپ تەرىپلەنگەن. يەكۈن شۇكى، ئەمەلىيەتچانلىق مەرىپەت ئەھلىنى قىممەتلىك ۋە ئەزىز قىلىدۇ؛ پائالىيەتچانلىق ۋە كۈرەشچانلىق ئالىمنى خەلق قەلبىدە مۆھتەرەم ۋە لەزىز قىلىدۇ!

ئەلۋەتتە، بىز چوڭلار، دادا ۋە ئانا زىيالىيلار ئۆزلىرىمىزدىكى پەزىلەتسىزلىكنى تۈگەتكەندە، ئاندىن گېلىمىزنى قىرىپ تۇرۇپ بالازىيالىيلارغا، خۇسۇسەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىزباسارلارغا تەربىيە قىلساق ئۈنۈمى بولىدۇ.

پېشقەدەملەرنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، 30 -، 40 - يىللاردىكى ئاشۇ مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋاقتىدا، ئۇيغۇر پەرزەنتلەرنى پەننىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەكىلەلمەي ۋە ئۇلارنى مەكتەپتە تۇرغۇزالماي، باللارنىڭ قاششاقلىقىدىن غەزەپ پەيمانىسى تولغان جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلار بەزەن باللارنى مەكتەپكە باغلاپ ئەكىلىپ، سىنىپقا سولاپ قويۇپمۇ باققانىكەن. زامان ئېلېكترون دەۋرىگە كىرگەن 90 - يىللارنىڭ ئاخىرى بولمىش مۇشۇ چاغلاردا، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جېڭىگە قاتنىشىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپ بويىچە ئاتلىنىپ چىقىپ، ھەر كۈنى يېرىم كۈننى سەرپ قىلىپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بالا يىغىۋاتقانلىقىنى، مەكتەپكە ئەۋەتمەسلىك ئۈچۈن بالىسىنى يوشۇرۇپ قويغانلارغا ئامال قىلالماي، ئۇلارنىڭ كالا - ئېشەكلىرىنى جەرىمانە ئۈچۈن مەكتەپكە يېتىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە: «بىز ئۇيغۇر مىللىتى تېخىچىلا جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشاۋاتامدۇق، نېمە؟» دەپ ئۆزىمىزدىن سورىغىمىز كېلىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ مەرىپەت ئۈچىقى بولغان ئالىي مەكتەپلەردىكى بەزى ئەھۋاللار ئادەمنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ:

«قانداق قىلارمىز؟ - دەپ يازىدۇ ئەلەم بىلەن بىر ئاقكۆڭۈل ستودېنت، - ئادەمدە قىزىقىش بولىدۇ. مەنمۇ چەت ئەل تىلىغا بەكلا قىزىقاتتىم. شۇڭا، ئالىي مەكتەپكە كىرگەن يىلىلا ئېنگلىز تىلى كۇرسىغا قاتناشتىم. كۇرسانتلار مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ كۆپ ئىدى. ‹نەقەدەر تىرىشچان ستودېنتلار بۇ - ھە!›، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئوقۇتقۇچىمىز ناھايىتى تالانتلىق بولۇپ، دەرسنى ھەقىقەتەن ياخشى سۆزلەيتتى. ھەر قېتىم كۇرستىن تولىمۇ خۇشال چىقاتتىم. ئەگەر مۇشۇنداقلا ماڭىدىغان بولساق، ئىككى يىلدىلا ئېنگلىز تىلىدا ئوبدانلا سەۋىيىگە يېتىپ قالاتتۇق. بىراق كۇرستىكى قىزغىنلىق كەيپىياتى ئۇزاققا بارمىدى. دەرس باشلىنىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، سىنىپتا بەشلا كۇرسانت قالدى. . . شۇنداق قىلىپ، كۇرس تاقىلىپ قالدى. ئەمدىلا ئېچىلغان كىتاب يەنە يېپىلدى. ‹توۋا›، دەيمەن. بۇ دۇنيادا يەنە بىزدەك دۆت ئادەم بارمىدۇ؟ ‹كىتاب ئوقۇ›، دېسە، بېشىمىز ئاغرىيدۇ. ‹ئويۇن›، دېسە، دىلىمىز يايرايدۇ. تېخى بەزىلىرىمىز ‹ياشلىقىڭدا گۈل قىس، قېرىغاندا غىرت قىس›، دەپتىكەن، دەپ ‹ياشلىقىمىزدا ئوينىۋالايلى›، دەيمىز. ئاتا - ئانىمىز بىزنى ئۇنىۋېرسىتېتقا مەرىپەتتىن گۈل قىسىشقا ئەۋەتكەنمۇ ياكى ئويۇندىن گۈل قىسىشقىمۇ؟ مەن تەييار تارقاتقان كىتابنى سېتىپ كىيىم ئالغانلارنى كۆردۈمىيۇ، كىيىم سېتىپ كىتاب ئالغانلارنى تېخىچە ئۇچراتمىدىم. . . ئاتمىشنى ئاران تولدۇرۇپ ئالغان باكلاۋىرلىق ئۇنۋانى بىلەن، مۇكەممەل ئىگىلەنمىگەن بىرلا كەسىپ بىزگە قانچىلىك ئەسقاتار؟» («مايبۇلاق» ژۇرنىلى 1996 - يىللىق 3 - سان 83 - بەت).

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر يىلى يۈز مىڭدىن ئارتۇق پەرزەنت ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئالىي مەكتەپكە كىرەلەيدىغىنى ئون نەچچە مىڭ بولۇپ، ئۇيغۇرغا نېسىپ بولىدىغىنى پەقەت بىر نەچچە مىڭلا. ئەسلىدە شۇ بىر نەچچە مىڭ پەرزەنت بىر قانچە ئون مىڭغا تېتىغىدەك ئوقۇغاندا ئاندىن ئۇلارنى ئۈمىدلىك ئەۋلاد دېسەك، سۆيۈنسەك بولاتتى. مىڭ ئەپسۇس، كۆپ تەرەپلىمىلىك كىرەلەشكەن مىڭبىر مۇشەققەتتە ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بۇ ئەۋلادنىڭ خېلى بىر قىسمىدا مەۋجۇت مەرىپەتسىزلىك ئادەمنى ھەسرەتتە تىترىگەن لەۋنى تەئەججۇپ چىشى بىلەن چىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ستودېنتنىڭ يازغىنى راست. ئۇلار ئىلىم ئۆگىنىشتە ئەمەس، كۆپىنچە كىيىم كېيىشتە، مودا قوغلىشىشتا بەسلىشىدۇ. چەت ئەل تىلى كۇرسلىرىغىمۇ مودا قوغلىشىپ بىر نەچچە ھەپتىلىك كىرىپ قويۇشىدۇ، خالاس. كىچىك ئۇنىئالغۇنى يانچۇققا سېلىپ، ئاڭلىغۇچنى قۇلاققا تىقىپ قويۇپ، ئېغىزىدا ماغزاپ قەنت چايناپ تۇرۇپ، ئايانچلىق قەدەم بىلەن يۈرۈشلىرى ئەمەلىيەتتە ستودېنتلىق ئوبراز مودىسى. شۇ قىياپەتتە كۆپلىرىنىڭ ئاڭلاۋاتقىنى چەت ئەل تىلى ئەمەس، بەلكى بەل تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىسى. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ئۆزىنىڭ تىلىنى، ئۆزىنىڭ تارىخىنى، ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ تۇرۇقتا ئۆگىنىۋاتقان كەسپىنى بىرىنچىدىن، بىلمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، مۇتلەق سۆيمەيدۇ. ئەدەبىيات دېسە، مۇپاسساندىن گەپ باشلايدۇ؛ تارىخ دېسە ئەرەبلەرگە نەزەر تاشلايدۇ؛ ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق دەۋر قايسى دېسە، بېشىنى قاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈشىدىكى غەلىتىلىككە نورمال ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ئىككى مىسال كاللامدىن زادى نېرى كەتمەيدۇ.

ھېكايەت، 1995 - يىلى ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە بىر نەچچە قېتىم باللار بىلەن مۇشتلىشىپ قەستەن جېدەل چىقارغان، قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىر نەچچە ئاي قالغاندا مەكتەپتىن قوغلاندى قىلغان. غەلىتىلىك شۇكى، ئاشۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇغان پۈتۈن بىر سىنىپ - جەمئىي ئوتتۇز نەچچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئۇدا ئۈچ كېچە تاڭ ئاتار ئولتۇرۇشى قىلىپ، مەزكۇر قوغلاندىنى خۇددى غالىب گېنېرالنى پېنسىيىگە ئۇزاتقاندەك داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىپ قويغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا مىللەت مەكتەپداشلار: «بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟» دەپ سورىسا، ئۇلار خاتىرجەم ھالدا: «ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىق دېگەن ئەل ئۆمرىدە بىر قېتىم كېلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنى مۇشۇنداق قەدىرلەيمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ يىلى، بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەرەب تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغان ئىككى نەپەر

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قەتئىي تۇسۇپ، قايتا - قايتا تەربىيە بەرگىنىگە پىسەنت قىلماي: «ئەرەب تىلى ئوقۇغاننىڭ ھېچنەرسىگە پايدىسى يوقكەن. بىز قايتىپ كېتىپ، ئۇيغۇرنىڭ سەككىز مىڭ يىللىق تارىخىنى 15 توملۇق كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىمىز» دەپ مەكتەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا كەتكەن. ئۇلار يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا، پايتەختتە ئوقۇۋاتقان يۇرتداشلىرىنىڭ بىر مۇنچە دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشىغا ۋە كاتتا رېستوراندا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. «خۇدا، بەندەڭنى ئوڭ قىل! ئۇنداق ئىلىم شارابىنى تۇزۇك ئىچمەي تورۇپلا زابوي بولۇپ قالغان ئادەملەر 15 توملۇق تارىخ ئەمەس، بىر يېرىم بەتلىك خەۋەرمۇ يازالمايدۇ». بۇ گەپنى قىلغان ئادەم مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھېلىقى چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇشىنى تاشلاپ كەتكەن ئىككى بالا ئۇنىڭ يۇرتدىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ھازىر كالا ئېلىپ بورداپ سېتىپ، بورداقچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ. يەنە بىرسى بولسا، باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغان زاسۇيپەز ئاغىنىسىگە يالىنىپ: «كېلىڭلار، مېھمانلار كېلىڭلار، يېڭى كالىنىڭ شورپىسى چىقتى، كېلىڭلار!» دەپ ۋارقىراپ پورداقچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ.

بىلىشىمىزچە، زاڭزۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئوتتۇز نەچچە يېرىدە ئېچىلغان مەخسۇس مەكتەپ ۋە سىنىپلاردا، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىلىمگە زوقمەن، مەرىپەتكە ھېرىسمەن، تۇرمۇشتا رەتلىك، مۇناسىۋەتكە ئەپلىك بولغاچ، ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ئامراق مەكتەپلەر يىلسېرى كۆپىيىۋېتىپتۇ. بىراق، بىزنىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز بولسا، بارغانلا يېرىدە: «پولۇ ئېتىپ بېرىسەن، گىردە يېقىپ بېرىسەن» دەپ مەكتەپ ئاش - تاماق بۆلۈمىنى تەڭقىسلىقتا قويغاچ، 9 - ئاي كەلسىلا، «ئوقۇشقا كىرىش تەلىم - تەربىيىسى قىلدۇق» دەپ كونا بالىلار يېڭى بالىلارنى شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ، ئۆزىگە ئالدۇرغان ھاراقنى ئىچمەيمەن، دېسە ئۇنىماي كانىيىغا زورلاپ قۇيغاچ، ھېيت - بايرام بولسىلا، ئاشۇ يات دىيار، ياقا يۇرتلاردىمۇ سەن شىماللىق، مەن جەنۇبلۇق، ئۇ غەربلىك، بۇ شەرقلىق دەپ بۆلۈنۈپ ئۆز ئارا مۇشتلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ باشلىرىنى يېرىشىپ، مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىنىڭ بايراملىق ئارامىنى بۇزغاچ، خېلى ساندىكى ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار ئۇيغۇردىن داد، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سىنىپى ئاچقانغا پەندىيات دەۋېتىپتۇ. دەرىخا! ئاڭلىسام، مۇشۇنداق توقى - لەنتلىك ئەھۋالىمىزنى كۆرگەنلەر بىر - بىرىدىن: «ھوي، بۇلار راستىنلا ئاشۇ تارىختىكى مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ياكى شۇ نامنى سۇيىئىستېمال قىلىۋالغان يارىماسلارنىڭ يارىماسلىرىمۇ؟!» دەپ سوراۋېتىپتۇ!

ئۇيغۇردا: «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دەيدىغان ماقال بار. بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 21 - ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سەردارلىرى، سەركەردىلىرى ۋە ئىگىلىرى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى ھېچنەرسىنى تۇيمايۋاتامدىغاندۇ، ئەجەبا؟!

بىز ئۇيغۇر مىللىتى مۇسۇلمان مىللەت بولغانىكەنمىز، بۇ شاراپەت بىلەن ئىسلامىيەت ئىلمى بويىچە سەۋىيىسى يېتىلىك ۋە ئەمەلىيەتچان ئالىملىرىمىز بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بۇ ساھەمىز تېخىچە بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن قاغجىراق. ھېكايەت، مەن پۇرسەت بولۇپ، 1996 - يىلى ئۆكتەبىردىن 1997 - يىل ئىيۇنغىچە مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە زىيارەتچى ئالىم سۈپىتى بىلەن «كلاسسىك ئىسلام دىنى نەزەرىيىسى» (ئۇسۇلۇددىن) قاتارلىق دەرسلەر بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا مۇشەررەپ بولدۇم (ئەلھەمدۇلىللا). تەكشۈرۈپ بىلگىنىم ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم شۇ بولدىكى، شۇ تاپتا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات مەركىزى بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىجازىتى بىلەن كېلىپ ئوقۇۋاتقان 60 نەپەر مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى بارئىكەن. مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇڭگان مىللىتىدىن بولۇپ، سەككىز مىليونلۇق جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىدىن بىرەر سىگمۇ ھۆكۈمەت خىراجىتى ۋە ئىجازىتى بىلەن كېلىپ ئوقۇش نېسىپ بولماپتۇ!؟

دىن دېمەك - ئىلىم دېمەكتۇر. شۇڭا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي ئىلىم مەركەزلىرى مەخسۇس دىن تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىپ، خاس ئالىملارنى ئاجرىتىپ، تۈرلۈك دىنلار ئۈستىدە ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى مۇكەممەل ئىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە دىندۇر. ھالبۇكى، تەتقىقات نۇقتىسىدىن بولسىمۇ مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، ئىسلام دىنى نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىسلام دىنىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا ئاڭ - ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە تۇتىۋاتقان ئورنىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئوبدان بىلىش كېرەك. بۇ، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ دىنىي ئىلىم بىلەن زامانىۋى پەن ئىلىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتنى ئىلمىي هالدا چۈشىنىپ، سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى مەرىپەت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان زۆرۈر ئىش!

ۋەھالەنكى، ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى نەزەرىيىسىنى پىششىق بىلىدىغان مەرىپەتلىك هەم پەزىلەتلىك ئۆلىما يوق هېسابىدا بولغاچ، شۇ تورۇقتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، ئىسلام دىنىنى زامانىۋى ئىلىم - پەنگە قارشى قويىدىغان، پەرزەنتلەرنى پەننىي مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ دىنىي چالا موللىلارغا تالىپ قىلىپ بېرىشنى ئاشكارا تەرغىپ قىلىدىغان قاششاقلىق ئاۋام خەلقنى گاڭگىراتماقتا. ئاتالمىش دىنىي زاتلار باش بولغان هالدىكى، پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشىنى قىلىۋاتقىنى، ئەۋلادلارنىڭ ئىلىمسىز قېلىۋاتقىنى بىلەن كارى بولماي، تاپقان پۇلنىڭ هەممىسىنى سەرپ قىلىپ ئىككى هەرەمنى تاۋاپ قىلىش مۇسابىقىسى خەلق ئىقتىسادىنى هالسىراتماقتا. قېنى، قايسى ئۆلىما چۈشەندۈرۈپ باقىدۇ: قايسى ئىسلام تەلىماتىدا، نەدىكى كلاسسىك ئىسلام كىتابىدا، ئۆزى ئىلىمسىز كۆزى ئوچۇق قارىغۇ ياشاپ ئۆتكەننى ئاز دەپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىمۇ مەكتەپتە ئوقۇتماي، شۇ پۇلنى خەجلەپ مەككىنى ئۈچ قېتىم هەتتا تۆت قېتىم هەجلىسۇن دەپتۇ؟! ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرلار هەر يىلى كەم دېگەندىمۇ 10 مىليون يۈەن پۇلنى بايلىقىدىن ئالتۇننى سىغدۇرىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتقان سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ خەزىنىسىگە بىهۇدە تاپشۇرۇپ كېلىۋاتىدۇكى، ئۇنىڭ بەدىلىگە يىلىغا نەچچە ئون مىڭلىغان ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ئۇيغۇر پەرزەنت پۇل بولمىغانلىقتىن، مەكتەپتىن قېلىۋاتىدۇ؛ مەكتەپتىكى نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر پەرزەنت بولسا، پۇلسىزلىقتىن يىرتىق ئىشتان كىيگەن كۆتىنى خام كېسەككە قويۇپ ئولتۇرۇپ، دوستىكىغا چالما بىلەن خەت يېزىۋاتىدۇ. مانا بۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەنئەنىۋى تراگېدىيە!

مەرىپەتسىزلىك ۋە پەزىلەتسىزلىك ئۇيغۇرلارنى يېڭى قالاقلىق گىردابىغا سۆرەۋاتىدۇ، ئى، ئالىملار!

قاششاقلىق ۋە مەدەنىيەتسىزلىك ئۇيغۇرلارنى ئەمەلىي گادايلىق تېمىغا يۆلەۋاتىدۇ، ئى، هاجىملار!

هەممە بىلىدۇ، ئۇيغۇردا پۇل بار، مال بار، بايلىق زاپاس - زاپىسى بىلەن بار. سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، راستچىللىق بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان مىللەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ باي مىللەت قاتارىغا كىرىدۇ.

ئۇيغۇردا ئەقىل بار، پەم - پاراسەت بار، زېھنىي - زۇكاۋەت بار. تەڭرىتېغى گۇۋاھ بولۇپ، تارىخ داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، «كاللىسى ئاددىي، كالۋا» دېگەن تۆھمەت ئۇيغۇرغا هەرگىز، هەرگىزمۇ ئەمەس، يار!

بىراق، بىلمەك كېرەككى، مەرىپەتسىزلىك هەر قانداق باي مىللەتنىمۇ ئاخىرقى هېسابتا قول - ئىلكىدە يوق قىلىپ قويىدۇ. پەزىلەتسىزلىك هەر قانداق ئەقىللىق مىللەتنىمۇ هامان بىر كۈنى دەلتە، كاللىسى قورۇق قىلىپ قويىدۇ!

سەن بىلمىگۈچى ئەمەس. قەدىمىي تارىم مەدەنىيىتى ئۇيغۇر بىلەن گۈللەنگەن. شۇڭا، تارىم دەرياسىنىڭ ئۇل زاماندىكى نامى «ئۇغۇرداش»، يەنى «ئۇيغۇر ئېقىنى، ئۇيغۇر دەرياسى» ئىدى (ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم يازغان «تارىمدىن تامچە» گە قاراڭ). سەن كۆرەلمىگۈچىمۇ ئەمەس. بۈگۈن يېڭى تارىم مەدەنىيىتى چېچەك ئېچىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. شۇڭا، پۈتكۈل تارىم ۋادىسى ساغلام ئۈمىدلىك ۋە تەلەپچان كۆزلىرىنى بېقىپ يېتىپتۇ. هالبۇكى، ئەمدى سەنمۇ ئويغىنىپ، ئەجدادىڭدىن ئۇدۇم جاسارىتىڭنى قايتا ئۇرغىتىپ، سۆيۈملۈك ئانا يەر تارىمنىڭ چېكىسىگە مەرىپەتتىن گۈل تاقامسەن ياكى ئەزىم تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىگە غەرق بولۇپ مۇڭلۇق ئاقامسەن، ئويلان، ئەبگا!

1996 - يىل 10 - يانۋار، بېيجىڭ؛ 1996 - يىل 18 - دېكابىر، قاهىرە

# بىر - بىرىنى سۆيمەسلىك ۋە ئورتاق ئىشقا كۆيمەسلىك

> مۇھەببەت - جۇلالاپ تۇرغان بىر گۆھەركى،
> ئۇ، ئىنسانلىق تاجىغا زىننەت ۋە قىممەت بېرىدۇ.
> - ئەلشىر نەۋائىي

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلشىر نەۋائىي ئېبىنى غىياسىددىن مۇنداق دېگەن: «مۇھەببەت - جۇلالاپ تۇرغان بىر گۆھەركى، ئۇ، ئىنسانلىق تاجىغا زىننەت ۋە قىممەت بېرىدۇ». بۇ چوڭقۇر مەنىلىك تەپەككۇر جەۋھىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئاڭ - ئىنساننى مەخلۇقاتلار توپىدىن ئايرىپ چىققان ئەڭگۈشتەر بولسا، مۇھەببەت - ئۇنى بۈگۈنكىدەك مەدەنىي ئىنسانلىق سىياقىغا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى مەخلۇقاتلار دۇنياسىدا تەڭداشسىز يۈكسەك قىممەتكە ئىگە قىلغان گۆھەردۇر. دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق قوۋناق ۋە روناق هالغا كېلەلىشىمۇ، ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ هاياتقا، كەلگۈسىگە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا

بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ مەھسۇلىدىن بولغان دېيىش مۇمكىن. تەبىئەت ئادەمنى ياراتقان، ئادەم دۇنيانى گۈللەندۈرگەن. ئادەم بىلەن دۇنيانى ۋاقىت تارازىسىغا قويۇپ كۆرگەندە، دۇنيا ئەبەدىيلىك، ئادەمنىڭ ھاياتى بولسا ۋاقىتلىق، يەنى ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەمما دۇنيا قالىدۇ. شۇنداقكەن، ئادەم يەنە نېمە ئۈچۈن يۇرتىنىڭ نامرات ھالىنى ئۆزگەرتىمەن، ۋەتەننى گۈللەندۈرىمەن، دۇنيانى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ گۈزەل قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن، دەپ ئاڭلىق كۈرەش قىلىدۇ؟ ھەتتا بۇ دۇنيادا تۆت كۈنلۈك ئۆمرى قالغان كېسەل، قېرى كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان تۈرلۈك تەتقىقات ئىشلىرىنى تاكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچىمۇ توختاتمايدۇ؟ چۈنكى ئىنسانلار بىر - بىرىنى سۆيىدۇ. ئادەملەر مۇھەببەت بىلەن ياشايدۇ. بۇ ئادەتتە قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرىنى سۆيۈشى، مىللەتداشلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنى ئەزىزلىشى، كىچىكلەرنىڭ چوڭلارنى قەدىرلىشى، شۇنىڭدەك تۈرلۈك ئىرق، خىلمۇ خىل دىنغا تەئەللۇق ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشى ۋە ئىززەتلىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بۇ خىل مۇھەببەت، بۇ خىل سۆيۈك گوياكى تۈگىمەس - پۈتمەس قۇۋۋەت مەنبەسى بولۇپ، بۇ ئالەمنىڭ تەرەققىياتىنى مەڭگۈ ئالغا سىلجىتىش كۈچى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھاياتلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئادەم قېرىپ، ئۆلۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن دۇنيا مەڭگۈ قېرىمايدۇ، مەڭگۈ ياشناپ تۇرىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈنمۇ بىر خورىماس قۇۋۋەت مەنبەسى لازىم بولىدۇ. بۇ قۇۋۋەت مەنبەسىنىڭ ئىسمىمۇ «مۇھەببەت ـ سۆيۈك» بولۇپ، ئۇ، مەزكۇر مىللەت خەلقى ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىنىڭ سۆيۈشى، بىر - بىرىنى ئەزىزلىشى ۋە بىر - بىرىنى قەدىرلىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق مىللەت بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۈچلۈك مىللەت، يەنە بەزىلىرى بولسا، ئاجىز مىللەت بولۇپ سانىلىدۇ. كۈچلۈك مىللەتلەر قانداق قىلىپ كۈچلۈك بولغان؟ ئۇلار ئالدى بىلەن ئۈم - ئىناق بولۇپ، ئاندىن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى ئورتاق ئىشقا سېلىپ، بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاشۇنداق كۈچلۈك بولغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان بىرىنچى ئامىل ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەھكەم ياكى بوش ئىكەنلىكىگە باغلىق. ئەمدى، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي تۈپى ھېسابلىنىدىغان بىر مىللەت، بىر قەۋم خەلقىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان بۇ خىل ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنىڭ قانداق ۋە قايسى دەرىجىدە بولۇشى ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ مىللەت خەلقى ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىنى سۆيۈش، بىر - بىرىنى ئەزىزلەش ۋە بىر - بىرىنى قەدىرلەش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە باغلىق. ئۇيغۇر كۈچلۈك مىللەتمۇ ياكى ئاجىز مىللەتمۇ؟ دۇدۇقلىماي، ئىنجىقلىماي ئېيتىمىزكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى بىر ئاجىز مىللەت. نېمە ئۈچۈن ئۇ مۇشۇنداق ئاجىز بولۇپ قالغان؟ چۈنكى ئۇنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ئۆتە ئوسال، ئۆزىگە خاس بولغان ئۈم - ئىناقلىق دەرىجىسى تولىمۇ ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاجىز مىللەت بولۇپ قالغان. ئۇنداق بولسا، زادى نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى شۇ قەدەر ئوسال ۋە شۇنچە ناچار بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇيغۇرلاردا بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەت تولىمۇ كەم، بىر - بىرىنى سۆيۈش، بىر - بىرىنى ئەزىزلەش ۋە بىر - بىرىنى قەدىرلەش دەرىجىسى ئىنتايىن تۆۋەن، خۇسۇسەن بىزدىكى ئەبگاللار بىر - بىرىنى مۇتلەق سۆيمەيدۇ، ھەتتا بىر - بىرىدىن يىرگىنىدۇ. بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، بىز ئادەتتە ئانچە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەتمەيدىغان مۇنداق ئىككى كۆرۈنۈشكە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى:

بىرىنچى كۆرۈنۈش: پايتەخت بېيجىڭ. گەنجياكو كوچىسىدىكى ئۇيغۇر كەنتىنىڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يېرىگە سېلىنغان ياسىداق بىر ئاشخانا. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان مەزگىل. بىرسى بادام دوپپىلىق، يەنە بىرسى چىمەن دوپپىلىق، دېھقان سۈپەت ئىككى ئۇيغۇر ئادەم: «ئەسسالام» نى ھارغىن ئېيتىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە سالامنى ھېچكىم ئىلىك ئالمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە ئالماي ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر شىرەگە بېرىپ، دېرىزە تەرەپكە يۈزلىنىپ ئورۇن ئالدى. شۇدەم قولىدا چەينەك تۇتقان كۈتكۈچى يىگىت پەيدا بولدى. «ئىككى قاچا سۈيۈقئاش!» دەپ بۇيرۇدى مېھمان. «سۈيۈق-ئاش» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ھامان كۈتكۈچى يىگىتنىڭ چاي قۇيۇۋاتقان قولى ھەرىكەتتىن توختىدى ۋە تەنە - تەئەددىي قىلغان ئاھاڭدا ئېيتتى: «خاپا بولۇشمايلا. بۇ، سۈيۈقئاش دۇكىنى ئەمەس. يېيىشسىلىرى ھەر خىل قورۇما، لەغمەن ۋە سومەن بار. بولمىسا، مەرھەمەت!». تۇرقىدىن پايتەختكە بىرەر ئەرز - ھال ئىشى بىلەن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان مەزكۇر 40 ـ 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئىككى ئۇيغۇر ئەركەك سېلىنىۋاتقان چاپانلىرىنى قايتىدىن كىيىشىپ، ئاستا چىقىپ كېتىشتى. «ئىچىشى ئىككى چىنە

سۈيۈقئاش» دەپ ئۇلارغا ئاڭلىتىپ دىگۈدەك قايناپ كەتتى ھىلىقى كۈتكۈچى يىگىتنىڭ يىنىدا خۈددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ئايال خوجايىن قولىغا قوشلاپ سىلىغۇالغان ئالتۇن بىلەيزۈكلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ: «بىر - بىرسىنى قاسماق دوپپىسى بىلەن يەلپۈشۈپ، ئاشخانىنى سىپسىق تەر پۇرىتىپ، ئورۇننى بىكار قىلماي تۆت سائەت ئولتۇرىدۇ، بۇ سەھرايى دادامىلار. مۇنداق خەققە ‹سۈيۈقئاش ئەتمەيمىز›، دەپلا قوتۇلغان تۈزۈك».

ئىلاۋە: ئىشەنچلىك ماتىرىياللارنىڭ ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشىچە، چەت ئەل ياكى يات يۇرتلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەھۇدىيلار ئۆز مىللەتدىشى بولغان يەھۇدىي ئاچقان دۇكانغا بىرىپ سودا قىلىشنى ئۆزىگە بۇرچ ۋە شەرەپلىك ئىش بىلىدىكەن. مىسالى، بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيى چوڭ كوچىنىڭ شەرقىي بىشىدا بولۇپ، سودىگەر يەھۇدىي ئاچقان دۇكان شۇ كوچىنىڭ غەربىي ئىغىزىدا بولسا، گەرچە پۈتۈن كوچا لىق دۇكانلار، تۈرلى ماللار ماگىزىنلىرى بىلەن تولغان بولسىمۇ، مەزكۇر ھاجەتمەن يەھۇدىي ئاشۇ تىجارەت كوچىسىنى بىسىپ ئۆتۈپ، سودىگەر يەھۇدىينىڭ دۇكىنىدىن مال ئالىدىكەن، سودا قىلىدىكەن. نىمىشقا؟ چۈنكى ھاجەتمەن يەھۇدىي ئاشۇ تىجارەتچى يەھۇدىينىڭ دۇكىنىدا باشقا ھەر قانداق دۇكاندارنىڭ مۇئامىلىسىدىن ئەلا بولغان مۇئامىلىگە نائىل بولىدىكەن، دىلى سۆيۈنىدىكەن. ئەمدى، ئۆز گىپىمىزگە كەلسەك، بىيجىڭدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز. بىراق ئۇيغۇرلار تاماق يىيەلەيدىغان تۈگگان ئاشخانىلىرى قەدەمدە بىر دىگۈدەك. ھالبۇكى، ھىلىقى ئىككى نەپەر دىھقان سىياق كىشىنىڭ ئۇيغۇر كەتتىگە قانداق ئارمان بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، تۆت پۇللۇق پايدىنى دەپ قەستەن ئۇلارغا سۈيۈقئاش ئىتىپ بەرمەي چىقىرىۋىتىش ئۆز قېرىنداشلىرىغا بولغان مۇھەببەتسىزلىكىنىڭ ۋە بىرەھىملىكىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

ئىككىنچى كۆرۈنۈش: ئورۇمچىدىكى مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى. بىر زىيارەتچى كۆرۈشمىگىلى بىر يىل بولغان كونا ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ سوراپ، خېلى تەستە تاپتى. «ئۆيۈڭ بۇ چاغقىچە ئۇيغۇرلار بىناسىدا ئىدىغۇ. نىمىدەپ بۇ بىناغا كۆچۈۋالدىڭ؟ قارىسام، بۇ ئۆيۈڭنىڭ خانا سانىمۇ بۇرۇنقىسى بىلەن ئوخشاشلا تۇرىدۇ. بىرەر خاپىلىق بولمىغاندۇ - ھە؟!» ئەجەبلىنىپ سورىدى زىيارەتچى. «ھەي. . . ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمسايە بولۇپ ئولتۇرساڭ، ‹ۋاي، ئەنە ئاۋۇ كەلدىيەي، ۋاي، مانا ماۋۇ كەتتىيەي›، دەپ ھەممە ئىشىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى ئۆي ئىگىسى گويا ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ ئامەتكە ئىرىشكەن ئادەمدەك شاد - خورام قىياپەتتە. «بۇ يولداشلار بىلەن ھەمسايە ئولتۇرساڭ، ئۇنداق گەپلەريوق، قۇلىقىڭ تىنىچ بولۇپ قالىدىكەن، ئاداش».

ئىلاۋە: يىتىم قوزىدەك يىگانە ياشاشنى «تىنىچ تۇرمۇش» دەپ ئارزۇلىساڭ، ئۇيغۇر يوق يەرگە كۆچۈپ كەت، ئاغىنە. مانا شۇ چاغدا، ئەتىگەن تۇرغاندا، ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇيغۇر بىلەن «ئەسسالام» لىشىۋىلىشنىڭ قانچىلىك روھىي ئوزۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يىتىسەن!

مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر بۇلارغا بىپەرۋالىق ئادىتىڭ بويىچە مۇنداقلا قارىساڭ، ھىچبىر ئىش ئەمەستەك بىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىكى ئوخشاشلىقنى، بولۇپمۇ مەزكۇر ئوخشاشلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن مەنبە ۋە ماھىيەتنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەڭ، ئىشنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىگە پەمىڭ يىتىدۇ.

دەرۋەقە، بىر مىللەت، بىر قەۋمگە تەئەللۇق خەلق ئىچىدە ئۆز ئارا كۆڭۈلسىزلىنىش مۇتلەق بولماسلىقى كىرەك، دىگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى مەزكۇر بىر مىللەت، بىر قەۋمگە تەۋە خەلق ئەزالىرىنىڭ بوي - تۇرق قامىتىدىن تارتىپ يۈرۈش - تۇرۇش ھالىتىگىچە، يىيىش - ئىچىش ئادىتىدىن تارتىپ گەپ - سۆز، سالام - سائىتىگىچە بولغان ھەممە تەرەپلىرى بىر - بىرىگە تولىمۇ تونۇشلۇق، بەكمۇ چۈشىنىشلىك ۋە ئوخشاش بولغاچقا، بەزىدە ئۇ ئىنساندا مۇئەييەن زىرىكىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا، ياقا يۇرتتا تولىمۇ ئۇزۇم، بىر گەۋدە بولۇشۇپ ئۆتىدىغان خوتەنلىكلەرمۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىدا پۈت تىپىشىپ قالىدۇ. باشقا شەھەرلەردە ياشىغاندا، ئىجىل - ئىناقلىقىدىن سايىسى بىر - بىرىدىن ئايرىلالماي قالىدىغان ئاتۇشلۇقمۇ ئۆز مەھەللىسىدە پىتىشماي، «ئاتۇشىڭغا بارغۇنچە» ناخشىسىنى ئىيتقان پىتى بىشىنى ئىلىپلا چىقىپ كىتىدۇ، ئۆزگە يۇرتقا يەرلىشىپ قالىدۇ. ھەتتا بەزىدە بىر قورساقتىن چىققانلارنىڭمۇ ئۆز ئارا چىقىشالماي قىلىپ كەتكەن جەڭگى - جىدەللىرىگە قاراپ، ئادەم «يا، ئەييۇھەنناس!» فىزىكا ئىلمىدىكى «بىر قۇتۇپلۇقلار تىپىشىدۇ» دىگەن قانۇنىيەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتكىمۇ تازا مۇۋاپىق كىلىدىكەن جۇمۇ، دەپ قالىدۇ. بىراق بۇ خىل قېرىنداشلار ئارا كۆڭۈلسىزلىك، ئۆز ئارا زىرىكىش ۋە بىر - بىرى بىلەن چىقىشالماسلىقنىڭ چەكسىز مىقداردا ئەدەپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، بىر - بىرىنى سۆيمەسلىك، ھەتتا بىر - بىرىدىن يىرگىنىش دەرىجىسىگە يىتىپ قىلىشى بولسا، بىر خىل قورقۇنچلۇق مەرەز ئىللەت بولۇپ، بۇ ئىللەتكە دۇچار بولغان ھەر قانداق ئادەم ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ھامان ئايرىلىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالىدۇ. بۇ ئىللەتكە مۇپتىلا بولغان ھەر قانداق مىللەت بولسا، دۇنيا مىللەتلىرى سورۇنىدىكى ئورنىدىن ئاقىۋەت مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا، ئۆز ئارا بىر - بىرىنى سۆيمەسلىكتىن ئىبارەت بۇ مەرەز ئىللەتكە ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىق لازىم. ۋاقتىدا داۋىل تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭ يامراش يولىنى توسۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، بىر - بىرىنى سۆيگەننى خارلاپ، بىر - بىرىنى ساتقاننى رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە مۇكاپاتلايدىغان ئىشنى ئەمدى ھەرگىز قىلماسلىق لازىم.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرى جۇڭگودا بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە خەلق بىلەن بىرگە ياشاۋاتىمىز. مۇنچىۋالا كۆپ سانلىق خەلق بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ قوپۇپ ياشاش ئۈچۈن يېتەرلىك جاسارەت ۋە يېتەرلىك مەدەنىيەت بولۇش لازىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە يېتەرلىك مۇھەببەت بولۇش شەرت. شەكسىزكى، بۇ خىل مۇھەببەت - مىللەتداشلار ئۆز ئارا بىر - بىرىنى سۆيۈش، بىر - بىرىنى ئەزىزلەش ۋە بىر - بىرىنى قەدىرلەش مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. بىلمەك كېرەككى، ئىنساندا پەقەت بىر - بىرىنى سۆيۈش مۇھەببىتى بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ھېلىقىدەك ئولتۇرسا - قوپسا بىر - بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش كويىدا بولىدىغان، ماڭسا - تۇرسا بىر - بىرىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىنى تىلەش ئويىدا بولىدىغان قارا كۆڭۈللۈككە خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر قانداق سەۋەنلىك ئۆتكەن تەقدىردىمۇ بىر - بىرىنى كەچۈرۈم قىلالايدىغان، ھەر قانداق ئېزىتقۇلۇقلار ئالدىدىمۇ دۈشمەنلىشىپ قالماي، بىر - بىرىنى قېرىنداشلارچە قۇچاقلىيالايدىغان سۈزۈك ۋە ساپ قېرىنداشلىق قەلبىنى يارىتالايدۇ. ئادەمدە بىر - بىرىنى ئەزىزلەش ۋە بىر - بىرىنى قەدىرلەش سۆيگۈسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىككى قېرىنداش بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان، گەپ - سۆزى بىر - بىرىگە يېقىملىق تۇيۇلمايدىغان، ئىش - ھەرىكىتى بىر - بىرىگە ماقۇل كۆرۈنمەيدىغان بولىدۇ. مانا شۇ چاغدىلا قېرىنداشلار ئارا ئىشەنچ ئاساسىدىكى ئىچكى ئىتتىپاقلىق ھەقىقىي شەكىللىنىپ، بىرسى ھەق گەپ قىلسا، قالغانلىرى ئىككىلەنمەي ئۇنى ياقلايدىغان، بىرسى ھەق يولغا باشلىسا، قالغانلىرى شەكلەنمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرلىكتە قەدەم تاشلايدىغان بولىدۇ. پەقەت ئىچكى ئىتتىپاقلىق ئەسلى ھاجەتكە لايىق سەۋىيىگە يەتكەندىلا، ئاندىن ئۇيغۇرنىڭ ھەر قايسى ساھە ۋە ھەر قانداق سورۇندىكى ئورنى ئۆز ھەقىقىغە مۇناسىپ دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بۇ خىل يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئەمەلىي پايدىسى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەت داستىخىنىدا مانا مەن دەپلا كۆرۈنىدۇ. دېمەككى، قېرىنداشلار ئارا بىر - بىرىنى سۆيۈش - غالىبىيەت كاپالىتى بولغان ئىچكى ئىتتىپاقلىقنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە تەشكىلىي ئاساسىدۇر!

بىر - بىرىنى سۆيمەسلىك كېسىلىگە جورا بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى روۋۇرۇكلاشتۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئىللەت، ئورتاق ئىشقا كۆيمەسلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئورتاق ئىشقا كۆيمەسلىك بىلەن بىر - بىرىنى سۆيمەسلىك ئىللىتىنىڭ مۇناسىۋىتى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بولۇپ، بىر - بىرىنى سۆيمەسلىك، بىر - بىرىگە مېھرى - شەپقەتسىزلىك ۋە ئۆز ئارا مۇھەببەتسىزلىك سەۋەبىدىن ئورتاق ئىشقا كۆيمەسلىك، ئومۇمىي مەنپەئەتكە تالىق پائالىيەتلەرگە كۆيۈنمەسلىك نەتىجىسى كېلىپ چىققان. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، بىزدىكى ئەبگالاردا بىر - بىرىگە بولغان قېرىنداشلىق مۇھەببىتى تولىمۇ كەم، ئۆز ئارا مېھرى - شەپقەت گويا نۆلگە تەڭ بولغاچ، ئۇ ئۆز قېرىندىشىدىن يىراق باش بولغان، ئومۇمىيۈزلۈك ئورتاق مەنپەئەتكە ئالاقىدار بولغان ھەر قانداق بىر ئىشنى مۇتلەق قوللىمايدۇ. مەزكۇر ئىشنىڭ ئومۇمنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان، شۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭمۇ نېسىۋىسى بولغان ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كۆڭلى تۇيۇپ، ھەتتا كۆزى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشنى باشلىغان قېرىندىشىغا بولغان مېھىرسىزلىكى ۋە مۇھەببەتسىزلىكى ئۇنى قوللاتمايدۇ. بۇ يەردە پەقەت چۈشەندۈرۈشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنىڭ جەريانىنى مىسال قىلىمەن:

ھېكايەت، 1994 - يىلى 10 - ئىيۇل، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، مائارىپى، پەن - تېخنىكىسى، ئىقتىسادى، تارىخى، دىنى، پەلسەپىسى ۋە فولكلورى قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئورگان «ئۇيغۇر شۇناسلىق تەتقىقات ئورنى» قۇرۇلدى. بۇ، ئەلمىساقتىن بۇيان جۇڭگودا قۇرۇلغان تۇنجى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى بولۇپ، ھەر بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. خۇشال بولدۇق. دەرھال تۇتۇش قىلىپ، ئۇنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ، يۇقىرى تەشكىلگە تەستىقلىتىپ «جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋەرلىرى» ۋە «مىللەتلەر تەتقىقات ئۇچۇرلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا پۈتۈن تېكىستى بىلەن ئېلان قىلدۇق. رەتتىكى تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، بالدۇرراق ئەمەلىي پائالىيەت باشلاشقا ئالدىرىدۇق.

شۇنى ئۇچۇقلاش لازىمكى، گەرچە بىزنىڭ بۇ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىمىز ئاممىۋى تەشكىلات ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت ئىدارىسى قارمىقىدىكى تەتقىقات ئورنى بولسىمۇ، بىراق ئۇ

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلۇشىدىنلا پۈتكۈل پائالىيەت خىراجىتىنى ئۆزى ھەل قىلىدىغان ئورگان بولۇپ قۇرۇلغانىدى. شۇڭا، پائالىيەت خىراجىتى ئۈچۈن قېرىنداشلاردىن پۇل ياردەم سوراشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، «خەۋەردار بولۇپ قېلىڭ، كەسپىي ئالاقە ئورنىتىڭ، ياردەم قول ئىگىزنى ئۇزىتىڭ» دېگەن ئۈچ جۈملە قوشۇمچە ماۋزۇ، «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى» دېگەن بىر جۈملە باش ماۋزۇ قىلىنغان، مەكتەپ تەشكىلىنىڭ ئىناۋەتلىك تامغىسى بېسىلغان مەخسۇس ھۆججەت تەييارلاپ، ئۇنى مىڭ پارچە كۆپەيتىپ بېسىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورگانلىرىغا، ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرىغا، مەكتەپلەرگە، فوند جەمئىيەتلىرىگە، ئاندىن ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادىي كىرىمى ئوبدان تىجارەتچىلەرگە، مەرىپەتپەرۋەر بايلارغا تارقاتتۇق. خىزمەت ۋە ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىققاندا تەشكىلىنىڭ ئىجازىتى ئارقىلىق، مەزكۇر دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلارغا ۋە بايلارغىمۇ تارقاتتۇق. ھەتتا ئۇلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى باي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قولىغىمۇ تەگكۈزدۇق ۋە بۇ خىل تەشۋىق قىلىش، پۇل ياردەم تەلەپ قىلىش پائالىيىتىمىزنى تا ھازىرغىچە داۋام ئەتكۈزدۇق.

بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، تەشۋىق قىلىش ۋە پۇل ياردەم سوراش مۇددىئاسىدا تەييارلاپ تارقاتقان ھېلىقى ھۆججىتىمىزدە، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى دېگەن بۇ ئورگاننىڭ سىياسىي خاراكتېرى، پائالىيەت مەقسىتى، خىزمەت نىزامى ۋە تەشكىلىي ئاپپاراتى قاتارلىقلار مېغىزلىق بايانلار بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەندىن باشقا، ئىئانە قىلىنغان پۇللارنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىمىز، يەنى بېيجىڭدا «نەۋرۇز مۇكاپاتى» تەسىس قىلىپ، پايتەخت ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ھەر يىلى نەۋرۇزدا بىر قېتىم باھالاپ، مۇنەۋۋەرلىرىنى مۇكاپاتلايدىغانلىقىمىز؛ كونا كىتاب، ئەسلى شەرئى - ۋەقايىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ياشلىرى تەتقىقاتى، ئۇيغۇر مائارىپى تەتقىقاتى ۋە ئۈمىد قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىدىغانلىقىمىز؛ شۇنداقلا ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر زۆرۈر ۋە پايدىلىق بولغان پائالىيەتلەرنى، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدىغانلىقىمىز؛ مۇشۇ ئىشلىرىمىزنى قوللاپ بىزگە پۇل ئىئانە قىلغۇچىلارغا خاس شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىدىغانلىقىمىز ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا ئاشكارا تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىمىز قاتارلىقلار تەپسىلىي شەرھىيلەنگەنىدى.

تەشۋىق قىلىش ۋە ياردەم سوراشنى ھەت يېزىش ۋە تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىپ قويۇش بىلەن چەكلەپ قويمىدۇق، بەلكى ئۆزىمىز تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ، پۇل تۇتىدىغانلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغىمۇ، يېنىدىكى پۇلنى بىر كىمدىن سورىمايلا خىراجەت قىلالايدىغان داڭلىق - داڭلىق بايلارنىڭ ئالدىغىمۇ، باشلىقنىڭ ئالدىغىمۇ، پۇقرانىڭ ئالدىغىمۇ باردۇق. «ئۇيغۇر شۇناسلىق تەتقىقات ئورنىمىزنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ قويۇڭلار، ياردەم قىلىپ قويۇڭلار!» دەپ قولىمىزنى ئۇزىتىپ يالۋۇردۇق. بىراق، مىڭ ئەپسۇس، مىليون ئەپسۇس! ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىمىز قۇرۇلغان ئاشۇ 1994 - يىل 10 - ئىيۇلدىن مۇشۇ 1997 - يىل 31 - يانۋارغىچە ھېچقانداق بىر يەردىن، ھېچبىر شەخستىن بىر تىيىنمۇ ئىئانە تاپشۇرۇپ ئالمىدۇق!

دەسلەپكى چاغلاردا، قېرىنداشلىرىمىز بەلكىم: «بۇلار راست پائالىيەت قىلالامدۇ ياكى قىلالامدۇ، دەسلەپ بىر كۆرۈپ باقايلى» دەپ بىزگە تازا ئىشەنچ قىلالماي تۇرۇپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئەمەلىي پائالىيەتنى باشلاۋەردۇق. ئالدى بىلەن، 1994 - يىل 29 - دېكابىردا 400 كىشىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى تۈزگەن قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 920 يىللىقىنى تەنتەنىلىك خاتىرىلىدۇق. ئاندىن، 1995 - يىل 2 - سېنتەبىردە 200 كىشىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە جامائەت ئەربابى ئەلىشىر نەۋائىي ئىبنى غىياسىددىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 554 يىللىقىنى ئەھمىيەتلىك خاتىرىلىدۇق. ئارقىدىن، شۇ يىلى 13 - مارتتا 300 كىشىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللەتپەرۋەر، پىداكار شائىر ئابدۇخالىق ئابدۇرەھمان ئۇيغۇرى قەتلى قىلىنغانلىقىنىڭ 63 يىللىقىنى تەسىرلىك خاتىرىلىدۇق. ئارقىدىن، شۇ يىلى 19 - سېنتەبىر كەچتە، 70 كىشىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوت يۈرەك شائىر، پىداكار جەڭچى لۇتپۇللا مۇتەللىپ قەتلى قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىدۇق.

بۇ خىل پائالىيەتلەرنى تەشكىللىك، پىلانلىق ۋە ۋەزنىلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، شۇ يىلى 23 - ئاپرېلدا ئۇيغۇر شۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قارمىقىدا «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئەنجۇمەنى (ئىلىم سۆزلەش سورۇنى)» تەشكىللەپ، قارارلىق ئىلىم سۆزلەش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتۇق. شۇندىن تارتىپ، 1996 - يىلى 25 - سېنتەبىرگىچە جەمئىي 25 قېتىم ئەنجۇمەن پائالىيىتى قىلدۇق. قاتناشقانلارنىڭ سانى 3 مىڭ

ئادەم (قېتىم) دىن ئاشىدۇ. بىزنىڭ ئەنجۈمەن پائالىيىتىمىزدە ئىلىم سۆزلىگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بېيجىڭدا ئىشلەيدىغان ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن بېيجىڭغا ئۆگىنىشكە، خىزمەتكە ۋە يىغىنغا كەلگەن ئۇيغۇر دوكتور ئاشتى، دوكتور، پروفېسسورلاردىن باشقا، مۇئاۋىن ۋالىي، فاكۇلتېت مۇدىرى قاتارلىق رەھبىرىي كادىرلارمۇ بار. بېيجىڭدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان دوكتور، ئاسپىرانتلارنى ئىلىم سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىدىن ياش جەھەتتە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ياش ئالىملار بىلەن ئىلىم سورۇنىدا بالدۇرراق ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدۇق. بىراق، بىز مانا مۇشۇنداق ساۋابلىق ۋە مۇشۇنداق ھازىر جاۋابلىق ئىلمىي پائالىيەتلەرنى تۇشمۇتۇشتىن قانات يايدۇرساقمۇ، قېرىنداشلىرىمىزنى تەسىرلەندۈرەلمىدۇق. يەنىلا ھېچكىم شۇ چاغقىچە، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىمىزغا بىر تىيىنمۇ ئىئانە قىلمىدى!

بىز بۇ يەردە، بىزگە پۇل بەرسە ياخشى، بەرمىسە يامان دېمەكچىمۇ ئەمەسمىز. دەرىخا! يۇغداي نېنىڭلار بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭلارغۇ بار بولغىيدى. پۇل بەرمىسەڭلارمۇ بەرمىسەڭلەر، ئېغىزاكى، خەت يۈزىدە بولسىمۇ ياكى ماقالە ئويۇشتۇرۇپ بولالماي سايراپ كېتىۋاتقان گېزىتلىرىڭلارنىڭ سەھىپىسىدە بولسىمۇ، ئىككى كەلىمە گەپ بىلەن قوللاپ قويغان بولساڭلار، ياق، سىلەر كايىپ ماقالە يېزىپ قوللىمىساڭلارمۇ، ئاشۇ پائالىيەتلىرىمىز ھەققىدە بىزنىڭ يازغان خەۋەر، ماقالىلىرىمىزنى بولسىمۇ ئېلان قىلىپ بەرگەن بولساڭلار كىمنىڭ دەردى ـ ھە؟!

بىلىشىمىزچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت كومىتېتى ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئىلىمپەرۋەر ئەجدادلارنى ھەمىشە ئەسلەپ تۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ ئىلىمپەرۋەرلىك يولىغا داۋاملىق مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى دېگۈدەك دۇنيادىكى ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ ئىسمى بىلەن يىللارغا نام بېرىدۇ ۋە شۇ چاغقىچە «خەلقئارا ماناس يىلى»، «خەلقئارا ئاباي يىلى» دېگەن شەرەپ يىللىرى بولۇپ ئۆتتى. ۋەھالەنكى، نېمە ئۈچۈن «خەلقئارا مەھمۇد كاشغەرى يىلى»، «خەلقئارا يۈسۈپ خاس ھاجىپ يىلى» ۋە «خەلقئارا موللامۇسا سايرامى يىلى» دېگەنلەر بولمايدۇ؟ سەۋەب، خەلقئارادىكى ئالىملار، خەلقئارالىق ئىلمىي تەشكىلاتلار بىزنىڭ بۇ ئالىملىرىمىزنى تازا بىلمەيدۇ، ئوبدان تونۇمايدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى بىزنىڭ ئۆزلىرىمىزمۇ ئاشۇنداق بۈيۈك ئالىملىرىمىزنى تۈزۈك خاتىرىلىمەيمىز. خۇددى «كەلىمە تەمجىد» سۈرىسىنى ئىچىدە ئوقۇپ ئولتۇرغان قارىملارغا ئوخشاش ھەممىنى ئىچىمىزدىلا بىلىپ يۈرىمىز. ھەتتا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك مۇشۇنداق خەلقئارالىق قىممەت، خەلقئارالىق زىننەت ۋە خەلقئارالىق ئەھمىيەتكە ئىگە قامۇس ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ خەلقئارالىق يىغىن ئاچالمىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئويالمىدۇق. ھەي، بىچارىلىك ـ ھەي!

مېنىڭچە، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخوا ئېلىنىڭ باشقا مىللەتلىرىگە ئوخشاشلا ئىلىمپەرۋەر ئەجدادلارنى ئەسلەش ۋە ئەمەلىي پائالىيەت ئارقىلىق خاتىرىلەش ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت. ھالبۇكى، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، موللامۇسا سايرامى قاتارلىق بۈيۈك ئالىملىرىمىزنى كەڭ كۆلەملىك، داغدۇغىلىق ۋە تەسىرلىك خاتىرىلىسەك، شۇ ئارقىلىق ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى ئالىم بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدا يەنىمۇ زور نەتىجە قازىنىشقا ئۈندىسەك، يېتەكلىسەك، بۇ ـ نېمىدېگەن ئىلمىي ئىش ۋە نېمىدېگەن شەرەپلىك پائالىيەت ـ ھە! ئەمەلىيەتتە بۇ خىل پائالىيەتلەرنى كەڭ ئېلىپ بېرىش جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈرلۈك قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر خىل نىزام ۋە ئىنتىزاملىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئىلىم سۆيەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەخلاق مىزانى ۋە ئادىمىي ۋىجدانىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ!

بىز مۇشۇنداق ياخشى نىيەت ۋە دۇرۇس ئوي بىلەن 1994 ـ يىل 29 ـ دېكابىردا، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 920 يىللىقىنى خاتىرىلىگەندىن باشقا، 1996 ـ يىل يانۋاردا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى رىياسىتى قارار قىلىپ، 1996 ـ يىلنى «موللامۇسا سايرامى يىلى» دەپ ئېلان قىلدۇق (بۇ قارارىمىزنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىدا پۈتۈن دۇنياغا جاكارلاپ بەردى. مىليونلارچە رەھمەت!) ۋە سىنتەبىردە «ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئالىم موللامۇسا سايرامى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 160 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىشنى قارار قىلدۇق. ئۇقتۇرۇش تارقاتتۇق. ئالىم موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋىلايىتىدىكى باشلىقلارغا ئالاھىدە خەت يېزىپ، بۇ پائالىيەتنى قوللاپ قويۇشنى، يەنى بولغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئازراق ياردەم قىلىشنى، بولمىغاندىمۇ خاتىرىلەش يىغىنى ئاچقان چېغىمىزدا ئىككى كەلىمىلىك تېلېگرامما ياكى تۆت قۇر خەتلىك تەبرىك خېتى ئارقىلىق بولسىمۇ ئىپادە بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ سورىدۇق. شۇنداق قىلىپ، توققۇز ئاي يېگىرمە كۈن تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، 1996 ـ يىل 22 ـ سىنتەبىردە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مەركىزىي بىناسىنىڭ چوڭ زالىدا

www.uyghurkitap.com

350 كىشى قاتناشقان «ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئالىم موللا مۇسا سايرامى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 160 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى داغدۇغىلىق، تەسىرلىك ۋە ئەھمىيەتلىك قىلىپ ئاچتۇق. بىراق، مۇشۇ پائالىيەتلىرىمىز ئارقىلىقمۇ ھېچبىر ئىنئانچى قېرىنداشلىرىمىزنى تەسىرلەندۈرەلمىگەندىن باشقا، شۇ قەدەر ئىلمىي پائالىيەتلىرىمىزنىڭ ئومۇمىيەتلىك ئەھۋالىنى مىغىزلىق بايان قىلىپ يازغان خەۋەر، ماقالىلىرىمىزنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھېچقانداق بىر گېزىت - ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرالمىدۇق. مانا شۇ چاغدا، ئىچ - ئىچىمىزدىن ئىختىيارسىز ئۇرغۇپ چىققان ئەپسۇسلۇق ۋە ئاچچىق ئەلەم بىلەن دېدۇقكى، ئى، ئۇيغۇر ئەۋلادلار، بىزدە بىر ئىش قىلماق نېمىدېگەن تەس ـ ھە؟!

ھەسرىتا! يۇقىرىقىلار خۇسۇسىي ئىشمۇ ياكى ئورتاق ئىشمۇ؟ ھەممە ئۇيغۇر بىلىدۇ. ئورتاق ئىشقا كۆيۈش لازىممۇ ئەمەسمۇ؟ ھەممە قېرىنداش ئۇقىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ كۆيمەيدۇ. ئۇقۇپ تۇرۇپ كۆيۈنمەيدۇ. ئورتاق ئىشقا كۆيمەسلىك ئىللىتىنىڭ مەرەزلىكى دەل مانا مۇشۇ يەردە!

ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئەسلىدە مۇنداق بىر - بىرىنى سۆيمەيدىغان ۋە ئورتاق ئىشقا كۆيمەيدىغان مۇھەببەتسىز ۋە كۆيۈمسىز خەلق ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇر ئەسلىدىنلا بىر - بىرىنى سۆيمەيدىغان ۋە ئورتاق ئىشقا كۆيمەيدىغان مىللەت بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن بۇيانقى ئاشۇ ئۇزاق تارىخ مابەينىدە يالغۇز شەرق مىللەتلىرىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەر شارىدىكى مىللەتلەر، خۇسۇسەن دۇنيادا ئەڭ مەدەنىيەتلىك سانىلىدىغان مىللەتلەرمۇ قايىللىق تۇيغۇسى بىلەن ئېتىراپ قىلغان ۋە قىلىۋاتقان «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» قاتارلىق يىرىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يارىتالمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇيغۇر بۇرۇندىنلا بىر - بىرىنى سۆيمەيدىغان ۋە ئورتاق ئىشقا كۆيمەيدىغان مىللەت بولىدىغان بولسا، دۇنيانىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدىكى بوزەكنى تاپسا، بوزەك ئېتىپ يوقىتىۋەتمىگۈچە ئامان تاپمايدىغان ئاشۇ جاھىلىيەت دەۋرلىرىدىمۇ يوقىلىپ كەتمەي، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتمەي، ئەكسىچە قەددى رۇست ياشاپ، نەچچە مىڭ يىللىق پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، بۈگۈنكى زامان مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغان بولاتتى. دېمەكچىمەنكى، ئۇيغۇر ئەسلىدە بىر - بىرىنى سۆيىدىغان، بىر - بىرىگە مېھرىبان، ئورتاق ئىشقا كۆيۈنىدىغان، ئومۇمىي مەنپەئەتكە تالىق ھەر قانداق بىر ئىش بولسا، تالىشىپ تۇرۇپ ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان مىللەت ئىدى. ئۇنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىر - بىرىگە كۆڭۈلسىز، ئۆز ئارا چىقىشالمايدىغان، بىر - بىرىنى كۆرسە مىجەزى قوداڭشىپ، يىراقراق كەتكۈسى كېلىدىغان بولۇپ قېلىشى پۈتۈنلەي تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان سۇنئىي ئەھۋال، شۇنداقلا ئەيگاللىق كېسىلى بىلەن ئىللەتلەنگەنلىكىدىن ئاپىرىدە بولغان ۋاقىتلىق ھال بولۇپ، ئۇنى جەزمەن تۈزەتكىلى ۋە تۈگەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى يۈزىگە سېلىپ تۇرۇپ، ھەقىقىي ئۇيغۇر ۋىجدانىنى ئويغىتىش، ئۇيغۇرنى ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى ۋۇجۇدىدىكى سۆيگۈ، بىر - بىرىگە بولغان قېرىنداشلىق مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش لازىم.

ئىنسان ئۈچۈن نېمىنىڭ شەرەپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشمۇ بىر خىل مەرىپەتتۇر. بىلگەن ئادەمگە، مۇھەببەت - سۆيۈك ئىنسانىيەت تۇيغۇ ئالىمىنىڭ شاھىنشاھى. ئادەم ـ مۇھەببەت بىلەن ئادەم؛ ئالەم ـ سۆيۈك بىلەن ئالەم. ھالبۇكى، سەن، مەن ئۆزىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز مىللەتداشلىرىمىزنى - قېرىنداشلىرىمىزنى سۆيسەك، قېرىنداشلار ئارا بىرلىك، ئىناقلىق ئۇرۇقى تېرىلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ سۆيگۈ بەدىلىگە سەن، مەنمۇ ئەزا بولغان كۈچلۈك كوللېكتىپ تۈزۈلىدۇ. بۇ كۈچلۈك كوللېكتىپ سەن، مەن پۈتكۈل ئۆمرىمىز بويى يارىتىشىمىز مۇمكىن بولمىغان ئاجايىپ مول ۋە ئاجايىپ گۈزەل تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى يارىتىدۇ. ھاياتىڭدا، سەن ئۆزۈڭمۇ بار بولغان بۇ كوللېكتىپ ياراتقان تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى ھەمجامائەت بولۇپ تاماشا قىلىپ، ھوزۇرلىنىپ ياشاش نېمىدېگەن شەرەپ ـ ھە!

ئىنساندا نومۇس ئېڭى بولۇش بىر خىل يۈكسەك پەزىلەتتۇر. بۈگۈنكى مۇشۇ مەدەنىي دۇنيادا ئۆزىنىلا ئويلاش، ئۆزى ئۈچۈنلا ياشاش، شۇ ۋەجىدىن ئۆز قېرىنداشلىرىنى سۆيمەسلىك، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئىشىغا كۆيمەسلىك بولسا، ئەڭ نومۇسلۇق رەزىللەتتۇر. بىلىمىز، نومۇس ئېڭى يوق ئادەمنى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا: «نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم» دەيدۇ. ۋەھالەنكى، سەن - بىز ئەگەر مۇشۇ گەپكە قالساق، بۇ ھاياتىمىز ئەمدى نېمە مەنە ۋە نېمە مەززە بار زادى، ئويلان، ئەبگا!

1997 - يىل 31 - يانۋار، قاھىرە

---

ئاپتور: بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت

(M1)



# مەنسەپ قىزغىنلىقى ۋە بىزدىكى سۆيەت

ئاباس مۇنىياز

مۇشۇ كۈنلەردە، ئادەملەرنى پۇل ۋە مەنسەپتىنمۇ زىيادىرەك قىزىقتۇرۇۋاتقان نەرسە بولمىسا كېرەك. ماددىي مەئىشەت قولچىلىقى يامراپ كەتكەن بۈگۈنكى جەمئىيەتتە بۇ ھېچكىمگە سىر ئەمەس. چۈنكى ھازىر، ئادەمدە يېتەرلىك پۇل بولسا، يۈرىكى توم، گېپى ئۆتكۈر - ئۆتۈملۈك بولىدىكەن، يۈز ئابروي تېپىپ، ئېپى كەلسە تېخى بەزىلەر پۇل ۋە ھوقۇق سودىسى قىلىپ يۇرۇپ مەنسەپمۇ تۇتالايدىكەن (گەرچە ئۇنداقلار تولىمۇ ئاز بولىسىمۇ)؛ ئوخشاشلا، ئۇنداقلار يەنە مەنسەپ تۇتقاندىن كېيىن كاللەك - كاللەك پۇل ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىغا كېلىدىكەن. بۇ ئىككى خىل سىرلىق ئايلىنىش جەريانىنى تولا ئادەم بىلىپ كەتتى. ئەمدى بۇ ھەقتە يەنە گەپ يورغىلىتىپ، ساختا پەرداز - شوئارلار ئارقىلىق ئۆزىنى ئالىيجاناب كۆرسىتىش، ئەمەلىيەتتە ئاۋام خەلقنى گومۇش بالا چاغلاپ كولدۇرلىتىش ۋە ئالداشتۇر.

توغرا، ياشاش ئۈچۈن پۇل كېرەك! بۇ دېگەن تۇرمۇشنىڭ ئەقەللىي قانۇنىيىتى. لېكىن شۇ پۇلنى ھالاللىق - توغرىلىق بىلەن تېپىش كېرەك. بۇ پۇل تېپىلىۋاتىدۇ، بىر قىسىملار خېلى بېيىپمۇ قالدى. لېكىن بىز ئەپەندى خەقلەر نامراتچىلىققا كۆنۈپ قالدۇق. توغرىسىنى ئېيتقاندا، نامراتچىلىق بىزنى كۆندۈرۈۋالدى! قايىندۇق، قاقشىدۇق، دادلاپمۇ باقتۇق، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە كۆنمەي ئامال بولمىدى. ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆز مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاش ئېھتىياجى بىزنى بۇنىڭغا كۆندۈردى.

ئېپى ۋە يولى بار ئادەملەر خېلى بېيىپ كەتتى. ئۇلار كاللەك - كاللەك پۇللىرىنىڭ كۈچى بىلەن يۈز - ئابروي، ھوقۇققا ھېرىسمەنلەردىن بەزىلىرى پۇل ۋە ھوقۇق سودىسى قىلىپ يۇرۇپ ئەمەل - مەنسەپمۇ تېپىۋاتىدۇ. لېكىن، ئادەمنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، جەمئىيەت شەكلىگە ئۆرلەۋاتقان بۇ روھىيەت بوھرانى ئەمدىلىكتە «ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دەپ شۆھرەتلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغىمۇ يامراپ، تالاي ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ زېھنىنى قورۇتۇپ، پەزىلىتىنى پۇچەكلەشتۇرمەكتە. ئاقىلنى نادانغا، دىتسىزنى تادانغا، مۆكىنى گەپدانغا ئايلاندۇرۇپ، قوشۇلمىغاننى بەتنامغا قويۇپ، مائارىپىمىزنىڭ سۆيەت - ساپاسىنى ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا بىر سەۋەب بولماقتا.

## ئېزىققان مەنسەپ، خورلانغان مائارىپ

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مائارىپ ساھەسى ئۆتمەس «مال» لارنى تۆكمە قىلىپ ساتىدىغان «ئەسكى - تۈسكىلەر بازىرى» غا ئايلىنىپ قالغىلى قوپتى. بۇ «مال» لارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ تولىسى بەزى مەنسەپدارلار بولۇپ، ئادەملىرىمىز شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ئۇلارنى پالانى ۋالىي، پۇستانى چۇجاڭ (باشقارما باشلىقى)، پۈكۈنى شيەنجاڭ (ھاكىم)، ئاقچى شياڭجاڭ (يېزا باشلىقى)، كۆكچى شۇجى (سېكرېتار)... دەپ سانىغىلى تۇرسا ئاغزىغا بىر كېلىدۇ. ئۇ كاتتىلارنىڭ سەلتەنەتلىك نام - ئەمەلىگە بېقىپ، تاپقان ۋە تەربىيىلىگەن باللىرىنىڭ «قالتىسلىقى» نى دېمەيسىز تېخى! پۇقرالارنىڭ باللىرى باش كۆتۈرمەي ئۆگەنگەندە، ئۇلارنىڭ ئارزۇلۇقلىرى غەمسىز ئويناپ يۇرۇپ يەنە ئوخشاشلا سىنىپ كۆچەلەيدىكەن. بەلگىلەنگەن پەندىن ئۆتەلمىسە دىپلوم بەرمەسلىكنى بېكىتكەن ھەر خىل مەكتەپلەر ئۇلارنى كۆرگەندە دىپلومنى ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن. «شتات ئېشىپ كەتكەن» سەۋەبلىك بىرمۇ ئادەمنى قوبۇل

www.uyghurkitap.com

قىلالمايدىغانلىقى ھەققىدە قاقشايدىغان ئىدارىلەر، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغىچە ماكاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ بولىدىكەن. . . ئۇ بالىلارنىڭ تىبخىمۇ ئويۇنچى ۋە گالۋاڭراقلىرى بولسا، يىلدا ئىككى قېتىملىق تەتىلى بولغاچقا ئويۇن - تاماشىغا پۇرسەت چىقىدىكەن دەمدىكىن، ياكى بولمىسا ئۇششاق بالىلارنى ئوقۇتۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش دەپ قارامدىكىن، ئىشقىلىپ خىزمەت تەقسىماتىدا مەكتەپلەرنى تاللاپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ مۇنبەردىكى بىچارىلىكى، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا توختاۋسىز تىترەيدىغان تانىسىغا كۆنۈك قوللىرى، دانالاۋاتقان توخۇدەك كىتابتىن باش كۆتۈرمەي دۇدۇقلاپ سائەت توشقۇزۇشلىرى. . . ئۇلارنىڭ ئەسلىدىلا ئوقۇتقۇچىلىققا يارىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا «ياخشى» سۆپەتلىرى بىلەن ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا. دادىلىرى: «ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ماكارىپنى قوللىدىم» دەپ ماختىنىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر (ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر - ماكارىپ مەمۇرىي تارمىقىدىكىلەر) خوجىسىغا ھېلىقى ئەتىۋارلىقلارنى ماختاپ تۇرىدۇ. تۆۋەندىكىلەر (مەكتەپلەر) گە: «بۇ، پالانىنىڭ بالىسى» دەپ، ئېتىبار بېرىش ھەققىدە چىرايلىق يول ئارقىلىق بېسىم قىلىدۇ. تۆۋەندىكىلەر بولسا، ئۇ «بەگزادە» - «خانزادە» لەرنى ھەممە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يىغىندىسىغىمۇ تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان سۆپەتتە ماختايدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يەردە يەنە مەنسەپ قىزغىنلىقىدىن ئۆزگە مۇددىئا يوق. ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر بۇ بەگزادە - خانزادىلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ خوجىسىدىن تېخىمۇ يۇقىرى مەنسەپ تەلەپ قىلىدۇ ياكى ھېچ بولمىسا ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەيدۇ. تۆۋەندىكىلەرمۇ «ماختاش» ئارقىلىق ئۆز تاجىسىنى قوغدايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنى ئوخشىمىسىمۇ تەلەپ قىلىۋاتقىنى بىرلا نەرسە - مەنسەپ!

بىزدە بۇنداقلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، سۈپەتسىز ئوقۇتقۇچىلار كۆنسايىن ئاۋۇماقتا. سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، بۇ سۈپەتسىزلەرنىڭ ھەممىسى «مەنسەپ» دېگەن بىر يىپقا باغلىنىپ، كاتتا - كاتتا ئادەملەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، خىش - ئەقرىبالىرىغا بېرىپ توختايدۇ.

ئامال يوق، ئۇلار تالىشىپ قوبۇل قىلىنىپ، ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىۋاتسا، ماكارىپ ئىدارىسى، مەكتەپ دېگەندەك بۇ كىچىككىنە ئورۇندا بۇنىڭغا ئامال قىلالايدىغان ئادەملەردىن قانچىسى بار دەيسىز؟ ئۇلار ئەتىۋارلىنىپلا ئىش تۈگىسە مەيلىغۇ، بىراق، ھەممە دىشۋارچىلىق ئوقۇغۇچىلارغا بولىدۇ. بۇ ئەتىۋارلىقلار دەرسلىكنىڭ قىيىن قىسمىدىن بىر ئاماللار قىلىپ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرەرمۇ سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەي يىللىق توشقۇزىدۇ. دەرس ۋاقتىدا كونسپېكتتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەمما بىكار چاغلىرىدا كىتاب كۆرەي دېمەيدۇ. يىل بويى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى نارازىلىق پىكرى تۈگىمەيدۇ. ئىمتىھان ئېلىش توغرا كەلسە، ئۇلار ئۆتكەن دەرستىن ئوقۇغۇچىلار تۇگۇل ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆتەلمەيدۇ. بۇنى ئاز دەپ، ئويناپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ ئەتىۋارلىقلارنىڭ ئىنتىزامسىزلىقى، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى، مۇنبەردىكى بىچارىلىكىنىڭ ئەكسىچە كېپىنىڭ يوغانلىقى. . . ھەممىنى سەسكەندۈرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنداقلاردىن ئوچۇقتىن - ئوچۇق يىرگىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ دەرسى بار سائەتتە سىنىپقا كىرمەي مۇشۇ ئارقىلىق نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ خېلى بار. نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئەلا ئوقۇغانلارنىڭمۇ خىزمەت تېپىش مەسىلىسى جىددىي بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، ئادەتتىكى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن چالا ساۋاتلار ماكارىپ سېپىمىزگە نېزىقاپراق تۇرۇپ ئۈزلۈكسىز كىرىۋاتسا، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ سانى بۇيرۇق ۋە خۇشامەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق يىلساناپ كۆپىيىپ كېتىۋاتسا، ماكارىپىمىزنىڭ سۈپىتى نېمە بولماقچىدى؟ يارامسىز ئۇستىدىن چىققان ناباپ شاگىرتلاردىن يەنە قانداق ئۈمىدلەرنى كۈتكىلى بولسۇن؟ ھېسابلاپ كۆرەيلى، شۇنداق ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى ئىككى سىنىپقا دەرس بېرىدۇ (تەخمىنەن 80 نەپەر ئوقۇغۇچى) دېسەك، ئىككىسى تۆت سىنىپ (تەخمىنەن 160 دەك ئوقۇغۇچى) قا دەرس بېرىدۇ. ئۇنداقلاردىن تۆت - بەشچۇ؟ ئۇلار تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ كېلەچەكتە يەنە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالسىچۇ؟ ھەر خىل مەكتەپلەرنى مۇشۇنداقلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە مەجبۇرلاۋاتقان نەرسە نېمە؟ مىللەت توغرىسىدا، مىللىي ماكارىپ ھەققىدە ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆزلەرنى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ، يول قويۇشىغا سەۋەب بولىۋاتقان نەرسە نېمە؟ ھەممىمىز بىلىمىز، لېكىن ئوچۇق دېيەلمەيمىز. يۈرەكلىكرەك بولايلى: ئۇ - مەنسەپنىڭ كۈچى!

شۇ تاپتا باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمىدىم. بىراق مەن ئۇلاپلا مۇنداق دەيمەن: مەنسەپ ئېزىقتى، ماكارىپ خورلاندى، ئۇ، بەزى مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىنساپ قىلايلى، قېرىنداشلىرىم، ماكارىپنى خورلىمايلى. بىلسەك، ئۇ بىزگە ھەممىنى بېرەتتى. بىز ئۇلۇغلاپ كەلگەن سۆيۈملۈك ئەمما بىچارە مىللەتنى دەل بىز خورلاۋاتقان ئاشۇ ماكارىپلا قۇتقۇزاتتى!

## تادان ھۇجۇمچىلار، نادان گۇپپاڭچىلار

بىر چاغلاردا، جەمئىيەت بۇزۇلۇپ كەتتى، شۇندىقتىمۇ بىز ماغارىپچىلار خېلىلا ساغلام، دەپ ماختىناتتۇق. ئەمەلىيەتتە ئەتراپىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ھالىمىزنىڭمۇ تايىنلىق ئىكەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز (مۇھتەرەم، جاپاكەش كەسىپداشلىرىم، چۈشىنىڭلاركى، مەن بارلىق تۆھپە ۋە تۆھپە ئىگىلىرىنى يوققا چىقارماقچى ئەمەس). بۇنىڭدىن ھەر بىر ۋىجدانلىق ئوقۇتقۇچى خىجىللىق ھېس قىلسا، چوڭقۇر ئويغا پاتسا كېرەك. ئېسىمىزدە بولسا، ئىلگىرى سىنىپ ئالدىدا، ئىشخانا يېنىدا، ئەتىگەندە، كەچتە. . . ھەممىلا يەردە ماغارىپ، ئوقۇتۇش، ئوقۇغۇچىلار. . . ھەققىدە تالاي گەپلەر بولاتتى. مۇنازىرىلىشەتتۇق، تالىشاتتۇق. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى ئەمەل - مەنسەپ ھەققىدىكى پاراڭلار ئىگىلەپ كەتتى. ئۆز ئارا ئۇچراشقانلىقى يەردە ھېچ ئىككىلىنىپ تۇرماستىنلا ئەمەل - مەنسەپ ھەققىدە سۆز ئېچىپ، يۇقىرىسى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تارتىپ تۆۋىنى مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىغىچە زىرىكمەي باھالاپ چىقىمىز - دە، ئۆزىمىزدىن باشقا ھەممىنى قارغايمىز. تەلەيىنىڭ دوقا ماڭلايغا كېلىۋاتقانلىقىدىن زارلىنىپ، پېشانىمىزنىڭ تەتۈرلۈكىدىن قاقشايمىز.

شۇ كۈنلەردە مەكتەپلەردىكى ئاساسلىق ئەمەل - مەنسەپ غەۋغاچىلىرى كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگكەنچىلىك مەنسىپى بار ئايرىم ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىدۇر. ئۇلار ئۆز مەكتەپلىرىدىكى ئەمەل - مەنسەپ مۇسابىقىسىنىڭ ھەم ھوجۇمچىلىرى، ھەم پاسچىلىرى. ئۇلار ئەقىل ئىشلەتسىلا يەنە ئۆسىدىغانلىقىنى، ئەمما ھازىرقى مەنسىپىدىن زادىلا چۈشۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ھامان كۆپ قوللۇق تەييارلىقتا تۇرۇپ كۆنگەن. ئۇلارنىڭ مەكتەپ رەھبەرلىرىدىن ئۆزىگە يارىشا قوللىغۇچىلىرى بار، ھەر قايسى ئىشخانىلاردا جانكۆيەر گۇپپاڭچىلىرىمۇ يېتەرلىك. ئۇلار بەكلا تادان بولغاچقا، باشلىقلا باشلىقچە، ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتقۇچىلارچە مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ. ئالدىراپ - تېنەپ مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ زىتىغا تەگمەيدۇ. بار ئاماللار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ پوستىغا كىرىۋېلىپ، مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ كىمگە مايىل ئىكەنلىكىنى، نېمىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى، قانداق تەدبىر بەلگىلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ماھىرلىق بىلەن بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنىمۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىپ، ۋاقتى كەلگەندە «كوزۇر» كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆڭلىگە مەھكەم پۈكۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەكتەپ رەھبەرلىكى بىرەر تەدبىر بەلگىلەش يىغىنى ئاچسا، رەھبەرلىكنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملەپ، قەتئىي ھالدا رەھبەرلىك تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئىزچىل تۇردە رەھبەرلىكنىڭ قىزىقىش نۇقتىسىدىن چىقىپ گەپ قىلىدۇ. رەھبەرلىك ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى بولۇشىغا ماختايدۇ. رەھبەرلىكنىڭ دىتىغا ياقمايدىغانلارنى بولۇشىغا قاغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا رەھبەرلىكنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالايدىغان «ئىشەنچلىك كادىر» غا ئايلىنىپ قالىدۇ.

رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشقۇرغۇچى تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ. ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆسۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاچقا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە يارىشا «كۆز»، «قولاق» تېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلارغا ئانچە - مۇنچە قورۇق ئېمىزەك سېلىپ، ئۆز مەقسىتىنىڭ سادىق قوللىغۇچىلىرى قىلىۋالىدۇ. ئۇلارغا يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتى: كۆڭلىگە يارىشا ماختاپ قويىدۇ، ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى ياپىدۇ، ئۇلار ئويۇشتۇرغان ھەر خىل سورۇنلارغا قاتنىشىپ بېرىدۇ، تېخى ئۆزىچە: سىنى بۇ يىل «ئىلغار» قىلىپ سايلايمەن، سېنىڭ پالانى تەرىپىڭ بەك ياخشى، بۇنى باشلىقنىڭ سەمىگە سېلىپ قويىمەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولسەن، مەن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ قالسام، سىنى مالىيە بۆلۈم مۇدىرى قىلىمەن، سىنى ئىلمىي مۇدىر قىلىمەن، سىنى ئىشچىلار ئۇيۇشما رەئىسى قىلىمەن. . . دېگەندەك ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. ھاياجانلىنىپ كەتكەن بۇ «كۆز»، «قولاق» لار ئار - نومۇس دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ، ئۇلارنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىدۇ. خەق نېمە دەپ قالار، دېمەي ئۇدۇل كەلگەنلا يەردە ھىمايىچىسىنىڭ دۇمبىقىنى چالىدۇ، دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

بۇ بىر قىسىم ئوتتۇرا قاتلام ھوجۇمچىلىرىنىڭ ھەر بىر قەدىمى «مەنسەپ»، «مەنسەپ» دەپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ يوغىناپ، ھەر بىر ئىشنى ئۆز مەقسىتىگە بويسۇندۇرۇپ قىلىۋېرىدۇ. مالىيىگە مەسئۇللىرى بولسا، ئۆز «كۈشەندىلىرى» نى ئۆي تەقسىماتى، مېۋە - چېۋە تەقسىماتى، ماشىنا ئىشلىتىش، تالون ئاتچوت قىلىش. . . لاردا جايلايدۇ. ئۇنىۋانغا مەسئۇللىرى بولسا تېخىمۇ چوڭ كوزۇرغا ئىگە. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارغا قائىدە بويىچە كېلىشكە تېگىشلىك ئۇنىۋاننى ۋاقتىدا بەرمەي كەينىگە سۆرەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكى شۇ قەدەر چوڭكى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئۇنىۋان باھالاش پرىنسىپلىرىنىمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىۋېرىدۇ. ئادەمنىڭ تۆھپىسىنى ئەمەس، داستىخىنىنى، مىجەزىنى باھالايدۇ. ئۇنىۋان قەتئىي كېلىشكە تېگىشلىكلەرگە نىسبەتەن ئۇلار تېخىمۇ ئۇستا. كەچلىرى شۇنداقلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر

تەرەپتىن مېھمان بولغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا بۇ قېتىم ئۇنۋان بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا «ۋەدە» بېرىدۇ. قىسقىسى، ھەر بىرى ئۆز دائىرىسى بويىچە شايكا توپلاشقا ۋە ئادەم باپلاشقا ماھىر. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ گۇپپاڭچىلىرىمۇ بەك كۆپ ۋە جاھىل.

شۇنداقلارمۇ باركى، ئۇلار مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق پەسكەشلىك - رەزىللىكلەردىن يانمايدۇ. مەكتەپ سىرتىدا تۆۋەن - يۇقىرى قاتراپ، ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، «ئاش بەرگەن قازاننى چېقىپ» رەھبەرلىكنىڭ ئۆزى ئىگىلىگەن سەلبىي تەرەپلىرىنى، مەسىلەن، قايسى مۇدىرنىڭ كىمگە يان باسىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ مەزھەپچى - گورۇھۋاز ئىكەنلىكىنى، قايسى مۇدىرنىڭ قايسى خانىم بىلەن چاتىقى بارلىقىنى. . . يېيىپ، ئۇلارنىڭ نوپۇزىنى چۈشۈرۈشكە، شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئورۇن ھازىرلاشقا تىرىشىدۇ.

$x$ $x$ ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى بۇنداق ئادەملەر توغرىسىدا قايناپ مۇنداق دەيدۇ:

«. . . زىيالىي دېگەن يازغان كىتابىنىلا، ئىلمىي ئەمگىكىنىلا كۆرۈپ، ئۆزى بىلەن ئارىلاشقۇچىلىكى يوق خەق ئىكەن، ئۇكام. بۇنداق دېسەم، ئۆزلىرىگە ئۆتۈپ كەتمىسۇن. ‹موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما›، دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ بەزى مۇئەللىملەردىن بەك زېرىكىپ كەتتىم. $x$ $x$ مەكتەپتە بىر مۇئەللىم بار. ئۇ، بېزەڭ چىۋىنىنىڭ ئۆزىلا. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاغىنەم ئارقىلىق تونۇشۇپ قېلىۋېدىم. ئۇنىڭ ئىسمىنى دەپ ئولتۇرماي، ئىشقىلىپ، ئۇ، شۇ مەكتەپتە بۆلۈمچە باشلىقىكەن. كېيىن ئۇ ماڭا يېپىشىپلا ئالدى. بىر كۈنى مەكتەپتىكى ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلغىلى كەلدىم دەيدۇ. بىر كۈنى مۇڭداشقىلى كەلدىم دەيدۇ. بىر كۈنى يوقلاپ كەلدىم دەيدۇ. . . توي - تۆكۈن ياكى نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ قالسامغۇ بىر ھەپتە بۇرۇن ماڭا ئاراملىق يوق. بىر قانچە قېتىم چاقىرغانمۇ بولدى. ئادىمىگەرچىلىك يۈزىسىدىن باردىم. كېيىنچە ئۇنىڭ ئايالىمۇ كېلىدىغان بولۇۋالدى. بولۇپمۇ مېنى نەپرەتلەندۈرگىنى، ئايالىم سىرتقا كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئايالى يالغۇزلا مېنى ئىزدەپ كېلىپ خېلى بېزەڭلىك قىلدى. مەن قانۇن - ئىنتىزامنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى مىڭ بالالىقتا ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىم. مەقسىتى نېمىكەن دېمەملا، مەنسەپ تەلەپ قىلىدىكەن! بۆلۈمچە باشلىقى ئېرىنى مەكتەپ مۇدىرى قىلماقچىكەن. بۇنداق ئىشنى خېلى جىق مۇئەللىملەر تەكرارلىدى. ئۇلاردىن سەسكەندىم. قولۇمنى يۇيۇۋەتتىم، ئۇكام!»

$x$ $x$ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە خىزمەت قىلىدىغان ئاغىنەمنىڭ ئايالى ماڭا خەت يېزىپ مۇنداق دەيدۇ:

«. . . يولدىشىم سىزنى بەك چوڭ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا سىزنىڭ نوپۇزىڭىز ناھايىتى يۇقىرى. شۇڭا ئۇ، سىزنىڭ نەسىھىتىڭىزنى ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ قويغان بولسىڭىز. ئۇ ھەمىشە مېنى ئۇرۇپ - تىللايدۇ. ھە دېسىلا: ‹سەن قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدىغان بىر نېمە بولغاچقا، مەن ئۆسەلمەيۋاتىمەن. سەن $x$ $x$ نىڭ خوتۇنىدەك چېچەن بولغان بولساڭ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ نەزەرى ئاللىقاچان ماڭا چۈشۈپ بولاتتى. مەن پالانىنىڭ ئورنىغا مەسئۇل ئىلمىي مۇدىر بولاتتىم› دەيدۇ. . . »

قاراڭلار، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە پەسكەشلىك بارمۇ جاھاندا؟! يەنە بەزىلەرنىڭ بار پۇلىنى ھىمايىچىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن خەجلەپ تۈگىتىپ، ئاي ئاخىرىدا گۇناھسىز ئايالى بىلەن ئىقتىساد توغرىلىق ئۇرۇشۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. شۇنداقلا قارايدىغان بولساق، ئۇنداقلار يىل بويى دەرسلىك كىتابتىن باشقا ھېچنېمە ئوقۇمايدۇ. بىرەر پارچە كىتاب سېتىۋېلىش چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. مانا بۇ، بىزنىڭ مائارىپ يېتەكچىلىرىمىز. ھەر خىل مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم غوللۇق - ئىشەنچلىك تايانچلار!

پۈتۈن ۋۇجۇدى، ئوي - خىيالى، ئەسلى - ۋەسلىنى مەنسەپ ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەردىن «خۇشامەت» دىن ئۆزگە يەنە نېمە چىقماقچى؟ ئۇلارنى قانداقمۇ مىللىي مائارىپنىڭ تايانچلىرى، ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك، مېتودلۇق ئوقۇتقۇچىلار دېگىلى بولسۇن؟ «باشلامچى» ھېسابلانغانلارنىڭ قىلىۋاتقىنى ۋە ئەمەلىي سۈپىتى شۇ تۇرسا، «ئەگەشكۈچى» ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتى نېمە بولماقچى؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، سۈپەتلىك رەھبەرنىڭ سۈپەتلىك ئەزالىرى بولىدۇ، قابىلىيەتسىز رەھبەر ئەقلى كوتا، يارىماسلارنى ئەتراپىغا يىغىۋالىدۇ.

## يەنە مەنسەپ قىزغىنلىقى، «كۆز»، «قۇلاق» ۋە تىلەمچىلەر

بىزدە «ئامبالدىن تۆگچىسى يامان» دەيدىغان گەپ بار. مائارىپ ساھەمىز ئەمەل قوغلىشىش شامىلىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىزدىكى «تۆگچى» لار ئاما ئارىسىدا ھەر قانداق «ئامبال» دىنمۇ سۈرلۈكلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ «تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق» بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلاردىن ئەيمىنىدىغان، ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىچە شەرەپ ھېس قىلسا كېرەك، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئارقا تېرىكىنىڭ نامى - شەرىپىنى پەش قىلىپ،

ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار ئارقا ئېرىكىسىنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن ئۆي - ئۆيلەردە سورۇن تەييارلاپ، كېچە - كېچىلەپ ئىچىشىدۇ، كىملەرنىدۇ چاقىدۇ، ئاللىكىملەر ھەققىدە يوشۇرۇن تۇزاق قۇرىدۇ. دەرس تەييارلاش، ماتېرىيال كۆرۈش، ئائىلە سۆھبىتى قىلىش، ئوقۇتۇش مېتودىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ بولۇشقا تېگىشلىك نى - نى ئەقىللىق باشلار خۇشامەت ئۈچۈن ئىچىلگەن ئاچچىق هاراقتىن گاراڭلىشىدۇ. ساقايغان باشنى بولسا يەنىلا ئەمەل - مەنسەپ غەۋغاسى قوچۇپ، ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. مەست كاللىدىن دەلدۈش پىكىر، قوچۇلغان باشتىن گاڭگىرىغان خىيال چىقىدۇ. گاڭگىرىغان ۋە دەلدۈش پىكىر بىلەن ئوقۇتۇلغان باللاردىن قانداق ئادەم چىقماقچىدى؟

مائارىپ ئەسلىدە ناھايىتى بۈيۈك ساھە ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل نىشانى ئادەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ مۇبارەك ساھەگە بۈنىڭدىن ئۆزگە مۇددىئا - مەقسەت - ھىيلە - مىكىر، تاما، پىتنە - پاسات . . دېگەنلەر ئەسلا ياراشمايتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئالىيجاناب - پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەڭ يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن مائارىپنى «بىلىم بېغى»، ئوقۇتقۇچىلارنى «باغۋەن»، «شام»، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دەپ ئۇلۇغلىغان. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىزدە ھازىر ئەتراپىنى ئەمەس، ئۆزىنى يورۇتىدىغان «شام» لار ئاۋۇپ قالدى. «باغۋەن» دىن كۆرە «خېرىدار» كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىنى ئالىيجاناب سانايدىغان بەزى «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى» كىشىنىڭ پېيىنى قىرقىشنى، باشقىلارنى ئورنىغا تىقىشنى، مەنسەپ شوتىسىغا يامىشىشنى، پىتنە - پاسات تېرىشنى . . تەتقىق قىلىدىغان پەسكەش «ئىنژېنېر» لارغا ئايلىنىپ قالدى. زىيالىيلار بولىقىنىڭ كۆزى ھېسابلانغان ئوقۇتقۇچىلاردىن كۆرگىنىمىز مۇشۇ بولغان يەردە، باشقا ساھەلەردىكى زىيالىيلار قانچىلىكتۇر؟ زىيالىي ئەمەسلەرچۇ؟

بىزدىكى كەسپىي ئەخلاقمۇ ھازىر شۇ قەدەر چاكىنىلاشقىلى تۇردىكى، ئۆزىنى مىللىي مائارىپنىڭ ساناقلىق مۆتىۋەرلىرى سانايدىغانلاردىن بەزىلەر شۇنچە كاتتا ئۇنۋان ۋە شان - شەرەپلەرگە نائىل بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە ئۆسەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق ئاغرىنىدىغان بولۇپ قالدى. ناھايىتى پەزىلەتلىك سانىلىدىغانلاردىن بەزىلەر ئاممىنىڭ رايىنى يوشۇرۇن سىناشقا توغرا كېلىپ قالسا، ئەرزىمەس مەنسەپ ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ بىلەت تاشلايدىغان؛ ئاشكارا سورۇندا قىيداپ ئۇرۇشىدىغان بولۇۋالدى. قارىغاندا، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ دەپتىرىدە يوق «كالتە قوشۇقنىڭ سېپى» چىلىك ئەرزىمەس مەنسەپمۇ، ھازىر بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە مائارىپ ساھەسىدىكى ئەڭ يۇقىرى شان - شەرەپتىنمۇ نوپۇزلۇق ئورۇنغا ئۆتۈپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بىزنىڭ بۇ ساھەگە كىرىشتىن مەقسىتىمىز نېمە؟

ئوقۇتقۇچىلىقتىن مۇددىئا مەنسەپدار بولۇش ئۈچۈنمىدى؟ ھەر بىر ئوقۇتقۇچى شان - شەرەپنىڭ ئۆلچىمىنى مەنسەپ تۇتۇش دەپ چۈشەنسە، مەنسەپ تۇتالمىغانلار قان يۇتۇپ ئۆلەمدۇ؟ ھەر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ نىشانى مەنسەپدار بولۇش ھېسابلانسا، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر باشلىقلىقى، مەكتەپنىڭ بىر مۇدىرلىقى قايسىبىرسىگە تېگىدۇ؟

چۈشەنسەك، ئوقۇتقۇچى راستىنلا «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى»، ئۇلۇغۋار «شام»! بىزگە خەلقىمىز سوۋغا قىلغان بۇ بۈيۈك نامدىنمۇ يۇقىرى شان - شەرەپ يوق. ئەگەر بىزنىڭ شەرىپىمىز «بۆلۈمچە باشلىقى»، «مەكتەپ مۇدىرى» دېگەندەك ئۆتكۈنچى مەسئۇلىيەت بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولسا، قىممىتىمىز تولىمۇ چۈشۈپ كەتكەن بولىدۇ. بىزنىڭ ھەقىقىي قىممىتىمىز بەش - ئون يىل باشلىق بولغانلىقىمىزدا ئەمەس، بەلكى بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچى بولالىغانلىقىمىزدا! بىزنىڭ مەڭگۈلۈك قىممىتىمىز مۇنبەردە، تالاي ئەۋلادلارنىڭ يۈرەك قېتىدا. شۇڭا، بىز - مۇئەللىم!

## ئاخىرقى سۆز

مەن مائارىپىمىزنىڭ جانكۆيەر باشقۇرغۇچىلىرىنى يوققا چىقىرىش نىيىتىدە ئەمەسمەن. مىللىي مائارىپىمىز ئۈچۈن ئىقتىدارلىق، تەدبىرلىك، تەشكىللەش قابىلىيىتىگە ئىگە باشقۇرغۇچىلار بەكمۇ زۆرۈر. چۈنكى باشقۇرغۇچى - خەلق ھوقۇقىنى ۋەكالەتەن يۈرگۈزگۈچىدۇر. ئۇنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى مائارىپىمىزنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، بىزگە باشلىق بولۇشى كېرەك. لېكىن، باشلىق بولغۇچى نوقۇل «باشقۇرغۇچى» بولۇۋالماسلىقى، ئۇ ئۆزىدىكى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ھەقىقىي يوسۇندا تونۇپ يەتكەن بولۇشى زۆرۈر.

سوۋېت - مائارىپىمىزنىڭ جان تومۇرى، ئۇنى يارامىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا تايىنىش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەر بىر ئوقۇتقۇچى قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە بولۇشى، ئوقۇتۇش ۋە ئادەم تەربىيىلەشنى بىردىنبىر مەقسەت ۋە نىشان قىلىشى، ئۆز قىممىتىنى نام - ئاتاق ۋە مەنسەپ بىلەنلا ئۆلچىمەسلىكى لازىم.

بىزدە مەنسەپ تۇتىدىغان ئادەممۇ بولۇشى كېرەك. بىراق مەنسەپنى ھەقىقىي قابىلىيىتى بارلار يولىۇق ئاساستا تۇتسۇن! مائارىپىمىز ئەنە شۇنداق باشقۇرغۇچىلارغا موھتاج. بىزمۇ شۇنداق «مەنسەپدار» لارنى قىزغىن سۆيىمىز. چۈنكى سوۋېت يارامىلىق ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ئىقتىدارلىق رەھبەرلەر ئۆستۈرىدۇ. «مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈمىدى مائارىپتا، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈمىدى ئوقۇتقۇچىلاردا» بولسا، ئوقۇتقۇچىلار سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈمىدى ھەر دەرىجىلىك يارامىلىق رەھبەرلەردە!

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

www.uyghurkitap.com



# ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە

قەيەردە ئەدەب ـ ئەخلاق، دىيانەت، نومۇس بولمىسا ياكى بۇزۇلغان بولسا، يەنى ئادەملەرنىڭ ئەپئال، كەيپىيات، مىجەز ـ قىياپەتلىرىدە غەيرىيلىك، بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى ئاشكارا ئۆرلەپ تۇرسا، ئۇ ھالدا شۇ يەرنىڭ، شۇ ئەلنىڭ بەختى ـ ئىقبالى، رىزقى ـ ھالاۋىتى، مىللىي شۆھرىتى زەبۇنلۇققا بۇرۇلىدۇ، دەيدۇ ئاتا ـ بوۋىلار.

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ئەنئەنىۋى ئەدەب ـ ئەخلاق نەمۇنىلىرىدىن بەھرىلەندۇرۇش نىيىتىدە، ژۇرنىلىمىزنىڭ «ئەخلاق ـ ئادەم زىننىتى» سەھىپىسىدە يېقىنقى زامان تاتار ئالىملىرى ۋە ئەخلاقشۇناسلىرىدىن رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىننىڭ «تەربىيىلىك خوتۇنلار»، ئولىبەنەتخان لۇتپۇللا سۇلايمان ئاخۇن قىزىنىڭ «تۇرمۇش ئەدەبلىرى» ناملىق رىسالىلىرىنى ئېلان قىلدۇق. بۇ رىسالىلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاتارلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئەخلاق دەرسى سۈپىتىدە ئۆتۈلگەن.

بۇ رىسالىلەر تارىخىي چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلى قىسمەن دىنىي تەركىبلەردىن خالىي ئەمەس. شۇڭا، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «تەنقىدىي ۋارىسلىق» ئاساسىدا پايدىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ـ مۇھەررىردىن

## تەربىيىلىك خوتۇنلار

### رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن

جانابىي ئاللا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇشبۇ ئالەمنى يارىتىپ، ھېسابسىز مەۋجۇداتلار ئارىسىدا ئىنسانلارنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن باشقىلاردىن ئايرىم ـ ئالاھىدە ياراتقاندۇر. بۇ ئالىي مەۋجۇداتنى كۆپەيتىش بىلەن بىللە، ياراتقۇچىنىڭ بىر ئۆزىگە مەلۇم بولغان ۋاقىتقا قەدەر ياشاشلىرى ئۈچۈن، ئەرلەر بىلەن خوتۇنلارنى بىر ـ بىرىگە مايىل قىلىش مەقسىتىدە مۇھەببەتمۇ ئاتا قىلدىلەر. جانابىي ئاللا ئادەم بالىسىغا ئەقىل، ئىلىم بەرگىنى سەۋەبلىك، بۇ ئالەمنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش،

## ئەخلاق ـ ئادەم زىننىتى

ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىدە سائادەتمەن بولۇشلىرىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ناشايان ئىشلارنى قىلىشنى مەنئىي قىلغاندۇر. دۇنيانىڭ قائىدىسى شۇدۇركى، ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش ھالدا بولۇشلىرى مەشرۇ سۇرەتتە، يەنى نىكاھ ئەھدى نىكاھ بىلەن بىرلىشىشىدە كۆرۈنىدۇ.

ئەر بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇھەببەت نىكاھسى يالغۇز نەپسى مۇرادى ئۈچۈن بولماي، بەلكى تەڭرى تەرىپىدىن ئىھسان ئېتىلگەن مۇبارەك بىر ئالىي ھەدىيىدۇر. چۈنكى نەپسىنىڭ پادىشاھلىقى قالمىغان قېرىلىق چاغلىرى ياكى خەستىلىك ۋاقىتلىرىدىمۇ ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدىكى مۇھەببەت ھەمىشە دائىملىقتۇر. دۇنيا سەرپ قىلىپ تاپالمىغان خاتىرىلەر، ئەسكەر چىقىرىپ ئېرىشەلمەيدىغان مۇراد - مەقسەتلەر گۈزەل خۇلق - مىجەز بىلەن قولغا كېلىدۇ. بۇ خىل پەزىلەت ئىنسان بالىسىغا ھەر ۋاقىتتا لازىمدۇر. ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدىكى بۇ خىل مۇئامىلىنىڭ بەكمۇ كېرەكلىكىنى سۆزلەشكە ھاجەت يوقتۇر.

ئەگەر ھاجەت دەپ بىلىنسە، جانابىي ئاللا تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان نىكاھ نىمىتىنى كۆپ ئېتىبار بىلەن ساقلاپ، بىرەر قېتىم ئازراق بولسىمۇ خاتاغا يول قويماسلىققا ئىنتىلىش - ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسىگە زۆرۈر بولغان شەرتتۇر. ئەر - خوتۇنچىلىق ئەدەبى - ھەر ئىشتا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈش دېمەكتۇر. يەر ۋە كۆكمۇ ئادالەت بىلەن ئۆز ئورنىدا تۇرۇرلەر. ئەر - خوتۇن ئارىسىدا ئەدەب - ھايا بولغاندا، نىكاھ نىمىتىمۇ بەركاماللىق بىلەن ياشايدۇ ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەر - خوتۇنلار ئۈچۈن شەرىئەت، ئەقىل تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مەلۇم ۋەزىپىلەر باركى، ھەر بىر ئەر، ھەر بىر خوتۇننىڭ بۇ ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشلىرى قەرز ھەم پەرزدۇر. زۆرۈر بولغان ئەدەب - ھايا بولمىغاندا، بىر - بىرىگە رىئايەتلەر بولمايدۇ - دە، مۇھەببەتلىرى بۇزۇلىدۇ. مۇھەببىتى بولمىغان ئادەم ھەر ۋاقىتتا قارشى تەرەپنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ، ئەرزىمەس ئىشنىمۇ يۈزىگە سالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئارىدا زاھىر بولغان دەۋا غەۋغاغا ئايلىنىپ، باش - ئاخىرى چىقمايدۇ. بۇ رەۋىشتە ئۆتكەن ھاياتتا قىلچىمۇ لەززەت بولمايدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئەقىللىق، تەربىيە كۆرگەن ئەرلەر ۋە خوتۇنلار ئەدەب - ھايالىق تۇرمۇشنى ئۇلۇغ بىر نىمەت بىلىشسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن بولمىغۇر - يامان ئىشلاردىن ھەر ۋاقىتتا يىراق يۈرسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار ئارىسىدىكى ئەر - خوتۇنچىلىق تۇرمۇش كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملىنىپ، بارغانسېرى لەززەتلىك بولىدۇ.

بىز، بۇ يەردە تەربىيىلىك خوتۇنلارنى تەرىپلەپ يازماقچىمىز. يازغانلىرىمىزدا خوتۇنلارنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقچىمىز. ئەگەردە، خوتۇنلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ئۇشبۇ ۋەزىپىلەرنى كەمچىلىكسىز ئادا قىلىدىغانلا بولسا، شەك - شۈبھىسىز ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بولىدۇ. بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق بىلەن ساۋابقا مۇۋەپپەق بولۇپ، مۇكاپات ئالۇرلەر①. تەربىيىلىك خوتۇنلار تەربىيىسىز (پەزىلەتسىز) خوتۇنلارغا نىسبەتەن بەختلىك ياشايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئۇلۇغلۇق ۋە مەڭگۈلۈك مەرتىۋىسىگە ئېرىشۇرلەر. تەنلىرى توپراق ئاستىغا كۆمۈلسىمۇ، ئىسىم - شەرىپى ھەر قاچان سورۇنلاردا ھۆرمەت بىلەن سۆزلىنۇر، دۇئا ۋە يادلاش بىلەن زىكىر قىلىنۇر. ھەتتا كىتابلارغا يېزىلىپ، كەلگۈسىدىكىلەرگە ئۈرنەك قىلىپ كۆرسىتىلۇر. ئەمما، تەربىيىسىز خوتۇنلار بولسا، تەربىيىسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن قانچىلىغان جەبرى - جاپالارنى تارتىپلا قالماي، يەنە يامان ناملىرىنى قالدۇرۇپ ئاخىرەتنىڭ جەھەننىمىگە كېتۇرلەر. بۇنداق پەزىلەتسىزلەر ئۇ دۇنيادىمۇ راھەت كۆرەلمەس، كەينىدىنمۇ ياخشى ناملىرى ئاڭلانماس. تۇرمۇشتىكى ئەدەبلەر توغرىسىدا خوتۇنلارنىڭ ۋەزىپىلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بىز تۆۋەندە ئەڭ مۇھىملىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئىتائەت

تەربىيىلىك خوتۇنلار شەرىئەت ۋە ئۆز ئەقلىگە خىلاپلىق قىلمىغان ھالدا ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلۇرلەر. چۈنكى خوتۇنلار ئۈستىدە ئەرلىرىنىڭ كۆپ ۋە شۇنىسبەتتە ئۇلۇغ بولغان ھەقلىرى باردۇر. ئاللانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلغان، ھەر ئىككى دۇنيادا شادلىق كۈتكەن خوتۇن كىشى ئۈچۈن ئېرى بىلەن گۈزەل مەئىشەت قىلماق، سۆزلىرىنى جان - دىل بىلەن ئاڭلاپ، ئىتائەتتە بولماق لازىمدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان خوتۇن ھاياتىدا ھامان ئۆكۈنىدۇ. ئاخىرەتلىكىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇر. رەسۇل ئەكرەمنىڭ «ئېرىنى رازى قىلغان ھالدا ۋاپات بولغان خوتۇن جەننەتىدۇر»، «مۇبادا بەندىلەرگە سەجدە قىلىش شەرىئىتىمىزدە دۇرۇس بولغاندا ئىدى،

① تۇرمۇش ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلماق خوتۇنلار ئۈچۈن نەقەدەر لازىم بولسا، ئەرلەر ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق لازىمدۇر. ئەرلەرگە خاس ۋەزىپىلەر «ئائىلە» ناملىق رىسالىمىزدە يېزىلغاندۇر (مۇئەللىپ ئىزاھى).

(خوتۇنلارنى) ئەرلىرىگە سەجدە قىلىشنى بۇيرۇغان بولۇر ئىدىم» دېگەن كەلىمىلىرىدىن ئەرلەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ خوتۇنلار ئۈچۈن بۇرچ بولۇپلا قالماي، كېلەچىكىنىڭ بەختلىك بولۇشىدىنمۇ بىشارەتتۇر.

ئۆيدىن سەۋەبسىز، رۇخسەتسىز چىقىپ كەتكەن خوتۇن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتى ئاستىدا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەردە رىۋايەت باردۇر. (خوتۇن كىشىنىڭ) ھەر قانچە يېقىنى، ھەتتا ئاتا - ئانىسى ئاغرىق بىلەن جان بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئېرىدىن رۇخسەتسىز كېتىشى مەنئىي قىلىنغاندۇر. شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان ئەھۋالدا، ھەر ۋاقىت ئەرلىرىگە ھۆرمەت، ئىتائەتتە بولۇپ، ئۆزرە بىلەن ھايات ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى خوتۇنلارنىڭ شان - شەرىپى ئەرلىرىگە ئىتائەتتە، سائادەتلىرى بولسا، بىر ئۆينى ئوبدان تۇتۇشتا بولۇر.

تەربىيە كۆرگەن خوتۇنلار پەزىلەتسىزلىك قىلىپ ئەرلىرىنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ۋاقىتسىز ئاقارتىشتىن، بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن كەيپىياتىنى بۇزۇشتىن، ئۈمىد - ئارزۇلىرىغا كاشىلا قىلىشتىن ئىلاجىنىڭ بارىچە ساقلىنىدۇ. بىر ئەر نەقەدەر ناچار، جاھىل بولسىمۇ، خوتۇنى تەربىيىلىك بولسا، ئۆز ۋەزىپىسىگە رىئايە قىلىپ، ئەرنىڭ ھالىنى تۈزەپ، كۆڭلىنى ئېلىپ، بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئېرىشەلەيدۇ. يۈزلەرچە ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان بەختلىك بىر ھاياتنى، گۈزەل خۇلق - مىجەز بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مال - دۇنيا بېرىپمۇ سېتىۋالغىلى بولمىغان نەرسىنى ياخشى خۇلق - مىجەز بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. گۈزەل تۇرمۇش دېگىنىمىز ئەنە شۇدۇر.

## ئەرنىڭ يېقىنلىرىنى ھۆرمەتلەش

تەربىيىلىك خوتۇنلار قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىلىرى، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى، ئېرىنىڭ ئەل - ئاغىنە، دوست - يارەنلىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىكى، دوست بىلەن دۈشمەنگە نەپرىتى ئېنىق بولۇشى لازىم. دۈشمەننى دوست، دوستنى دۈشمەن ھېسابلاش تولىمۇ ئەقىلسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

بىر كامىل مۇسۇلمان، خوتۇنىنى دەپ ھېچقاچان ئاتا - ئانىلىرىغا ۋە ئۆز يېقىنلىرىغا قىلىنغۇسى ھۆرمەت - ئىكرامنى يەرگە ئۇرماس. شۇنداقلا تەربىيە كۆرمىگەنلىكى تۈپەيلى پەزىلەتسىزلىكى، ئادىمگەرچىلىكىنىڭ يوقلۇقى، يېقىنلىرىنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر نادان ئەرنىڭ خوتۇنى بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەن بولسا، ھۆرمەت - ئىكرامغا رىئايە قىلىشتىن باشقا بەدخۇي ئېرىنىمۇ ئەدەب قانۇنلىرىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئامال قىلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەر بىر - بىرىگە قوشۇلغان، بەعلاار بىر - بىرىگە ياندىش بولغاندەك، بىر جان، بىر تەن بولغان يېقىنلارنىڭ ھۆرمەتلىرى، قوشنىلارنىڭ ھەققىلىرى بولىدۇ. بۇنى ھەر قانداق بىر كىشى بىلسۇن ۋە پىكىر قىلسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلىرىنىڭ يېتىم بالىلىرى بولغاندىمۇ، ئۇلارنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرۈپ تەربىيىلەش - ئۆستۈرۈش خوتۇنلار ئۈچۈن مۇھىم ئىشتۇر. بۇنىڭ بەدىلىگە كىشىلەرنىڭ رەھمىتىنى ئېلىپلا قالماي، ئاللانىڭمۇ رەھمىتىگە، ئېرىنىڭمۇ رازىلىقىغا نائىل بولغاي.

ئادەمنىڭ كۆڭلى نەقەدەر قاتتىق، ئاچچىقى يامان بولسىمۇ، ئۆز بالىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن خورلىنىشىغا چىدىمايدۇ. بەزىبىر ئۆگەي ئانىلار تەرىپىدىن زۇلۇم قىلىنغان بالىلىرىغا قاراپ، ئاتىلىرىنىڭ ئېغىز ئاچماي جىم تۇرۇشلىرى رازىلىقتا ياكى بالىسىنى سۆيمىگەنلىكتە ۋە خوتۇننى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈشىگە ئالامەت بولماس. بەلكى ئۇنىڭ باشقا بىر تەرىپىمۇ باردۇر. پەرەز قىلىڭكى، بىر ئاتا ئۆزىنىڭ يېتىم بالىسىغا قاراش بىلەن بىرگە خوتۇننى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەن بولسۇن. خوتۇنىنىڭ ئاچچىق سۆزلىرى، زەھەرلىك كۆزلىرى، زەخمەتلىك مۇشتلىرى ئاستىدىكى بالىسىنىڭ ئېزىلىشىگە قايغۇرمىسۇنمۇ دەيلى، بىراق يېتىم بالىنىڭ ئاھ - زارىنى باشقا ئاڭلىغۇچى يوقمىدۇ؟ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى كۆرگۈچى يوقمىدۇ؟ ئەلۋەتتە بار. شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، بۇنداق خوتۇنلار ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرىپلا قالماي، بەلكى باشقىلارغا قىلغانلىرىنىڭ ئىككى باراۋەر جاجىسىنى تارتىدۇ. يېتىمنىڭ ھەققى سۇ ئەمەس، سىڭىپ كېتىدىغان، شامال ئەمەس تاراپ كېتىدىغان.

ئۆگەي بالىلارغا شەپقەتسىز بولغان خوتۇنلار خوتۇن ئەمەس، يىرتقۇچتۇر. ئۇ، ئۆز بالىسىنىڭ باشقا بىر باغرى قاتتىق خوتۇن تەرىپىدىن خورلىنىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قارىغاندا، ئاندىن بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ چىنلىقىغا ئىشىنەر. يېتىملارغا شەپقەتسىزلىك قىلىش ئېغىر گۇناھ بولۇپ، يالغۇز ئۆگەي ئانىلارغىلا ئەمەس بەلكى ئۆگەي ئاتىلار ۋە شەپقەت بابىدىكى يېقىنلارغا، ھەمشىرىلەرگىمۇ تېگىشلىكتۇر. دېمەك، ئۆگەي بالىلارنى ياخشى ئۆستۈرۈپ تەربىيىلىگەن خوتۇنلارنىڭ ھۆرمىتى، مۇھەببىتى باشقىچە بەختىياردۇر. كۆزى ئوچۇق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇقاتتىق ئىبرەت بولۇپ قالسۇن. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە باشلاپ مۇجەسسەملەشتۈرۈشنى ئويلىغان بىر تەربىيە

ئانىسى يېتىم - يېتىمە باللارغا، قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا ۋە ئەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، يار - بۇرادەرلىرىگە ھۆرمەت ۋە قەدىرلەش نىيىتىدە بولسۇن. تەربىيىلىك ھەم ئەقىللىق خوتۇنلار بۇ ھەقىقەتنى ئوبدان چۈشىنىپ قائىدە بىلەن يول تۇتسا، بۇ ئەمەللىرى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا راھەت، ئاخىرەتتە ئۆزلىرى ئويلىمىغان ئىنئاملارغا ئېرىشىدۇ. دەرۋەقە، بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاسماندىكى بۇلۇتقا ئوخشاش تارقىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ھاياتلىق ئۆمرىدە ئىگىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئاتا - ئانىسىغا خىزمەت قىلغان بالىنىڭ، ۋاقتى كەلگەندە بالىسىمۇ ئۆزىگە خىزمەت كۆرسىتىدۇ. قېيىن ئاتا بىلەن قېيىن ئانىغا خىزمەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئېرىنى چەتكە قاققان كېلىننىڭ كەلگۈسىدىكى كېلىنىمۇ شۇنداق قىلۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا، «يەرگە نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەن گەپ باردۇر.

## ھەمسۆھبەت

تەربىيىلىك خوتۇنلار ياخشى، پەزىلەتلىك خوتۇنلار بىلەن ھەمسۆھبەت قىلىپ، بۇزۇق، يامان تەبىئەتلىك خوتۇنلار سۆھبىتىدىن يىراق تۇرۇشى، ئۇلارغا نەپرەتلىنىشى لازىمدۇر. چۈنكى ياخشىلار بىلەن بولغان سۆھبەت، دوستلۇق - ياخشىلىققا سەۋەب بولسا، يامانلار بىلەن بولغان سۆھبەت ۋە يېقىنلىق يامانلىققا، بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولىدۇ. يامان خوتۇن، خوتۇن ئەمەس بەجايىكى بىشەم شەيتاندۇر. بۇ خىل خوتۇنلارغا ئوچۇق چىراي ئاچماسلىق، ئۆيگىمۇ يولاتماسلىق كېرەكتۇر. «ئۆزۈم ياخشى بولغاندىكىن، ئۇنىڭ يامانلىقىنىڭ ماڭا نېمە زىيىنى» دېيىلمىسۇن، شەيتان بىلەن بولغان دوستلۇقنىڭ قىلچىمۇ پايدىسى چىقماس، بەلكى زىيىنى چىقۇر. بۇنىڭغا ھەر بىر ياخشى نىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن خوتۇن گۇمان قىلمىسۇن.

ئادەم بالىسىنى بىلىش كېرەك بولغاندا، ئەڭ ئاۋۋال «دوستلىرى كىملەر؟» دەپ سورىشىدۇ. ئارىلاشقان دوستلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇنداق ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ بىزدە: «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ ئالىسى» دېگەن گەپ بار. يامان خوتۇنلاردىكى ھىيلە - مىكىرگە شەيتانمۇ ھەيران قالغانىكەن. بۇنداق خوتۇنلار كىرگەن ئۆيدىن بەرىكەتمۇ كېتىشكە ئالدىرايدۇ. بىچارە ئادەم بالىسى نەقەدەر ئەقىللىق بولسىمۇ، گەپ - سۆزلەرگە ئىشىنىدۇ. چېقىمچى - پىتنىخور خوتۇنلارنىڭ مەقسەتلىك تۇشۇغان پىتنە - پاساتلىرىغا قۇلاق سالىدۇ. گەرچە ئىشەنمىسىمۇ، رەت قىلالماستىن ئاڭلايدۇ. ئاڭلىغانسېرى گەپ يىپلىرى چۇۋۇلىدۇ... بىر مۇنچە ۋاقىتنى زايە قىلىدۇ. ئىشىكتىن كىرىپلا ساختىپەزلىك بىلەن ئۆزىنى يېقىن قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەر بىلەن خوتۇن ياكى ياخشى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئۆسەك تارقىتىش، قەسەم قىلىپ ساپ كۆڭۈللەرنى سوۋۇتۇش يامان، لۇلى، بىشەم، ھازازۇل خوتۇنلارنىڭ ئادەتلەنگەن مىجەزىدۇر.

## سىر ساقلاش ھەققىدە

تەربىيىلىك خوتۇنلار ئۆز ئەرلىرىنىڭ مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن ساقلاشقا تېگىشلىك سىرلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەشتىن، پاش قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. سىرى پاش بولغان كىشى مۇراد - مەقسىتىگە كۆپ مۇشەققەت تارتىش يولى بىلەن ئېرىشۇر ياكى ئېرىشەلمەس. شۇڭا، سىرنى باشقىلارغا بىلدۇرۇش زىيانلىقتۇر. سىرنىڭ ساندۇقى كۆڭۈل، ئاچقۇچى تىلدۇر. ساندۇق ئاچقۇچىنى ياخشى ساقلىمىغان، كۆڭۈل ئاچقۇچى بولغان تىلىنىڭ تىزگىنىنى ياخشى تۇتمىغان كىشى شۈبھىسىز ئەخمەقتۇر.

دېمەك، ئەرنىڭ سىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ياخشى ساقلىمىغان، باشقىلارغا پاش قىلغان خوتۇن ئېرىگە خىيانەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئۆز سىرىنى ساقلىماي ئىككىنچى بىر ئادەمگە: «ساڭلا دېدىم، زىنھار ھېچكىمگە دېمە» دېگەن ئادەم دۇنيادىكى ئىككى ئەخمەقنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى ئۆز سىرىنى ئۆزى ساقلىيالمىغان ئەھۋالدا، باشقىلارنىڭ ئۇ سىرنى ساقلاشقا قانداقمۇ قۇربىتى يەتسۇن؟ بۇ، تولىمۇ ئەقىلسىزلىقتۇر. باشقىلارنىڭ ئۇنۇلغان ئالتۇنلىرىنى ساقلاش، كىچىككىنە سىرنى ساقلاشتىن ئاسان، دېگەنىكەن بىر ئاقىل. سىر ساقلىيالمىغان ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدە ئېتىبارىمۇ قالمايدۇ. ئېرىنىڭ سىرىنى باشقىلارغا ئاشكارىلىغۇچى خوتۇن، خوتۇنلۇققا لايىق ئەمەستۇر.

سىر ساقلىيالايدىغان خوتۇنلارغا ئەرلىرى ئىختىيارسىز ئامراق كېلىدۇ. ئەرلىرىنىڭ سىرلىرىنى ساقلاش قاچانغىچە، ھەتتا ئۆلگىچە شەرت قىلىنغان بولسا تاكى شۇنىڭغىچە ساقلاش، تەربىيىلىك خوتۇنلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچلىرىدىندۇر. بەزىبىر سىرلار ئىنسان يۈرىكى بىلەن بىللە كېتىدىغان بولسۇن.

## قانائەت ۋە شۈكرى قىلىش

تەربىيىلىك خوتۇنلار ھەر قانداق ۋاقىتتا قانائەتلىك بولۇر. قانائەت - قولىدا بارىغا ياكى تېپىلغىنىغا رازى بولۇش دېمەكتۇر. بۇ، ئەر - خوتۇنلار ئۈچۈن بىر سۈپەت ۋە سىناقتۇر. قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ئاسانلىقچە كېمەيمەس.

www.uyghurkitap.com

نورمال ھاياتتىن رازى بولمىغان ئادەمگە تاغدەك بايلىقنى تاشلاپ بەرسىمۇ قانائەت قىلمايدۇ. قانائەتسىزلىك ـ ئادەم باللىسىدىكى بىر خىل ئاچكۆزلۈك ۋە كېسەللىكتۇر.

ئاچكۆزلۈك ۋە قانائەتسىزلىككە مۇپتىلا بولغان كىشى تۇرمۇشتا كۆپ مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولۇپلا قالماي، ئاخىرەتتىكى توغرا يولدىنمۇ ئادىشىپ قالارمىش. قانائەتسىز كىشىنىڭ ھاجەتمەن بولىدىغان نەرسىلىرى كۆپ، ئاچكۆزلۈكى چەكسىز بولغانلىقتىن، نەپسى مۇرادىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ھەر دائىم يالغان سۆزلەيدۇ.

مۇبادا، ئىنسان ئۆزىدىن بىچارە ھالدىكى كىشىلەرنى دائىما كۆرۈپ، ھازىرقى ھالىدىن تېخىمۇ يامان بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئەقلىنى يىغىپ بارىغا قانائەت قىلغان، ئىشلەپ تاپقان ئىقتىسادىنى ئېتىبار بىلەن تېگىشلىك جايغا سەرپ قىلغان، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن رازى بولغان ھەم شۈكرى قىلغان بولاتتى.

## ئۆزىنى تۇتۇش ھەققىدە

ئۆي ئىچىگە قاراش، يېمەك - ئىچمەك جەھەتلەردە تەدبىر كۆرۈش - خوتۇنلار زىممىسىدىكى ئىشلاردۇر. تەربىيىلىك خوتۇنلار ھەر بىر ئىشتا ئويلىنىپ، تەرتىپ بىلەن ئۆلچەپ ئىش قىلىدۇ. ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى دۇنيادا ياشىماق، باللىرىنى باشقىلارغا موھتاجسىز بىر ھالەتتە قالدۇرۇش مال ۋە بايلىققا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۆلگەن كىشى كېپەنگە موھتاج بولغاندەك، تىرىكلەرنىڭمۇ مال - دۇنياغا موھتاج بولۇشى شۈبھىسىزدۇر.

خۇسۇسەن بىزلەر شۇنداق بىر زاماندىمىزكى، ئادەمنىڭ ئېتىبارى ئۇنىڭ بايلىقىدا، خار بولۇشى كەمبەغەللىكىدىندۇر. ھالبۇكى، بايلىقنى تېپىش ئاسان ئەمەس. تاپقان بايلىقنى تۇتۇپ تۇرۇش قانداق ئىشلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۆي ئىچىدە بولىدىغان خىراجەتلەر ۋە خىزمەتلەر خوتۇنلار قولىدىن ئۆتۈپ تۇرغىنى ئۈچۈن، ئەرلەردىنمۇ بەكرەك ئېتىبار بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشى لازىمدۇر.

مەردلىك ـ ئەرلەر ئۈچۈن ياراشسىمۇ، خوتۇنلار ئۈچۈن ئەيىبراق سانىلىدۇ. مال - دۇنيانىڭ قەدرىگە يەتكەن خوتۇن نان ئۇۋاقلىرىغىچە دىققەت قىلىپ زايا قىلمايدۇ، ناننىمۇ ھاجەتتىن ئارتۇق سۇندۇرمايدۇ، نان پارچىلىرىنى خالىغان يەرگە تاشلىمايدۇ. نەزەرىمىزگە ئىلمىغان نان پارچىلىرى ئۈچۈن قانچىلىك ئەمگەك سەرپ قىلىنغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بىر بۇردا نان ئۈچۈن دۇنيادا بەزەن كىشىلەر جان بەرمەكتە. يەر يۈزىدە بىر پىيالە سۇ بىلەن بىر بۇردا نان ئۈچۈن پۈتۈن مۈلكىنى بېرىشكە تەييار تۇرغانلارنىڭ تېخىچە ھازىرمۇ بارلىقىنى كۆز يۇمۇپ ئىنكار قىلىش، ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىق ياكى ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ!

تەربىيە كۆرگەن خوتۇن - قىزلار كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت ئېلىشنى ئويلىغاندا «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن تەمسىلنى ئۆزلىرىگە بىر قائىدە بىلىپ ئەمەل قىلسۇن ۋە ئۇنى ھەر قاچان ئېسىدە ساقلىسۇن. دۇنيانىڭ ئۇچى ئۇزۇن بولۇپ ئاخىرىسى يوق. پۇل تېپىش ئاسان ئەمەس. خوتۇنلارغا نىسبەتەن كۆرگەنلا نەرسىنى ئېلىش، بايۋەتچىلەرنى دوراش، ئىسراپچىلىق ئىشكىنى ئاچقانلىقتۇر. ئىسراپخور ئادەمدە بايلىق ئۇزاق تۇرمايدىغانلىقى، بىر مەرتىۋە كېلىپ كەتكەن دۆلەت قايتا يېنىپ كەلمەيدىغانلىقى بەرھەقتۇر. دۆلەت تۇتۇشنى بىلمىگەن خوتۇننىڭ ئېرى كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ پۇل تاپسىمۇ، يەنىلا موھتاجلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ - دە، مېنىڭ ئىشلىسەممۇ بولۇشۇم شۇ تۇرسا، دەپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ بىچارە ئەر خارلىق - زەبۇنلۇقتا ھالاك بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇرۇنقى زامانىمىزنىڭ تەربىيە كۆرگەن خوتۇن - قىزلىرى ئۆز ئەرلىرىنى بۇ خىل يامان ئاقىۋەتتىن ساقلاش ئۈچۈن غايەت قانائەتلىك بولۇشقانىدى. ئەرلىرى ئەتىگەن تۇرۇپ ئىشقا ماڭغاندا، ھارام ئىش قىلىپ قويماڭ، ئاچ قالساق سەۋر قىلايلىكى، ناتوغرا ئىش تۈپەيلى دوزاخ ئوتىدا كۆيمەيلى، دەپ تىلەك تىلەشكەن. ئاللانىڭ بۇ ئۇلۇغ زېمىندا ئاشۇ خىل خوتۇن - قىزلىرىمىز ھازىرمۇ باردۇر، بەلكىم. كۆڭۈل كۆزى كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن بۇ خىل ئالىيجاناب خوتۇننىڭ ئېرى بولۇش - بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى بولۇشتىن ياخشىراقتۇر. ئەگەر خوتۇن كىشى ئاچ - يالىڭاچ قالمىغىنىغا شۈكرى قىلىشنىڭ ئورنىغا ئېرىنىڭ تەرلەپ - تەپچىرەپ تاپقان پۇلىنى تۇتۇشنى بىلمەي، ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۇزۇپ - چېچىپ تۈگەتسە ياكى يامان كۈنلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويغان پۇللىرىنى كېرەك بولمىغان زىننەتلەر، زامانە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە سەرپ قىلىپ زايا قىلىۋەتسە، بۇ بىچارە ئەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئۆز ھالىنى بىلمىگەن، بېرىلگەن نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالمىغان بۇنداق تەربىيە كۆرمىگەن خوتۇن بىلەن بىللە ياشىماق، جەننەت بىلەن جەھەننەم ئوتتۇرىسىدا تۇساق تام بولمىغانلىق بىلەن باراۋەردۇر.

شۇڭا، خوتۇن - قىزلىرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ساۋاتلارنى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىقتىساد باشقۇرۇش ۋە ئائىلە باشقۇرۇشتەك تىرىكچىلىك يولىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىش كېرەكتۇر.

ئەقىللىق ھەم تەربىيىلىك بىر خوتۇن بار بولغان ھەر قانداق بىر ئۆي ھېچقاچان بىراۋغا موھتاج ياكى خار بولماس.

## پاكىزلىق - زىننەت دېمەكتۇر

تەربىيىلىك خوتۇنلار ئۆزىنىڭ ئۈستىباشلىرىنى دائىم پاكىز تۇتۇپ يۈرگىنىگە ئوخشاش، ئۆي ئىچىنىمۇ پاكىز - رەتلىك تۇتۇشىدۇ. چۈنكى پاكىز يۈرۈش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

تەربىيىلىك خوتۇنلار ھەر ۋاقىت ئەرلىرىگە ھۆسن - كامالەتلىك كۆرۈنگىنىدەك، ئۆي ئىچىنىمۇ پاكىز - رەتلىك تۇتۇش ئۇلارنىڭ يەنە بىر زىننىتىدۇر. «ئۆي ئىچىنىڭ مەينەت - قالايمىقان تۇرۇشى خاراب بولۇشنىڭ بىر خىل ئالامىتىدۇر». ئۆي ئىچىدە تەربىيىلىك بىر خوتۇننىڭ بارلىقىغا ئۆينىڭ پاكىزلىكى، يوقلۇقىغا بولسا ئۆينىڭ پاسكىنىلىقى دەلىل بولىدۇ. ئەرلىرىگە قىزغىن كۆرۈنۈش ئۈچۈن پاكىز بولۇش، ئەھۋالغا قاراپ كىيىنىش، خۇش بۇي نەرسىلەرنى مۇۋاپىق سۈرۈش راۋا بولۇپ، پاكلىقتا خىلاپلىق ئەمەستۇر. شۇڭا، تەربىيىلىك خوتۇنلار ئەرلىرى خالىغان رەۋىشتە پاكىزلىكنى ئادەت قىلىپ، ساپ قەلبى بىلەن ئىتائەتلىك كېلۇر. ئەرلىرى يېنىدا خۇشال ھالەتتە، مۇلايىم سۈپەتتە تۇرۇپ، يامان پۇراق، بولمىغۇر قىياپەتتە كۆرۈنۈشتىن ساقلىنۇر. خوتۇنلارنىڭ تەربىيىلىك بولۇشلىرى پۈتۈن ئائىلە ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر ئىش بولغىنىدەك، كىيىنىش - زىننەتلىنىشمۇ يالغۇز ئەرلىرى ئۈچۈن بولۇشى كېرەكتۇر. ئەكسىچە، توي، باغچا، كۆڭۈل ئېچىشتەك سەيلە - تاماشىلارغا بېرىنىپ - ياسىنىپ بېرىپ، ئۆيلىرىگە - ئەرلىرى قېشىغا رىغبەتسىز قىياپەتتە كونا كىيىملىرىنى كىيىپ كىرگۈچى خوتۇنلار تەربىيىسىز خوتۇنلاردۇر.

ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پاكىزلىق كېرەك دېدۇق. بىلەمسىز، پاكىزلىك دېگەن نېمە؟ پاكىزلىك دېگىنىمىز - سائەتلەپ سوپۇنلاپ يۇيۇنۇش، ھەر كۈنى كىر يۇيۇش ئەمەس، بەلكى ھاجەت ۋاقىتلىرىدا كېچىكتۇرمەي يۇيۇنۇش، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن نەرسىلەرنى، ئەزالارنى پاكىز ھالىچە تۇتۇش دېمەكتۇر. ئەكسىچە، ئۆردەكتەك بىر تەرەپتىن سۇغا چۈشۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن پاتقاقتا چۆمۈلۈش ھەرگىز پاكلىق ۋە پاكىزلىك ئەمەس. بۇنداق قىلىش نىجىسلىقتىنمۇ يامان بىر سۈپەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر تەرەپتىن تازىلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلغىنىش، سۇ، ئوتۇن، سوپۇن، ۋاقىتنى زايا قىلىش دېمەكتۇر. گۈزەل كۆرۈنۈش ئۈچۈن كىيىنىش ۋە ياسىنىش راۋا ھېسابلانسىمۇ، لېكىن لايىقىدا بولۇش كېرەك. بەزەن نەرسىلەر بىلەن ياسىنىش مۇناسىپ ئەمەس. مەسىلەن:

1. ئۆز چېچىغا باشقا كىشىلەرنىڭ چېچىنى ئۇلىماق. دۇكانلاردىكى چاچلارنىڭ كۆپلىرى يوقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلگەن خوتۇنلاردىن كېسىپ ئېلىنغاچقا، ئۇنى ئىشلىتىش خەۋپلىك. بۇ، ھەدىستىمۇ چەكلەنگەندۇر. شۇڭا، باشقىلارنىڭ چېچىنى تاقاش توغۇل يېقىن كەلتۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ.

2. يۈز - قوللارنى بوياش. بوياقلارغا زەھەرلىك ماددىلار قوشۇلغانلىقتىن، ياش خوتۇنلارنىڭ يۈز تېرىسىنى زەھەرلەپ، مومايلارنىڭ يۈزلىرىگە ئوخشاش قورۇق پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە زىننەتلەش (بوياق) مەقسىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى تەسىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل بوياقلارنىڭ بەزىلىرى كۆز بىلەن ئەقىلگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. مەسىلەن، تېرىمىزدىكى كىلىتكىلار ئارقىلىق ئىچكى ئەزالارغا ھاۋا كىرىپ تۇرىدۇ. تەر شۇ تۆشۈكچىلەردىن چىقىدۇ. سالامەتلىك ئۈچۈن بۇ تۆشۈكچىلەرنى تازا تۇتماق لازىم. بىراق ئۇپا، بوياق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن يۈز - قوللارنى بويىغاندا تۆشۈكچىلەر ئېتىلىپ قالىدۇ - دە، سالامەتلىككە زىيان بولىدۇ.

3. چاچ تەڭگە تاقاش. چاچلىرىغا چاچ تەڭگە تاقاش، بويىنىغا كۆمۈش، ئالتۇن تەڭگىلەرنى ئېسىش زىيانلىق بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ئېغىر بولغاچقا، باش ۋە بويۇنلارغا زىيانلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ نەرسىلەر ساپ پۇل بولغاچقا، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ، نىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، بۇلارنى ئېسىپ يۈرگەندىن كۆرە بانكىغا قويۇپ، ئاز بولسىمۇ پىرسەنتىنى ئېلىپ تۇرۇش پايدىلىقراق.

## ھايا ۋە ئىپپەت

ھايا ۋە ئىپپەت تەربىيىلىك خوتۇنلارغا ئادەتتۇر، ئەرلىرىگە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈشنىڭ ئاساسىدۇر. ئەدەبسىز خوتۇنلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھاياسىز يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا ئار - نومۇسلۇق ھەر بىر ئەركىشى نەپرەت قىلىدۇ. خوتۇنى ھەر قانچە تېپىلمايدىغان پەرىزات بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نومۇسسىز بولسا، ئەرنىڭ شۇ سائەتتىن باشلاپ ئىخلاسى قايتىپ، مۇھەببىتى سوۋۇپ، نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. چۈنكى نومۇسسىزلىق بىلەن ھاياسىزلىق خەلق ئالدىدا ھېچقاچان ئەپۇ قىلىنمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر تەڭرىگىمۇ دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تەربىيىلىك خوتۇنلار بىر تەرەپتىن، ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ خىل ھاياسىزلىقتىن يىراق تۇرىدۇ. ھايالىق - نومۇسچان كىشى نەقەدەر كەمبەغەل بولسىمۇ، كىشىلەر ئالدىدا

www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتلىنىدۇ. لېكىن ھاياسىز. نومۇسسىز كىشىلەر قانچىلىك باي، قانچىلىك مەرتىۋىلىك بولغان بىلەنمۇ ئېتىبارى يوقتۇر.

شەرمى - ھايا ئىسلام دەرىخىنىڭ بىر شىخى بولۇپ، شاخلىرى دۇنيادا بولسىمۇ، يىلتىزى جەننەتتىدۇر. بۇ شاخلارغا يېپىشقان زات ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تومۇرلىرىغىمۇ تۇتىشىدۇ. تەربىيىلىك خوتۇنلارنىڭ يۈزلىرىدە ئەكس ئەتكەن قىزىللىق ھايانىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىگە چاقماقتەك تەسىر قىلىپ، مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. غەيۋەت - شىكايەت، چېقىمچىلىق، ئۇسەك تېرىش ۋە يالغان سۆزلەشتەك بۇزۇق مىجەزلەر ھاياسىزلىقتۇر. تەربىيىلىك خوتۇنلار بۇ خىل يامان ئىللەتتىن خالىيدۇر. ئەگەر پەزىلەتلىك خوتۇنلار بۇ خىل ئىللەتكە ئۆز تەبئىيىتىدىن ئورۇن بېرىدىكەن، گۇناھى ئىككى ھەسسە ئاشىدۇ. ئاتا - ئانىسىغا، ئېرىگە، يېقىنلىرىغا يالغان ئېيتقان خوتۇن ئەڭ ئۇچىغا چىققان بۇزۇق ھەم تەربىيىسىز خوتۇن ھېسابلىنىدۇ. پەزىلەتلىك كىشىلەر يالغانچىنى خوتۇن قىلىپ تۇتۇش تۇگۇل ھەتتا خىزمەتچى قىلىپمۇ ئىشلەتمەس.

## تەدبىر - غەيرەت

تەربىيىلىك خوتۇنلار ئۆي ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. تەرتىپ - ئىنتىزام ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆز جايىدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، مەئىشەت ئىلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان بابىدۇر. ئۆي لازىمەتلىكلىرى ئۆزىگە يارىشا جايدا تۇرغاندا ئوبدان ساقلىنىپلا قالماي لازىم بولغاندا ئاسان تاپقىلى بولىدۇ. خوتۇنلارنىڭ تەربىيىلىك، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەت نېمە؟ ئاشخانىسى پاكىز، يېمەك - ئىچمەك سايمانلىرى ساپ ۋە تازا، قاچا - قۇمۇچلىرى خۇددى دۇكاندىكىدەك تېگىشلىك ئورۇنلىرىدا بولۇشى، شۇ خوتۇننىڭ ئىش بىلەرمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، خوتۇن كىشى تەربىيىلىك بولسا، ئۆيمۇ تەرتىپلىك، تەربىيىسىز بولسا، ئۆيمۇ تەرتىپسىز ھالەتتە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قانچىلىك باي، قانچىلىك مەرتىۋىلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولسىمۇ، ئۆي ئىچىنى كۆزەتمەك، ھەر بىر نەرسىنى نازارەت قىلماق تەربىيىلىك خوتۇنلارنىڭ ئالغىلىق ۋەزىپىسىدۇر.

ئەگەر ئۆي ئىچىدە بۇ رەۋىشتە بىر كۆز بولمىسا، ھاجەتلىك نەرسىلەرگە مەخسۇس بىر ئورۇن بولمىسا، ئىشلىتىش ھەققىدە بىر نىزام بولمايدۇ - دە، جىددىي پەيتتە ئاددىي بىر نەرسىنى ئىزدەش ئۈچۈن بىر مۇنچە ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ھەر بىرئۆيدە ھەر بىر سائەتتە پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاشخانا ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەر توغرىسىدا نىزام تۈزۈپ، قائىدە بىلەن ئىش كۆرگەن خوتۇن ساماۋار قويغۇدەك بولسا، بەش مىنۇتتا داستىخان ھازىرلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، بەش مىنۇتتا ئەمەس، بەش سائەتتىمۇ ساماۋاردىن تاۋۇش چىقمايدۇ. كۈتۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ تاقىتى تۈگەپ كېتىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدا بىر قەپەس جېدەل چىقىدۇ. ئۆينى ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تەرتىپكە سالمىغان خوتۇننىڭ قىلغان ئىشى، شەيتاننىڭ بوينىغا مىنىۋېلىپ ناخشا ئېيتقان ئادەم بالىسىنىڭ تۈگىمەس ناخشىسىغا ئوخشاش قىزىقى يوق، ئاخىرى چىقماستۇر. بۇ خىل تەرتىپسىز رەۋىشتە مېھمان كۈتكەن خوتۇننىڭ ئۆزىمۇ ئورۇنسىز چاپا چەككەچكە، ئېرىدىنمۇ رەھمەت ئالالماي ئاخىرى ھاياتلىق لەززىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. خوتۇن كىشى دېمەك - بىر ئۆينى قائىدە - تەرتىپ بىلەن تۇتقۇچى دېمەكتۇر. ئۇنداق قىلماي، ئىشلەيدىغان ئادەملىرىم بار، دەپ كۆرپىدە ئولتۇرۇپ سېغىز چاينىسا، قوشنا خوتۇنلارنى يىغىپ گەپ ساتسا، ئۆتكەن - كەچكەنلەر ھەققىدە سۆز تاراتسا ۋە ئەل ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تېتىقسىز خوتۇندىن نېمە پەرقى؟

## سالامەتلىكنى ئاسراش ھەققىدە

سالامەتلىك بىر چوڭ بايلىقكى، ئۇنىڭ ھەققى ھېچقاچان ئادا بولماس. پۈتۈن دۇنياغا شاھ بولغان بىلەنمۇ، تەن ساق بولمىسا ئۇنىڭ نېمىگە كېرىكى؟

كېسەلنىڭ تۈرلىرى كۆپ، سەۋەبلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، تەجرىبە ئارقىلىق بەزىلىرىنىڭ سەۋەبلىرى باردۇر. كېسەللىك سەۋەبلىرىدىن مۇمكىن قەدەر ساقلانماسلىق تەگرىدىن ئېھسان قىلىنغان سالامەتلىك نېمەتلىرىگە كۇفرلىق قىلىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك خوتۇنلار سالامەتلىككە زىيان قىلىدىغان نەرسىلەردىن ئالاھىدە ساقلىنىدۇ. بەزى ئاغرىقلارنى داۋالاشنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. خوتۇنلارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، شەپقەتلىك بولغاچقا، كېسەلنى ئوبدان، مۇلايىملىق بىلەن كۈتۈشنى بىلىدۇ.

سالامەتلىككە زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغانلىرى، بەدەن قىزىغاندا ۋە مۇزلىغاندا سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك، كۆمۈر ئىسىدىن ساقلىنىش، ئۆي ۋە ئورۇننى نەملىكتىن ساقلاش، مايلىق تائاملارنى كۆپ يېمەسلىك، كەيپ قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچمەسلىك، قىمار ئوينىماسلىق، زىنا قىلماسلىق، چېكىملىك چەكمەسلىكتۇر.

سالامەت بولۇش ئاساسەن بەدەن، كىيىم - كېچەك، تۇرغان ئورۇننى پاكىز تۇتۇش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، تەنھەرىكەت قىلىپ بېرىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئەخلاقىي پەزىلەتنى مەدھىيىلەش يولىدا بىر خىزمەت بولۇپ قالسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن يازغان «تەربىيىلىك خوتۇنلار» دېگەن رىسالىمىز تامام بولدى. كۆڭلىمىزدىكى باشقا ئويلىغانلىرىمىزنى يەنە يېزىش ئۈچۈن ئاللادىن مەدەت تىلەيمىز.

# تۇرمۇش ئەدەبلىرى

## ئولبەنەتخان لۇتپۇللا سۇلايمان ئاخۇن قىزى

بۇ رىسالە 1898 -، 1899 - يىللىرى سانكىت پېتىربورگدا ئىككى قېتىم نەشر قىلىنغان. رىسالە ئەدەب - ئەخلاق، ئائىلىلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ئورنى ۋە ئائىلىۋى ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەر - ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، بالىلار تەربىيىسى، ئائىلىنى يورۇتۇش، مۇھەببەت ۋە نىكاھ ھەققىدە غايەت ئىبرەتلىك مەسلىھەتلەر بايان قىلىنىدۇ.

«تۇرمۇش ئەدەبلىرى» ناملىق بۇ رىسالىنىڭ مۇئەللىپى لۇتپۇللا سۇلايمان ئاخۇنۇمنىڭ قىزى ئالىمە ئولبەنەتخان ھەققىدە رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىننىڭ «مەشھۇر خوتۇنلار» (1904 - يىل، ئورىنبورگ) دېگەن كىتابىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيمىز: «ئالىمە ئولبەنەتخان كىرمان ناھىيىسىدىكى ئىمام مۇھەممەد ئارىپ ئىبنى بېكتۆمۈرنىڭ رەپىقىسى بولۇپ، ئالىمە ۋە پازىلە بىر خوتۇندۇر. يېزىقى توغرا، ئىنشاسى تەكەللۇپسىزدۇر. بۇ ئەسەر پايدىلىق ۋە گۈزەل بولۇپ، ئۆمۈرنى، ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزنى تەلىم - تەربىيەئارقىلىق تەربىيىلىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر».

- مۇھەررىردىن

## مۇئەللىپە تەرىپىدىن بىر - ئىككى ئېغىز سۆز

مەلۇمكى، كۆپچىلىك تۈرلۈك - تۈمەن پىكىر - ئەندىشىلەر بىلەن بەنت بولۇپ ياشايدۇ. بۇ خىل پىكىر - ئەندىشىلەر مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن بەرىبىر ئۇنىڭ ساھىبىغا پۈتۈنلەي گۈزەل كۆرۈنۈشى، ئاجايىپ تۇيۇلۇشى تەبىئىي بىر ھالدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەندىمۇ بىر پىكىر بار، ئۇ، شەرىئەت بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ پىكىرنى توغرا دەپ بىلىش ئۈچۈن بىللە، مۇتلەق ئېتىقاد قىلماقتىمەن. بۇ پىكىر جىنسىدىشىمىز بولغان خوتۇنلار تائىپىسى ئارىسىدا ئىلىم - مەرىپەت تارقاتماق، ئۇلارنى مەلۇمات ساھىبلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

چۈنكى، دۇنيادا مەۋجۇت بولغان ئىنسانلار- نىڭ يېرىمى خوتۇنلاردۇر. ئائىلىنىڭ بەختلىك، ساغادەتلىك بولۇشىمۇ خوتۇنلارنىڭ ئەقىللىق، ئىلمىي بولۇشىغا باغلىقتۇر. ئۇلارنىڭ تەربىيىلىرى ئارقىلىق دۇنيادا ئۇلۇغ زاتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

ئەگەر خوتۇن كىشى ئوقۇغان بولسا، شەك - شۈبھىسىزكى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ۋەزىپىسىنىڭ نېمىدىن ئىبارەتلىكىنى بىلىدۇ - دە، بالىلىرىنى پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئېرى بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭمۇ، ئېرىنىڭمۇ، بالىلىرىنىڭمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە روھى خۇرسەن بولىدۇ.

مەن ۋەتىنىمىزدىكى خوتۇن - قىزلارغا «تۇرمۇش ئەدەبلىرى» نى بايان قىلىپ، ئۇشبۇ رىسالىنى ئۆز تىلىمىز بىلەن يازدىم. خۇدا خالىسا، بۇ رىسالە ھېچ بولمىغاندا بەزى جىنسىداشلارغا پايدىدىن خالىي بولماس، دېگەن ئۈمىدتىمەن. ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايىدۇر.

— ئالىمە ئولبەنەتخان

## خوتۇنلار بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەدەب ھەققىدە

تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، خوتۇنلارنىڭ گۈزەل خۇلق - مىجەزلىك بولۇشى سەۋەبلىك ئەرلىرىمۇ گۈزەل خۇلقلۇق بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر خوتۇنلار يامان خۇلقلۇق بولسا، ئەرلىرىنىڭ خۇلقىمۇ شۇنىڭغا قاراپ بۇزۇلىدۇ ۋە يامانلىشىدۇ. ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدا بولغان تۇرمۇش ھاياتىدا ئۆز ئارا كېلىشىش بولمىسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت، زور بىئاراملىق بولىدۇ - دە، نەتىجىدە تۇرمۇشنىڭ لەززىتى كېتىپ، خاتىرجەملىك تۈگەيدۇ. چارە - تەدبىرمۇ نەتىجە بەرمەستىن، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك پەيدا بولۇپ، بالىلارنىڭ تىنچلىقى يوقىلىپ، ئەدەب - ئەخلاق دائىرىسىگە سىغمايدىغان غەيرىي ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش بىرىنچى بولۇپ خوتۇنلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى، ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى لازىمدۇر.

www.uyghurkitap.com

ئەرلەر بىلەن ئىناق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خوتۇنلار مۇنۇ ئىككى تۈرلۈك نەرسىنى ئېتىبارغا ئېلىشى لازىم:

بىرىنچىسى، ئەرلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ئوبدان بىلىشى، بىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم سىنىشى ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىش كۆرۈشى لازىمدۇر. يەنى ئەر بولغۇچى كىشى قانداق ئىشلاردىن خۇرسەن بولىدۇ، قانداق ئىشلاردىن كۆڭلى قالىدۇ، قانداق ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، نېمىدىن كۆڭلى بۇزۇلىدۇ، بۇنى بىلىشى، ھەر ۋاقىت ئەرلىرىنىڭ تەبىئىيىتىنى ئېنىق بىلىپ، ئۇلارنىڭ ياقتۇرىدىغانلىرىنى قىلىشلىرى، ياقتۇرمايدىغانلىرىنى مۇمكىن قەدەر قىلماسلىقلىرى لازىمدۇر.

ئىككىنچى، ئەرلىرىگە ئىتائەتلىك خوتۇنلار توغرىسىدىكى ياخشى خەۋەرلەرنى ھەمدە ئىتائەتسىز خوتۇنلار ھەققىدىكى يامان خەۋەرلەرنىمۇ بىلىپ تۇرۇشلىرى لازىمدۇر. شەرىئىتىمىز ئىتائەتلىك خوتۇنلارغا «ئوبدان خوتۇن» نامىنى بېرىپ، ئەمەللىرى بەدىلىگە كۆپ ساۋابلارنى تاپىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلسا، ئىتائەتسىز خوتۇنلارنى «بىشەم، لۈلى، ئۇياتسىز خوتۇن» دەپ ئاتاپ، دۇنيادا كۆرگەن مۇشەققەتلىرىدىن ئارتۇق ئازابلارنى ئاخىرەتتە كۆرىدىغانلىقىنى بىشارەت قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن (خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): ئەگەر بىر خوتۇن تېگىشلىك بولغان پەرىزلەرنى ئۆتەپ، ھارام ئىشلاردىن ساقلانسا، ئېرىگە قانائەت قىلسا، ئۇنىڭ ئورنى جەننەتتە بولىدۇ، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. لېكىن، ئەر بولغۇچى ئۆز خوتۇنىنى بىرەر گۇناھلىق ئىشلارغا بۇيرۇسا ياكى زورلىسا، ئايال بۇنى قوبۇل قىلماسلىقى لازىمدۇر، ئەلۋەتتە. تەڭرىمۇ گۇناھ قىلغان بەندىنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلا قوبۇل كۆرمەيدۇ.

مۇبادا، بىرەر ياخشى خوتۇن ئۇشبۇ رەۋىشتىكى بۇزۇق ۋە گۇناھلىق ئىش - ھەرىكەتلەرگە مەجبۇرلىغۇچى ئەرگە مۇپتىلا بولۇپ قالسا، مۇمكىن قەدەر سەۋر قىلىپ تەڭرىدىن ئېرىگە ئىنساب - تەۋفىق تىلەپ دۇئا قىلسۇن، بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمىسە، ئۇنداق ئەردىن ئايرىلىش يولىنى كۆرۈشكە شەرىئەت تەرىپىدىنلا ئەمەس، جەمئىيەت تەرىپىدىنمۇ رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئەرلەرگە يېقىشنىڭ شەرتلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەتتۇر: بەدەن، كىيىم - كېچەكلەرنى سېسىق پۇراقلاردىن، چاڭ - توزان ۋە مەينەتچىلىكتىن پاكىز تۇتماقتۇر. ئەرلەرنى رازى قىلىش مەقسىتىدە بۇ ئىشلارنى قىلماق شەرىئەت بابىدىمۇ ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر ئەرەب خوتۇنىنىڭ قىزىنى توي كۈنى كۈيئوغلىغا تاپشۇرغان ۋاقىتىدىكى ئېيتقان نەسىھەتلىرىنى بۇ يەردە يېزىپ كەلتۈرىمىز. بۇ ئەرەب خوتۇننىڭ نەسىھەتلىرى بىزنىڭ قىزلىرىمىزغىمۇ ئېيتىشقا لايىقتۇر. نەسىھەتنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق پاساھەتلىكتۇر.

ئۇ دېدىكى: «قىزىم! ئۇلپەت بولغان ئۆيىڭدىن چىقتىڭ، بىلمىگەن تۆشەككە كىردىڭ، تونۇمىغان كىشىگە يولداش بولدۇڭ، ئەمدى ئۇشبۇ يولدىشىڭغا سەن يار بولغىن! ئۇ ساڭا كۆك بولۇر، سەن يەر كەبىي ئاستىدا تۇر! ئۇ ساڭا كۆك شەكلىدە سايە بولۇپ تۇرۇر ۋە شىپالىق يامغۇرلىرى بىلەن كۆك يەرنى راھەتلەندۈرگەنگە ئوخشاش، ئۇمۇ ساڭا مەرھەمەتلىك بولۇر. سەن ئۇنىڭغا تۆشەك بول! ئۇ ساڭا تىرەك بولۇر؛ سەن ئۇنىڭغا كېنىزەك بول! ئۇ ساڭا قۇل بولۇر. مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئۇنى زورلىما! چۈنكى بۇنداق ئىش ئاچچىققا سەۋەب بولۇر. ئۇنىڭدىن يىراق بولما، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇلدۇرىسەن. نەقەدەر يېقىن بولسا، سەنمۇ شۇ قەدەر يېقىن بول. ئۇنىڭ بۇرنىنى ئەسكى ۋە سېسىق پۇراقلاردىن، قۇلىقىنى يامان، شەخسىيىتىگە تېگىدىغان زەھەرلىك سۆزلەردىن ساقلا. پاك ۋە پاكىزلىققا ئادەت قىل، سەندىن ھەر ۋاقىت خۇش بۇيلۇق كېلىپ تۇرسۇن. سۆزۈڭنى شېرىن، يۈزۈڭنى ئوچۇق قىل، ئېرىڭ ياخشى ۋە مۇلايىم سۆزلەردىن باشقا نەرسىنى سەندىن ھېچقاچان ئاڭلىغۇچى بولمىسۇن. كىر كىيىم ۋە رىغبەتسىز قىياپەت بىلەن ئېرىڭ كۆزىگە كۆرۈنمە. ئادەتتىكى كۆرۈنۈش چاغلىرىدا ئېرىڭ سېنى رىغبەتسىز رەۋىشتە كۆرمىسۇن، بەلكى گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان خۇشخۇي چىرايىڭ بىلەن كۆرسۇن».

خوتۇنلارغا يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش لازىمكى، ئەر بىرەر ئىش بىلەن بەنت بولۇپ، بىقەستەن خوتۇنغا ئاچچىقلانغان چاغلىرىدا (خوتۇن كىشى) سەۋر قىلىپ، ئاچچىقىنى يۇتۇپ چىدىشى ياكى ئۆزىگە ئېلىپ كەتمەي ئۆتكۈزۈۋېتىشى ھەم خەيرلىك ئۈمىد كۈتۈشى لازىمدۇر.

ياخشى خوتۇنلار ئەرلىرىنىڭ كۆزى چۈشكەندە ئوچۇق چىرايى بىلەن خۇرسەن قىلىپ، تاپشۇرغان خىزمەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن قوبۇل قىلىپ ئورۇندايدۇ. ئەرلىرى سەپەردە بولسا، ئۆزىنى، ئۆيىنىڭ مال - مۈلكىنى ئوبدان ساقلايدۇ، پەرىز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەيدۇ، ئۆزىنى ساداقەتسىزلىك ۋە ئەدەبسىزلىكتىن پاك تۇتىدۇ. قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن ئەرلىرىگە مىننەت قىلمايدۇ. ئەرلىرىگە ئۆز ۋاقتىدا يېمەك - ئىچمەك ھازىرلاپ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ، پاكىز كەيدۈرۈپ، ئائىلىدىكى سىرىپ - خىراجەت خۇسۇسىدا ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىگە قايغۇ - ھەسرەت سالمايدۇ. ھەتتا ئەرلىرىگە قاتتىق ئاۋاز بىلەن

سۆزلىمەستىن، بەلكىم مۇلايىم، ئوچۇقچىراي، لاتاپەتلىك سۆزلەيدۇ. ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەيدۇ. ھەتتا ئاتا - ئانا ۋە ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا بارغاندىمۇ ئەرلىرىدىن سوراپ، رۇخسەت بىلەن بارىدۇ. پۇلنى بىكارغا، ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئىسراپ قىلمايدۇ، ئارتۇقچە خىراجەت قىلمايدۇ. ھەتتا ئەرلىرىدىن بىسوراق مالدىن سەدىقە بەرمەيدۇ. مۇبادا ئەرلىرىنىڭ باشقا خوتۇندىن بولغان بالىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارغا زۇلۇم سالمايدۇ.

سۈپەتلىك - بەلەن خوتۇنلار گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا يۈزىدە ھەر ھالدا باردۇر. بۇ خىل ئالىيجاناب خوتۇنلارغا توغرا كەلگەن ئەرلەردەك بەختلىك كىشى ھەرگىزمۇ بولماس.

ئەگەر خوتۇنلارنىڭ ئالىيجاناب بولۇشلىرىنى ئىزدىسەك، ئۇلارنى بەختلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرسەك، ئۇنداقتا قىز بالىلارنى ياخشى مۇئەللىملەردە ئوقۇتۇشقا ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلەشكە ئىنتىلىشىمىز كېرەك. ئالىي تەربىيە كۆرگەن قىزلار ۋاقتى كەلسە ئەرلىرىگە ئەقىل كېڭەشچىسى بولۇپلا قالماي، بالىلارنى ياخشى تەربىيىلىگۈچى ئانا بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا ئەرلىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىنىڭ سەۋەبچىسى، مال - مۈلكىنىڭ قاراۋۇلى ۋە ئەرلىرىدىن بەكرەك بۇيۇم يىغىدىغان تىرىشچان باشقۇرغۇچى بولۇپ قالىدۇ.

## ئوسال خوتۇنلار

ئوسال ۋە بىشەم خوتۇنلارنىڭ ئادەتلىرى يۇقىرىدا ئېيتقان ياخشى نىيەتلىك خوتۇنلارنىڭ ئادەتلىرىدىن تامامەن باشقىچە بولىدۇ. بىشەم خوتۇنلار يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئەرلىرى بىلەن ئۇرۇش - جېدەل قىلىدۇ. ئەرلىرى بىرەر ئىشنى بېجىرەلمىسە، ئۇزاققىچە جېدەل قىلىپ ئارام بەرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بېرىچە كۈچەيدۇ. ئەرلىرى گەپتىن قالمىغىچە ياكى ئۆيدىن چىقىپ كەتمىگۈچە، قولاق - مېڭىسىنى يەپ ساراڭ قىلىۋېتىدۇ. ھە دېسە قىلغان ئىشلىرىنى پەش قىلىپ، ئۆلگىچە مىننەت قىلىدۇ. ئەرلىرىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلارنى ئىنكار قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ يالماي نومۇسسىزلارچە: «مەن سېنىڭدىن ھېچبىر ياخشىلىق كۆرمىدىم، ئىسىت، سەن بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈمگە» دەپ ئاجراشماقچى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق خوتۇنلار ئۆزلىرىنى بەختسىز قىلغىنىنى ئاز دەپ، ئەرلىرىنىمۇ ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ. بالىلارنى يېتىم قىلىدۇ (مۇھەررىردىن). ئەپسۇس، ئۇلار بۇ خىل ئوساللىقتىن كۆرە، ئەرلىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەي، سىلىق - سىپايىلىق بىلەن ئۆزمەقسىتىنى چىرايلىقچە دېسە، ئەرلىرىنىڭ ئىخلاس ۋە مۇھەببىتىنىڭ ئېشىشىغا سەۋەب بولۇرگىدى.

## ئەرلەر

تۇرمۇش ۋە مەئىشەت ئەرلەر بىلەن خوتۇنلار ئارىسىدا ئورتاق بىر ئىش بولغىنى ئۈچۈن، خوتۇنلار توغرىسىدا يازغىنىمىزدەك، ئەرلەر توغرىسىدىمۇ ئاز - تولا گەپ قىلماق لازىمدۇر. شۇڭا، بۇ ماۋزۇدا ئەرلىرىمىز ھەققىدە مۇنازىرە قىلىمىز.

ئەرلەرنىڭ ئەقلى، جىسمانىي قۇۋۋىتى خوتۇنلاردىن ئارتۇقلۇقىدا شۈبھە يوقتۇر. شۇنداق ئىكەن، دۇنيا ۋە تىرىكچىلىكنىڭ ئەڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىگە نىسبەتەن زەئىپ بولغان خوتۇنلار سەۋر قىلغان ۋە تۇرمۇش قۇرغان ئەھۋالدا ئەقىللىق ھەم قۇۋۋەتلىك بولغان ئەرلەر ھەر بىر ئىشتا ئادىل بولمىغاندا بەكمۇ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. خوتۇنلارغا شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن ئۆتكەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىش لازىمدۇر. رەسۇل ئەكرەمدىن «سىزنىڭ ياخشى نىيەتتە بولغىنىڭىز - خوتۇنىڭىزغا ياخشى بولغىنىڭىزدۇر» دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىس كۆچۈرۈلگەن. يەنە رەسۇل ئەكرەمدىن: «مۆمىنلەر ئارىسىدا قانداق مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى كامىل بولۇر؟» دەپ سورىغاندا، «خوتۇنىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلارنىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەرلەر ئۆز ئائىلە - جەمەتلىرىگە نىسبەتەن پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئوتلاقتا يۈرگەن ھايۋانلارغا پادىچى مەسئۇل بولغىنىغا ئوخشاش، ئائىلە - جەمەت ئىشلىرىدا بولىدىغان ئىشلارنى ئەرلەردىن سوراش، پىكىر ئېلىش زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەر خوتۇنلارنىڭ ئىچكى - تاشقى تەرەپلىرىنى يەنى كۆڭۈل - خاراكتېرىنى تەربىيىلىمەك قائىدىگە چۈشۈرمەك، ئوچۇق چىراي ۋە ئوچۇق سۆز بولماق كېرەك.

بەزى ھېكىملەر (ئەھۋالنى توغرا بىلگۈچىلەردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە) ئەھلىگە ئوچۇق چىراي بولمىسا، تېگىشلىك ۋاقىتتا مۇرەسسە قىلمىسا، ئۇل كىشىدىن تۇرمۇش لەززىتى كېتىپ قالىدۇ. بۇ، تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلانغان توغرا ھەقىقەتتۇر.

تۇرمۇش بەختلىك بولسۇن، دەپ نىيەت قىلغان ھەر بىر كىشى ئۆز خوتۇنىنىڭ تەبىئىيتى بىلەن ئۆز تەبىئىيتىنى بىر ئورۇنغا قويۇپ، ئىككى تەبىئەتنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىشى لازىمدۇر. ئاشۇنداق چارە - تەدبىرلىك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككى ئارىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىلىم - پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ بۇيرۇغان ۋە ئۆزلىرى ئىزچىل ئەمەل قىلغان ئادەت - ئىشلىرىغا ئەگەشمەك مۇناسىپتۇر. چۈنكى ئەر بىلەن خوتۇن

ئوتتۇرىسىدىكى تۇرمۇشنىڭ نازۇك قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر ۋە يېزىلغان كىتابلار ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، ئۆتمۈش تارىخىمىزنىڭ، ئۇزۇن ئەسىرلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىزنىڭ بۈيۈك يەكۇنىدۇر. شۇ جۈملىدىن مەشھۇر ئالىم، رەھمەتلىك پەقىر ئەبۇلەيس خوتۇنلارنىڭ ئۆز ئەرلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: ئەرلەر ئۆز خوتۇنلىرىغا ھالال يېگۈزۈپ، ھالال ئىچكۈزۈپ، ھالال كىيىندۈرسۇن. ئۇلارغا جاپا ۋە زۇلۇم قىلمىسۇن. مۇبادا ئۇلار گەپ ئاڭلىمىسا، ئەدەبسىزلىك قىلسا، سەۋر قىلىپ، نەسىھەت قىلسۇن. ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرسۇن، قىسمەنلىرىنى بولسا بىلمەسكە سالسۇن، دېگەنىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۆي ئىچىدىكى بارلىق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى خوتۇنلار باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۆي سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەر كۈنى كۆپ قېتىم ئۇلارنىڭ مۇبارەك قوللىرىدىن ئۆتىدۇ. ئىشلىتىش جەريانىدا ئۇ سايمانلارنىڭ بەزىلىرى بولۇپمۇ قاچا - قۇچىلار سۇنۇپ ياكى بۇزۇلۇپ كېرەكتىن چىقسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبسىزلەرچە غەزەپلىنىش ئەرلەرگە ئەسلا مۇناسىپ ئەمەستۇر. ئەرلەرمۇ خوتۇنلارغا ئوخشاش بۇ خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارمۇ ئۇلاردىن كۆپ سۇندۇرغان ھەم بۇزۇپ كېرەكتىن چىقارغان بولاتتى. شۇڭا، بۇنداق تەسادىپىيلىق چاغلاردا ئاياللارنى مۇتلەق ئەپۇ قىلىش لازىمدۇر. شىجائەتلىك ساھىبقىران ھەزرىتى ئۆمەر (خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «خوتۇنلار مېنى گۇناھتىن ساقلاشقا سەۋەبچى بولدى، ئۆيۈمگە كۆيۈنۈپ مېلىمنى باقتى، باللىرىمنى ئىمىتىپ، كىيىملىرىمنى يۇدى، تاماقلىرىمنى ئېتىپ، نانلىرىمنى يېقىپ، باللىرىمنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزسىمۇ كېچىرىمەن». مادامىكى، سىزلەرنىڭمۇ خوتۇنلىرىڭىز شۇنداق بولمىسا. شۇنداق ئىكەن، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پەزىلىتى ئەرلىرىمىزگىمۇ ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپتۇر، ئەلۋەتتە.

## قېيىن ئانا بىلەن كېلىنلەر ئارىسىدا بولىدىغان قائىدە ھەققىدە

ئىسلام شەرىئىتىدە ئىلىم - پەننىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا: «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرگەننى ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرگىن» دېگەن بىر قائىدە بار. كېلىنلەر ھەققىدە سۆز قىلغاندا بۇ قائىدىنى خاتىرىدە تۇتۇش كېرەك بولغاچقا، شۇڭا سۆز بېشىدا ئۇنى زىكرى قىلدۇق.

قېيىن ئانىلار كۆپ ياشىغان ھۆرمەتلىك كىشىلەر بولغاچقا، ئۆي تۇتۇشنىڭ قائىدە ۋە چارە - تەدبىرلىرى ئارقىلىق كېلىنلەرنى ياخشى ئادەتلەرگە، قىز باللارنى بولسا گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ئۆگىتىشلىرى لازىمدۇر. بولمىسا كېلىنلىرىگە جەبرى - جاپا، قىزلىرىغا كەلگۈسىدە بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ. بۇ، ئەيىب بولۇپلا قالماي بەلكى گۇناھتۇر.

شۇ كۈنلەردە كۆز قارىچۇقىڭىزدەك كۆرۈپ ئۆستۈرۈۋاتقان قىزلىرىڭىز بىر كۈنلەردە سىزنىڭ تەربىيىڭىزدىن ئايرىلىپ چەت يۇرتلارغا، بىلمىگەن - كۆرمىگەن كىشىلەر ئارىسىغا چۈشۈپ كېلىن بولۇپ كېتىدۇ، بەلكىم كەتكەندۇر. شۇنداق قىزلىرىڭىزنىڭ خۇش تىرىكلىك بىلەن بەختلىك ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز نەقەدەر شادلىنىپ، نەقەدەر سۆيۈنىسىز. مادامىكى، ئۇلارنى ئاياغ ئاستىدا، جەبرى - جاپا ئىچىدە كۆرگىدەك بولسىڭىز قان ياشلىرىڭىزنى تۆكۈپ قايغۇرىسىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىزگە كېلىن بولۇپ چۈشكەنلەرمۇ بىراۋلارنىڭ كۆز قارىچۇقى، ھاياتىنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئۇلارمۇ سىزلەرگە ئوخشاش قىزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئىستەيدۇكى، ھېچقاچان قايغۇلۇق خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا رازى ئەمەس! شۇڭلاشقا، سىز قېيىن ئانىلار ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن نەرسىنى باشقىلارغا ھەم سۆيۈشنى ئۆگىتىشىڭىز لازىمدۇر. بۇ بىر ئەقىلدۇركى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس. بەزىبىر قېيىن ئانىلار باركى، كېلىنلىرىنى ھەر ۋاقىت خارلايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى، سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ ھە دېسىلا ئەيىبلەيدۇ. پۇرسەت كەلگەندە ئوغۇللىرىغا يامانلاپ ئۈستىدىن بولار - بولماس سۆزلەپ، يامان كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. نەتىجىدە ئوغلىنى خوتۇنىدىن ئاجرىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئاجراشمىسا، ئۆي ئايرىشقا زورلايدۇ. يېمەك - ئىچمەكتىنمۇ قىسىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئورۇنسىز رەۋىشتە بىر خانىدانىنىڭ بەختى سورۇلۇپ كېتىدۇ، ئوتتۇرىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ، ھاياتلىرى تەمسىز، دۇنيالىرى لەززەتسىز تۈيۈلىدۇ. ئاخىرى بۇ ئائىلە ئادەملىرى ئىناقسىزلىقتىن تارقىلىپ خانۇ - ۋەيران بولۇپ كېتىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى قېيىن ئانىنىڭ پەزىلەتسىزلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. دۇنيادا، بولۇپمۇ تۆت - بەش كۈنلۈك قىسقىغىنە ئۆمرىدە ئەمدى چېچەكلەشكە، مېۋە بېرىشكە تەييارلانغان ياشلارنىڭ شېرىن ھاياتىغا زەھەر قوشۇپ، بەختىگە زامىن بولغان ئەقىلسىز خوتۇنلارغا مەيلى ھايات ۋاقتىدا بولسۇن، خاھى ئۆلگەندىن كېيىن بولسۇن ھېچكىم سېغىنىش بىلەن قارىمايدۇ، رەھمەت بىلەن

www.uyghurkitap.com

يادلىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار سېغىنىدىغانلارنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ - مۇزلىتىپ كەتكەن.

ئەمما ياخشى قېيىن ئانىلارنى ھەر قانداق كىشى ماختاش، ئەسلەش، سېغىنىش ۋە مىننەتدارلىق بىلەن يادلاپ تۇرىدۇ. باشقىلارغا ئىبرەت، ئۈرنەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇلار جۈملىسىدىن بىرى مېنىڭ قېيىن ئانام تۇتىيە پەيزۇللا قىزىدۇر (ئاللا رەھمەت قىلسۇن). ئۇ، ئۆي ئىچىدە ئەقىل - شەپقەت بىلەن تەدبىر كۆرسەتكەندە باشقىلار ئۇنىڭ ئىلىم - بىلىملىرىدىن لەززەت ئالاتتى. كېلىنى بولغىنىم ئۈچۈن مەن يېقىنىدىن يەنە ئىلىم ئۆگىنەتتى. ئۇ مەرھۇمە پەزىلەتلىك خوتۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللا تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىپ دۇنيادىن پاكىز كەتتى.

قېيىن ئانىلار شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇشلىرى لازىم بولغىنىدەك، كېلىنلەرنىڭمۇ قېيىنئانىلىرىغا ئىتائەت قىلىشى، خىزمەت قىلىشى - ئۇلاردىكى ئەخلاق گۈزەللىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنىڭدا قىلچىمۇ شۈبھە يوقتۇر. قېيىن ئانىلىرىغا ياخشى خىزمەت قىلىپ دۇئاسىنى ئالغان كېلىنلەرگە نۆۋەتى كەلگەندە ئۆز كېلىنلىرى ھەم خىزمەت قىلىدۇ. «خىزمەت قىلغان خىزمەت كۆرەر» دېگەن شۇ!

ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى كېلىنلەرمۇ ئىزدىگەندەك، قېيىن ئانىلارمۇ يىللاپ ئۆستۈرۈپ تەربىيىلىگەن ئوغۇللىرى ئۈچۈنمۇ تەلەپ قىلسا كېرەك. كېلىنلەر قېيىن ئانىلىرىنى تۇغقان ئانىلىرى سىياقىدا كۆرۈپ، خىزمىتىنى قىلىش بىلەن رازى قىلسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋەزىپىسى كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ - دە، شۇ ئۆينىڭ رىزىق - مەئىشتى باياشات، تىرىكچىلىكى ھەمىشە كۆڭۈلدىكىدەك - ئۈز جايىدا بولىدۇ.

## ئۆگەي بالىلار ۋە ئۆگەي كېلىنلەر ھەققىدە

خوتۇنلارنىڭ ئەقىللىق، ساپ دىل - ياخشىلىرى ئۆگەي بالىلار بىلەن كېلىنلەر ئارىسىغا كەلگەندە مەلۇم بولىدۇ. ياخشى خوتۇنلار شۇ چاغدىن باشلاپلا ئۆزىنى ئۆگەيلەرگە ۋە كېلىنلىرىگە كۆيۈمچان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار تەدرىجىي مەسلىھەت بىلەن روزىغارنى تىكلەشكە ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىرى ئۆي ئىچىدە بىر قائىدە - نىزامنى جارى قىلىش ئارقىلىق ئىناقسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دېمەك، باشتىلا بىر قەدەر تىرىشىپ تەرتىپكە سالالىسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم ياشىيالايدۇ. بۇنداق خوتۇنلار ئۆز بالىلىرىدىن كۆرەلمىگەن ئىلتىپاتلارنى ئاشۇ ئۆگەي بالىلىرىدىن كۆرىدۇ. بەزىبىر خوتۇنلار باركى، ھەر خىل گەپ - سۆزلەردىن خالىي بولمىغان بىر ئائىلىگە كىرىش بىلەنلا شۇ گەپ - سۆزلەرنى جىمىقتۇرۇپ، تىنچلىققا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئائىلىنى گۈل - گۈلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق خوتۇنلاردىن دۇنيامۇ كۆز يۇمۇپ تۇرمايدۇ، بەلكى بۇنى كۆرۈپ ھەر بىر كىشى سۆيۈنۈپ مەدھىيىلەيدۇ. مەرھەمەتلىك تەڭرىمۇ بۇنداق خوتۇنلارغا ئاخىرەتتە ئۆزىنىڭ چەكسىز ساۋابلىرىدىن ئۈلۈش چىقىرىدۇ.

بەزىبىر خوتۇنلار بولىدۇكى، ئۆگەيلەر ئارىسىغا كېلە - كېلەمەيلا كىنايە ۋە ياكى بولمىغۇر سۆزلەرنى پەيدا قىلىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىكنى بۇزىدۇ. ئائىلە ئارا بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا ئەل ئىچىدە: «پالانى كىشى ياش خوتۇن ئېلىپ ئازدى، ئائىلىسى توزۇپ كەتتى...» دېگەندەك گەپلەرگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئاخىرىدا بۇنداق خوتۇنلاردىن ئېرىنىڭمۇ، يېقىنلىرىنىڭمۇ ئىخلاسى قايتىپ كۆڭلى سوۋۇيدۇ. نەتىجىدە پىتنە - پاسات يىپلىرى، ھىيلە ئارقانلىرى ئۈزۈلۈپ چۇۋۇلىدۇ، ئىغۋا تۇمانلىرى سوزۇلىدۇ - دە، ئاندىن بۇنداق خوتۇننى «مەرھەمەت» دەپ كەلگەن يولىغا ئۈزىتىپ قويىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك خوتۇنلارنىڭ قايسىبىرى ياخشى؟ سىز قايسىسىنى قوللىغان بولاتتىڭىز؟!

ھالبۇكى، چەكسىز غەزەپ يەرگە سىڭمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگەيلەرگە قىلغان جاپالىرى، يامان گەپ - سۆزلىرى ئارتۇقى بىلەن ئۆزىگە قايتىدۇ. بۇ، دۇنيانىڭ ئەزەلدىن بېرى كېلىۋاتقان كونا ئادىتىدۇر. بوۋىلىرىمىز «بىگىز قاپچۇقتا ياتماس» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

## بالىلارنى تەربىيىلەش ھەققىدە

بالىلارنى تەربىيىلەش شەرىئىتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئېتىبار بىلەن قارالغان مۇھىم مەسىلىسى بولۇپ، لېكىن بۇ باپتا پەقەت رىئايە قىلىش لازىم بولغان ئەدەب ئۈستىدىلا پىكىر قىلىمىز.

بالا دۇنياغا كەلگەندە ئەڭ ئاۋۋال ئاڭلىغان تاۋۇشى ئاللانىڭ مۇبارەك ئىسمى بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىپ ئىسىم قويۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئانا سۈتى ۋە ھەسەل ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن بېقىشقا باشلىنىدۇ. يەتتىنچى كۈنى چېچى ئېلىنىپ، چېچىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش ياكى ئالتۇن سەدىقە بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى ئىسىم قويۇلىدۇ. قويۇلغۇسى ئىسىم ئوبدان ۋە تەسىرلىك تاللىنىشى لازىم. شۇڭلاشقا بالىغا قويۇلىدىغان ئىسىمنى چال - مومايلار ئەمەس، بەلكى ئالىم - ئۆلىمالار قويۇشى لازىم.

مۇمكىن قەدەر بالىنى ئۆز ئاپىسى ئىمىتىش كېرەك، چۈنكى بالا ئۈچۈن ئانا سۈتىدەك ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى نەرسە بولماس.

www.uyghurkitap.com

ئاپىسىنىڭ ئىمىتىشى مۇمكىن بولمىسا، ئۇنداقتا بىر ەر پەزىلەتلىك خوتۇنغا بېرىلىدۇ. بالىنى ئىمىتىدىغان خوتۇن - سۈت ئانىسىنىڭ يېشى 25 بىلەن 30 ياش ئارىسىدا بولسا تېخىمۇ ياخشى. بولۇپمۇ سۈت ئانىسى بولغۇچى خوتۇن پەزىلەتلىك، خۇلقى - مىجەزى ئوبدان، بەدەن ئەزالىرى ساغلام بولۇش كېرەك. ئاچچىقلىنىدىغان، قايغۇرۇشچان، ئاجىز ۋە ساغلام بولمىغان خوتۇنلار سۈت ئانىسى بولۇش تەلىپىگە مۇۋاپىق ئەمەس. بالىنى تەربىيىلەش جەريانىدا پاكلىقتا، تازىلىقتا رىئايە قىلىش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

ئاتا - ئانىلار قولىدا بالىلار ئەزىز ۋە ئامانەتتۇر. شۇڭا ئۇلارنى ئالىيجاناب، ياخشى مىجەزلىك قىلىپ تەربىيىلىمەك، ئۇلاردا ئېسىل ئادەتلەرنى يېتىلدۈرمەك لازىمدۇر. تەربىيە بىلەن بىر بالىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن بولغاندەك، تۇپراققا ئايلاندۇرۇشمۇ مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئاتا - ئانىلار سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭغا پىكىر ۋە ئېتىبار قىلىنسۇنكى، بالىلارنى تەربىيىلىگۈچى ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى ئالغان تەربىيىلىرى، بىلىدىغانلىرى زادى قانچىلىك دەرىجىدە؟ بالىلارغا تىل چىقىشى بىلەنلا ئۆز تىلىمىزدا ئىمان ئۆگىتىلىدۇ. . . دېمەك ئۇشبۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىسلام ئەدەب - ئەخلاقلىرى بىلەن بالىلارنى تەربىيىلەش باشلىنىدۇ. تەربىيە توغرىسىدا تىرىشىش بەكمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى بۇ ياشتىكى بالىلار تال چىۋىقتەك قاياققا قايرىسا، شۇ ياققا ئېگىلىدىغان چاغلىرىدۇر.

بالىلار ئالتە - يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىلىدۇ، شۇ چاغدىن باشلاپ قىزلار بىلەن ئوغۇللارنى ئايرىم يېتىش ۋە ئۇخلاشقا ئۆگىتىش لازىمدۇر. . . ھەمىشە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خۇلق - مىجەزىنى تۈزىتىش تېخىمۇ لازىمدۇر. يامان خۇلق - مىجەز، خۇسۇسەن تېز ئاچچىقلىنىش، ئورۇنسىز قايغۇرۇش ۋە خاپىلىقلار كېسەللىك جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا يامان خۇلق - مىجەزلەر بالىلارنىڭ تەن - سالامەتلىكىگە زىيانلىقتۇر.

بالىلار ئۈچۈن بىر - بىرىنى قورقۇتۇش، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەش تولىمۇ زىيانلىقتۇر. چۈنكى بالىلار كېچىلىرى ئۆز سايىسىدىن قورقىدىغان، خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، ئۇخلىغاندىمۇ بىئارام بولۇپ - ئارامسىزلىنىپ، قورقۇنچتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ - دە، نەتىجىدە كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ.

بالىلارنىڭ تەنلىرى، ئۈستىباشلىرى پاكىز، كىيىنىشلىرى رەتلىك بولۇشى، تىرناقلىرى ئېلىنىشى لازىم. ئۇلارغا چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەبلىرىنى بىلدۈرۈش تولىمۇ زۆرۈردۇر. تاماقلىنىۋاتقاندا قىممىرلاپ سىلكىنىش، قاش - كۆزلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىش، كىيىملىرى ۋە بەدەن ئەزالىرىنى ئويناش، ئويان - بۇيانغا، باشقىلارنىڭ تاماقلىنىشىغا قاراش، ئادەملەر ئالدىدىن ئۆزى خالىغانچە ئۆتۈش، ئادەملەرگە ياكى تاماققا قاراپ چۈشكۈرۈش، يېنىدىكىلەر بىلەن كۇسۇرلاپ سۆزلىشىش، يېقىمسىز كۈلۈش، ۋارقىراش قاتتىق ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىلىقسىزلىقلاردىن بالىلارنىڭ ئىلاجىنىڭ بېرىچە ساقلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بالىلارغا مېھرىبان بولۇش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇلۇغلۇق ھېسابلىنىدۇ. سوۋغا بەرگەندە كىچىكلىرىدىن ۋە قىزلاردىن باشلاپ بەرمەك ئەدەبتىندۇر. (بالىلارغا) چەكلەنمىگەن ئويۇن - كۈلكىلەرگە رۇخسەت قىلىش لازىم. زېھنىي خاتىرىسىنى ياخشىلاشقا، بەدىنىنى چېنىقتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئويۇنلارنىڭ پايدىسى بار.

## ئۆي تۇتۇش ھەققىدە

شەرىئىتىمىز ھەرقاچان، ھەر زامان پاكىزلىق ۋە ساپلىققا ئۈندەيدۇ. ھەقىقەتەن پاكىزلىقتا بىر خاسىيەت باركى، بۇنى كۆپ كىشىلەر سىناپ كۆرگەندۇر. شۇڭلاشقا، ئۆي ۋە قورۇلارنى ئوت - چۆپلەردىن، ئەخلەت، چاڭ - توزانلاردىن تازىلاپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىش لازىمدۇر. ئۆي ئىچىدىكى ئىدىش، تاۋاق، قازان، چىنە - قاچا، قىڭراق، ساماۋار، چەينەكلەرنى ھەر دائىم پاكىز تۇتۇش زۆرۈردۇر. شۇنداقلا ئۆيلەرنىڭ تام - تورۇسلىرىدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ئېلىۋېتىپ ئۆينى پاكىز تۇتۇش - خوتۇنلارنىڭ بىر ۋەزىپىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

بېلىقلارنىڭ سۇسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلگەندەك، بىزلەرمۇ دۇنيادا ياشىشىمىز ئۈچۈن ھاۋاغا موھتاجمىز. نەپسىمىز ئارقىلىق سېسىق ھاۋانى چىقىرىپ، يېڭى - ساپ ھاۋانى ئىچىمىزگە سۈمۈرۈپ تۇرىمىز. ھاۋاسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەستۇر. پاسكىنا - سېسىق سۇلاردا بېلىقلار ئۆلگەنگە ئوخشاش، ناچار ھاۋا، بۇلغانغان مۇھىتتىكى ئادەملەر كېسەللىك ۋە خاپىلىقتىن خالىي بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆيلەرنىڭ ئىچ - تېشىنى پاكىز تۇتۇپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا دېرىزىلەرنى ئېچىپ، ئۆيلەرنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش پايدىلىقتۇر. شۇنىڭدەك، بەكمۇ ئىسسىق بولمىغان كۈن نۇرىدا يورۇشنىڭمۇ پايدىسى بار. ئۆينىڭ تارچىلىقى تۈپەيلىدىن لامپا، شام چىراغ ياكى ئادەملەرنىڭ نەپەسلىرى بىلەن ئۆينىڭ ھاۋاسى بۇزۇلسا، ئىشىكنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش لازىمدۇر. لېكىن ئادەم تەرلەپ

تۇرغاندا ئوچۇق دېرىزە - ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇش زىيانلىقتۇر. يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ بوياقلىرى تامام قۇرۇپ كەتمىگىچە ئۆيگە كىرىش ۋە ئۇخلاش زىيانلىقتۇر.

## بەزىبىر ئەدەبلەر ھەققىدە

كېچىسى «بىسمىللا» نى ئوقۇپ ئىشىك - دېرىزىلەرنى تاقاش، دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈش، چىراغلارنى ئۆچۈرۈش، ساماۋەر، ئوچاق قاتارلىق ئوت تۇتۇشىدىغان يەرلەرنى تەكشۈرۈش، قول - پۇت، ئېغىز قاتارلىق مۇھىم جايلارنى يۇيۇپ پاكىز ئۇخلاشمۇ ئەدەب نۇقتىسىدۇر.

تاماملاش تارىخى: 1897 - يىل، ئۆكتەبىر

## «تۇرمۇش ئەدەبلىرى» ياكى ئۇلبەنات خانىم

بۇ رىسالە ھاياتىمىزدا بولىدىغان ئىشلارنى ئەمەلىي ئاساستا تۇرمۇشقا تەدبىقلاپ يېزىلغان بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپلەپ مەنپەئەتلىنىشىدە گۇمان يوق دەپ ئويلايمىز. رىسالىنىڭ مۇئەللىپى ئۇلبەنات خانىم بىر ئائىلىگە ئانىلىق قىلغىنىغا ئوخشاش، قىزلىرىمىز ئۈچۈنمۇ كۆيۈنۈپ مۇئەللىملىك قىلماقتىدۇر. پىكرىنىڭ گۈزەللىكىنى بىلىش ئۈچۈن رىسالىنىڭ بېشىدىكى بىر - ئىككى جۈملە كۇپايە قىلسا كېرەك. دەرۋەقە، بۇ بىر - ئىككى جۈملە سۆز مىليون ئېغىز قۇرۇق گەپتىن ئەۋزەلدۇر.

خانىم ئەپەندى ئۆز ئىلمىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆز پىكرىنى غەيرەت ۋە ئىلمىيلىك بىلەن جىنسداشلارغا بېغىشلىغان ۋە خىزمەت قىلغان. ئۇنىڭ بۇ مۇبارەك خىزمىتىنى ئالقىشلايمىز.

ئۇ، بىزگە يازغان مەكتۇبىدا، رىسالىنىڭ كۈچسىز چىقىپ قالغانلىقى، پاساھەتلىك يازالمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىدۇ. ئەيىبكە بۇيرۇمىسۇنكى، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ رىسالە ئېيتقانلىرىنىڭ تامامەن ئەكسىچىدۇر. شۇڭا خانىمنىڭ مەكتۇبىغا قوشۇلۇش خىيالىمىز يوق. بىزنىڭچە، خانىمنىڭ رىسالىسىدىكى جۈملىلەر «مەقسەتنى توغرا ۋە يەڭگىل تىل بىلەن بىلدۈرۈش» تىن ئىبارەت بولغان. بولۇپمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن، ئۆز ئانا تىلىمىزدا يېزىلغان مۇشۇنداق مەنىلىك بىر ئەسەرنى كۈچسىز، پاساھەتسىز يېزىلىپ قالدى دېگىنى مۇۋاپىق ئەمەس.

مىليون - مىليون خوتۇن - قىزلىرىمىز بىلەن ئوغۇللىرىمىز سىزگە ئوخشاش ھۆرمەتلىك ئەدىبەلىرىمىزدىن تىل - يېزىق، ئەدەب - پەزىلەت ئۆگىنىشكە ۋە ئەسەرلىرىڭىزنى كۆرۈشكە موھتاجدۇر.

يېڭىلىشمىسام، ئاڭلىشىمچە ياپونىيە خەلقىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئالغا كېتىشلىرىنىڭ بىر سەۋەبى، ئالىملىرى دانا ئىكەن، يازغۇچىلىرى ئوچۇق يېزىشنى ئادەت قىلغانىكەن. ئەڭ چوڭ شەھەردىكى بىر ئالىمنىڭ يېزىپ چىقارغان كىتابىنى يىراق يېزا - قىشلاقلاردىكى ئاددىي خەلقلەرمۇ ئوقۇپ پايدىلىنار ئىكەن. بۇ ئادەتنى بىزمۇ قوبۇل قىلغان بولساق زەرەر بولماس ئىدى.

ئىلىم بابىدا بولىدىغان قۇۋۋەت ۋە ئىقتىدار يەڭگىل سۆزلەرنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، تۇتۇقلاشتۇرۇپ سۆزلەشتىن ئىبارەت بولماي، بەلكى ئېغىر، تۇتۇق سۆزلەرنى ئاددىي، يەڭگىل، ئاممىباب تىل بىلەن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. «ئاۋۋال زۆرۈرلىرىدىن ئەڭ زۆرۈرىنى بىلىش لازىم» بولغىنىدەك، ئوچۇق يېزىش بىلەن يەڭگىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەكتۇر. دوستلىرىمىز، زامانداشلىرىمىزدىن كۆپ كىشىلەرنى بىلىمىزكى، ئۇلار ئوچۇق، ئېنىق ۋە يەڭگىل ئوقۇتۇش يوللىرىدا بېرىلىپ ئەمەلىي ئىشلىمەكتە.

ئالىمە خانىم! مەكتۇبىڭىزغا قوشۇلمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە. شۇنداقتىمۇ پىكرىمنى مۇتلەق توغرا دەپ دەۋا قىلمايمەن. دېگەنلىرىمنىڭ بەزىسى توغرا، بەزىسى خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇبادا، سۆزلىرىمدە سەۋەنلىك كۆرۈلسە، ئۇنى بايان قىلسىڭىز مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن
1897 - يىل، نويابىر

---

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلھەمىد ياقۇبى
(M1)

بۇ سان 1997 - يىل 25 - مارتتا تىزىشقا يوللاندى، 30 - مايدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)

www.uyghurkitap.com



# بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەنئەت ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى بۇلتۇر «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى نادىر ئەسەر ئىشلەشنى كۈچەيتىپ، توغرا يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تىياتىر (نومۇر) لار مەيدانغا كەلدى. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ نۇقتىلىق تىياتىرى «مۇقام ئەجدادلىرى» قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن، خاربىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، مۇنەۋۋەر ئارتىس مۇكاپاتى، رېژىسسورلۇق مۇكاپاتى، دىرىژورلۇق مۇكاپاتى ۋە كىيىم لايىھىلەش مۇكاپاتى قاتارلىق يەتتە تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىخەنزە شەھەرلىك يۈيجۈ تىياتىر ئۆمىكى ئوينىغان ھازىرقى زامان تىياتىرى «چېگرىدىكى ساقچىلار»، ئىلى ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى بىرلىشىپ ئىشلىگەن ئۇيغۇر تىياتىرى «گۈلەمخان» ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىلىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى سەنئەت ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە پايتەخت تاماشىبىنلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تىياتىر، نومۇرلار ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇشتىمۇ خۇشاللىنارلىق ئۈنۈم قولغا كەلدى. شىنجاڭ دراما ئۆمىكى ئوينىغان كومېدىيە «033 چوڭ زەربە بېرىش»، دراما «لوپ كەنتىگە مۇھەببەت»، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 1 - ئۆمىكى ئورۇندىغان ناخشا - ئۇسسۇل «دېھقانلار شادلىقى»، 2 - ئۆمىكى ئورۇندىغان ناخشا - ئۇسسۇل «كۆسەن رەسساملىرىدىكى ئوقيا»، خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ناخشا - ئۇسسۇل «دېھقان روھى»، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «تاغ ئاتا، سۇ ئانا»، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «شادلىققا چۆمگەن زەرەپشان دەرياسى»، قاراماي شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «قارقىز»، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «شادلىققا چۆمگەن قۇمۇل بوستانلىقى»، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «كىرورەن گۈزىلى»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ناخشا - ئۇسسۇل «يۇلغۇنلۇق دالا» قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى تىياتىرلار، نومۇرلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلدى. شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى ئۆتكەن بىر يىلدا دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە 725 قېتىم ئويۇن قويۇپ، 1 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى. بۇ سېرك ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىرى جوجياڭ دەرياسىدىن داردا ئۆتۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇلار يەنە 10 - ئايدا 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك دېھقانلار تەنتەربىيە يىغىنىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

بۇلتۇر يەنە بالىلار مەدەنىيەت - سەنئىتى تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق بولدى. «1 - ئىيۇن» دا تۈرلۈك شەكىللەردىكى سەنئەت نومۇرلىرى ئوينالدى. شىنجاڭ «ئاق تېرەك» بالىلار سەنئەت ئۆمىكى قازاقىستانغا بېرىپ «ئاينىلايىن» خەلقئارا بالىلار سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى. ئىلى ئوبلاستى كۈيتۇڭدە «تۇڭدا لوڭقىسى» ناملىق بالىلار ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىمۇ ئۈنۈملۈك بولدى. ئەزەربەيجان دۆلەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، قىرغىزىستان دۆلەت رادىئو سىمفونىيە ئۆمىكى، قازاقىستان دۆلەتلىك بالېت تىياتىرى ئۆمىكى، قىرغىزىستان «نەمۇنە» بالېت تىياتىر ئۆمىكى، قازاقىستان ئۇيغۇر تىياتىر ئۆمىكى قاتارلىق ئۆمەكلەر ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ ئويۇن قويۇش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەيۋەنگە، ئوپېرا ئۆمىكى ياپونىيىگە، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى ياپونىيە، مولداۋىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە بېرىپ ماھارەت كۆرسىتىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

قەدىردان قەييۇم
(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى) (M2)

مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى
(1997 - يىل 1 - سان، ئومۇمىي 24 - سان)

چاقچاق ئادىل ئىسمائىل فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）
综和性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1997 - يىل 2 -، 3 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编辑：《新疆文化》杂志编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路 11 号
邮编：830002 电话：2823622
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئامموۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى: 2823622
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65——1073/I
本刊代号：58——22 定价：6 元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65—1073/I
ۋەكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 6 يۈەن



توي كۆركى (ماي بوياق رەسىم)    ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان